شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

首届新疆社科优秀期刊

بوكس شاھى ئابدۇشۇكۇر مېجىت



5-6

1999

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

ISSN 1008-6498

09>

9 771008 649003

# تەبرىك



يېتىلىۋاتقان ياش ئالىم، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ئەسەد سۇلايمانغا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكىنى مۇبارەكلەيمىز

— تەھرىراتتىن

شىنجاڭ مەدەنىيىتى — قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي-ژۇرنال
48 - يىل نەشرى — 1999 - يىل 5-، 6-سان (ئومۇمىي 240-، 241-سان)

# بوستاندا

## رەھبەرلەر نۇتقى

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەدەنىيەت نازارىتى سىستېمىسى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان لى خۇڭجى ۋە ئۇنىڭ〈فالۇن گۇڭ〉 نى پاش قىلىش، ئېچىپ تاشلاش چوڭ يىغىنى»دا سۆزلەنگەن نۇتۇق ............ زۇنۇن قۇتلۇق 2

## يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا

كېلەچەك بىلەن تونۇشۇش ............ ئالۋىن توفلېر 5
ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار ............ ئابدۇقادىر جالالىددىن 28

## ئەدەبىيات گۈلزارى

تۇپراق ساداسى. . . . . . . . . . . (نەسىر) ............ ئەخمەت ئىمىن 46
شېئىرىيەت دېڭىزىدىكى تەنھا ئارال ............ ئابدۇقادىر جالالىددىن 52
تۇپراق ۋە گۈل گىياھ روھى............ ئابدۇقادىر جالالىددىن 58
ئۆمۈچۈك ، شېئىر ۋە تەپەككۇر قاتلىمى............ ئادىل تۇنىياز 62
چۆلنىڭ ئۆزى بىر تراگېدىيە ............ ئابدۇقادىر ھاشىم 82
ئەدىبلەر ئارخىپىدىن ............ مەھمۇت ئىلياس، مەمتىمىن ھوشۇر 90

## ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە

تۈركىي گۈلىستان ياخۇد ئەخلاق ............ ئابدۇللا ئەۋلانىي 94

## مەرسىيە ۋە ئەسلىمە

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ۋە پاتەم قۇربانغا مەرسىيە ............ مىجىت ناسىر 125
ئۇنتۇلماس سەپەر ............ تۇردى ھاشىم 126

## سادا


مىڭئۆيلەر نالە قىلماقتا............ جاۋخەيجۇ 131

## ئۆزىنى بىلىش توغرىسىدا

بىزدىكى ئىللەتلەر ............ جاڭ پىڭجى، ياڭ جىڭلۇڭ 134
ئورتودوكساللىقىمىزغا تۈزىتىش............ يۈي چيۇيۇ 150
بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدە پسىخىك دىئاگنوز ............ ئەسەد سۇلايمان 153

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: زۇنۇن قۇتلۇق مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت مەزكۇر ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا ئىدىتورى: قۇربان مامۇت



## رەھبەرلەر نۇتقى

# «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەدەنىيەت نازارىتى سىستېمىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن لى خۇڭجى ۋە ئۇنىڭ 〈فالۇن گۇڭپىسى〉نى پاش قىلىش، ئەيىبلەش چوڭ يىغىنى»دا سۆزلەنگەن نۇتۇق

## زۇنۇن قۇتلۇق

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

يولداشلار:

بۈگۈن بىز چەكسىز غەزەپ-نەپرەت بىلەن لى خۇڭجىنىڭ «فالۇن گۇڭپىسى» دىن پايدىلىنىپ قىلغان رەزىل جىنايەتلىرىنى پاش قىلىۋاتىمىز، ئەيىبلەۋاتىمىز. پاش قىلىش ، ئەيىبلەش ئارقىلىق نازارىتىمىز سىستېمىسىدىكى ھەر مىللەت كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئامما تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ ، «فالۇن گۇڭپىسى» نىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، بىر قېتىملىق چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدى. بايا 7 نەپەر يولداش يىغىندا سۆزقىلىپ ، لى خۇڭجى ئويدۇرۇپ چىقارغان «فالۇن بۈيۈك ئەقىدىسى» ۋە ئۇنىڭ كونتروللۇقىدىكى «فالۇن گۇڭپىسى» تەشكىلاتىنىڭ ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتكەنلىكى، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىدەك پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەس-بەس بىلەن قاتتىق ئەيىبلەپ، مەسىلىنى دۆلەتنىڭ تەقدىرى-ئىستىقبالى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇپ، لى خۇڭجىنىڭ بىمەنە سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بەردى. بۇ 7 نەپەر يولداش نازارىتىمىز سىستېمىسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغا ۋەكالىتەن «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرىغا〈فالۇن يوسۇنلىرى〉نى ئۆگىنىشكە رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ 〈فالۇن يوسۇنلىرى〉 تەتقىقات جەمئىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» نى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى.

نازارىتىمىز سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى نازارەت پارتگورۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ھەم باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «فالۇن گۇڭپىسى» مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە

ھەل قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنى تېزلىك بىلەن يەتكۈزدى. نازارەت پارتگۇرۇپپىسى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش بويىچە ئۈچ گۇرۇپپا تەشكىللەپ، نازارەتكە قاراشلىق 22 ئاساسىي قاتلام ئورۇنغا چۆكۈپ، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆگىنىش، تەربىيىلەش ئەھۋالىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق تەكشۈردى ۋە ئىگىلىدى. بۇ مەسىلىدە نازارىتىمىز سىستېمىسىدىكى ئورۇنلارنىڭ ھەرىكىتى تېز، پوزىتسىيىسى قەتئىي، تەدبىرى كۈچلۈك بولدى. «فالۇن گۇمپىسى» بىلەن بولغان كۈرەش نازارىتىمىزدە ئەتراپلىق، كەڭ قانات يايماقتا. «فالۇن گۇمپىسى» مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىش كۈرىشىدە ھازىر دەسلەپكى غەلىبە قولغا كەلدى. نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە كادىرلار ۋە ئامما تولۇق قوزغىتىلىپ، قۇدرەتلىك سىياسىي ھۇجۇم ۋە جامائەت پىكرى ھۇجۇمى شەكىللەندى، «فالۇن گۇمپىسى» تەشكىلاتى چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى. ئەمما، بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، «فالۇن گۇمپىسى» مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىش كۈرىشى ئەمدىلا باشلاندى، ۋەزىپە يەنىلا ئىنتايىن جاپالىق. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ:

**بىرىنچى، بىز جەزمەن سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، نەزەرنى تېخىمۇ يىراققا قارىتىپ، پىكىر بوللىرىنى يەنىمۇ كەڭرەك ئېچىپ، مەسىلىلەر ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىنىپ، بۇ كۈرەشكە بولغان تونۇشنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.** لى خۇڭجى «فالۇن گۇمپىسى» تەشكىلاتى ئارقىلىق ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان «فالۇن يوسۇنلىرى»نى كۈچىنىڭ بارىچە بازارغا سېلىپ، ئادەملەرنى قايمۇقتۇردى، ئاممىنى كولدۇرلىتىپ، مەشىق قىلغۇچىلارنى روھىي جەھەتتىن تىزگىنلەپلا قالماي، بەلكى تەشكىلىي جەھەتتىنمۇ تىزگىنلەپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاممىنى تالاشتى. ھەتتا بىزنىڭ بەزى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمىز ۋە مۇھىم تارماقلىرىمىزغا سوقۇنۇپ كىرىپ، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇدىغان سىياسىي كۈچكە ئايلىنىش قەستىدە بولدى. بىز شۇنى تولۇق تونۇشىمىز كېرەككى، «فالۇن گۇمپىسى» تەشكىلاتى تەرەققىي قىلىپ ۋە يامراپ، پارتىيە ۋە دۆلەتكە ناھايىتى زور خەۋپ كەلتۈردى بىزبۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتمىسەك ۋە مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ قەتئىي مۇۋاپىق ھالدا ھەل قىلمىساق، تارىخىي خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز. بۇ ھەرگىزمۇ «كىچىك ئىشنى چوڭايتىۋەتكەنلىك»، «قەستەن داۋراڭ كۆتۈرگەنلىك» ئەمەس.

**ئىككىنچى، بىز بۇ كۈرەشنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكىگە بولغان تونۇشىمىزنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.** «فالۇن گۇمپىسى» تەشكىلاتىنىڭ ئاممىنى توپلاپ جېدەل چىقارغان، ئالتوپىلاڭ كۆتۈرگەن ۋاقتى، ئورنى ۋە مۇھىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى زور-مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كەلدى؛ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ھەل قىلغۇچ-مۇھىم باسقۇچتا تۇرغان، تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىگە توغرا كەلدى؛ زېھنىي كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرمۇنچە ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋاتقان پەيتكە توغرا كەلدى؛ ۋەقە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇق مەركىزىدە يۈز بەردى. بۇ، 1989-يىلدىكى سىياسىي مالىماندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر سىياسىي ۋەقە. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان خەلقئارادا ۋە مەملىكەت ئىچىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار ئېغىر ۋەقەلەرگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا بىز «فالۇن گۇمپىسى» ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى چوڭقۇر ئىجتىمائىي، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەك.

**ئۈچىنچى، بىز لى خۇڭجى ۋە ئۇنىڭ «فالۇن گۇمپىسى» بىلەن بولغان كۈرەشنىڭ بىر جىددىي ئىدىيىۋى سىياسىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىز كېرەك.** ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە لى خۇڭجىنىڭ ئەقلى-ھوشى جايىدا ئادەملەر بىر قاراپلا راست-يالغانلىقىنى بىلەلەيدىغان «فالۇن يوسۇنلىرى» دېگەن بىر نېمىسى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئادەمنى، ھەتتا كومپارتىيىنىڭ نەچچە ئون يىللىق تەربىيىسىنى ئالغان كادىرلىرىنى قايمۇقتۇرالايدۇ، ئالدىيالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەزىلەر فېئودال خۇراپاتلىقنى تەرغىب قىلىپ، نەپەس گۇمپىسىنى شۇنچە سىرلىق نەرسە قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سەجدە قىلىپ، ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستىغا يىقىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر تا ھازىرغىچە «فالۇن گۇمپىسى» ياكى باشقا پىرىخونلۇق ئويۇنلىرىنى بىرخىل شەخسىي ھەرىكەت، جەمئىيەتكە ھېچقانداق زىيىنى يوق، دەپ قارايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر فېئودال خۇراپاتلىق، ئىدىيالىستىك نەرسىلەرنىڭ كادىرلار قوشۇنىمىزنى چىرىتىۋاتقانلىقىنى تا ھازىرغىچە تونۇپ يېتەلمەيدۇ؟ جىددىي پاكىتلار بىزگە بۇنىڭ سەۋەبى، بىرقىسىم پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ كۈرەشتە ئاجىزلىق، بوشاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، بىرقىسىم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئۇزاققىچە پارتىيىنىڭ نەزەرىيىسى،


سىياسەتلىرىنى ئۆگەنمىگەنلىكىنى، تەنقىد، ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرمىغانلىقى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ باش مەقسىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى، كاللىسى قۇرۇقدىلىپ، ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن خاتا پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىدىيالىزملىق ۋە فېئودالىزملىق ئەقىدىلەرنى، خۇداگويلۇق (تېئىزم) نى تەرغىب قىلغۇچىلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ، بىز ئۈچۈن سالقىنقانلىق بىلەن يەكۈنلەيدىغان ئاچچىق ساۋاقتۇر.

**تۆتىنچى، بىز چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، نازارىتىمىز سىستېمىسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى باشلاپ، بۇجەددىي سىياسىي كۆرەشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.** نۆۋەتتە، نازارىتىمىزدە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. لى خۇڭجى ۋە ئۇنىڭ «فالۇن گۇمپىسى» ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى بىزنى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مىنتايىن ياخشى سەلبىي دەرسلىك بىلەن تەمىنلىدى. ئاكىتلار بىزگە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتكۈل پارتىيىدە ماركسىزملىق دۇنياقاراش تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنى، پۈتكۈل پارتىيىدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلىگەنلىكىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، لى خۇڭجى ۋە ئۇنىڭ «فالۇن گۇمپىسى» نى پاش قىلىش، ئەيىبلەشنى نۆۋەتتە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى مەۋقەسى قەتئىي، بايرىقى روشەن ھالدا بۇ كۆرەشكە ئاتلىنىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىپ، تېخىمۇ ئوبدان باشلامچىلىق رول ئوينىشى لازىم. «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى داۋامىدا ، مۇھىم نۇقتىنى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قارىشى، قىممەت قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇشقا قارىتىش كېرەك. نازارىتىمىز سىستېمىسىدىكى كوممۇنىست كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، تۈرلۈك خاتا پىكىر ئېقىملىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغان كۈچلۈك ئىدىيىۋى سەددىچىن سېپىلى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، نازارىتىمىز سىستېمىسىدا «فالۇن گۇمپىسى» توغرىسىدىكى زور كۆلەملىك مۇھاكىمىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئىدېئولوگىيە ساھەسى ئەزەلدىن تارتىپلا تىنچ بولغان ئەمەس، ئۇنى توغرا ئىدىيە ئىگىلىمىسە، مۇقەررەر خاتا ئىدىيە ئىگىلەيدۇ. ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش، ھەقىقىي قوغداش مەسئۇلىيىتى بار؛ ئاممىنى ئىلىم-پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تۆھپە قىلىشقا يېتەكلەش مەسئۇلىيىتى بار. جۇڭگو تارىختىن بۇيان ئۇزاق مەزگىل فېئودالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، تۈرلۈك خۇراپىي ۋە بىدئەت ئەقىدىلەر ئادەملەرنىڭ ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەرلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. «فالۇن گۇمپىسى» بولسۇن، فېئودال خۇراپىي پائالىيەتلەر بولسۇن، ئوخشاشلا ئىدىئالىزمنى، سەپسەتىنى ۋاستە قىلغان ھالدا تارقىلىدۇ، ئادەملەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئازدۇرۇپ، دامىغا چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەربىيىنى، يېتەكلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۈرلۈك فېئودال خۇراپاتلىققا، بىمەنە-بىدئەت ئەقىدىلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇشىمىز، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە ئىلىم-پەن ئارقىلىق تەربىيىلەپ، بۇ جەددىي سىياسىي كۆرەشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

يولداشلار:

تونۇشىمىزنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسەتلىرى، ھەرىكىتىمىزنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مېڭىمىزنى ماركسىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراش بىلەن قوراللاندۇرۇپ، پارتىيىۋىلىك نۇقتىئىنەزەرىمىز، سىياسىي ئېڭىمىز، ئومۇملۇق ئېڭىمىز ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىمىز بىلەن خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا ماتېرىيالىزمدا ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىئالىزمغا قارشى تۇرۇشىمىز، خۇداسىزلىق (ئاتېئىزم) دا چىڭ تۇرۇپ، خۇداگويلۇق (تېئىزم) غا قارشى تۇرۇشىمىز؛ ئىلىم-پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشىمىز، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى يېتەكلەپ «فالۇن گۇمپىسى» بىلەن بولغان كۆرەشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، غەلىبىبېرى ئالغا بېسىشىمىز كېرەك.

1999-يىل 4-ئاۋغۇست (M2)



# كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇش

ئالۋىن توفلېر

ئالۋىن توفلېر (1928) ئامېرىكىلىق ئالىم ،جەمئىيەتشۇناس ،كېلەچەكشۇناس . «مەدەنىيەت ئىستېمالچىلىرى» (1964) ، «3-دولقۇن» (1980) قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان . ئېتىبارىڭىزغا ھاۋالە قىلىنغان بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ 1970-يىلى نەشر قىلىنغان فۇتۇروشوك - «كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇش» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان

- مۇھەررىردىن

## ئىزچىللىقنىڭ ئاخىرلىششى

## 800-ئەۋلاد

بىزنى 21-ئەسىردىن ئايرىپ تۇرغان يىگىرمە-يىگىرمە بەش يىل ئىچىدە مىليونلىغان

### يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا

ئاددىي ئادەملەر كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇش نەتىجىسىدە ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالىدۇ . ئەڭ باي ۋە تېخنىكا جەھەتتىن راۋاجلانغان مەملىكەتلەر ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكىگە شۇنەرسەئايان بولىدۇكى ، دەۋرىمىزگە خاس بولغان پۈتمەس-تۈگىمەس ئۆزگىرىشلەر ئېقىمى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تېخىمۇ يۇكسەك تەلەپلەرنى قويماقتا . نەتىجىدە ئۇلارغا ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان ئەسىردىن ئارقىدا قالماسلىق تېخىمۇ تەسلەشمەكتە . ئۇلار ئۈچۈن كېلەچەك ئادەتتىن تاشقىرى بالدۇر كېلىپ قالىدۇ .

بۇ - ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇلارغا بىزلەرنىڭ ماسلىششىمىز توغرىسىدىكى ئەسەردۇر . بۇ - شۇنداق

ئادەملەر توغرىسىدىكى ئەسەركى، ئېھتىمال بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇلارغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنى خۇشال كەيپىياتتا كېلەچەككە يېتەكلەيدۇ. بۇ ئەسەر يەنە شۇنداق ئادەملەر ھەققىدىكى، ئۇلار ئۆزگىرىشلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلاردىن قېچىشقا ھەرىكەت قىلىشىدۇ. بۇنداق ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ئەسەردە ماسلىشىش ئىمكانىيىتىمىز، كېلەچەك ۋە ئۇنىڭ بىلەن توقۇنۇشۇشتىن لەرزىگە چۈشىشىمىز توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ.

مانا 300، يىلدىن بېرى جەمئىيىتىمىزدە ئۆزگىرىش بورانلىرى تىنىمسىز قۇتراپ ئەۋجىگە چىقماقتا. بۇ بوران پەسىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بىزنىڭ كۈنىمىزگە كەلگەندە يەنىمۇ ئەۋج ئېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۆزگىرىشلەرنىڭ قۇدرەتلىك دولقۇنى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان سانائەت مەملىكەتلىرىنى بويلاپ ھازىرغىچە كۆرۈلمىگەن بىر شىددەت بىلەن مەۋج ئۇرماقتا. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاجايىپ-غارايىپ ئىجتىمائىي يېڭىلىقلار ۋۇجۇدقا كەلمەكتە. ئېيتايلۇق، غەلىتە مەزھەبلەر، «ئاسىي ارىلفونۇنلار»، ئاركتىكىدىكى ئىلمىي شەھەرچىلەر، الىفورنىيىدىكى ئۆزئارا خوتۇن ئالماشتۇرۇش ۋلۇبلىرى شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

بۇ ئۆزگىرىشلەر قانداقتۇر غەلىتە مەخلۇقلارنىمۇ مەيدانغا كەلتۈرمەكتە. مەسىلەن، ئون ئىككى يېشىدا قېرىپ قالغان بالىلار، ئەللىك ياشقا كىرىپمۇ ئون ئىككى يېشىدا توختاپ قېلىپ، يېتىلەلمىگەن چوڭلار، بىچارىلەرچە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان كاتتا بايلار، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كەتكەن كومپيۇتېر ئىجادچىلىرى، كىر كېيىملەرگە پۈركىنىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدتەرتىپلەرگە بېقىندىلىقىنى يوشۇرۇپ يۈرىدىغان ھۆكۈمەتسىزلەر، ۋە بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەشەددىي ھۆكۈمەتسىزلەر روھىغا ئىگە كونا تەرتىپلەر ھىمايىچىلىرى... ھاياتىمىز بەتلىرىدە نېمىلەر يۈز بەرمەيدۇ دەيسىز: ئانداقچىلار، بۇنداقچىلار، «كىنېتىك سەنئەت»... بۆلجۇرگەن-خۇمارلار كۇلۇبلىرى، ئوخشاش جىنسلىق ئاشىق-مەشۇقلار كىنو-تىياتىرخانىلىرى، غىدىقلىغۇچى دورىلار، تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار... غەزەپ، پاراۋانلىق، پەرۋاسىزلىق... ھەددىدىن تاشقىرى پەرۋاسىزلىق...

مانا شۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ، پەلەپەتىش ھادىسىلەرنى روھشۇناسلارنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇلىرىغا مۇراجىئەت قىلماستىن، مەۋجۇدىيەتچىلەرنىڭ غەملىك قېلىپلىرىنى ياردەمگە چاقىرماستىن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولارمۇ؟ قارىغاندا، ھاياتىمىزنىڭ تېگى-تەكتىدە قانداقتۇر غەلىتە، يېڭى جەمئىيەت پىشىپ يېتىلمەكتە. ئۇنى چۈشىنىشكە، تەرەققىياتىنى توغرا يولغا سېلىشقا ئىمكانىيەتلىرىمىز يار بېرەرمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلالارمىزمۇ؟

تۇرغۇن نەرسىلەر ئەقلىمىزنى لال قىلىپ، بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەمما رېئاللىقنى قانداقتۇر تاپتىن چىقىپ كەتكەن غەلىتىلىكلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى تېز سۈرئىتىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى خېلىلا ئايان بولۇپ قالىدۇ. ئۆزگىرىشلەر سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى چوڭ-چوڭ سانائەت ساھەلىرىنى، ھەتتا پۈتۈنسۇرۇك مەملىكەتلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. لېكىن بۇ تېخى ھېچگەپ ئەمەس: مۇھىمى ئۇ شۇنداق بىر مۇئەييەن قۇدرەتكى، بۇ قۇدرەت بىزنىڭ شەخسىي ھاياتىمىزغىمۇ باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئەڭ نازۇك بۇرجەكلىرىگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ بىزنى يېڭى رولالارنى ئېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ھەتتائۇ بىزنى ناھايىتى خەۋپلىك يېڭى روھىي كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا قىلىشى، روھىي تەڭپۇڭلۇقىمىزغا جىددىي تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. بۇ يېڭى كېسەللىكنى «فۇتۇروشوك»، يەنى كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇشتىن لەرزىگە كېلىش، دەپ ئاتىسا بولىدۇ. كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇشتىن لەرزىگە كېلىش - كېلەچەكنىڭ مۇددىتىدىن بۇرۇن كېلىپ قېلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن مەڭدەپ قېلىش ھالىتى - گاراڭ بولۇش، نىشانىنى يوقىتىپ قويۇشتۇر. بۇنداق مەڭدەپ قېلىش ياكى گاراڭلىق ئەتە ناھايىتى دەھشەتلىك بىر كېسەللىككە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

«بىز ھازىر 2-قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز» دېگەن ئىبارە بۈگۈنكى كۈندە يېڭى گەپ بولماي قالدى. تەخمىن قىلىش مۇمكىنكى، بۇ ئىبارە ئەتراپىمىزدا سادىر بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېزلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى تەكىتلەشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ كونا گەپلىكىغۇ مەيلى، ئۇ، ماھىيەت ئېتىبارىدىن خاتا، شۇنداقلا ئادەملەرنى قايمۇقتۇرىدۇ، خالاس.

چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈلسە، ھازىر سادىر بولۇۋاتقان ئىشلار ئادەتتىكى سانائەت ئىنقىلابىغا قارىغاندا كۆلەملىكرەك، چوڭقۇرراق ۋە مۇھىمراق. كۆپلىگەن نوپۇزلۇق ئادەملەرنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ھازىرقى دەۋر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى 2-ئەڭ بۈيۈك دەۋرنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىگە كۆرە ئۇنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى 1-بۈيۈك دەۋر بىلەن، يەنى ئىنسانىيەتنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيەتكە ئۆتۈش دەۋرى بىلەنلا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

بۇ پىكىر تېخنىكا ساھەسىدىكى ئالىملار - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ماقالە، ئەسەرلىرىدە بارغانسېرى كۆپ تەكرارلانماقتا. نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى، ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى جورجى تومسون «كېلەچەكنىڭ ئايان بەلگىلىرى» دېگەن كىتابىدا بۈگۈن سادىر بولۇۋاتقان ھادىسىلەرگە تارىختىكى ئوخشاش ھادىسىلەرنى ئىزدەپ، سانائەت ئىنقىلابىنى

تىلغا ئالمايدۇ ،بەلكى «يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى دېھقانچىلىققا ئۆتۈش »ھادىسىسىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ .ئامېرىكىنىڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇش مۇتەخەسسىسى جون دايبولد : «ھازىر بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتقان تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىلىرى ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدىن زور بولىدۇ »دەپ قارايدۇ .

پەقەت ئىلمىي تېخنىكا ساھەسىدىكى تەپەككۇر ئىگىلىرىلا شۇنداق قاراشتا ئەمەس . سەنئەتشۇناس پەيلاسوپ ھېربېرت رىدنىڭ پىكرىچە ،ئەھمىيىتى جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن بولغان بىردىنبىر ئۆزگىرىش كونا تاش قوراللار دەۋرى بىلەن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئارىلىقىدا سادىر بولغان . «خۇدالار ،مەقبەئۇ .كارېم (ئۇ كۇرت ئۇ .مارېك دېگەن نامغىمۇ ئىگە )شۇنداق دەيدۇ : «بىز 20-ئەسىر ئادەملىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا 5000يىل داۋام قىلغان بىر دەۋرنى ئاخىرلاشتۇرىمىز . . . » .ئاتاقلىق ئىقتىسادشۇناس ،دىققەتكە سازاۋەر جەمئىيەتشۇناس مۇتەپەككۇر كېننېت بوئۇلدىڭ دەۋرىمىزنىڭ تارىختىكى ئەڭ مۇھىم بۆرۈلۈش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ شۇنداق دەيدۇ : «بۈگۈنكى دۇنيا . . .مەن تۇغۇلۇپ كۆز ئاچقان دۇنيادىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ .بۇ پەرق مەن تۇغۇلغان دۇنيا بىلەن يۇلىي سېزار دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن كەم ئەمەس .ئەگەر ئىنسانىيەت تارىخىغا بۈگۈنكى كۈن نۇقتىئىينەزەرىدىن قارىساق ،مەن بۇ تارىخنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغانمەن ،دېسەم بولىدۇ .مەن دۇنياغا كەلمەستىن بۇرۇن قانچىلىك ھادىسىلەر سادىر بولغان بولسا ،مەن تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ شۇنچىلىك ھادىسىلەر سادىر بولدى » .

بۇ غارايىپ پىكىرنى بىر قاتار جانلىق مىساللار بىلەن يەنىمۇ ئېنىق ئىسپاتلاش مۇمكىن .مەسىلەن ، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ كېيىنكى 50000يىلىنى ئەۋلادلار سانى بويىچە ئۆلچەپ كۆرەيلى :ھەربىر ئەۋلادنىڭ ئۆمرىنى ئوتتۇرىچە 62يىل دېسەك ،ئۇ چاغدا50000يىل مابەينىدە800ئەۋلاد ئۆتكەن بولىدۇ .ئۇلاردىن 650ئەۋلاد ئۆز ئۆمرىنى غارلاردا ياشاپ ئۆتكۈزگەن .پەقەت كېيىنكى 70ئەۋلادنىڭ ئۆمرى داۋامىدا يېزىق پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئەۋلادلار ئارا توغرا ئالاقە ئورنىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان .كېيىنكى 6ئەۋلادنىڭ ئۆمرى داۋامىدا ئادەملەر مەتبۇئات بىلەن ئۇچراشتى .پەقەت كېيىنكى 4ئەۋلاد ئۆمرى دەۋرىدە ئادەملەر ۋاقىتنى ئازدۇر-- كۆپتۇر ئېنىق ئۆلچەشنى ئۆگىنىۋالدى ،يېقىنقى 2ئەۋلادلا ئېلېكتر ماتورىدىن پايدىلاندى .كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان بارلىق ماددىي بۇيۇملارنىڭ تولىسى ھازىرقى 800-ئەۋلادنىڭ ھاياتى داۋامىدا دۇنياغا كەلدى .

بۇ 800-ئەۋلاد بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ئۆتمۈشى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن پەرق بار .چۈنكى مۇشۇ ئەۋلادنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي بايلىقلارغا بولغان مۇناسىۋىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى .ئەسلىدە مەدەنىيەتنىڭ بىرلەمچى ئاساسى بولۇپ كەلگەن دېھقانچىلىق كۆپلىگەن مەملىكەتلەردە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يوقاتتى .بۈگۈنكى كۈندە ئوندىن ئارتۇقراق چوڭ دۆلەتتە سەل كەم% 15كە يېقىن ئاھالىلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ .ئەنە شۇ ئەۋلادنىڭ ھاياتى داۋامىدا جەمئىيەت ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم يېزا ئىگىلىكىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپلا قالماستىن ،بەلكى يەنە بىرنەچچە ئون يىل ئىچىدىلا جىسمانىي ئەمگەكنىڭ زۇلمىدىن ھەم قۇتۇلدى . دۇنيادا 1-قېتىم مۇلازىمەت ئىگىلىكى پەيدا بولدى .

تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشقان دۆلەتلەر كەينى-كەينىدىن شۇ يولغا قەدەم قويماقتا .% 15كە يېقىن ئاھالە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دۆلەتلەر ئارىسىدا ھازىر شۋېتسىيە ،ئەنگلىيە ، بېلگىيە ،كانادا ۋە ھوللاندىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرمۇ بار .ئۇلاردا «ئاق ياقىلىقلار » «كۆك ياقىلىقلار »غا قارىغاندا خېلىلا كۆپ .دۇنيادا10مىڭ يىل يېزا ئىگىلىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى .بىر-ئىككى ئەسىر سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈردۇق .مانا ئەمدىلىكتە بولسا دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش دەۋرىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋېتىمىز .

فرانسىيە ئىقتىسادشۇناسى ۋە جەمئىيەتشۇناسى ، پەيلاسوپ ژان فۇراستىي شۇنداق دەيدۇ : «سانائەت ئىنقىلابى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنىدىغان مەدەنىيەتتە سانائەتكە چېتىشلىق ھېچنەرسە بولمايدۇ » .بۇ ، زىددىيەتلىك مۇلاھىزە .ئۇنىڭ ئەھمىيىتى تېخى تولۇق چۈشىنىلگىنى يوق .دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش دەۋرىگە ئۆتۈشنىڭ مەنىسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىبى ئۇتان ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدى .ئۇ ،مۇنداق دەيدۇ : «ئىقتىسادى راۋاجلانغان مەملىكەتلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى توغرىسىدا ئويلىساڭ ،كىشىنى ھەممىدىن بەكرەك لەرزىگە سالىدىغان ئەڭ ئاساسىي نەرسە شۇكى ،بۇ مەملىكەتلەر يېقىن ئارىدا قانداق بايلىقلارغا قانچىلىك دەرىجىدە ئىگە بولۇشنى ئۆز خاھىشلىرىغا قاراپ ،ئۆزلىرى بىمالال ھەل قىلالايدىغان بولىدۇ .بىر چاغلاردا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش تەبىئىي بايلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى . ئەمدى ئۇ زامانلار ئۆتۈپ كەتتى .ھازىر غەيرەت قىلىش بىلەن بايلىق يارىتىلماقتا . . . » . 800-ئەۋلادنىڭ ھاياتى داۋامىدا ئەمەلگە ئېشىۋاتقان ئۇلۇغ بۆرۈلۈش ئەنە شۇنداق .

بىز ھازىر ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇرغان بايلىقلارغا بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئۆزگەرتىپ ، ئۆزگىرىشنىڭ كۆلىمىنى كەسكىن كېڭەيتىپ ۋە مۇھىمى سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ،ئۆتمۈش بىلەن

بولغان ئارىنى ئۈزۈل-كېسىل ئوچۇق قىلدۇق. بىز بۇرۇنقى ھېس قىلىش، پىكىرلەش، ماسلىشىش ئۇسۇللىرىغا خاتىمە بەردۇق. بىز مۇتلەق يېڭى جەمئىيەت ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ قويدۇق. ئەمدى شۇ جەمئىيەتكە ئۇچقۇر سۈرئەتلەر بىلەن يېقىنلىشىۋاتىمىز. 800-ئەۋلاد ھاياتىنىڭ پۈتكۈل ماھىيىتى ئەنە شۇنىڭدا. ئەنە شۇھال بىزنى ئىنسانىيەتنىڭ ماسلىشىش قابىلىيىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا ئۈندىمەكتە. يېڭى جەمئىيەتتە ئىنساننىڭ ئەھۋالى قانداق بولاركىن؟ جەمئىيەتنىڭ تەلەپلىرىگە ماسلىشالارمىكىن؟ ئەگەر ماسلىشالمىسا، بۇ تەلەپلەرنى ئۆزگەرتىشنى بىلەمدىكىن؟

## سۈرئەتنى تېزلىتىش

تارىخچىلار، ئارخېئولوگلار، جەمئىيەتشۇناسلار، ئىقتىسادشۇناسلار، پسىخولوگلار ۋە باشقا پەنلەر ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا كۆپلىگەن ئىجتىمائىي جەريانلار تېزلىشىپ بارماقتا، تېزلەشكەندىمۇ ھەددىدىن زىيادە ئۇچقۇرلۇق بىلەن، ئەقىلگە سىغمايدىغان سۈرئەتتە تېزلەشمەكتە، دېگەن قاراش بارغانسېرى كەڭ تارقالماقتا.

مىسال ئۈچۈن شەھەرلەرنىڭ تەشكىل قىلىنىش جەريانىنى ئالايلى. ھازىر كۆز ئالدىمىزدا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زور ۋە يۇقىرى سۈرئەتتىكى شەھەرلىشىش جەريانى يۈز بەرمەكتە. 1850-يىلى، ئاھالىسى بىر مىليون كىشى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولغان شەھەر دۇنيادا تۆتلا بولغان بولسا، 1900-يىلغا كەلگەندە 19غا يەتكەن. 1960-يىلى بولسا، ئاھالىسى بىر مىليوندىن ئاشىدىغان شەھەر سانى 141گە يەتكەن. ھازىر پۈتكۈل دۇنيادا شەھەر ئاھالىلىرى يىلىغا 6.5%لىك سۈرئەت بىلەن ئېشىپ بارماقتا. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، يەنە 11يىلدىن كېيىن دۇنيا بويىچە شەھەر ئاھالىلىرى يەنە 2ھەسسە كۆپىيىدۇ.

بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ھەددىدىن زىيادە زور كۆلىمىنى سالماقلىق بىلەن كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھازىرقى شەھەرلەر ئۆز كۆلىمىنى داۋاملىق ساقلاپ قالسا، نېمە بولىدىغانلىقىنى بىر پەرەز قىلىپ كۆرەيلى: ئۇچاغدا شەھەرلەردە ياشاشنى خالايدىغان مىليونلىغان ئادەملەرنى ئۆي-جاي بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى يۈزلىگەن شەھەرنىڭ ھەر بىرىگە ھەمراھ شەھەر قۇرۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، يېڭى توكيو، يېڭى ھامبۇرگ، يېڭى رىم ۋە يېڭى رانگۇن دېگەندەك. بۇلارنى بارى-يوقى 11 يىلدا قۇرۇپ پۈتتۈرۈش كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ ئېنېرگىيە ئېھتىياجىدىمۇ خۇددى شۇنداق تېزلىشىش مايىللىقى كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئىنسانىيەت تەرىپىدىن كېيىنكى 2000يىل مابەينىدە ئىستېمال قىلىنغان ئېنېرگىيىنىڭ يېرىمى ھازىرقى 100يىللىقتا سەرپلەنگەن ئېنېرگىيە مىقدارىغا توغرا كېلىدۇ.

زور تېزلىك بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىشكە قاراپ كېتىۋاتقان مەملىكەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئۆسۈشىدىمۇ سۈرئەتنىڭ تېزلەشكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ مەملىكەتلەردە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يىللىق ئۆسۈشىمۇ ھەقىقەتەن زور. چۈنكى ئۇلار خېلى كۆلەملىك سانائەت بازىسىغا ئىگە. بولۇپمۇ ئۆسۈش سۈرئىتى يۈكسىلىپ بارماقتا. فرانسىيىدە 29يىل مابەينىدە، يەنى 1910-يىلدىن 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىغا قەدەر سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆلىمى ئاران %5لا كۆپەيدى. ئەمما 1948-يىلدىن 1965-يىلغىچە بولغان 17يىلدا بولسا تەخمىنەن %220كە ئۆستى. ھازىر سانائىتى راۋاجلانغان مەملىكەتلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىدە يىللىق ئىقتىسادىي ئۆسۈش سۈرئىتىنىڭ %10_5ئەتراپىدا بولۇشى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. بۇ مەملىكەتلەردە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇلازىمەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15يىلدىن كېيىن بىر ھەسسە ئاشىدۇ، يەنى بىر قاتلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا بىر قاتلىنىش مۇددىتى يەنىمۇ قىسقىرايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ھازىر سىزنى ئىنسان قولى بىلەن تەييارلانغان بەلگىلىك مىقداردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرى قورشىۋالغان بولسا، بۈگۈن تۇغۇلغان بالىڭىز دەل 11يىلدىن كېيىن بۇنداق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ھازىرقىدىن يەنىمۇ كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ يەنە شۇنداق دېگەنلىككى، بۈگۈنكى ئۆسمۈر 30ياشقا كىرگەندە، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇرراق ئىستېمال بۇيۇملىرى يەنە بىر ھەسسە ئاشىدۇ. ئەگەر ئۇ 75ياشقا كىرسە، ئۇنىڭ ئۆمرى جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 5ھەسسە كۆپەيسە ئەجەب ئەمەس. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى، بالىمىز قېرىغان چېغىدا، ئادەمنىڭ ئىختىيارىدىكى ھەرخىل ماددىي نېمەتلەر ئۇنىڭ تۇغۇلغان چېغىدىكىسىنىڭ 32 ھەسسىدىن كۆپرەك بولىدۇ.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ئىقتىسادىي پاكىتلارنىڭ ھەممىسى ھەممە ياقنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ تۇرغان ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر ماشىنىسى تەرىپىدىن يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ماشىنىنىڭ نامى - تېخنىكا تەرەققىياتىدۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ قاتناش-ساياھەت سۈرئىتىمۇ بارغانسېرى تېزلەشمەكتە. بۇمۇ نۆۋەتتىكى تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يارقىن مىسالىدۇر. مىلادىيدىن 6000يىل بۇرۇنقى دەۋرلەردە يىراقتا ساياھەت قىلغاندا تۆگە كارۋانلىرى ئەڭ تېز ماڭىدىغان

قاتناش ۋاستىسى بولغان .ئۇلار سائەتكە ئوتتۇرىچە 8مىل تېزلىك بىلەن يول يۈرگەن .پەقەت مىلادىدىن تەخمىنەن1600يىل ئاۋۋال يېنىك ئورۇش هارۋىلىرى كەشپ قىلىنغاندىن كېيىنلا قاتناش تېزلىكىنى سائەتكە20مىلغا يەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولۇندى .بۇ ، شۇقەدەر بۈيۈك كەشپىيات بولغانىدىكى ،ئىنسانىيەت بۇ سۈرئەتنى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە بۇزۇپ تاشلىيالمىدى .ئاردىن3500يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، يەنى1784-يىلى ئەنگلىيىدە تۇنجى قېتىم پوچتا هارۋىلىرى مەيدانغا كەلگەندىمۇ ئۇلارنىڭ تېزلىكى سائەتكە10مىلدىن ئاشمىدى .1825-يىلى مەيدانغا كەلگەن تۇنجى پاراۋوزنىڭ ئەڭ زور تېزلىكى سائەتكە13مىلدىن ئاشقان ئەمەس .ئاشۇ چاغدىكى ئەڭ ياخشى يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭ تېزلىكىمۇ يۇقىرىقى سۈرئەتنىڭ پېرىمىغا تەڭ بولغان .پەقەت ئۆتكەن ئەسىرنىڭ80-يىللىرىغا كەلگەندىلا پاراۋوزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا سائەتلىك تېزلىك100مىلغا يەتكۈزۈلدى .ئەنە شۇ رېكورتنى يارىتىش ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە4000يىلغا يېقىن ۋاقىت كەتتى .ئەمما بۇ رېكورتنى 4ھەسسىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن58يىللا ۋاقىت كەتتى :1938-يىلىغا كەلگەندە ئادەملەر ئاسماندا 400مىل تېزلىك بىلەن ئۇچۇشقا باشلىدى .ئاردىن بارى-يوقى25يىل ئۆتەر-ئۆتمەي يەنى60-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بولسا ، رېئاكتىپ ماتورغا ئىگە ئايروپىلانلارنىڭ سائەتلىك تېزلىكى4000مىلغا يېقىنلاشتى .ھالبۇكى ،شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ئالەم كېمىلىرىدە سائەتكە18000مىل تېزلىك بىلەن يەر شارىنى ئايلىنىشقا باشلىدى .

ئەگەر ئىنسان ھەرىكىتىدىكى تېزلىكنىڭ بۇنداق ئېشىشىنى گرافا ئۇسۇلىدا تەسۋىرلەيدىغان بولساق ، ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ ھاياتى جەريانىدا ئېرىشىلگەن تەرەققىيات بىردىنلا يۇقىرى ئۆرلىگەن ئەگرى سىزىق تەرىزىدە ئىپادىلىنىدۇ .بىز ئەنە شۇنداق كۆرسەتكۈچلەرنىڭ قايسىبىرىگە مۇراجىئەت قىلمايلى ،مەيلى بۇ ساياھەتلەرنىڭ يىراقلىقى بولامدۇ ،ئېگىزلىك بولامدۇ ،پايدىلىق قېزىلمىلارنى قېزىۋېلىش بولامدۇ ،ئىشقىلىپ ،ھەممە ساھەدە تېزلىكنى ئاشۇرۇش مايىللىقى نامايان بولىدۇ . مىڭيىللىقلار كەينىدىن مىڭيىللىقلار ئۆتۈۋېرىدۇ ۋە بىزنىڭ زامانىمىزغا كەلگەندە بىردىنلا ئەقىل يەتمەيدىغان چېگرىلاردىن ئېشىپ ئۆتۈش ، فانتازىيىلىك ئالغا سەكرەش باشلىنىدۇ .

بۇ ،شۇنىڭ بىلەن ئىزاھلىنىدۇكى ،تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشى لاۋئاسمان ھالەتتە يۈز بېرىدۇ .مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ،ھەر بىر يېڭى قۇرۇلما ،ھەربىر يېڭى تېخنولوگىيىلىك جەريان ئاۋۋالقى مەۋجۇد قۇرۇلمىلار ۋە تېخنىكىلىق جەريانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتىدۇ .ئۇلارنى بىزگە بىر-بىرى بىلەن يېڭىچە ھالەتتە بىرلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ .

تېخنىكىلىق تەرەققىيات ماشىنىلار ۋە تېخنىكىلىق جەريانلارنىڭ شۇنچىكى ،ئاددىي ھالدا بىرلەشكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەمەس .پرىنسىپال يېڭى قۇرۇلمىلارنىڭ پەيدا بولۇشى پەقەت باشقا قۇرۇلمىلارنى ئۆزگەرتىش يوللىرىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماستىن ،بەلكى ئىجتىمائىي ،پەلسەپىۋى ،شۇنداقلا شەخسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭىچە يوللىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ .ئۇ ،ئەقلىي مۇھىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىدۇ ،ئىنساننىڭ ياشاش مۇھىتىنى ،يەنى ئۇنىڭ پىكىرلەش ئۇسۇلى ،دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ .مەسىلەن ،ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىلىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە كەڭ تارقىلىشى ئىنساننىڭ چوڭ-چوڭ سىستېمىلار بىلەن ئۆز ئارا ئالاقىلىشكۈچى بىر بۆلەك ئىكەنلىكى ،ئۇنىڭ پسىخولوگىيىسى ،قانداق تەلىم ئېلىشى ،ئەستە ساقلىشى ،مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى توغرىسىدا كۆپتىن كۆپ ،غايەت ئۇنۇملۇك يېڭى غايىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى .بۇ ،قانۇنشۇناسلىق پەنلىرىدىن تارتىپ ئائىلە پسىخولوگىيىسىگىچە بولغان ھەممە ئەقلىي ئىلىملەر ساھەسىدە بىر قاتار ناھايىتى قىزىقارلىق ئىلمىي پەرەزلەرنى بارلىققا كەلتۈردى .

تېخنىكا تەرەققىياتىنى ھېۋەتلىك بىر ماشىنىغا ئوخشاتساق ،بۇ ماشىنا ئۈچۈن بىلىم - يېقىلغۇ ھېسابلىنىدۇ .مۇشۇ يەردە بىز جەمئىيەتتە سۈرئەت تېزلەشتۈرۈش مەسىلىسىنىڭ نېگىزلىك نۇقتىسى كەلدۇق :تېخنىكىلىق تەرەققىيات قۇرۇلمىسى كونسايىن كۆپلەپ يۇقىرى سۈپەتلىك يېقىلغۇ ئىستېمال قىلىدۇ .مەسىلەن ،بۇ ئورۇندا ئىلمىي ژۇرناللار ۋە ئىلمىي ماقالىلەر سانىنىڭ ھەر15يىلدا2ھەسسە كۆپىيىشىنى ،ئىلمىي تېخنىكىلىق ئەدەبىياتنىڭ پۈتۈن دۇنيادا يىلىغا60مىليون بەت ئەتراپىدا كۆپىيىشىنى ئەسلەپ ئۆتسەك كۇپايە .

ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارغانسېرى ئارتىپ بېرىۋاتقان سۈرئىتى ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ بىرى ،شۇنداقلا ئۇ ناھايىتى كەم ئۆگىنىلگەن .ئەمما بۇ تېخى مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى ،خالاس . ئۆزگىرىشلەر سۈرئىتىنىڭ بارغانسېرى ئارتىپ بېرىشى پسىخولوگىيىلىك ئامىل بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ .ئۇ ،بىزنىڭ روھىي تەڭپۇڭلۇقىمىزنى بۇزىدۇ .بىزنىڭ ھاياتنى قوبۇل قىلىشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .كېلەچەك بىلەن بولغان توقۇنۇشۇشتا لەرزىگە چۈشمەسلىك ۋە ئامان قېلىش ئۈچۈن ئىنسان ماسلىشىش قابىلىيىتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك ،شۇنداقلا ئۇ ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ ئارتۇقراق دەرىجىدە چاققان ۋە ئەپچىل بولۇشى زۆرۈر .ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ھاياتىي مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇتلەق يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئىزدەپ تېپىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭ بۇرۇنقى دىنىي ،مىللىي ،قەبىلىۋى ،

ئائىلىۋى ۋە كەسپىي تايانچ نۇقتىلىرى هازىرقى كۈندە ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېزلىشىۋاتقان سۈرئىتىنىڭ تەسىرىدە چاك-چېكىدىن سۆكۈلۈپ كەتمەكتە .

## هاياتنىڭ تېزلەشكەن سۈرئىتى

تۇرمۇش سۈرئىتى كۆز ئىلغىماس بىر هالەتتە ئادەملەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ . ئۇ ، ئاتىلار ۋە بالىلار ، ئەرلەر ۋە ئاياللار ، ئامېرىكىلىقلار ۋە ياۋروپالىقلار ، ئىقتىسادى راۋاجلانغان ۋە ئەمدى راۋاجلىنىۋاتقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا توساق پەيدا قىلىپ ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرلىرىنى چۈشىنىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ ، دېسەك مۇبالىغە بولماس . يەرشارى ئاهالىسىنى بىر-بىرىدىن پەقەت ئىرقىي ، مىللىي ، دىنىي ، ياكى مەپكۇرىۋى پەرقلەرلا ئايرىپ تۇرماستىن ، بەلكى مەلۇم مەنىدە ئۇلارنىڭ ۋاقىت ئىلكىدىكى ئەهۋالىمۇ ئايرىپ تۇرىدۇ . يەر يۈزىدە ياشىغۇچىلارنىڭ هايات تەرزىگە بىر نەزەر سالساق ، ئادەملەرنىڭ ئانچە كۆپ بولمىغان بىر توپى هازىرغاقەدەر ئەجدادلىرى مىڭ يىل ئاۋۋال قانداق شىغان بولسا ، شۇنداق ياشايدۇ ، يەنى ئوۋچىلىق لىپ ، مېۋە-چېۋە يىغىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ . ىنسانىيەتنىڭ يەنە بىر توپى ئېيىق ئوۋلىمايدۇ ، مېۋە يىغىش بىلەنمۇ شۇغۇللانمايدۇ ، بەلكى دېهقانچىلىق قىلىشىدۇ . ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇ تائىپە ئادەملەر كۆپ جەهەتتىن ئاتا-بوۋىلىرى يۈزلەپ يىللار ئاۋۋال قانداق ياشىغان بولسا ، هازىرمۇ شۇنداق ياشايدۇ . بۇ ئىككى توپقا هازىر يەر يۈزىدە ياشايدىغان بارلىق ئادەملەرنىڭ تەخمىنەن% 70 ى تەۋە . تېخنولوگىيىلىك مىزانلار بىلەن ئۆلچىگەندە بۇ ئادەملەر هامان ئۆتمۈشتە ياشايدۇ . يەر شارى ئاهالىسىنىڭ چارەك قىسمىدىن سەل كۆپرەكى سانائىتى راۋاجلانغان مەملىكەتلەردە ياشايدۇ . ئۇلار زامانىۋى هالەتتە هايات كەچۈرۈشىدۇ . ياشاشنىڭ بۇخىل شەكلى20 - ئەسىرنىڭ 1 - يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، ماشىنىلىشىش ۋە ئاممىۋى تەلىم ئارقىسىدا ئۆز خاسلىقىنى تاپقان . ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئۆتمۈشتىكى يېزائىگىلىكى توغرىسىدا بەزىبىر ئەسلىمىلەرگىلا ئىگە ، خالاس . ماهىيەت ئېتىبارى بىلەن بۇ ئادەملەر تېخنولوگىيە زامانى بولغان بۈگۈنكى كۈندە ياشايدۇ . باشقىچە ئىزاهلاش مۇمكىن بولمىغان نۇرغۇنلىغان كەسكىن توقۇنۇشلار ، يەنى ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى ، ئاتىلار ۋە بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ، ئەرلەر بىلەن خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارهايات سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە بولغان هەر خىل رېئاكسىيىسىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ چىقماقتا .

پارىژدا ئامېرىكىچە «دراگستور» دەپ ئاتىلىدىغان دورىخانا - يەڭگىل تاماقخانىلار كۆپىيىشكە باشلىدى . بۇ ، كۆپلىگەن فرانسۇزلارنى بەك غەزەپلەندۈردى . چۈنكى ئۇلار «دراگستور»غا ئامېرىكىنىڭ بالايى-ئاپەت كەلتۈرىدىغان «مەدەنىيەت جاهانگىرلىكى»دىن دالالەت بەرگۈچى نەرسە سۈپىتىدە قارىماقتا . ئامېرىكىلىقلار بولسا ، سودالىق سۇ ساتىدىغان ئەپچىلگىنە پەشتاختا (بۇفېت )نىڭ فرانسۇزلارنى نېمىشقا بۇنچىلىك پاراكەندە قىلىۋەتكەنلىكىگە هەيران . هالبۇكى ، بۇنىڭ جاۋابى ئاسان : ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن «دراگستور»غا كىرگەن فرانسۇز سۈتلۈك كوكتېيل (مېۋە شەربىتى )نى ئۆرە تۇرۇپلا ئىچىۋېتىدۇ-دە ، چىقىپ كېتىدۇ . ۋەهالەنكى ، بىر چاغلاردا ئۇلار ئۇستى ئوچۇق كىچىك ئاشخانا-قاۋاقخانىلاردا بىر ئىستاكان ئىشتەي شارابىنى ئېلىپ ، بىر-ئىككى سائەتلەپ كەيىپ سۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى . ئورنى كەلگەندە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى ، يېڭى تېخنولوگىيىنىڭ جارىي قىلىنىشى ئاقىۋىتىدە 30000كىچىك ئاشخانا مەڭگۈلۈككە تاقالدى .

بىراق دۇنيا ئاهالىسىنىڭ قالغان ئىككى-ئۈچ پىرسەنتى يا ئۆتمۈشكە ، يا هازىرقى كۈنگە مەنسۇپ ئەمەس . بۇلار توغرىسىدا هازىرنىڭ ئۆزىدىلا شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى ، مىليون-مىليونلاپ ئادەم ئەتە قانداق هايات كەچۈرۈشى كېرەك بولسا ، ئۇلار بۈگۈن شۇنداق ياشىماقتا . ئۇلار مەيدانغا كېلىۋاتقان دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى پۇقرالىرىدۇر .

ئۇلارنى باشقا كىشىلەردىن نېمىلەر ئاجرىتىپ تۇرىدۇ ؟ ئەلۋەتتە ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش دەرىجىسى يۇقىرى ، ئۇلار ياخشى مەلۇمات ئالغان ، باشقىلارغا قارىغاندا هەرىكەتچان ، ئۆمرىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ئۇزۇن . ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى شۇندىكى ، ئۇلار هاياتنىڭ يېڭى ، تېزلەشكەن سۈرئىتىگە ئاللىقاچان ماسلىشىپ ئۈلگۈرگەن ، ئۇلار ئەتراپىدىكىلەرگە قارىغاندا ئالدىراش ياشايدۇ .

بەزى بىراۋلارنى هاياتنىڭ بۇ ئۇچقۇر سۈرئىتى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . ئەمما ئۇ كىملەرگىدۇر ياقىدۇ ، كىملەرنىڭدۇر نەپرىتىنى قوزغايدۇ . بۇنداقلار ئامالىنىڭ بارىچە «بۇ ئات ئويۇنىدىن تېزراق چۈشۈپ قېلىش»قا هەرىكەت قىلىشىدۇ . ئۇلار بەيگىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ، كۆڭۈللىرىگە ياققان ئۇسۇلدا هايات كەچۈرۈشنى ئىستەيدۇ . بەزىدە ئۇلار هايات سۈرئىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارشى پائال كۈرەش قىلىدۇ .

هايات سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى ئادەملەردە ياشاشنىڭ ئۆتكۈنچىلىكى ، بىهۇدىلىكى تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ . بىهۇدىلىك - كۈندىلىك هاياتنىڭ «ئۆتكۈنچىلىكى»دىن تۇغۇلغان يېڭى سۈپەتتۇر . بۈگۈنكى كۈندە هەممە نەرسىنىڭ ۋاقىتلىقلىقى ۋە تۇراقسىزلىقىنى هېس قىلىش بارلىق زامانلارغا قارىغاندا كۈچلۈكرەكتۇر .

## بىمەنە مەدەنىيەت
## «تاشلىۋەتكۈچىلەر» جەمئىيىتى

بارىي-بويى30سانتىمېتىرچە كېلىدىغان ،بىرىكمە (سۈلياۋ )ماتېرىياللاردىن ئىشلەنگەن قىزچاق . ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بازىرى ئەڭ ئىتتىك قونچاق شۇ دېسەك خاتا بولمايدۇ .ئۇ ،1959-يىللاردۇنياغا كەلگەنىدى .شۇنىڭدىن بېرى دۇنيادىكى بارىبلارنىڭ سانى 12مىليونغا يەتتى .قىزلار بارىبنى جېنىدىنمۇ ياخشى كۆرۈشىدۇ ،چۈنكى بۇ قونچاق خۇددى تىرىكتەكلا كۆرۈنىدۇ ،ھەتتا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا بولىدۇ .بارىبنى ئىشلەپچىقىرىدىغان «ماتتېل ئىنكورپورېيشىن» شىركىتى قونچاقنىڭ ئۆيدە كىيىدىغان كۈندىلىك كۆڭلەكلىرىنى ،بايراملىق لىباسلىرىنى ،سۇ چۆمۈلگەندە ياكى چاڭغا تېيىلغاندا كىيىدىغان كىيىملىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ساتىدۇ .يېقىندا «ماتتېل»شىركىتى بارىبنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن يېڭى نۇسخىسىنى چىقىرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . يېڭى بارىبنىڭ قەددى-قامىتى تېخىمۇ كېلىشكەن ، كىرپىكلىرى «راست»كىرپىك ،بېلى تال چىۋىقتەك ئىنچىكە بولۇپ ،بۇلار ئۇنىڭ تىرىك قىزچاققا كۆپرەك ئوخشىشىغا ئىمكان بەرگەن .بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغان «ماتتېل»شىركىتى ئۆز خېرىدارلىرىغا شۇنى جاكارلىدىكى ،بۈگۈندىن باشلاپ يېڭى بارىبى سېتىۋېلىشنى ئىستىگەن قىزچاق ئۆزىنىڭ كونا بارىبىسىنى ئېلىپ كېلىپ تېگىشىش ھېسابىغا ئەرزان باھادا سېتىۋالالايدۇ .

«ماتتېل»شىركىتىنىڭ بۇ ساخاۋىتى تۇزۇك كۆرۈنگىنى بىلەن ،ئۇنىڭ تېگىدە گەپ بار .بۈگۈن ئۆزىنىڭ كونا قونچىقى ئورنىغا يېڭىسىنى ئالماشتۇرۇۋاتقان ، ئەتىلىككە دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ پۇقراسى بولىدىغان قىزچاق كىچىككىنە شۇ ئىش بىلەن يېڭى جەمئىيەتتىكى ھاياتنىڭ تۈپكى ساۋىقىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ .ھازىر ئادەملەرنى نەرسىلەر بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان مۇناسىۋەتلەر بارغانسېرى قىسقىراپ بارماقتا .ھالبۇكى ،بىز نەرسىلەردىن ئۆز ئېھتىياجلىرىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا پايدىلانمايمىز ،بەلكى ئۇلار بىزگە پسىخولوگىيىلىك تەسىرمۇ كۆرسىتىدۇ .نەرسىلەردىن پايدىلىنىش مۇددىتىنىڭ قىسقىرىشى ھاياتىمىزنىڭ سۈرئىتىنى يەنىمۇ تېزلەشتۈرىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ،بىزنىڭ نەرسىلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىمىزدە جىمىكى قەدىرىيەتلەر سىستېمىمىز ئۆز ئىنكاسىنى تاپىدۇ .ئۆزلىرىنىڭ كونا بارىبلىرىنى يېڭى مۇكەممەللەشكەن قونچاقلارغا جان دەپ ئالماشتۇرۇۋالىدىغان يېڭى ئەۋلاد قىزچاقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرى ۋە مومىلىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ .ئۆز ۋاقتىدىكى مومايلار ۋە ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك قونچاقلىرىنى تا كونىراپ ، تىتىلىپ ، ئىچىدىكى پاختا-سامانلىرى چۇۋۇلۇپ كەتمىگۈچە تاشلىۋەتمەيتتى .ئەنە شۇ پەرقتە ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىمچىلىق ۋە دائىمىيلىق ،ئۆزلۈكسىزلىككە ئاساسلانغان جەمئىيەتلەر بىلەن ۋاقىتلىقلىق غايىسىگە تايىنىدىغان تېز شەكىللىنىپ كېلىۋاتقان جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىمچىلىق خۇددى بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى ئەكس ئېتىدىغىنىدەك ئەكس ئېتىدۇ .

بارىبىسىنى يېڭى قونچاققا ئالماشتۇرۇۋېلىۋاتقان قىزچاقلار گۆدەكلىك چاغلىرىدىن تارتىپلا ئۆيلىرىدە نەرسە - بۇيۇملارنىڭ ئۇزاق تۇرۇپ قالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ .

يۆگەكلەر ،كۆرپىچەكلەر ،سېغىز قەغەزلىرى ، لىمونات قۇتىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا نەرسىلەردىن تېز پايدىلىنىلىدۇ-دە ،كېيىن تاشلىۋېتىلىدۇ .ئۇلارنىڭ ئۆيى قايتا پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى چوڭ ماشىنىغا ئوخشايدۇ .بۇ ماشىنىدا تۈرلۈك-تۈمەن نەرسىلەر بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان تېزلىكتە گاھ پەيدا بولۇپ ،گاھ غايىب بولىدۇ .قىزچاققا تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپ «تاشلىۋېتىش مەدەنىيىتى»سىڭدۈرۈلىدۇ .

ۋاقىتلىقلىققا قاراپ سىلجىش بىناكارلىقىمۇ تەسىر كۆرسەتتى .بىز ھەرقايسى جايلارغا كۆرك-ھۆسن بېرىپ كېلىۋاتقان ئىمارەتلەرنى بۇزۇپ تاشلايمىز .بىز پۈتۈن-پۈتۈن كوچىلارنى ،شەھەرلەرنى بۇزۇپ تاشلايمىز ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تېزلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرىنى قۇرىمىز .

ئۆتمۈشتە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئارزۇ قىلغىنى پۇختىلىق ،بۇيۇملارنىڭ ئۆمرى ئۇزاقلىق بولغانىدى .ئىنسان نېمىنىلا ياسىسۇن ،مەيلى ئۇ ئاددىي ئاياغ كىيىمى بولامدۇ ياكى جامە مەسچىتى بولامدۇ ،ئىشقىلىپ ،ئۆز كۈچى بىلەن بەرپا قىلغان نەرسىنىڭ ئىمكان بارىچە ئۇزۇن يىللار ئىشلىتىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ،ئۆزلىرىدە بار ئىجادىي قۇۋۋەتتىن تولۇق پايدىلانغانىدى .

ئەمما جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى نەتىجىسىدە پىششىق-پۇختىلىق ئىقتىسادىنىڭ ئورنىغا مۇقەررەر يوسۇندا ۋاقىتلىقلىق ئىقتىسادى پەيدا بولىدۇ .بىرىنچىدىن ،تېخنىكا تەرەققىياتى كۆچەيگەنسېرى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقى رېمونتلاش - تۈزىتىش ئىشلىرىنىڭ تەننەرقىگە قارىغاندا ،سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تېز سۈرئەت بىلەن تۆۋەنلەپ بارىدۇ .چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان بولىدۇ .رېمونتلاش ئىشلىرى بولسا ،كۆپ ھاللاردا قول بىلەن بېجىرىلىشتە داۋاملىشىدۇ .كۆپ ھاللاردا بۇيۇمنى

رېمونت قىلغاندىن كۆرە ئۇنى يېڭىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئەرزانراق چۈشىدۇ. ئىككىنچىدىن، تېخنىكا تەرەققىياتى تۈپەيلى مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن بۇيۇمنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. 2-ئەۋلاد كومپيۇتېر 1-ئەۋلاد كومپيۇتېردىن ياخشىراق، 3-ئەۋلاد كومپيۇتېرلار بولسا 2-ئەۋلادتىن ياخشى. ئەگەر يەنە يېڭى تېخنىكا تەرەققىياتى كۈتۈلۈۋاتقان، يەنى ھەر قېتىم قىسقا، يەنىمۇ قىسقاراق ۋاقىت ئىچىدە يېڭى، تېخىمۇ يېڭى مۇكەممەللەشتۈرۈشلەر يۈز بەرگەنىكەن، ئۇ ھالدا قىسقا مۇددەتلىك پايدىلىنىشقا مۆلچەرلەنگەن مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىشتا ناھايىتى زور ئىقتىسادىي مەنە بار. ئۈچىنچىدىن، ئۆزگىرىشلەر سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ يىراق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ بېرىشى كەلگۈسىدىكى ئېھتىياجلار مەسىلىسىدە ئېنىقسىزلىك تۇغدۇرىدۇ. بىز ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىمىز ۋە لېكىن بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالدىمىزغا قانداق تەلەپلەر قويۇشىنى بىلمەي تۇرۇپ، زور مىقداردىكى مەبلەغلەرنى ھەممىشە بىرخىل مەقسەتلەرگە خىزمەت قىلىدىغان قايسى ئۆزگەرمەس مەھسۇلاتلارنى يارىتىشقا سەپلەش لازىملىقىنى ھەل قىلالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن «پايدىلىنىپ بولغان بولساڭ، تاشلىۋەت» پرىنسىپىنىڭ يەنىمۇ كەڭرەك قوللىنىلىشىنى، ئىنسان بىلەن بۇيۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مۇددىتىنىڭ يەنىمۇ قىسقىرىشىنى كۈتمەك كېرەك.

يەنە بىر يېڭى ۋەزىيەت، يەنى بۇيۇملارنى ئىجارىگە بېرىش جەھەتتىكى كەسكىن ئۆزگىرىشلەر ئىنساننىڭ بۇيۇملار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇيۇملارنى ئىجارىگە بېرىش دەرىجىدىن تاشقىرى ساناتەتلەشكە قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتقان جەمئىيەتلەرنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى بولۇپ قالدى. ئىجارە سىستېمىسىنىڭ كېڭىيىشى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ھەممە خاھىش-ئىنتىلىش-لار بىلەن يېقىندىن چىرمىشىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئىجارە سىستېمىسىمۇ ۋاقىتلىقلىق پرىنسىپىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا خىزمەت قىلىدۇ.

مەسىلەن، ئاپتوموبىللار ئىجارىسىنى ئالايلۇق. بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكىدىكى مىليونلىغان ئاپتوموبىل ئىشقىۋازلىرى ئاپتوماشىنىلارنى بىرنەچچە سائەتلىكتىن تارتىپ بىر نەچچە ئاي مۇددەتكىچە ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىدۇ. چوڭ شەھەرلەردە، بولۇپمۇ نيۇ-يوركتا ئاپتوماشىنىلارنى قويۇش ئورنى مەسىلىسى ھەل قىلغىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك مەسىلىگە ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق شەھەرلەر ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىك قىسمى شەخسىي ماشىنا سېتىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە باش ئاغرىقى تېپىۋېلىشنى خالىمايدۇ-دە، دەم ئېلىش كۈنلىرى شەھەر سىرتىغا سەيلى قىلماق ئۈچۈن ماشىنا ئىجارىگە ئالىدۇ. ھەتتا شەھەر ئىچىدىمۇ ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشقا قارىغاندا، ماشىنا ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش ئەپلىكرەك بولسا، يەنىلا ماشىنا ئىجارىگە ئالىدۇ. ھازىرسىز ئامېرىكىنىڭ خالىغان ئايروپورتىدىن، ئىستىگەن ۋوگزالىدىن، كۆڭلىڭىز تارتقان مېھمانخانىسىدىن ئاددىيلا رەسمىيەت بىلەن ماشىنا ئىجارىگە ئالالايسىز.

ئاپتوموبىل ئىجارىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن بىللە ئامېرىكىدا يېڭى تىپتىكى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنلىرىنىڭ تارماقلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇنداق ماگىزىنلاردا ھېچنەرسە سېتىلمايدۇ، ئەمما كۆڭلىڭىز خالىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئىجارىگە ئالالايسىز. ھازىرقى كۈنلەردە ئامېرىكىدا بۇنداق ماگىزىنلارنىڭ سانى 9000غا يېقىنلاپ قالدى. بۇ ماگىزىنلارنىڭ كىرىمى ھەر يىلى مىليارد دوللارنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، بۇنداق ماگىزىنلارنىڭ يېرىمى سوڭغى 5يىل ئىچىدە ئېچىلدى. ھازىرقى كۈندە ئىجارە ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ھېچنەرسە قالمىدى. شوتا، چىملىق قىرقىيدىغان ماشىنىلار، موينىلىق جۇۋىلار ۋە داڭلىق رەسساملار سىزغان رەسىملەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى، قىسقىسى، توخۇ سۈتىدىن باشقىسىنىڭ بەرى تېپىلىدۇ ۋە ئىجارىگە بېرىلىدۇ. لوس-ئانژېلىستا ئىجارىچى شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ خېرىدارلىرىنى ۋاقىتلىق بېزىمەكچى بولغان كىشىلەرگە گۈل كۆچەتلىرى ھەتتا دەرەخلەرنىمۇ ئىجارىگە بېرىدۇ. ئامېرىكىلىقلار كىيىم-كېچەكلەر، قولتۇقتاياق، قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرى، تېلېۋىزورلار، ساياھەتچىلەر لازىمەتلىكلىرى، ھاۋا تەڭشىگۈچلەر، مېبېللەر ئورۇندۇقلىرى، ئەدىيال-ياپقۇچلار، چاڭغا-كانكىلار، ئۇنئالغۇ ۋە كۈمۈش قوشۇقلارنى ئىجارىگە ئېلىشىدۇ. تېخى ئەركەكلەر كولۇبلىرىدىن بىرى كۆرگەزمە قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئىسكىلېتىنى ئىجارىگە ئېلىپتۇ. «ئۇئول ستريت ژۇرنالى»نىڭ بەتلىرىدە بولسا: «سېرىنى ئىجارىگە ئېلىڭ» دېگەن سودا ئېلانىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئىجارە سىستېمىسى ئىنساننىڭ ئۆزلىرى پايدىلىنىۋاتقان بۇيۇملار بىلەن بولغان ئالاقە مۇددىتىنى تېخىمۇ قىسقارتىدۇ. بىز ۋاقىتلىق ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئۇسۇللار بىلەن تەييارلانغان ۋاقىتلىق بۇيۇملار دەۋرىگە قەدەم قويماقتىمىز. ئىنسان بىلەن بۇيۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بارغانسېرى بىمەنىلىشىپ بارماقتا.

## كۆچمەنلەرنىڭ يېڭى ئەۋلادى

ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن تارىخى مابەينىدە

مۇساپىنىڭ قىممىتى تېخى ھېچقاچان ھازىرقىدەك ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالغان ئەمەس. ئىنساننىڭ ئۆزى ياشاپ تۇرغان جايغا بولغان مۇناسىۋىتى ھازىرقىدەك ئۆتكۈنچى، تۇراقسىز بولغان ئەمەس. كۆچۈپ يۈرۈش، ساياھەت قىلىش، ياشاپ تۇرغان جايىنى داۋاملىق ئالماشتۇرۇش ئادىتى راۋاجلانغان مەملىكەتلەرنىڭ ئاھالىسى ئۈچۈن يەنە بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئالمىجانابلىق بىلەن ئېيتىدىغان بولساق، بىز قەغەز قولىياغلىقلارنى ۋە كونسېرۋاقۇتىلىرىنى قانداق تاشلىۋەتسەك، تۇرار جايلاردىن پايدىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى خۇددى شۇنداق «تاشلىۋېتىمىز». مۇئەييەن بىر جايغا باغلىنىشلىق ئىنسان ھاياتىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، ئەمما بىزنىڭ كۆز ئۇڭمىزدا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ.

1967-يىل مارتتىن 1968-يىل مارتقىچە، يەنى بار-يوقى بىر يىل ئىچىدە 3660000 ئامېرىكىلىق كۆچكەن. تېخى بىرياشقا تولمىغان بالىلار بۇ ھېسابقا كىرمەيدۇ. 1948-يىلدىن بۇيان ھەر يىلى بەش ئامېرىكىلىقنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ تۇرار جايىنى ئۆزگەرتكەن ۋە يېڭى جايدا ھاياتىنى يېڭىدىن باشلىغان. بۇ رەقەملەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك كۆچۈشلىرى، جۈملىدىن موڭغۇللارنىڭ ئىستېلالىرى ياكى ياۋروپالىقلارنىڭ 19-ئەسىردىكى ئامموۋى يوسۇندا غەربكە كۆچۈشى ئەرزىمەس بىر ھادىسە بولۇپ قالىدۇ.

ئىنساننىڭ تۇغۇلغان جايى بىلەن بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئالاقىلىرى پەقەت ئامېرىكىدىلا سۇسىيىپ بېرىۋاتقىنى يوق. خېلى مۇستەھكەم ئەنئەنىلەرگە ئىگە بولغان راۋاجلانغان مەملىكەتلەردىمۇ شۇ ھالنى كۆرۈش مۇمكىن. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپانى ئامموۋى خەلقئارالىق كۆچۈش دولقۇنى قاپلىدى. جەزائىر، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە تۈركىيەلەرنىڭ مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئاھالىسى شىمالىي ياۋروپادىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىسادى راۋاجلانغان مەملىكەتلەرگە بەخت ئىزدەپ يوپۇرۇلدى.

ئەمما ياۋروپادا يېڭى كۆچۈش دولقۇنىنى يېزا ئىگىلىكىدىن بوشىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سانائەت تارماقلىرىغا يۆتكىلىشى بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن، يەنى بۇ دولقۇن ئۆتمۈشتىن كېلەچەككە يۈزلەنگەن. ئامېرىكىدا بولسا، سەل ئۆزگىچە ئەھۋالنى بايقايمىز: بۇ يەردە ئاھالىنىڭ داۋاملىق تۇردە تۇرار جايىنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىشى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، كونا كەسىپلەرنىڭ يوقىلىشى ۋە يېڭى كەسىپلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئىزاھلىنىدۇ. بۇ يەردە يېڭىچە كۆچمەنلىك بىلەن ياشاش ئۇسۇلى دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى بىلەن باغلىنىشلىق.

شۇنداق قىلىپ، ئىنساننى مۇئەييەن ئورۇن بىلەن باغلاپ تۇرغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ سۇسىيىشى ئۇنىڭ بۇيۇملار بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھەر ئىككىلا ھالەتتىمۇ ئىنسان ئۆز ئالاقىسىنى بارغانسېرى تېز ئورنىتىپ، تېز ئۈزۈشى زۆرۈر. ھەر ئىككىلا ھالەتتە ئۇنىڭ ۋاقىتلىقلىق دەرىجىسى كۈچىيىدۇ، ھەر ئىككىلا ھالەتتىمۇ ھايات سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى يۈز بېرىدۇ.

## ئاسان ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان ئىنسان

دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش دەۋرىگە يېقىنلاشقانسېرى ئادەملەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى ۋاقىتلىق ۋە نامۇنتىزىم بولۇپ بارىدۇ. ئادەملەرمۇ خۇددى بۇيۇم ۋە تۇرار جايغا ئوخشاش بىزنىڭ ھاياتىمىز ئارقىلىق ئۆتىدۇ، لېكىن ھەرگىز بىرەر جايدا توختاپ، تۇرۇپ قالمايدۇ، سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىپ بارىدۇ. ھەممىدىن كۆپرەك بىز ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى بەلگىلىك خىزمەت ئاساسىغا قۇرىمىز. بىز بىرەر موزدوزنىڭ ئائىلىۋى ئىشلىرىنى چۈشىنىپ يەتمىگۈچە، ئۇنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرى، شادلىق ۋە تەشۋىشلىرىنى تۇزۇك بىلىپ يەتمىگۈچە، بىزنىڭ نۇقتىئىنەزەرىمىزدە ئۇ ئادەمنى خۇددى شۇنداق مەلەكىگە ئىگە بولغان خالىغان بىر ئادەم بىلەن ئالماشتۇرۇش تامامەن مۇمكىن بولىدۇ. ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن بىز «پايدىلىنىپ بولۇپ تاشلىۋېتىش» پرىنسىپىنى ئىنسانغىمۇ تەدبىق قىلىمىز.

باشقا ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە داۋاملىشىش ۋاقتى ھازىر بارغانسېرى قىسقىراپ بارماقتا. بۇنىڭدىن كېيىنكى شەھەرلىشىش بىزنى بىر-بىرىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆتكۈنچى ۋە مەنىسىزلىككە قاراپ يېتەكلەيدىغان بىر قاتار ئامىللارنىڭ بىرسىلا بولۇپ قالىدۇ، خالاس. ئەنە شۇنداق ئامىللارنىڭ يەنە بىرى كېڭىيىپ بېرىۋاتقان جۇغراپىيىۋى ھەرىكەتچانلىقتۇر. بۇ ئامىل بىزنىڭ ھاياتىمىز ئارقىلىق ئۆتىدىغان ۋە بىز ۋاقىتىنچە ئىستىقامەت قىلىدىغان جايلارنىڭ ئېقىمىنىلا ئەمەس، ئادەملەر ئېقىمىنىمۇ تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

پسىخولوگ كورتنى تول «كېلەچەكتىكى دوستلۇق» دېگەن ماقالىسىدا: «ئانچە كۆپ بولمىغان ئادەملەر بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتلەرگە ئاساسلىنىدىغان مۇقىملىق نەتىجىسىز بولۇپ چىقىدۇ. . . ھەرىكەتچانلىقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈچىيىشى ۋە ئادەملەرنىڭ ناھايىتى تېز ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىش قابىلىيىتى، شۇنداقلا ئۇنى ناھايىتى تېز بولدى قىلىشى ياكى ئادەتتىكى بىر

مۇناسىۋەت دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇش چۈشەنچىسى شۇنىڭ بىلەن نەتىجىلىنىدۇكى، كەلگۈسىدە ھەر بىر مۇئەييەن شەخس ئۆتمۈش ئۈچۈن ئالاھىدىلىك بولغان كۆپ يىللىق دوستانە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىغا كۆپلىگەن قىسقا مۇددەتلىك دوستلۇق ئالاقىلىرىنى ئورنىتىشقا باشلايدۇ» دەپ يازىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ ئىزچىللىقى يېڭى تېخنىكىنىڭ. ئۇلارنىڭ مەشغۇلاتلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى نەتىجىسىدىمۇ قىسقىرايدۇ. ئادەملەر ئۆزئىشلىرىنى تېز-تېز ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىنىڭ مىقدارىمۇ كەسكىن كۆپىيىدۇ، ئىزچىللىقى بولسا كەسكىن قىسقىرايدۇ. ھېچقانداق ئىشنىڭ زادىلا دائىمىي بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىش، ئىش ئورنىدا شەكىللىنىدىغان مۇناسىۋەتلەرنى شەرتلىك، خىزمەتكە چېتىشلىق، ۋاقىتلىق مۇناسىۋەتلەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

## مەنىلىك ئوبرازلار ئارىلاشمىسى

دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش دەۋرىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان مەملىكەتلەر «روھىي - ئىقتىسادىي» مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىشنى كەسكىن كۆپەيتىدۇ. ئۆمرى بىر كۈنلۈك مەشھۇر ئادەملەر شۇنداق بىر ئوبراز - بومبىلاركى، ئۇلار ئاڭ جەھەتتە بىردەمدىلا مۆھۆرلىنىپ قالىدۇ. لوندوندىكى تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ تۋىگگى (مەنىسى: قومۇش) ئىسىملىك ئۆسمۈر قىز كىيىم-كېچەك دۇكىنىنىڭ مانېكېنى (مودېلى) بولۇپ ئىشلىگىنىگە بىر يىل بولار-بولماي، ئۇنىڭ سىماسى پۈتۈن يەر يۈزىدە مىليون-مىليونلىغان ئادەملەر ئېڭىغا سىڭىپ كەتتى. مەللە چاچ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ تۇرىدىغان، پۇتلىرى سەرەڭگە تېلىغا ئوخشايدىغان، كۆكرەك دېگەندىن نىشانىمۇ بولمىغان تۋىگگى 1967-يىلىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئادەملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ يېقىملىق چىرايى ۋە ئىنچىكە قەددى-قامىتى توساتتىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە باشقا مەملىكەتلەر ژۇرناللىرىنىڭ مۇقاۋىلىرىدە پەيدا بولۇپ قالدى. گېزىتلەر ئادەتتە بىرەر بېتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا ياكى پاپا سايلىمىغا قانچىلىك جاي ئاجراتسا، بۇ قىزغىمۇ شۇنچىلىك ئورۇن بېرىشكە باشلىدى. ھازىر بولسا تۋىگگىنىڭ سىماسى خاتىرىمىزدىن ئۆچۈپ كەتكەندەك بولدى.

يېقىندا مەن بىر ئەقىللىق، ئەستايىدىل ئوقۇغۇچى قىزدىن: «سىز ياكى سىنىپتىكى دوستلىرىڭىز ھۆرمەت قىلىدىغان بىرەر قەھرىمان بارمۇ؟» دەپ سورىدىم. مەسىلەن، ئەقەللىيسى جون ھىلېنغا ئوخشاش (ئەسكەرتمە: جون ھىلېن يەر شارىنى ئايلىنىپ چىققان تۇنجى ئامېرىكا ئالەم ئۇچقۇچىسى). «ياق، — دەپ جاۋاب بەردى قىز، — ئۇ ئاللىقاچان كونىراپ قالغان». دەسلەپتە مەن بۇ قىز 40ياشتىن ئاشقان ئادەم قەھرىمان بولۇشقا بەك قېرىلىق قىلىدۇ، دەپ ھېسابلىسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. بىراق كېيىن مەلۇم بولدىكى، مەن خاتالىشىپتىمەن، قىز باشقا نەرسىنى كۆزدە تۇتقانىكەن. ئۇنىڭ پىكرىچە، ھىلېننىڭ يەر شارىنى ئايلىنىپ چىققىنىغا خېلىلا ئۇزۇن زامان بولۇپ قاپتۇ (1962-يىلىنىڭ فېۋرالى). شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھازىر ھېچكىمنى قىزىقتۇرمايدىكەن. ئۇنىڭ ئوبرازى خىرەلىشىپ قاپتۇ. تۋىگگى، بىتلىز، جون ھىلېن، جېك روبى، نورمان مېيلېر، ئېيخمان، جون-پول سارتر، جاكلىن كېننېدى قاتارلىق «مەشھۇر شەخسلەر» ھازىرقى تارىخ سەھنىسىدە مىڭلاپ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئادەملەر ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن كۆكلەرگە كۆتۈرۈلۈپ ماختىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار بىلەن ھېچقاچان ئۇچراشمىغان، بىرەر ئېغىزمۇ گەپلەشمىگەن، ئۇلارنىڭ تۇرقىنى كۆرمىگەن مىليون-مىليونلىغان ئادەمنىڭ مېڭىسىگە ئۇلار جانلىق ئوبرازلار سۈپىتىدە سىڭىپ قالىدۇ. شەخسەن ئۆزىمىز ياخشى بىلگەن ئادەملەرگە ئوخشاش ئۇلار بىز ئۈچۈن ھاياتتا مەۋجۇد ئادەملەر سۈپىتىدە (بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق دەرىجىدە) مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بىز خۇددى دوستلىرىمىز، قوشنىلىرىمىز، كەسىپداشلىرىمىز بىلەن ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە بولغىنىمىزغا ئوخشاش بۇ «ئورۇنباسارلار» بىلەنمۇ مۇئەييەن ئالاقىلەردە بولىمىز. بىزنىڭ ھاياتىمىز ئارقىلىق ئۆتىدىغان رېئال، شەخسەن بىزگە تونۇش ئادەملەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزنىڭ ئىزچىللىقى بارغانسېرى كېمىيىپ بارغاندەك، ئېڭىمىزغا ئورنىشىۋالغان «ئورۇنباسارلار» بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزنىڭ مىقدارى ئارتىپ، ئىزچىللىقى قىسقىراپ بارىدۇ. كىتاب ۋە ژۇرنال سەھىپىلىرىدىن، تىياتىر سەھنىسىدىن، كىنو ۋە تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدىن ئېڭىمىزغا كىرىپ ئورنىشىۋالىدىغان توقۇلما ئوبرازلار ھەققىدىمۇ خۇددى شۇ گەپنى ئېيتىش مۇمكىن.

ئەنە شۇ «ئورۇنباسار ئادەملەر» نىڭ ھەممىسى - رېئاللىرىمۇ، توقۇلمىلىرىمۇ ھاياتىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. خۇلق، ئىش-ھەرىكەتتە ئۇلار بىز ئۈچۈن ئىبرەت بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، تۈرلۈك ۋەزىيەتلەردە بىز ئۈچۈن تۈرلۈك رول لارنى ئىجرا قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆز ھاياتىمىز ئۈچۈن خۇلاسە چىقىرىشقا پايدىلىنىمىز. مەيلى خالايلى، يا خالىمايلى، بىز ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ھايات ساۋاقلىرىنى ئالىمىز. بىز ئۇلارنىڭ ئامەتلىك ئىشلىرىدىنمۇ،

خاتالىقلىرىدىنمۇ ئۆگىنىمىز .ئۇلار بىزگە تۈرلۈك روللارنى ياكى هاياتىي ئۇسلۇبلارنى «مۆلچەرلەپ كۆرۈش»ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ .ئەگەر رېئال هاياتتا شۇنداق تەجرىبىلەرنى ئۆتكۈزسەك ،بۇ هال بىزنى يامان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن . بايا ئېيتقاندەك «مۆلچەرلەپ كۆرۈش» شۇنداق ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بېرىدۇ .ئاڭ ئارقىلىق ئۆتىدىغان «ئورۇنباسارلار» ئېقىمىنىڭ بارغانسېرى تېزلىشىپ بېرىشى ئۆزىگە لايىق ياشاش ئۇسۇلىنى تاپالمىغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ شەخسىيىتى ،خاراكتېرى ۋە پسىخولوگىيىسىدە تۇترۇقسىزلىق هالىتىنى تۇغدۇرىدۇ .

يۇقىرىدا ئېيتىلغان گەپلەرنىڭ هەممىسىنى يەنىمۇ ئومۇملاشقان شەكىلدە يەكۈنلەش مۇمكىن . رېئال شەخسلەر ياكى توقۇلما ئوبرازلارنىڭ ئايلىنىشىدىن تاشقىرى ،مېڭىمىزدە ئوبرازلارۋە ئوبرازلار قۇرۇلۇشى بارغانسېرى تېزلىك بىلەن ئايلىنىدۇ .بىز ئۆز خۇلقىمىزنى رېئاللىقنىڭ ئەنە شۇ ئوبرازلىرى ئاساسىغا قۇرىمىز .بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇناسىۋىتىمىز بارغانسېرى يۈزەكى ۋە بىھۇدىلىشىپ بارىدۇ .جەمئىيەتتىكى بارلىق بىلىملەر سىستېمىسى ناهايىتى زور ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كېلىدۇ .هەتتا ئادەتلىنىپ كەتكەن چۈشەنچىلىرىمىز ۋە تەپەككۇرلىرىمىز كودلىرىمۇ هەددىدىن تاشقىرى تېزلىشىپ بارىدىغان سۈرئەت بىلەن بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ .

هازىر تېخنىكا جەهەتتە تەرەققىيلەشكەن مەملىكەتلەردە ئۆزگىرىشلەر شۇ قەدەر تېز يۈز بېرىدۇكى ،تۈنۈگۈنكى هەقىقەتلەر بۈگۈن توقۇلمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ .يېڭى بىلىملەر ئاۋۋالقى بىلىملەرنى يا كېڭەيتىدۇ ، ياكى بولمىسا كونىرىتىپ قويىدۇ . مەيلى قانداق هالەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىنى قايتا قۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ .ئۇلار تۈنۈگۈنلا شۈبھىلەنگىلى بولمايدىغان هەقىقەت دەپ هېسابلىغان نەرسىلىرىنى بۈگۈن قايتىدىن ئۆگىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ .ئوقۇغۇچى ياشلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئاڭلىتىش فېدېرال كومىسسىيىسىنىڭ باش مۇتەخەسسىسى روبېرت خىليارد تۆۋەندىكى هېساب-كىتابنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ :«هازىرقى سۈرئەت ساقلىنىپ قالىدىغان بولسا ،بۈگۈن تۇغۇلغان گۆدەك ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن چاغدا ئومۇمىي ئاخباراتنىڭ هەجمى4هەسسە كۆپىيىدۇ .ئۇ ،50ياشقا تولغاندا بولسا ،بىلىملەرنىڭ مىقدارى 32 هەسسە كۆپىيىدۇ .بۇنىڭ مەنىسى شۇكى ،ئىنساننىڭ بارلىق بىلىملىرىنىڭ% 97ى ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن بارلىققا كېلىدۇ» .

هەممەساهەلەردە ،جۈملىدىن مائارىپ ، سىياسەت ،ئىقتىسادشۇناسلىقنەزەرىيىسى ،تېبابەت

ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە يېڭى ئوبراز ۋە تەسەۋۋۇرلار دولقۇنى بىز تۇرغۇزغان بارلىق پسىخولوگىيىلىك توساقلارنى يېڭىپ ئۆتۈپ ، ئېڭىمىزغا كىرىپ كېلىدۇ ۋە بىز ئەقلەن ياراتقان رېئاللىق مودېللىرىنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋېتىدۇ . ئوبرازلار ئارقىلىق بۇنداق بومبىلاشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى ،كونا تەسەۋۋۇرلارنىڭ يوقىلىشى تېزلىشىدۇ ، چۈشەنچىلەرنى ئەقلىي جەهەتتىن قايتا ئىشلەش كۈچىيىدۇ ،بىلىملەرنىڭ تۇراقسىز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر هېس قىلىش كېلىپ چىقىدۇ .

رادىئو-تېلېۋىزىيە ،گېزىت-ژۇرناللار ۋە كىتابلار بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان قۇدرەت بىلەن بىزنىڭ تۇيغۇلىرىمىزغا كودلاشتۇرۇلغان ئاخبارات دېڭىزىنى باشلايدۇ .بارغانسېرى ئوبرازلارغا تويۇنۇپ كېتىۋاتقان ئاخباراتنى يەنىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن يەتكۈزۈشكە ئىنتىلىدىغان ژۇرنالىستلار ، رادىئو-تېلېۋىزىيە خادىملىرى ،ئېلان مۇتەخەسسىسلىرى ۋە باشقىلار هەر بىر جۈملە ۋە ئاڭلىتىشنىڭ هەربىر مىنۇتىنى ماكسىموم دەرىجىدە ئۇچۇرچانلىققا ۋە هېس-تۇيغۇلارغا ئىگە قىلدۇرۇش ئۈچۈن هەرىكەت قىلىشىدۇ .يېقىندىن بېرى هەممە كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىنى جەلپ قىلغان كۆپ ئېكرانلىق كىنونىڭ تارقىلىشىمۇ ئەنە شۇ ئاخبارات ئېقىمىنى تېزلىتىش ئىشتىياقى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ .

هەتتا مۇزىكىمۇ ئۆزىدە ئاخباراتنىڭ زورىيىپ بېرىۋاتقان بېسىمىنى سەزمەكتە .بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ،سازەندىلەر موزارت ،باخ ۋە هايدىن ئەسەرلىرىنى بۈگۈنكى كۈندە شۇ ئەسەرلەر يارىتىلغان چاغدىكىگە قارىغاندا تېزراق سۈرئەتتە ئىجرا قىلىشماقتا .بىز موزارتنى ئالدىراشلىق بىلەن جاراڭلاشقا مەجبۇر قىلىۋاتىمىز .

رەسساملىقتا بىمەنىلىكنىڭ ئالامەتلىرى يەنىمۇ ئايانىراق كۆزگە تاشلىنىدۇ .ئۆتكەن زامانلاردا تەسۋىرىي سەنئەتتە ئۇسلۇب ئۆزگىرىشى بىر ئەۋلادنىڭ هاياتى داۋامىدا كەمدىنكەمسادىر بولاتتى . بىرەر ئۇسلۇب ياكى بىرەر ئېقىمنىڭ ئۆمرى بىرنەچچە ئەۋلاد داۋام قىلاتتى .ئەمدىلىكتە تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبلىرى ۋە ئېقىملارنىڭ لىپ-لىپ قىلىپ ئۆتۈپ تۇرۇشىدىن كۆزلەر قامىشىدۇ .ئۇسلۇب ۋە ئېقىملارنى چۈشىنىشكە ئۈلگۈرۈپ-ئۈلگۈرمەي قارىساڭ ،ئۇ غايىب بولۇپ كېتىدۇ .

19-ئەسىرنىڭ سوڭغى چارىكىدە پەيدا بولغان ئىمپرېسسىئونىزم شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان سالماقلىق ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر بەرگەن بىرىنچى قارلىغاچ بولغانىدى .ئەگەر بىز ئىمپرېسسىئونىزم گۈللەپ-ياشنىغان دەۋرنى تەخمىنەن 1875 _ 1910-يىللار دەپ هېسابلىساق ،كۆرىمىز-كى ،ئۇ ئېقىم سەنئەتتە ئاران 35يىل هۆكۈمرانلىق قىلغانىكەن .شۇنىڭدىن بېرى كېلەچەكشۇناسلىقتىن باشلاپ موۋىزمگىچە ،كۇبىزمدىن سۇررېئالىزم

(ھالقىما رېئالىزم)غىچە بولغان ئېقىم.ئۇسلۇبلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىمپرېسسىئونىزمچىلىك ئۆمۈر كۆرەلمىدى،بىر ئۇسلۇب ئورنىغا باشقىسى كەلدى. 20-ئەسىردە ئەڭ ئۇزۇن ياشىغان تەسۋىرىي سەنئەت ئېقىمى يەنى ئابستراكت ئېكسپرېسسىئونىزم كۆپ دېگەندە 20يىل - 1940-يىلدىن1960-يىلغىچىلا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.شۇنىڭدىن كېيىن رەسمىي ئالتوپىلاڭ باشلاندى:پالانى ئېقىم بەش يىلچە ياشىدى،پۇستانى ئۇسلۇب تاماشىچىلار ئېتىبارىنى ئىككى-ئۈچ يىلچە جەلپ قىلالىدى،خالاس. «كىنېتىك سەنئەت»نىڭغۇ ئەسلى ماھىيىتى قىسقا ئۆمۈر كۆرۈش ئىدى،ۋەسسالام.

پۈتۈن جەمئىيەتنى لەرزىگە سالغۇچى ئۆزگىرىشلەر بىزنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىمىز بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى،ئېڭىمىزدا ياشىغۇچى ئوبرازلار بىلەن ئۇلار ئىپادىلىشى لازىم بولغان نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يەنىمۇ كېڭەيتىدۇ. بۇ ھاڭنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى كېڭىيىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن كۆچىمىزنىڭ بارچە تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى يېڭىلاشقا،ئۇلارنى زامانىۋى تەلەپلەرگە جاۋاب بېرىدىغان دەرىجىدە تۇتۇشقا، رېئاللىقنى قايتىدىن ئىدراك قىلىشقا ھەرىكەت قىلىمىز.باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا،ئۆپچۆرىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر سۈرئىتىنىڭ شىددەتلىك تېزلىشىشىگە مۇۋاپىق يوسۇندا شەخستىكى ماسلىشىش فۇنكسىيىلىرىمۇ تېزلىشىدۇ.بىزدىكى ئوبرازلارنى قايتا ئىشلەش مېخانىزملىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،ئۇلار بارغانسېرى زور ۋە يەنىمۇ زور تېزلىك بىلەن ئىش يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.بۇ ھال ئۆز-ئۆزىدىن بىزنىڭ ئەسەب سىستېمىمىزغا يېڭى ۋە زور تەلەپلەرنى قويىدۇ.بىز بۇيۇملار،جايلار، ئادەملەر ۋە ئويۇشمىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز-نى يەنىمۇ تېزسۈرئەتتە ئورنىتىپ،خۇددى شۇ يوسۇندا ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولغىنىمىزدەك، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقىراق ۋاقىت ئىچىدە رېئاللىق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى، ئېڭىمىزدىكى ئالەمنىڭ ئەقلىي ئوبرازلار سىستېمىسىنى قايتا ئىشلەپ چىقىشقا ۋە يېڭىلاپ تۇرۇشقا مەجبۇرمىز.مەلۇم بولىدىكى،تېزلىك غايىسى،يەنى ئىنسانلارنىڭ بارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى مەجبۇرىي قىسقارتىش غايىسى پەقەت تاشقى دۇنيا ئۈچۈنلا خاراكتېرلىك ئەمەس.بۇ غايە ئاللىقاچان ئېڭىمىزغىمۇ ئورنىشىپ بولغان.

## يېڭىلىق

ھازىر بىز ئۆزگەرتىلگەن جەمئىيەت ئەمەس، بەلكى يېڭى جەمئىيەت ياراتماقتىمىز.شۇنداقلا ھازىرقى جەمئىيىتىمىزنىڭ كېڭەيتىلگەن ياكى چوڭايتىلغان نۇسخىسىمۇ ئەمەس،بەلكى يېڭى جەمئىيەت قۇرماقتىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە قايتا قۇرۇش تېخنىكا جەھەتتىن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىيلەشكەن مەملىكەتلەردە جامائەتچىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تىترىتمەكتە.بېرلىن،نيۇ-يورك، تورىن ۋە توكيولارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپلىرىنىڭ مۇدىر ۋە فاكۇلتېت مۇدىرلىرىنى تۇتقۇن قىلماقتا،چوڭ-چوڭ مەرىپەت مەركەزلىرىنى توختىتىپ قويۇشماقتا،ھەتتا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايمىز،دەپ تەھدىت سېلىشماقتا.نيۇ-يورك، ۋاشىنگتون ۋە چىكاگو گېتتو (گېتتو - بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ،بولۇپمۇ شەھەرلەردە ئازسانلىق مىللەتلەر،مەسىلەن،نېگىرلار،يەھۇدىيلەر ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئالاھىدە تۇرالغۇ رايون - مۇھەررىردىن )لىرىدا ساقچىلار خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغدايدىغان قەدىمكى قانۇنلارنىڭ ئاشكارا بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ،قوللىرىنى قوشتۇرغان ھالدا تاماشا قىلىپ تۇرۇشماقتا. ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى شەرم-ھايا چۆرۈپ تاشلانماقتا.ئىش تاشلاش،ئېلېكتر تارماقلىرىدىكى ھادىسىلەر ،تەرتىپسىزلىكلەر چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھاياتىنى ئىزدىن چىقارماقتا.

بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياشلارنىڭ ئالتوپىلاڭلىرى،شەھۋەتپەرەسلىك ساھەسىدىكى «ئىنقىلاب»لار،ئىرقىي تەرتىپسىزلىكلەر،مۇستەملىكىلەردىكى ئىنقىلابلار، ئىقتىسادىي قايتا قۇرۇشلار ۋە تارىختىكى ئەڭ تېز، ئەڭ چوڭقۇر تېخنىكائىنقىلابى سادىر بولماقتا.بىز سانائەتلىشىشنىڭ ئومۇمىي بوھرانىنى باشتىن كەچۈرمەكتىمىز.قىسقىسى،بىز دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش دەۋرىنىڭ ئەڭ ئەۋجىگە چىققان بىر دەۋرىدە ياشىماقتىمىز.

ئىنقىلاب يېڭىلىقلارنى تەقەززا قىلىدۇ.ئۇ، ئادەملەرنى ناتونۇش ئويۇشمىلار ۋە تېخى كۆنۈكۈپ ئۈلگۈرمىگەن ۋەزىيەتلەرگە روبىرو قىلىدۇ. كەلگۈسىدە بولىدىغان ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەر شەخسىي ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر بۇرجەكلىرىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ.ئۇ،ئەنئەنىۋى ئائىلە سىستېمىلىرىنى، جىنسىي ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىدۇ.ئۇ،چوڭلار بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تۈپتىن يېڭىلايدۇ.ئۇ،بىزنىڭ قەدرىيەتلەر سىستېمىمىزنى، جۈملىدىن بايلىق ۋە ئامەت غايىلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆڭتەي-توڭتەي قىلىۋېتىدۇ.بۇلارنىڭ ھەممىسىگە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان،ناھايىتى بىجىرىم، شۇنداقلا ئادەمنى ئالاقزادىلىككە سالىدىغان ئىلمىي راۋاجلىنىش مۇھىتى سەۋەب بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ،يېڭى جەمئىيەتنى چۈشىنىشكە يول ئاچىدىغان 1-ئاچقۇچ - تېز ئۆزگىرىشچانلىق ۋە بىھۇدىلىك غايىسى بولسا،2-ئاچقۇچ - يېڭىلىقتۇر.

بىزنىڭ قارشىمىزدا، كېلەچەك ئاخىرىيوق غارايىپ هادىسىلەر تىزمىسى، شاۋقۇن-سۈرەنگە سەۋەبچى بولغان كەشپىياتلار سىلسىلىسى، ئەقىلگە سىغمايدىغان زىددىيەتلەر، كىشىلەرنى هاڭ-تاڭ قىلىپ قويىدىغان توقۇنۇش - جېدەللەرنىڭ يىغىندىسى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش ئىنقىلابى ئاچلىقتا، كېسەللىكلەرگە، جاھالەتكە ۋە شەپقەتسىزلىككە چەك قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تەرەققىيات ئادەمنى تارپىكىرلىك ئەقىدەپەرەسلەرنىڭ چۈشكۈن روھىي بېشارەتلىرىگە قارشى هالدا تار رامكىلارغا سېلىپ قويمايدۇ، ئۇنى جانسىز ۋە كىشىنى قىينايدىغان بىرخىللىق قوينىدا ياشاشقا مەهكۇم قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ، شەخسنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىدۇ، هاياتنى شادلىق ۋە رەڭگارەڭلىككە تولدۇرۇش ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. ئۇ، هەرخىل يارقىن بوياقلاردا نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭدا شەخسنىڭ گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈن هەيران قالارلىق دەرىجىدە باي ئىستىقبال بولىدۇ. گەپ، ئىنسان چەكلەشلەر ۋە بىرقېلىپقا سېلىشلار شارائىتىدا تىرىك قالالامدۇ-يوقمۇ، دېگەن مەسىلىدە ئەمەس. هېلى تۆۋەندەرەك قاراشتۇرىمىزكى، گەپ پۈتۈنلەي باشقا مەسىلىدە، يەنى ئەركىنلىك شارائىتىدا ئىنسان تىرىك قېلىشنى بىلىۋالالامدۇ-يوق؟ دېگەندە.

گەپ شۇنىڭدىكى، ئىنسان هېلىغىچە ھەقىقىي تۈردىكى باشتىن-ئاياغ يېڭىلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان شارائىتتا ياشاپ باققىنى يوق. چۈنكى سۈرئىتى ھەرقانچە تېز بولسىمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر تونۇش هاياتىي مۇھىتلاردا ياشاش باشقا گەپ، مۇتلەق ناتونۇش، پۈتۈنلەي نامەلۇم، غەلىتە ۋە قىياس قىلىپ بولمايدىغان ۋەزىيەتلەر قوينىدا هايات سۈرئىتىنىڭ دائىملىق تېزلىشىشىغا چىداپ ياشاش باشقا گەپ. بىز يېڭىلىق كۈچلىرىنى ئەركىنلىككە چىقىرىپ قويۇپ، ئادەملەرنى غەيرىي ئادەتلىك، ئالدىن ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان شارائىتقا چۈشۈرۈپ قويىمىز. نەتىجىدە بىز ماسلىشىش مەسىلىلىرىنى يېڭى ۋە خەۋپلىك باسقۇچقا كۆتۈرىمىز. چۈنكى ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقى بىلەن يېڭىلىق بىرلىشىپ پارتلىغۇچى بىرىكمە هاسىل بولىدۇ.

يېقىنقى 10يىللىقلار ئىچىدە، كەينى-كەينىدىن قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ئىلمىي - تېخنىكىلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر بىزنى ناهايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئۆتمۈشتىن سۇغۇرۇۋېلىپ، يېڭى جەمئىيەتنىڭ قەرىگە تاشلايدۇ. ئۆز زامانى بىلەن ھەمقەدەم يۈرۈشنى ئىستەيدىغان ۋە كېلەچەكنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇشنى خاهلايدىغان ئادەمگە دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش ئىنقىلابى بىردەممۇ توختىمايدىغان ئۆزگىرىشلەر ئېقىمىنى بەخشەندە قىلىدۇ. بۇ ئىنقىلاب كىشىلەرگە بىھۇدىلىك بىلەن يېڭى ئارىلاشمىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

## سەزگۈ ئىشلەپچىقارغۇچىلار

تېخنىكا جەھەتتىن ئىلغار جەمئىيەت سانائەت جەھەتتىكى راۋاجلىنىشنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىغا يەتكەندە، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتىن مۇلازىمەت ساھەسىگە قارىتىشى مەلۇم بولغاندا، بۇ كەشپىيات ناهايىتى زور شاۋقۇن-سۈرەننى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەر بېشارەت بېرىپ، كەلگۈسىدە مۇلازىمەت ئاساسىي ساھە بولۇپ قالىدۇ، دېيىشمەكتە. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىگە مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر سوئالنى بېرىشنى ئۇنتۇپ قېلىشماقتا. خوش، مۇلازىمەتتىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟ ئىقتىساد نېمە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟ مۇلازىمەت ساھەسىنىڭ ناهايىتى زور سۈرئەت بىلەن تارقىلىشى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كېلىدىغان شاۋقۇن-سۈرەن ئىقتىسادچىلارنىڭ ئېتىبارىنى ئۆز يۆنىلىشىدىن چالغىتتى. ھالبۇكى، بۇ يۆنىلىش كەلگۈسىدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگىمۇ، مۇلازىمەتچىلىك ساھەسىگىمۇ ناهايىتى قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ يۆنىلىش ئىقتىسادىي جەھەتتىكى راۋاجلىنىشنىڭ نۆۋەتتىكى باسقۇچىغا ئېلىپ كېلىدۇ، نەتىجىدە مۇتلەق يېڭى بىر ساھە ئۆسۈشكە باشلايدۇ. ئەگەر تەبىرىمىز توغرا بولسا، ئۇنىڭ ئاساسىنى «سەزگۈلەر سانائىتى» ئىگىلەيدۇ. چۈنكى مۇلازىمەت ئىقتىسادىدىن كېيىن سانائەت بۇيۇملىرىدىن باشلاپ مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممە تۈرىدە پسىخولوگىيىلەشتۈرۈش ئىقتىسادى باش كۆتۈرىدۇ.

كىرىمنىڭ ئېشىشى نەتىجىسىدە خېرىدارلار بارغانسېرى باھاغا ئازراق ئېتىبار بېرىدۇ ۋە بارغانسېرى يۇقىرىراق سۈپەتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما تاۋارلارنىڭ مىقدارى كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ سۈپىتىدىكى پەرقلەر ئادەتتە ئانچە سېزىلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. دىتسىز ئايال خېرىدار A سورتىنى B سورتتىن ئانچە پەرق ئېتەلمىسىمۇ، لېكىن جان-جەھلى بىلەن بۇيۇملارنىڭ بۇنىسىنىڭ ئۇنىسىدىن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. بۇ غەلىتە ھالنى ئاددىيلا ئىزاھلاشقا بولىدۇ، يەنى بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان مەھسۇلاتنىڭ پسىخولوگىيىلىك تەركىبىنى ھېسابقا ئېلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. چۈنكى تاۋارلار ھەر قايسى جەھەتتىن بىر-بىرى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، پسىخولوگىيىلىك جەھەتتىن بىر-بىرىدىن خېلىلا پەرق قىلىدۇ. ئىستېمالچىلارنىڭ ئاساسىي ماددىي ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرگەندىن كېيىن، يەنە ئۇلارنىڭ نازۇك، ئۆزگىچە ۋە ناهايىتى شەخسىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يەنىمۇ كۆپرەك ئىقتىسادىي كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ

ئېھتىياجلار گۈزەللىك، ئىززەت-نەپسىنى قاندۇرۇش، ئابروي تالىشىش ياكى ھېسسىي ھوزۇرلىنىش جەھەتلەردە بولۇشى مۇمكىن. تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پسىخولوگىيىلىك تەركىبى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىراق بۇ ئىقتىسادنى پسىخولوگىيىلەشتۈرۈش جەھەتتىكى بىرىنچى قەدەم ھېسابلىنىدۇ، خالاس. ئىككىنچى قەدەم بولسا، مۇلازىمەت جەھەتتىكى پسىخولوگىيىلىك تەركىبلەرنىڭ ئۆسۈشىدۇر. بىر چاغلاردا ئايروپىلاندا ساياھەت قىلىش بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا ئۇچۇپ بېرىشلا ئىدى. كېيىن ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرى يېقىملىق مۇزىكا، ئېسىل تائاملار، ئۇچۇش جەريانىدىكى كىنو-فىلىملار، يولۇچىلار ئولتۇرىدىغان جايلارنى بېزەش ۋە قولايلىق يارىتىش جەھەتلەردە بىر-بىرى بىلەن رىقابەتكە چۈشتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىستېمالچىلارغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى پسىخولوگىيە جەھەتتىن پەردازلاشتا يېڭىدىن يېڭى ئەپچىل ئۇسۇللارنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. مۇلازىمەت ماگىزىنىدا تاۋار سېتىش بولامدۇ، رېستورانىدا داستىخان راسلاش بولامدۇ ياكى چاچ ئالدۇرۇش بولامدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى فۇنكسىيەلىك زۆرۈرىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىمدۇ-دە، يېڭى سەزگۇ، يېڭى تۇيغۇلار بىلەن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ھالەتتە تەمىنلەشتىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ھەددىدىن تاشقىرى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلانغان شۇنداق سانائەت تارماقلىرىنى قۇرىمىزكى، ئۇلار تاۋار ئىشلەپ چىقارمايدۇ، ھەتتا ئادەتتىكى مەنىدىكى مۇلازىمەت بىلەنمۇ شۇغۇللانمايدۇ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلات ئاۋۋال پروگراممىلاشتۇرۇپ قويۇلغان سەزگۈلەر بولىدۇ. سەزگۈلەر سانائىتى، ئېھتىمال، دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ تايانچلىرىدىن بىرى بولۇپ قالار، مۇلازىمەت ئىقتىسادىنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان ئىقتىسادنىڭ ئاساسى بولۇپ قالار.

پاراۋانلىقنىڭ كۆچىيىشى ۋە كېيىن ئېشىپ بارىدىغان بىمەنىلىك ئەقىدىسى مۇلۇككە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا بولغان مەڭگۈلۈك ئىنتىلىشنى توپ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئىستېمالچىلار بۇرۇن بۇيۇملارنى قانداق يىغقان بولسا، ئەمدى سەزگۈلەر ۋە تەسىراتلارنى پۈتۈنلەي ئاڭلىق ھالدا ۋە غايەت ئاچكۆزلۈك بىلەن يىغىشقا باشلايدۇ.

ھازىرقى پەيتتە خۇددى ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرى يولغا قويغاندەك سەزگۈلەر ۋە تۇيغۇلارمۇ مۇلازىمەتنىڭ ئەنئەنىۋى تۈرلىرىگە قوشۇمچە سۈپىتىدە سېتىلماقتا. ھازىرقى پەيتتە سەزگۈلەر ۋە تۇيغۇلار تورتنىڭ ئۈستىدىكى قايماقتىن ئىشلەنگەن چىرايلىق گۈللەرگە ئوخشايدۇ. ئەمما بىز كېلەچەككە يېقىنلىشىپ بارغىنىمىزسېرى سەزگۈلەر ۋە تۇيغۇلار بىلەن قىلىنىدىغان سودا كېڭىيىپ بارىدۇ.

يېڭى تاۋارلارنى لايىھەلەش ۋە ئۇلارنى جەزبىدار، يارقىن، پسىخولوگىيىلىك جەھەتتىن ھېس-تۇيغۇغا باي كۆرۈنۈشتە ئوراپ بېرىش ئەتىنىڭ ئەڭ ئەقىللىق كارخانىچىلىرىدىن ئادەتتىن تاشقىرى يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەپچىللىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىسىمۇ باركى، بۇ يۆنىلىشتىكى راۋاجلىنىش سۈرلىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. پۈتۈن دۇنيادىكى ھەددىدىن تاشقىرى قاششاقلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقان كۆپچىلىك ئاھالە تۈرلۈك-تۈمەن ئىمتىيازلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئاز بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك كەيپى-ساپا يولىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئۈندىمەي قاراپ تۇرۇشنى خالىماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئىنسانىيەتنىڭ كۆپچىلىك قىسمى موھتاجلىق، ئاچلىق، قاششاقلىقتىن ئىت ئازابىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان شارائىتتا، ئازسانلىق بىرتوپ ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ روھىي ئىنجىقلىقلىرىنى قاندۇرۇشقا ئىنتىلىشىدە، بىر-بىرىدىن غېرىب، بىچارىلەرچە ھوزۇر-ھالاۋەت قوغلىشىشىدا ئەخلاقىي جەھەتتىن قانداقتۇر يامان ۋە بەدبەشىرە بىر نەرسە بار. تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىيلەشكەن جەمئىيەتلەر، ئېھتىمال «سەزگۈرلەر ئىقتىسادى»نى يولغا قويۇشنى بىرئاز كېچىكتۈرۈپ تۇرۇشار، بەلكىم مەۋجۇد ئىقتىسادنى ساقلاپ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كېڭەيتەر، مەبلەغنىڭ بىر قىسمىنى ئەتراپ-مۇھىتنى ساغلاملاشتۇرۇشقا سەرپ قىلار، ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قاششاقلىققا قارشى كۈرەش ھەم كەمبەغەل مەملىكەتلەرگە ياردەم قىلىش بويىچە كەڭ كۆلەملىك ئىشلارنى قىلار.

ئەمدى بىز ئەتىكى كۈنىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى - كۆپ خىللىقنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۆتىمىز.

## كۆپ خىللىق
## تاللاش ئىمكانىيىتىنىڭ كەڭلىكى

كۆپلىگەن ئاپتورلار كېلەچەك مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ تەسۋىرلەردە ئادەملەر مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيدىغان ئىستېمالچى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ھەر جەھەتتىن ئۆلچەملەشكەن تاۋارلار قورشىۋالغان. ئۇلار ئۆلچەملەشكەن مەكتەپلەردە ئوقۇغان، ئۇلار ئاممىۋى مەدەنىيەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ياشاش تەرتىپلىرىنىمۇ ئۆلچەمگە ماسلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشقان..

ھۇنداق ئالامەتلەر ناھايىتى كۆپ ئادەملەرنىڭ قەلبىدە كېلەچەككە قارىتا نەپرەت ئويغاتتى ۋە ئۇلارنى تېخنىكىنى يامان كۆرىدىغان قىلىپ قويدى. تاللاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇش مەسىلىسى ناھايىتى كۆپ ماقالە ۋە مۇلاھىزىلەردە ئاساسىي مەزمۇننى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، فرانسۇز دىن ئەربابى ژان ئېلليۇل ياكى ئاتاغلىق ئېنگلىز تارىخچىسى ئارنولد توينبى شۇلار جۈملىسىدىندۇر. خىپپىلار (خىپپى - كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە مەۋجۇد ئىجتىمائىي رېئاللىققا بەلگىلىك نارازىلىق كەيپىياتىدا يۈرىدىغان ياشلار ئىچىدىكى پاسسىپلار - مۇھەررىردىن)نىڭ جۇلدۇركېپەن پەيغەمبەرلىرى، ئالىي سوتنىڭ سالاپەتلىك ئەزالىرى، كوچا-خىيابان گېزىتلىرىنىڭ مۇھەررىرلىرى ۋە پەيلاسوپ-مەۋجۇدىيەتچىلەرمۇ شۇلار توغرىسىدا يېزىشماقتا. يوقىلىۋاتقان تاللاش نەزەرىيىسىنى ئاددىيلا ئىپادىلەيدىغان بولساق، ئۇ، يالغان ئۈچ ھۆكۈملۈك ئۇسۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئىلىم ۋە تېخنىكا ھاياتتا ئۆلچەملىشىشنى بەرپا قىلدى. ئۇ، ھازىرقىغا سېلىشتۇرغاندا، كېلەچەكنى يەنىمۇ كۆپرەك دەرىجىدە ئۆلچەملەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئىنسان بارا-بارا تاللاش ئەركىنلىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ئەگەر بىز بۇ ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلمىساق، ھەيران قالارلىق كەشپىياتلارنى يارىتىمىز. ھەر قانچە غەلىتە بولمىسۇن، كېلەچەكتە ئادەملەر قانداقتۇر تاللاشنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى تاللاشنى پالەچ قىلىپ قويىدىغان ئارتۇقچە پاراۋانلىقتىن ئېزىتىراپ چەكسە كېرەك. ئېھتىمال، ئۇلار دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش ئۈچۈن خاراكتېرلىك بولغان بىر ھالەتتىن، يەنى تاللاش ئىمكانىيىتىنىڭ ھەددىدىن زىيادە خىلمۇ خىللىقىدىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سانائەتلىشىش ھەممە نەرسىنى بىرخىل قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. بىر-بىرىگە ئوپمۇ ئوخشايدىغان مىليونلىغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتى سانائەت ئەسىرىنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى بولۇپ قالدى. شۇنداق ئىكەن، ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ماددىي بايلىقلارنىڭ بىر خىللىقىدىن زارلىنىشى سانائەتلىشىش شارائىتىدىكى مەۋجۇد ئەھۋالنىڭ توغرا ئەكس ئېتىشىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىزلىكىنى نامايان قىلىشىدۇكى، بۇنىڭغا ھەيران بولماي ئىلاجى يوق. ئۇلار پۈتۈن دىققەت-ئېتىبارىنى جەمئىيىتىمىزنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىگىلا قارىتىپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن قانداق بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنچىلىك سېزىشمەيدۇ. كەلگۈسىدىكى جەمئىيەت بىزگە ئۆلچەملىك سانائەت تاۋارلىرىنىڭ يۇرۇشلەشكەن تۈرلىرىنى ۋەدە قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۆلچەملەشمىگەن تاۋارلارنىڭ ۋە مۇلازىمەتنىڭ ئەڭ خىلمۇ خىل، رەڭگارەڭ تۈرلىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ. بىز ماددىي بايلىقلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كېڭەيتىشكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمىز يوق، بەلكى دىئالېكتىك يوسۇندا ئۇنى ئىنكار قىلىشقا قاراپ كېتىۋاتىمىز. بۇ خاھىشنى ئىككى ئىقتىسادىي ئامىل قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ: بىرىنچىدىن، ئىستېمالچىلاردا ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك شەخسىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پۇل كۆپرەك بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، (بۇ تېخىمۇ مۇھىم) تېخنىكا مۇرەككەپلەشكەنسېرى ئاساسىي مەھسۇلاتلارنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىنى چىقىرىشقا سەرپلىنىدىغان چىقىملار كېمىيىدۇ. ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ساددا تېخنىكا ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئاپتوماتلاشتۇرۇش بولسا ھەيران قالدۇرىدىغان چەكسىز ھەر خىللىقنىڭ ئىشىكىنى يوغان ئېچىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ھازىر فورد شىركىتى «مۇستاڭ» دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى چىرايلىق بىرخىل ئاپتوموبىلنى ئىشلەپ چىقارماقتا. خېرىدارلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن بۇ ماشىنىنى ئۇلار: «ئۆزىڭىز لايىھىلىسىڭىز بولىدىغان ماشىنا» دەپ ئېلان قىلماقتا. يەنى بۇ ماشىنىنىڭ كۆپ قىسىملىرى (كورپۇس، دۋىگاتېل، ھەرىكەت ئۆزىتىش قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار)نى ئۆزلىرى تاللىۋالىدۇ. ماشىنىنىڭ رەڭگى، ئىچكى بېزەكلىرى ۋە باشقىلار توغرىسىدا خېرىدارلارنىڭ سۆزلەپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. تاللاش ئىمكانىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقى پەقەت خېرىدارلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئاپتوموبىل ساتقۇچىلارنىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا. بىز ئۆلچەملەشتۈرۈشكە ئەمەس، «تاللاش ئىمكانىيىتىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە» تېز سۈرئەت بىلەن يېقىنلىشىپ بارماقتىمىزكى، ئۇنىڭدا كۆپ خىللىق ئارقىلىق ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشنىڭ بەۋزەللىكلىرى يوققا چىقىدۇ. ئۇنى يوققا چىقىرىدىغان سەۋەب بولسا، خېرىدارنىڭ بىر قارارغا كېلىشىگە پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان قىيىنچىلىقلاردۇر.

بەزىلەرنىڭ ھۆكمىچە، بىز ھەممىمىز مەدەنىي ۋە مەنىۋى ئۆلچەملىشىش تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىمىز سەۋەبلىك ئەتراپىمىزدىكى ماددىي بايلىقلارنىڭ ھەر خىللىقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بىراق ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولىدۇ: بىز پەقەت ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە سەنئەتتىمۇ، مائارىپتىمۇ ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەتتىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بۆلەكلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ چىقىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بۇيۇملار تۈرىنىڭ كېڭىيىشىگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. كۆپ خىللىق خاھىشى مائارىپ ساھەسىدىكى قاقشاتقۇچ توقۇنۇشلار ئارىسىدا بولىدۇ. ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەسكى، ئوقۇغۇچىلار

شەھەرچىلىرىدىكى غەلىيانلار دولقۇنى ئىستېمالچىلار كۆپ خىللىقنى تەلەپ قىلىشقا باشلىغان ،يېڭى تېخنولوگىيە ئۆلچەملەشتۈرۈشكە خاتىمە بېرىشكە ئىنتىلىۋاتقان پۇرسەتكە توغرا كەلدى .ستۇدېنتلار شەھەرچىلىرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن ئىستېمال بازىرىدا سادىر بولغان ۋەقەلەر بىر-بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .توغرا ،بەزىدە بۇ مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ئازلا ئادەم بايقايدۇ .2000-يىلى كىرىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ھەرخىل ئىلمىي ئۇنۋانلار ،دىپلوملار ، يېتەكچى پەنلەر ، ئىمتىھان ۋە سىناقلارنىڭ كونىرىغان سىستېمىلىرى چۆرۈپ تاشلىنىدۇ .ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆزىگە خاس ئوقۇش پروگراممىسى ئاساسىدا بىلىم ئالىدۇ .ھازىر ئالىي مائارىپنى ئۆلچەملەشتۈرۈشكە قارشى كۈرىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ھامان غەلىبە قىلىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ،جەمئىيەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىي كۆچلەرنىڭ بىرى بولغان مائارىپمۇ ئىقتىسادقا ئەگىشىپ ئۆز ئىگىلىكىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا ،يەنى مەھسۇلاتنى رەڭگارەڭلەشتۇرۇشكە مەجبۇر بولىدۇ .مائارىپ ساھەسىدىمۇ خۇددى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكىگە ئوخشاش يېڭى تېخنىكا پەقەت ئۆلچەملەشتۈرۈشنىلا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپلا قالماستىن ،بەلكى توغرىدىن توغرا كۆپ خىللىششقا ئېلىپ بارىدۇ .شۇ يوسۇندا كومپيۇتېرلار ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى ئۈچۈن مەشغۇلات جەدۋىلىنى قولايلىق قىلىپ تۈزۈشكە ،مۇستەقىل ئوقۇشنى باشقۇرۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ،ئوقۇش كۇرسلىرىنى تاللاش،دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن مەسىلىلەرنى يېشىشكە ياردەم بېرىدۇ .ئەمما بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى شۇ يەردىكى ،كومپيۇتېرلار ئارقىلىق ئوقۇتۇش ،دەرس ئۆتۈشنى پروگراممىلاشتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇللار ،كەڭ تارقالغان خاتا پىكىرلەرگە زىت ھالدا سىنىپ مەشغۇلاتلىرىغا خىلمۇ خىللىق ئېلىپ كىرىش ئىمكانىيىتىنى كەسكىن كېڭەيتىدۇ .چۈنكى مائارىپ ساھەسىدىمۇ جەمئىيەت قەتئىي ھالدا ئۆلچەملەشتۈرۈشتىن چېكىنمەكتە .

ھازىرقى ئىنسان ئېڭىنىڭ بىر قېلىپقا سېلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئەڭ شىددەتلىك تەنقىدلەر ۋە تەنە-دەشناملار ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىگە قارىتىلغانىدى .ئەمما تېلېۋىزىيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ،ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بارغانسېرى ئاممىۋى سورۇنلارنى كەمرەك نەزەردە تۇتۇپ ئىش ئېلىپ بېرىش خاھىشى سېزىلمەكتە .ھەممىلا يەردە «بازارنى پارچىلاش» ئەۋج ئالماقتا .

بۇنىڭدىن 30يىللار ئىلگىرى ئامېرىكا كىنو تاماشىبىنلىرى پەقەت ھولليۋود فىلىملىرىنىلا كۆرەتتى ،بۇ فىلىملار ئاممىۋى تاماشىبىنلارغا مۆلچەرلەنگەنىدى .ئەمدىلىكتە بولسا ،پۈتۈن مەملىكەتتە كەڭ تاماشىبىنلار قاتلىمىغا مۆلچەرلەنگەن بۇ فىلىملارنىڭ ئورنىغا چەت ئەل فىلىملىرى ، سەنئەت ھەققىدىكى فىلىملار ۋە ھەۋەسكارلارغا مۆلچەرلەنگەن فىلىملار ئۆزلۈكسىز قويۇلۇپ تۇرۇپتۇ .

رادىئو ئاڭلىتىشىدىمۇ بەزىبىر پارچىلىنىش ئالامەتلىرى كۆزگە تاشلانماقتا .بىر قىسىم ئامېرىكا رادىئو ئىستانسىلىرى يۈكسەك مەدەنىيەتلىك ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن پەقەت كلاسسىك مۇزىكىلارنىلا ئاڭلىتىدۇ ،باشقىلىرى يېڭى خەۋەرلەر ساھەسىدە ئىختىساسلاشماقتا ،يەنە بىرلىرى بولسا جاز مۇزىكىلىرى ساھەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا (شۇنىسىمۇ باركى ،بۇ ساھە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەنىمۇ ئۇششاقلاپ بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ بارماقتا . مەسىلەن ،ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن جازمۇزىكىسى ،چوڭلار ئۈچۈن جازمۇزىكىسى ،نېگرلار ئۈچۈن جازمۇزىكىسى دېگەندەك ) .

تېلېۋىزىيىنىڭ رىقابىتى ئامېرىكىنىڭ بىر قاتار غوللۇق ژۇرناللىرىنى ۋەيران بولۇشقا ئېلىپ كەلدى . ۋەيران بولۇشتىن ئامان قالغان ئاممىۋى ژۇرناللار يەرلىك نەشر بويۇملىرىغا ۋە مەخسۇس مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان ژۇرناللارغا ئايلىنىپ ،رىقابەت جەريانىدا جان ساقلاپ قالدى .1959-يىلدىن 1969-يىلغىچە مەخسۇسلاشقان نەشرىياتلار تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئامېرىكا ژۇرناللىرى 126دىن 235كە كۆپەيدى . ئامېرىكىدا ئاممىۋى تىراژدا نەشر قىلىنىدىغان ھەر بىرژۇرنال مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ئۈچۈن بىر-بىرىدىن سەل-پەل پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تارماق ژۇرناللارنى نەشر قىلىدۇ . بەزىبىر ژۇرناللار نەشر قىلىدىغان تارماق ژۇرناللار يۈزگىچە يېتىدۇ . مەخسۇس نەشرلەر يەنە مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە باشقا ئايرىم گۇرۇھلارغا بېغىشلانغان بولىدۇ .«Time » ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولغان80000 ۋىراچ ۋە چىش دوختۇرى ھەر ھەپتىدە ئوقۇتقۇچىلارغا بېغىشلانغان ژۇرنالدىن سەل پەرق قىلىدىغان ژۇرنالنى تاپشۇرۇۋالىدۇ .ئوقۇتقۇچىلار تاپشۇرۇۋالىدىغان ژۇرنال بولسا ،ئۆز نۆۋىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا بېغىشلانغان ژۇرنالدىن پەرق قىلىدۇ .

يېڭى ژۇرناللار يامغۇردىن كېيىنكى موخلاردەك ھەدەپ كۆپەيمەكتە .ژۇرنال چىقارغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ،ئۆتكەن 10يىل مابەينىدە يېپىلىپ قالغان ھەر بىر ژۇرنالنىڭ ئورنىغا تەخمىنەن تۆتتىن يېڭى ژۇرنال پەيدا بولغان. يېقىندىلا بىز يەرلىك ئايلىق نەشرلەرنىڭ قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى كۆردۇق .ھالبۇكى ،بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىرەرمۇ ئالىم ،يەنى «ئاممىۋى جەمئىيەت»مۇتەخەسسىسى ئۇلارنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشىنى پەرەز قىلالمايتتى .ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرقلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلەيدىغان بەلگە ،دەپ قاراش مۇمكىن بولمىسا كېرەك .ئەكسىچە

.ئىلگىرى ژۇرناللىرىمىز ھېچقاچان ھازىرقىدەك خىلمۇخىل ،رەڭگارەڭ بولغان ئەمەس ئىدى .ھازىر تىجارەتكە مۇناسىۋەتسىز ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ بارماقتا .«نيۇ-يورك تايمىس بۇك رېۋيۇ »گېزىتى : «ئامېرىكا تارىخىدا ژۇرناللارنىڭ سانى ھېچقاچان بۈگۈنكى كۈندىكىدەك كۆپ بولمىغان »دەپ يازىدۇ .

ئېتىبارغا ئەرزىيدىغان تەرىپى شۇنىڭدىكى ، بۇنداق خىلمۇ خىللىقتا قاراپ سىلجىشنىڭ پەيدا بولۇشىغا پەقەت بايلىقنىڭ كۆپىيىشىلا سەۋەب بولماستىن ،بەلكى تېخنىكا جەھەتتىكى يېڭىلىقلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ،يەنى گوياكى ھەممىمىزنى بىر قېلىپقا سېلىپ قويىدىغان ۋە كۆپ خىللىقنىڭ ئاخىرقى ئىزلىرىنى يوقىتىدىغان يېڭى ماشىنىلارنىڭ ئىشقا سېلىنىشىمۇ سەۋەب بولدى .

ئوفسېت باسمىدىكى ۋە مەتبەئەنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكى يېڭىلىقلار تۇپەيلىدىن ،ئاز نۇسخىدا نەشر قىلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ تەننەرقىنى زور دەرىجىدە چۈشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولۇندى .ئەمدىلىكتە ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۆز پۇلىغا تايىنىپ ،ئۆزىنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىنى نەشر قىلىشى مۇمكىن (ھازىرمۇ نەشر قىلىنىۋاتىدۇ ) . كىتاب ،ژۇرنال ،گېزىت ،كىنو فىلىم ۋە باشقىلارنى خۇددى فورد شىركىتىنىڭ «مۇستاڭ »ئاپتوموبىلىغا ئوخشاش «لايىھىسىنى ئۆزىڭىز تۈزۈۋېلىڭ »دېگەن ئەقىدە نېگىزىدە خېرىدارلارغا سۇنىدىغان كۈنلەر ئانچە ئۇزۇن ئەمەس .

ئەمما ئىنسان ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش-نىڭ ئۆزى قولى يېتىدىغان مەھسۇلاتلىرىنى تاللاشقا ئاجىزلىق قىلامدۇ ؟ئۇلارنى تاللاش ئىمكانىيەتلىرى-نىڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ بېرىشى ئىنساننى قىيناپ قويارمۇ ؟شۇنداق زامانلار يېقىنلىشىپ كەلمەكتىكى ، تاللاش كىشىلەرنىڭ قول-پۇتىدىكى كىشەنلەرنى پارچىلاپ تاشلاشنىڭ ئورنىغا ناھايىتى مۇرەككەپ ، قىيىن ۋە قىممەت باھالىق بىر ئىشقا ،يەنى ئۆزىنىڭ ئەكسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . قىسقىسى ، شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى ، تاللاش جەھەتتىكى خىلمۇ خىللىق قىيىن ئىشقا ئايلىنىدۇ ، ئەركىنلىك ئەركىنلىكنى ئىنكار قىلىشقا ئايلىنىدۇ .

## مەدەنىيەت جەھەتتىكى قايناشلار

تېخنىكا جەھەتتىن راۋاجلانغان مەملىكەتلەردىكى ئىجتىمائىي مەنزىرە ھەرگىزمۇ كىشىنى ئوسال قىلىدىغان بىرخىللىق بىلەن ئايرىلىپ تۇرمايدۇ . ئەكسىچە ، ئۇ روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ھەرخىل ، تۈرلۈك-تۈمەن بۆلچۈكلەرگە باي . مەسىلەن ، خىپپىلار ۋە تېئوسوفلار (تېئوسوفلار - ئۆزى ، ئۆز ئىچكى دۇنياسى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش يولى ئارقىلىق «تەڭرىنى بىلىش» ۋە «غايىب ئىلىم»غا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىشىنىدىغان دىنىي تەلىمات تەرەپدارلىرى - مۇھەررىردىن ) ، «ئۇچار تەخسە» سەۋدايىلىرى ، غەۋۋاسلىق مەستانىلىرى ، كۆكتاتخورلار ، گۈزەللىك تەنتەربىيىسى ھەۋەسكارلىرى ، ئەشەددىي مۇسۇلمانلار ، ۋەھاكازالار . . . ۋەھاكازالار . . .

ھازىرقى كۈندە ، دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش ئىنقىلابىنىڭ قۇدرەتلىك زەربىسىدە جەمئىيەت پارچىلىنىپ ، ئۇششاق-ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتمەكتە . بۇ ئىجتىمائىي ئۇششاق گۇرۇھلار ۋە مەدەنىيەتكە خاس كىچىك ھادىسىلەر بىزنىڭ شارائىتىمىزدا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تېز كۆپەيمەكتە . ماددىي تاۋارلار ۋە مەنىۋى بايلىقلار جەھەتتىكى شەخسىي تاللاشنىڭ كېڭىيىشىگە ياردەم بېرىدىغان ۋە شۇ ئاساستا ئۆلچەملىشىشكە قارشى قويۇلغان كۈچلەر بىزنىڭ ئىجتىمائىي سىستېمىلىرىمىزنىمۇ ئۆلچەملىشىشتىن خالاس قىلىدۇ . خىپپىلارغا ئوخشاش ھادىسىلەر توغرىدىن توغرا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولۇۋېرىدۇ . ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن بىز «ئۇششاق مەدەنىيەتلەرنىڭ پارتلاشسىمان ئۆسۈشى» دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز .

كۆپلىگەن ئۇششاق مەدەنىيەتلەر كەسپىي پرىنسىپلار ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن ، بىرەر مۇتەخەسسىسلىك ساھەسىنىڭ ئامىللىرى ئادەتتە بىر-بىرىگە مەھكەم باغلانغان ھالدا ناھايىتى جىپسىلاشقان گۇرۇھلارنى ، يەنى ئۇششاق مەدەنىيەتلەرنى تەشكىل قىلىدۇ . ئۇلار بۇنداق گۇرۇھلاردا ئۆز ئەسەرلىرى ھەققىدە يۈكسەك كەسپىي سەۋىيىدىكى پىكىر-مۇلاھىزىلەرنى ئاڭلايدۇ . شۇنداقلا بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن ، كىيىنىش ، سىياسىي قاراش ، ياشاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش بارلىق كەسىپتىن سىرتقى مەسىلىلەردە شۇ گۇرۇھتىن يولىيورۇق ئالىدۇ ، بىر-بىرىنىڭ پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنى تىڭشايدۇ . ئىلىمنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىلمىي خادىملار سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن يېڭى مۇتەخەسسىسلىكلەر يەنىمۇ كۆپرەك پەيدا بولىدۇ . بۇھال ئەنە شۇ ئۆزىگە خاس مۇھىتتا خىلمۇ خىللىقنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىگە ئېلىپ كېلىدۇ . دېمەك ، مۇتەخەسسىسلىشىش ئۇششاق مەدەنىيەتلەرنى كۆپەيتىدۇ .

پەقەت ئىشلارنىڭ تۈرى كۆپىيىپلا قالماستىن ، بەلكى كۆڭۈل ئېچىشنىڭمۇ تۈرى كۆپىيىدۇ . ۋاقىتنى كۆڭۈل خۇشلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈش يوللىرى ، تۈرلۈك-تۈمەن ھەۋەس - ئىشتىياقلار ، ئويۇنلار ، تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش ، دەم ئېلىپ ھاردۇق چىقىرىش ئىمكانىيەتلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن كۆپىيىپ بارىدۇ . ھازىر كۆپ ساندىكى ئادەملەر سىيورفىڭ يەنى دولقۇنلار ئۈستىدە تاختاي بىلەن

تېپىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. دېمەك بۇ زېمىندا مەدەنىيەتنىڭ پۈتۈنسۇرۇك بىر ساھەسى پەيدا بولدى. بۇ، شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇكى، ئادەملەرنىڭ بوش ۋاقىتتا دەم ئالماستىن، كۆچ سەرپلەيدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ بارلىق ياشاش شەكىللىرىگە ئاساس بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. گەرچە ھەممە كىشىنىڭ بولمىسىمۇ، بىر تۈركۈم كىشىلەرگە نىسبەتەن شۇنداق بولىدىكەن.

مەدەنىيەت تۈرلىرى ئادەملەرنىڭ ھەرخىل ياش تۈرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدىمۇ كۆپىيىپ بارماقتا، جەمئىيەت بولسا پارچىلانماقتا، تۈرلۈك ياشتىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بارغانسىرى چوڭقۇر ھاڭلار پەيدا بولماقتا. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەر شۇ قەدەر زوركى، مىچىگان دارىلفۇنۇنىدا خىزمەت قىلىدىغان جەمئىيەتشۇناس جون لېفلېند شۇ ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق بىشارەت قىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن پەرقلەر توقۇنۇشلارغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ توقۇنۇشلار بولسا جەنۇبلۇقلار بىلەن شىماللىقلار، كاپىتالىسلار بىلەن ئىشچىلار، مۇھاجىرلار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەر، ئاق تەنلىكلەر بىلەن نېگرلار، ئاياللار ئەركىنلىكى تەرەپدارلىرى بولغان ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلاردىن ئىبارەت بولىدۇ». ھەتتا بۇنداق پەرقلەر سەۋەبلىك ئۈچ-تۆت ياشتىكى ئاكا بىلەن سىڭىل ياكى ئۇكا بىلەن ھەدىمۇ ئۆزلىرىنى مۇتلەق باشقا-باشقا ئەۋلادلارنىڭ ئادىمى دەپ ھېس قىلىشىدۇ.

50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكىنىڭ سان-فرانسىسكو شەھرىدە ۋە كالىفورنىيە ساھىللىرىدىكى باشقا جايلاردا يازغۇچىلار، رەسساملار ۋە ئۇلارغا پىكىرداش ئادەملەر بىرلىشىپ، بىر توپ بولۇپ ئۇيۇشتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، «بىتنىك» («ھالقىما تاشلىۋەتكۈچىلەر») دەپ نام ئالدى-دە، ئۆزلىرىگە خاس بىر تۈرلۈك ياشاش ئۇسۇلىغا ئاساس سالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزگە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بەلگىلىرى مۇنۇلار ئىدى: ئۇلار پېقىرلىكنى ئۇلۇغلايتتى (ئۇلار يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشەتتى، پۇتلىرىغا يەڭگىل كەپىش-بەندەللەرنى كىيىشەتتى، ئاددىي كەپە-كۆلبىلەردە ياشايتتى)؛ نېگرلارنىڭ جاز مۇزىكىلىرى ۋە لەھجىلىرىگە پۈتۈنلەي بېرىلگەنىدى؛ شەرق تەسەۋۋۇپىغا ۋە فرانسۇز مەۋجۇدىيەتچىلىكىگە قىزىقىشاتتى. تېخنوكراتلار (پەن-تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى ئارقىلىق ياكى ئۇلارنىڭ تەكلىپ قىلغان پرىنسىپلىرى بويىچە دۆلەت باشقۇرۇش مەسلىكى تەرەپدارلىرى)غا نىسبەتەن ئومۇمەن ئانتاگونىستىك پىكىردە ئىدى. ئۇلار توغرىسىدا مەتبۇئاتتا كۆتۈرۈلگەن داۋراڭغا قارىماستىن، «ھالقىما تاشلىۋەتكۈچىلەر» كىچىك بىر مەزھەبلىكىچە قالىۋەردى. پەقەت بىر تېخنىكىلىق يېڭىلىق «ل س د» پەيدا بولغاندىن كېيىنلا ئەھۋال ئۆزگەردى. بۇ دورىنى شائىر ئاللېن ھىنزبېرگ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتىپ ماختىدى، ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتسىز تەرەپدارلىرى ئۇ دورىنى مىڭلىغان ياشلارغا پۇلسىز تارقىتىشتى. ئەنە شۇ ئىككى مەنبەدىن - 50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەن «ھالقىما تاشلىۋەتكۈچىلەر» ھەرىكىتى ۋە 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان «ل س د» تەرەپدارلىرى ھەرىكىتىدىن - ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەرگە قارىغاندا خېلىلا يىرىك بولغان خىپپىلار ھەرىكىتى باشلاندى. «ھالقىما تاشلىۋەتكۈچىلەر»نىڭ جىنسىي ئادەتلىرىنى «ل س د»گە دۇم چۈشكەن بەڭگىلەرنىڭ مونچاقلىرى ۋە بىلەيزۈكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇۋەتكەن خىپپىلار ئامېرىكىدا زور يېڭىلىق بولدى ۋە دەرھال ئۆرپكە ئايلاندى. ئەمما، ئۇ تېز ئارىدا ھەددىدىن تاشقىرى ئۆسۈپ، مۇقەررەر يوسۇندا ئۇششاق بۆلەكلەرگە پارچىلىنىپ كەتتى. بۇ بولسا، سان-ساناقسىز يېڭى ھەرىكەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. سان-فرانسىسكودا ھەزىل تەرىقىسىدە خىپپىلار ھەرىكىتىنى دەپنە قىلىش مۇراسىمى بولۇپ ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن گويا ھەممە نەرسىنى بېشىدىن باشلىغاندەك يەنە بىر يېڭى ھەرىكەت «تاقىر باشلار ھەرىكىتى» مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭمۇ تۈرقى ئۆزگىچە بولۇپ، پۇتلىرىدا ئۆتۈك، چاچلىرى كالتا قىرقىلغانىدى. يەنە بىر بەلگىسى شۇ ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى زوراۋانلىققا مايىل ئىدى. بۇنداق خاھىشنى قارىلىماي بولمايتتى.

خىپپىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە «تاقىرباشلار»نىڭ پەيدا بولۇشى جەمئىيەتتە ئەتە-ئۆگۈنلۈككە مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن بولغان ھەرىكەتلەرگە يېڭىچە كۆز بىلەن قاراشقا ئىمكان بېرىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا تۇغۇلۇۋاتقان ھەرىكەتلەر ئازدەك، ئۇلار بارغانسېرى زور تېزلىك بىلەن پەيدا بولۇپ، ئەنە شۇنداق ئالدىراش سۈرئەتتە يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ يەردىمۇ يەنە ئەشۇ قىممىتى يوقلۇق پرىنسىپى ئۆز رولىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. جەمئىيەت ھاياتىنىڭ باشقا ھەممە ساھەلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى نەتىجىسىدە تۈرلۈك-تۈمەن ھەرىكەتلەر ۋاقىتلىق ۋە قىممىتى يوق بولۇپ تۇرماقتا.

شۇنداق قىلىپ، مەنسۇپلۇق تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشقا ئىنتىلگۈچى، باشقا ئادەملەر بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقە ئورناتماقچى، ئۆزىنى مۇئەييەن بىر گۇرۇھقا تەۋە قىلماقچى بولغان ئادەم شۇنداق بىر مۇھىتتا ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇكى، بۇ مۇھىتتا ئۇ قوشۇلۇشى مۇمكىن بولغان ئوبيېكتلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تېز ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ، سان جەھەتتىن كۆپىيىپ بېرىۋاتقان ئوبيېكتلاردىن بىرىنى تاللىشى كېرەك. بۇ ئورۇندا تاللاش مەسىلىسىنىڭ

مۇرەككەپلىكى ماتېماتىكىلىق ئەمەس ، گېئومېترىيىلىك سانلار قاتارى يولى بىلەن سادىر بولىدۇ .

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە روھىي كېسەللىكلەر ، نېرۋا كېسەللىكلىرى ۋە روھىي تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويۇشقانلار ناھايىتى كۆپ سادىر بولماقتا . بۇ شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇكى ، كۆپلىگەن ئادەملەر ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئاقىلانە ، بىر پۈتۈن ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە مۇقىم تۇرمۇش تەرتىپىنى شەكىللەندۈرۈشتە قىيىنلىپ قالماقتا .

جەمئىيىتىمىز چاك-چېكىدىن سۆكۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ . ئەسلىدىمۇ شۇنداق . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسە ھەددىدىن تاشقىرى مۇرەككەپلىشىپ كەتمەكتە . سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان مۇستەھكەم رىشتىلەر — قانۇن رىشتىلىرى ، ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئورتاق بولغان قەدىر-قىممەت رىشتىسى ، مەركەزلەشكەن ۋە ئۆلچەملەشكەن تەلىم رىشتىسى ، مەدەنىي مەھسۇلاتلار رىشتىسى قاتارلىقلار ئەمدىلىكتە ئۈزۈلۈپ كەتمەكتە . شۇ سەۋەبتىن شەھەرلەر ۋە دارىلفۇنۇنلارنى بىردىنلا باشقۇرۇپ بولمايدىغاندەك كۆرۈنۈپ قالىدۇ . جەمئىيەتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ بىرخىللىقتا ، سادىدىلىقتا ۋە دائىمىلىقتا ئاساسلانغان كونا ئۇسۇللىرى بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يوقىتىپ قويىدى :

## ياشاش ئۇسۇلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى

سان-فرانسىسكودا كارخانىچىلار چۈشلۈك تاماق يەيدىغان رېستورانلاردا كۈتكۈچىلەر كۆكسى ئوچۇق ھالدا خىزمەت قىلىدۇ . ئەمما نيۇ-يوركتا بىر سازەندە جۇۋان بېلىنىڭ ئۈستىنى ئوچۇق قويغان ھالدا زامانىۋى مۇزىكا ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن قاماققا ئېلىنىدى . ئوھايو شتاتى كولۇمبۇس شەھىرىدىكى سودا تارماقلىرىدا جىنسىي تەبىئىي ئەزالىرى يالىڭاچ دېگۈدەك ئىشلەنگەن «كەنجى ئۇكام» دېگەن قونچاق سېتىلغانلىقى ئۈچۈن ، جامائەتچىلىك ئوتتۇرىسىدا بەس-مۇنازىرە باشلانغان . جىنسىي مەسىلىسگە بولغان مۇناسىۋەتتە بۇنداق باشباشتاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن باشقا دۆلەتنى تېپىش ناھايىتى تەس . بىزنىڭ باشقا نۇرغۇن ئىشلىرىمىز توغرىسىدىمۇ دەل يۇقىرىقىدەك گەپنى ئېيتىش مۇمكىن . گەپ پۇل ھەققىدە ، مۈلۈك ، تەرتىپ-ئىنتىزام ، ئىرقىي مەنسۇپلۇق ، دىن ، ئائىلە ياكى شەخس تەقدىرى ھەققىدە بولمىسۇن ئامېرىكىنى ئىدېئال-غايىلەرنىڭ ئېنىقسىزلىقى بەك قىينايدۇ .

ئائىلە ، مەكتەپ ، شىركەت ، چېركاۋ ، قوۋداشلار ، ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە سان-ساناقسىز ئۇششاق مەدەنىي ھەرىكەتلەر بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدىغان قەدىرىيەتلەرنى ئېلان قىلىشىدۇ . «نيۇسۇئىك» ژۇرنىلىنىڭ يېزىشىچە ، بىز شۇنداق بىر جەمئىيەتتە ياشىماقتىمىزكى ، «بۇ جەمئىيەتتە بىز قاراشلار جەھەتتىكى پۈتۈنلۈكنى يوقىتىپ قويغانمىز . . . بۇ جەمئىيەت مىجەز-خۇلق ، ئۇتۇق ۋە قىلىق-ھەرىكەت جەھەتتىكى مىزانلار مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ . . . »

بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشىدىغان قەدىرىيەتلەر سىستېمىسى ئالدىدا ، يېڭى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان رەڭگارەڭلىكى ئالدىدا ، مۇلازىمەت تۈرلىرى ، شۇنداقلا تەلىم ساھەسىدىكى كەسپىي پائالىيەت ئالدىدا ۋە بوش ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلەرنىڭ خىلمۇ خىللىقى ئالدىدا ، ئادەملەر بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزلىرىگە زۆرۈرلىرىنى يېگىچە تاللاشقا مەجبۇر بولىدۇ . تاللاش بويۇنتۇرۇقىدىن ئۈنچىلىك قىينالمىغان ئالدىنقى دەۋرنىڭ ئادەملىرى ئاددىي مەھسۇلاتلارنى قانداق ئىستېمال قىلغان بولسا ، ئۇلارمۇ «ياشاش ئۇسۇلى»نى شۇنداق ئىستېمال قىلىشقا باشلايدۇ .

ئەگەر ياشاش ئۇسۇلى شەخسنىڭ ئۆزىنى بىرەر ئۇششاق مەدەنىي ھەرىكەت بىلەن تەڭلەشتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالسا ، جەمئىيەتتە ئۇششاق ھەرىكەتلەر ساننىڭ پارتلاشسىمان كۆپىيىشى ھاياد ئۇسۇللىرى مىقدارىنىڭمۇ پارتلاشسىمان كۆپىيىشىگە ئېلىپ كېلىدۇ . ئادەملەرنىڭ دېيەرلىك ھەممىسى بىر پۈتۈن نەرسىگە «مەنسۇپ بولۇش»قا جان-جەھلى بىلەن ھەرىكەت قىلىشىدۇ . ئۇششاق ھەرىكەتلەرنىڭ كۈچى دەل شۇنىڭغا تايىنىدۇ . تېخنىكا جەھەتتىن راۋاجلانغان مەملىكەتلەر شۇقەدەر ئۇلۇغ ، ئۇلارنىڭ مۇرەككەپلىكى ئىنسان ئەقلى يېتىدىغان دائىرىدىن شۇ دەرىجىدە چىقىپ كېتىدۇكى ، بىز پۈتۈن نەرسىلەر بىلەن بولغان يېقىنچىلىق ۋە ئالاقە تۇيغۇسىنى شۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ياكى بىر نەچچە ئۇششاق ھەرىكەتلىرىگە قوشۇلۇش يولى بىلەنلا تولۇقلىيالايمىز . مۇبادا ، ئۆزىمىزنى شۇنداق بىر گورۇھقا تەڭلەشتۈرۈشكە قابىل بولمىساق ، ئۇ ھالدا بىز ئۆزىمىزنى يالغۇز ھېس قىلىشقا ، جەمئىيەتتىن ياتسىراشقا ، ئۆزىمىزنى ھېچ نەرسىگە يارامسىزدەك سېزىشكە مەجبۇر بولىمىز .

كۆپلىگەن ئۇششاق مەدەنىي ھەرىكەتلەرنىڭ بىرىنى تاللاشقا قارار قىلغىنىمىزدا ، بىز ئېھتىمال بۇ قارارىمىزنىڭ شەخسىيىتىمىزنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى غۇۋا بولسىمۇ ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن . ئەلۋەتتە ، تاسادىپەن دۇچ كېلىپ قالغان ياشاش ئۇسۇلىنى تاللىمايمىز . چۈنكى بىز بىر-بىرى بىلەن رىقابەتلەشكۈچى مودېللار بازىرىدا ياشايمىز . بىز ئەنە شۇ پسىخولوگىيىلىك ئالا توپىلاڭ ئىچىدە ئۆزىمىزگە شۇنداق بىر ھايات

ئۇسۇلىنى ئىزدەيمىزكى ، ئۇ بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزنى تەرتىپكە سېلىپ بېرىشى كېرەك . بىزنىڭ مىجەز-خاراكتېرىمىزگە ، بىزنىڭ شارائىتىمىزغا توغرا كېلىشى كېرەك . بىز قەھرىمانلار ياكى كىچىك قەھرىمانلارنى ئىزدەش ئارقىلىق ئۇلارغا تەقلىد قىلىشنى خالايمىز . ياشاش ئۇسۇلىنى ئىزدەشكە كىرىشكەن ئادەم ئۆزىگە كۆڭلەك تىكتۇرمەكچى بولغان ئايالغا ئوخشايدۇ . ئايال ئاۋۋال ئۆزىگە يارايدىغان پاسوننى ئىزدەپ مودا ژۇرنىلىنى ۋاراقلايدۇ ، كېيىن ئۆزى ياقتۇرغان بىرەر شەكىلنى تاللايدۇ ، ئاندىن كېيىن رەخت ، يىپ ، توگمە ، بېزەك قاتارلىقلانى سېتىۋالىدۇ . خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يېڭى ياشاش ئۇسۇلىنى تاللاۋاتقان ئادەممۇ بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇنسۇرلارنى يىغىدۇ . ئۇ چېچىنى ئۆستۇرىدۇ . «يېڭى سەنئەت» رەسىملىرىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلارنى سېتىۋالىدۇ . سۆز ۋە شېئىردە زامانغا لايىقلىشىدۇ . ئەمما تاشقى بەلگىلەرنى نامايان قىلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ . چۈنكى ياشاش ئۇسۇلى پەقەت مىجەز-خاراكتېرنىڭ تاشقى شەكىللىرىنىلا ئەمەس ، بەلكى بۇ مىجەز-خاراكتېرنىڭ تېگىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان قەدىرىيەتلەر يىغىندىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆزى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلارنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ . ئەمما دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىش دەۋرى يېقىنلاپ كەلگەنسېرى ئادەملەر ياشاش ئۇسۇلىنى شۇقەدەر تېز ئۆزلەشتۇرۇپ ، كونىسىدىن شۇ قەدەر تېز ۋاز كېچىشكە باشلايدۇكى ، بۇ ،ئالدىنقى ئەۋلاد كىشىلىرىنى دەھشەتكە سېلىپ قويىدۇ ، خالاس . نېمە ئۈچۈندۇر ياشاش ئۇسۇلى پايدىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن تاشلىۋېتىلىدىغان بۇيۇمغا ئوخشاپ قالىدۇ . ئۆزلۈكنى ئىزدەش ، ئۆز شەخسىيىتىنى قوغلىشىش «ئاممىۋى جەمئىيەت»تە تاللاش ئىمكانىيەتلىرى بولمايدۇ دېگەن تەخمىن تۈپەيلى سادىر بولمايدۇ ، ئەكسىچە ، تاللاش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپلۈكى ۋە مۇرەككەپلىكى شۇنىڭغا مەجبۇر قىلىدۇ . ئەمما كۆپ خىللىق بىمەنىلىك ۋە يېڭىلىق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدىغان بولسا ، جەمئىيەت بارلىق كۈچى بىلەن تارىخىي ماسلىشىش تەنەززۇلىغا قاراپ يول ئالىدۇ . بىزنى قورشاپ تۇرغان رېئاللىق شۇ دەرىجىدە ئۆتكۈنچى ، بىمەنە ، يات ۋە مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇكى ، نەتىجىدە مىليونلىغان ئادەملەر ماسلىشىش زەربىسىگە ياكى كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇشتىن ئالاقزادىلىككە چۈشۈش خەتىرىگە دۇچار بولىدۇ .

## ماسلىشىش چېگرالىرى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا دولقۇنلار سۇ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان قۇرۇقلۇقتا مىليونلىغان مەخلۇقلارنى چىقىرىپ تاشلىغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ياشاشقا ئۆگەنگەن مۇھىتى-ئوكيان بولغان . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆنۈككەن مۇھىتىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ، ھاۋانى يۇتۇپ-يۇتۇپ ۋە يەرنى تىرناپ-تاتىلاپ نابۇت بولغان . پەقەت سۇدىمۇ ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ھايات كەچۈرۈشكە ماسلاشقان بەختىيار بىر قىسىملا بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئامان قالغان . ۋىسكونسىن دارىلفۇنۇنىنىڭ پروفېسسورى لاۋرېنس سانىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، «بىز ئىنسانىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى ئەۋلادلىرىنىڭ دېڭىز مەخلۇقلىرىدىن قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان مەخلۇقلارغا ئايلانغان چېغىدىكىدەك غايەت ئىزتىراپلىق بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈرمەكتىمىز» .

ئىنساننىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى ھەرقانچە يۇكسەك ، ئۇ ھەرقانچە جەسۇر ۋە بەرداشلىق بولسىمۇ ،ئۇ ،بەرىبىر بىئولوگىيىلىك ئورگانىزم ، يەنى «بىئولوگىيىلىك ئورگانىزم تۈپى» بولۇپ قېلىۋېرىدۇ ۋە شۇ ھالەتتە باشقا شۇ خىل تۈپلارغا ئوخشاش مۇئەييەن دائىرە ئىچىدىلا پائالىيەت ئېلىپ بارالايدۇ . ئىنساننى ئۆزگىرىشلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشۇشتىن مۇھاپىزەت قىلىش ئىلاجىنى قىلماي تۇرۇپ ، ئۇنى «كېلەچەككە پەرۋاز قىلدۇرۇش» تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش .

ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ بەرداشلىق بېرىشى مۇمكىن بولغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ مىقدارى چەكلىك . ئەگەر بىز ئۆزگىرىشنىڭ سۈرئىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇۋەتسەك ، ئۆزگىرىشلەر قويۇنى ئادەملەرگە قويىدىغان تەلەپلەرنىڭ چېگىرىسىنى ئالدىن بەلگىلىۋالمساق ، ئېھتىمال ئادەملەر بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھەزىم قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىپ قېلىشى مۇمكىن . بىز ئۇلارنى ئېغىر كېسەللىكنىڭ قۇربانى قىلىپ قويۇشىمىز مۇمكىن . مەن بۇ كېسەللىكنى كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇشتىن لەرزىگە چۈشۈش ، دەپ ئاتىشىم مۇمكىن . كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇشتىن لەرزىگە چۈشۈش جىسمانىي ۋە روھىي كېسەللىك سۈپىتىدە قارالمىقى كېرەك . ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ ماسلىشىش سىستېمىسىغا ئارتۇقچە ئېغىرلىق چۈشكەندە ۋە قارار چىقىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پسىخولوگىيىلىك جەريان ھەددىدىن زىيادە كەسكىنلىشىپ كەتكەندە ، بۇ خىل كېسەللىك مەيدانغا كېلىدۇ . ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا ،كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇشتىن لەرزىگە چۈشۈش - ئىنساننىڭ ئارتۇقچە يۈكلەرگە بولغان ئەكس تەسىرىدۇر .

كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇش ھەرخىل ئادەملەرگە ھەرخىل تەسىر كۆرسىتىدۇ .بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىمۇ ئۇنىڭ دەرىجىسى ۋە ئېغىرلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ . بەلگىلەرنىڭ دائىرىسى داۋاملىق كېڭىيىۋاتقان ئارامسىزلىقتىن ، قورقۇمسىزلىقتىن ،

زەردىسى قايناشتىن ، بىر قارىسا سەۋەبسىز كۆرۈنىدىغان زوراۋانلىقتىن باشلىنىپ ، جىسمانىي كېسەللىك ، چۈشكۈن كەيپىيات ۋە بىپەرۋالىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

ئۆزگىرىشلەر ھاياتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ ، ھاياتنىڭ ئۆزى بولسا دائىملىق ماسلىششتىن ئىبارەت . لېكىن شۇنىڭغا قارىماي بىزنىڭ ماسلىشش قابىلىيىتىمىز ئۆزىگە خاس چېگرىغا ئىگە . بىز ياشاش ئۇسۇللىرىنى يېڭىلاپ ، بۇيۇملار ، ئادەملەر ۋە جايلار بىلەن بولغان كونا مۇناسىۋەتلىرىمىزنى ئۈزۈپ ، يېڭىسىنى ئورنىتىپ ، جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى بويىچە ئىگىلەپ تۇرغان ئورنىمىزنى تىنىمسىز ئۆزگەرتىش ، يېڭى-يېڭى ئۇچۇر ۋە يېڭى-يېڭى غايىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ماسلىشىمىز ، يەنى بىز ياشايمىز . لېكىن ھەممىسىنىڭ چېگرىسى بار . بىزنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي كۈچىمىزنى قايتا تىكلەش ئىقتىدارىمىز چەكلىك . ھاياتىي مۆلچەرىمىزدىكى ھەربىر ئۆزگىرىش ئۈچۈن ، ماسلىشش جەھەتتىكى ھەربىر يېڭى ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىشىمىز لازىم . نەتىجىدە بىزنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي مېخانىزملىرىمىز خېلىلا ھالسىزلىنىپ قالىدۇ .

## ماسلىشش تەنەززۇلى

يېقىنقى 20-30يىل ئىچىدە بىزنى پەقەت بىرلا ئۆزگىرىش دولقۇنى كۆتۈۋاتقىنى يوق ،بەلكى بىز مۇدھىش پالاكەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن توپانىغا دۇچ كېلىمىز . بىھۇدىلىكنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئارتىپ بېرىشى ، ئۆزگىرىشلەر سۈرئىتىنىڭ شۇ قەدەر تېزلىششى نەتىجىسىدە بىز ھازىر تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالدۇق . بىزنىڭ بىرلا يېڭى مەدەنىيەتكە ئەمەس ، بەلكى بىر-بىرىنى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر قاتار يېڭى مەدەنىيەتلەرگە ماسلىششىمىزغا توغرا كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قارىماققا ئۆزىمىزنىڭ ماسلىشش قابىلىيىتىمىزنىڭ ئاخىرقى چېگرىسىغا يېقىنلىشىپ قالغاندەك قىلىمىز . ئۆتمۈشتىكى ئەۋلادلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق ئىمتىھاننى بېشىدىن كەچۈرگەن ئەمەس . ھازىرقى كۈندە ، يەنى بىزنىڭ ئەۋلاد ياشاۋاتقان پەيتتە – ھازىرچە تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىيلەشكەن جەمئىيەتلەردە – كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇشتىن پەيدا بولىدىغان ئاممىۋى ئاالاقزادىلىكنىڭ ئېنىق بەلگىلىرى كۆرۈنۈپ قالدى .

## نازارەتتىن چىقىپ كەتكەن جەمئىيەت

بىز ئۆزگىرىشلەر ئېقىمىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز سۈرئەت بىلەن تېزلىشىش جەريانى ئۈستىدىن ئۆز نازارىتىمىزنى ئورناتمايدىكەنمىز ، جەمئىيىتىمىز ئىلگىرىكىدەكلا چەرخپەلەك بولۇپ ئايلىنىۋاتقان ئات ئويۇنى ھالىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ .

ئۆز-ئۆزىدىن ئايانكى ، بۇ يەردە گەپ تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق تېخنىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتنى توختىتىش ھەققىدە بولۇۋاتقىنى يوق . تەرەققىياتقا ئارقىسىنى قىلىۋېلىش تەنتەكلىكلا ئەمەس ، بەلكى ۋىجدانسىزلىقتۇر . ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقاندا ، ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ قىسمى ھېلىمۇ 12-ئەسىر شارائىتىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئەھۋالدا ، بىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچىنى چۆرۈۋېتىشنى خىيالىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر بىز تارىخ سائىتىنىڭ مىللىرىنى ئاڭلىق ھالدا كەينىگە سۈرۈپ قويىدىغان بولساق ، ئۇ ھالدا مىليارلىغان ئادەملەرنى قالاقلىق ۋە قاشاقلىققا مەھكۇم قىلغان بولىمىز . ھالبۇكى ، بىز ھازىر ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتى بار بىر تارىخىي دەۋردە ياشاپ تۇرۇۋېتىمىز . ياق ، بىز ئۈچۈن تېخنىكىلىق تەرەققىياتنى توختىتىش ئەمەس ، بەلكى تېخنىكىلىق قىممەتنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش زۆرۈر .

ئەمما ئاساسىي نۇقسان شۇ يەردىكى ، بىز ھەر قەدەمدە يېڭى تېخنىكىدىن ئورۇنسىز پايدىلىنىۋاتىمىز ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا زېرەك بولمايۋاتىمىز تېخنىكا ئۇتۇقلىرىدىن تېزرەك بىۋاستە ئىقتىسادىي پايدا كۆرۈشكە ئۇرۇنۇپ ، ئۆزىمىزنى قورشاپ تۇرغان ماددىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئاللىقاچان پۇرۇخ قاچىلانغان بوچكىغا ئايلاندۇرۇپ قويدۇق .

ئۆزىگە خاس «پسىخولوگىيىلىك بۆلگىنىش» – ياشاش سۈرئىتىنىڭ تېزلىششى سادىر بولماقتا . شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ھەممىسىدە جىسمانىي بۆلگىنىش يۈز بەرمەكتە . سانائەت ھاۋانى ۋە سۇنى زەھەرلىمەكتە . يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ياۋا ئوتلارنى يوقاتقۇچى ، ھاشارەت ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلىك دورىلار تاماقلىرىمىزغا چۈشمەكتە . ئاپتوموبىللارنىڭ كېرەكتىن چىققان پارچىلىرى ، ئاليومىن كونسېرۋا قۇتىلىرى ، ئەينەك-شىشە سۇنۇقلىرى ، ئىشتىن چىققان بىرىكمە بۇيۇملار نەگىلا قارىماڭ تاغ-تاغ بولۇپ دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ . بىز ھازىرغا قەدەر رادىئوئاكتىپ چىقىندىلارنى نېمە قىلىشنى بىلمەيۋاتىمىز . ئۇلارنى يەرگە كۆمسەك بولارمىكىن ، ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىۋەتسەك بولارمىكىن ياكى ئوكيانلارغا چۆكتۈرۈۋەتسەك بولارمىكىن ؟

بىزنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى قۇدرىتىمىزنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلىدىغان قوشۇمچە تەسىرلەر ۋە خېيىم-خەتەر ، تەھدىتلەرمۇ ئېشىپ بارماقتا . بىز ئوكياندا تېزگىنلىگىلى بولمايدىغان خەۋپلىك جەريانلارغا يول ئېچىپ بېرىشىمىز مۇمكىن . مەسىلەن ، ئوكيانلارنىڭ

تېمپېراتورىسى ئېشىپ كېتىشى ، دېڭىز جانلىقلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى قىرىلىپ كېتىشى ھەتتا قۇتۇپ مۇزلۇقلىرى ئېرىپ كېتىشى مۇمكىن . يەر يۈزى مەسىلىسىنى ئالدىنغان بولساق ، بىز تېخنىكىنىڭ كانىغا ئايلانغان ئاجايىپ شەھەرلەردە ، يەنى يەر يۈزىنىڭ ئالقاندەك-ئالقاندەك پارچىلىرىدا شۇقەدەر كۆپ ئاھالىنى ئورۇنلاشتۇرماقتىمىزكى ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە شەھەرلىرىمىز ناھايىتى زور خەۋپ-خەتەر ئاستىغا چۈشۈپ قالدى . ئۇنىڭدىكى ئادەملەر ئاتموسفېرا ئىشلەپچىقىرىشى مۇمكىن بولغان كىسلورودتىن كۆپرەك كىسلورودنى ئىستېمال قىلىدۇ ، نەتىجىدە ئاشۇ شەھەرلەر ئادەمسىز چۆل - باياۋانلارغا ئايلىنىدۇ . بىز شۇ ھالەتتە تەبىئەتتىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇۋاتىمىزكى ، بىئولوگ بارربي كوممونېرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا : «ئىنسان ئىستىقامەت قىلىشى مۇمكىن بولغان سەييارىمىزنى بەربات قىلىشىمىز مۇمكىن» . باشقا بىر ئالىم ، ئاتاقلىق يازغۇچى رالف لاپ يازىدۇ : «ئىلىمنىڭ بىزنى قەيەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم ، ھەتتا دەۋرىمىز ئالىملىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئاجايىپ ئەقىل ئىگىلىرىمۇ ھەقىقىي بىلمەيدۇ . بىز بىر ئۇچقۇر پويىزدا كېتىپ بارماقتىمىز . پويىز تېزلىكىنى بارغانسىرى ئاشۇرۇۋاتىدۇ . پويىزىمىز تۈمۈر ئىزلاردىن شامالدەك ئۇچۇپ بارماقتا . بۇ تۆمۈر ئىزلار سان-ساناقسىز تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ . ئەمما بۇ تارماقلارنىڭ قەيەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . پاراۋوزدا بىرەرمۇ ئالىم يوق ، يولنىڭ ھەربىر تارمىقىدا بولسا ھالاكەت خەۋپى بار . جەمئىيەتنىڭ كۆپ قىسمى ئەڭ ئاخىرقى ۋاگونغا تىقىلىۋېلىشقان بولۇپ ، ئۇلار پەقەت ئارقىسىغا قارايدۇ» .

بىراق بىز ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن دەرىجىدىن تاشقىرى سانائەتلىشىشكە يۇمۇق كۆزلەر بىلەن ئەگىشىپ بېرىشنى خالىمايمىز . تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش سىياستى كەلگۈسىدە قاقشانقۇچ توقۇنۇشلارغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن . ئەمما ھەرقانداق زىددىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ، تېخنىكا جەزمەن بويسۇندۇرۇلۇشى كېرەك . چۈنكى ئۆزگىرىشلەر سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىنى باشقۇرۇشنىڭ باشقا ۋاستىسى يوق .

نازارەتتىن چىقىپ كەتكەن جەمئىيەتتە ياشاش مۇمكىنمۇ؟ كېلەچەك بىلەن بولغان توقۇنۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا ، بۇ سوئال ئەلۋەتتە ئالدىمىزغا قويۇلىدۇ . مۇبادا ، پەقەت تېخنىكىلا نازارەتتىن چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئالدىمىزدا كۆندىلەڭ بولىدىغان مەسىلىلەر يېتەرلىك دەرىجىدە جىددىي بولغان بولاتتى . ئەمما رېئال پاكىتلار شۇنىڭدىن دالالەت بەرمەكتىكى ، باشقا كۆپلىگەن ئىجتىمائىي جەريانلارمۇ باشقۇرغىلى بولمايدىغان ھالەتكە چۈشۈشكە باشلىدى ؛ ئۇلار بويسۇندۇرۇش يولىدىكى بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزگە قارشىلىق كۆرسەتمەكتە . شەھەرلەشتۈرۈش ، ئىرقىي توقۇنۇشلار ، كۆچۈش ، ئاھالىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ، جىنايەتچىلىكنىڭ ئارتىپ بېرىشى ۋە باشقا مىڭلاپ ساھەلەرنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىنكى ، ئۇلاردا ئۆزگىرىشلەر ئىستىخىيىسىنى تىزگىنلەشكە بولغان بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىمىز بارغانسېرى مۇۋەپپەقىيەتسىز ، يەنىمۇ ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا ، بىھۇدە بولۇپ چىقماقتا . ئەقىلسىزلىقىمىز ، بىلىمسىزلىكىمىزنىڭ دەلىللىرى كۆپىيىپ بارغانسېرى خەتەرلىك سىياسىي ، مەدەنىي ۋە پسىخولوگىيىلىك خاھىشلار ناھايىتى تېز سۈرئەتتە راۋاجلانماقتا . مەسىلەن ، بۇيۇملارنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈستىدىكى نازارەتنى يوقىتىپ قويغانلىقىمىز سەۋەبلىك ئەقىلنىڭ كۈچىگە بولغان ئىشەنچ سۇسىيىپ بارماقتا . دەسلەپىدە ئىلىم-پەن ئىنسانغا ئۆزىنى ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان مۇھىتنىڭ خوجايىنى ، شۇنداقلا ئۆز كېلەچىكىنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرگەنىدى . ئىلىم-پەن تۇيەيلى كېلەچەك قانداقتۇر ئۆزگەرمەس ۋە قېتىپ قالغان نەرسە سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى ئىجادكار ئىنسان قولىدا قانداقلا قىلسا بولىدىغان خېمىردەك ماتېرىيال سۈپىتىدە كۆرۈندى . شۇنىڭ بىلەن ئىلىم-پەن بېقىندىچىلىك ۋە تەسەۋۋۇپنى تەرغىب قىلغۇچى دىنىنىڭ مەۋقەسىگە نۇقسان يەتكۈزدى . جەمئىيەتنىڭ نازارەتتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغۇچى يېڭى-يېڭى دەلىللەر ھەر تەرەپتىن يۇپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىغان بۈگۈنكى شارائىتتا ئىلىم-پەنگە بولغان ئىشەنچ سۇسلىشىپ بارماقتا . بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بىز دىندارلىقنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ، ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن يېيىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز . توساتتىن ھەممە ئادەم ئىلمى نۇجۇمغا قىزىقىپ قالدى . بۇددىچىلىق ، پېرىخونلۇققا خاس ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە جادۇگەرلىك ئادەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى . تۈرلۈك-تۈمەن ھاۋايى لەززەتلەرنى ، تىلدىن تاشقىرى ، ھەتتا ئالەمدىن تاشقىرى ئالاقە ۋاستىلىرىنى ئىزدەش ساھەسىدە مەزھەبلەر ۋۇجۇدقا كەلمەكتە . ئۇلار بىزنى «پىكىر قىلىش»تىن كۆرە «ھېس قىلىش» مۇھىمراقتۇر ، دېگەنگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇشىدۇ . گويا بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت باردەك . مەۋجۇدىيەتچىلىك مۇخلىسلىرى كاتولىك مىستىكلىرىغا ، يۇڭ[ كارل گۇستاف يۇڭ (1875 ـ 1961 ) شۋېيتسارىيىلىك پسىخولوگ ، روھىي كېسەللىكلەر ئالىمى ، فرېئودچىلىق ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى ، روھىي تەھلىلچىلىك ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى] تەرەپدارلىرىنىڭ روھىي تەھلىلچىلىرىگە ۋە ھىندى دانىشمەنلىرىنىڭ توپلىرىغا قوشۇلۇۋېلىپ ، ئىلمىي ۋە ئەقلىي تەپەككۇرگە قارىمۇ قارشى ھالدا مىستىكىنى ۋە

ھېسسىياتچانلىقنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈشىدۇ.

ئەجەبلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوقكى، بۇنداق پەننىي-ئىلمىي قاراشلاردىن بۇرۇنقى دەۋرگە قايتىش جەمئىيەتتە ئۆتمۈشنى سېغىنىش كەيپىياتلىرىنىڭ كەڭ يېيىلىشىغا ئېلىپ كەلمەكتە. كونا ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ قىممەتلىك نەرسىگە ئايلىنىشى، ئۆتۈپ كەتكەن زامانلارنىڭ ئېلانلىرىنى يىغىش، تونۇگۈننىڭ ئۇششاق بەلگىلىرىنى خاتىرىلەش ئاساسىغا قۇرۇلغان ئويۇنلار، «يېڭى سەنئەت»نىڭ قايتا تۇغۇلۇشى، قەدىمكى ئۇسلۇبلارنىڭ تارقىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىنچ - خاتىرجەم ئۆتمۈشنى سېغىنىشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. يېڭى ئادەتلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىش بىلەرمەنلەر بۇ سېغىنىشنى ئاللىقاچان سېيىردەك سېغىنىشقا كىرىشتى. سېغىنىشقا ئاساسلانغان ئېلىپ-ساتارلىق بولسا كۆپ پايدا كەلتۈرىدىغان تىجارەت بولۇپ شەكىللەندى.

شۇنداق قىلىپ، ئىستىخىيىلىك ئەما كۈچلەر بويۇنتۇرۇقنى چۆرۈپ تاشلاپ ئەركىنلىككە چىقىشتى. بىز ئۆز تەرەققىياتىمىزدىكى ئەڭ قالتىس بۇرۇلۇشقا يېتىپ كەلدۇق. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ تارىختىكى ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇشتۇر. دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئىنسان تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئاجىز بىر قونچىقى بولۇشتىن توختاپ، ئۇنىڭ قۇربانىغا، يا ئۇنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلىنىدۇ.

بۇنداق ئېغىر ۋەزىيەت بىزنى ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن مۇتلەق يېڭى، ئاۋۋالقىلىرىغا قارىغاندا ناھايىتى چوڭقۇر ۋە پۇختا ئويلانغان مۇناسىۋەتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزگىرىشلەر ئىنسانغا ھاۋادەك زۆرۈر. ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئەۋلادىغا قانچىلىك زۆرۈر بولغان بولسا، ھازىرقى 800-ئەۋلادقىمۇ شۇنچىلىك زۆرۈر. ئۆزگىرىشلەر - ھاياتنىڭ ئۆزى دېمەكتۇر. ئەمما نازارەتنى چۆرۈپ تاشلاپ ئەركىنلىككە چىقىۋالغان ئۆزگىرىشلەر، يەنى تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان ۋە باشقۇرۇشقا كۆنمەيدىغان، يۈگۈرۈشنى بارغانسېرى تېزلىتىدىغان، ئىنساننىڭ جىسمانىي قوغدىنىش مېخانىزمىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قارار قوبۇل قىلىشتىكى پسىخولوگىيىلىك مېخانىزملىرىنىمۇ بەربات قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەر ھاياتقا يات، ئىنسانغا دۈشمەن ئۆزگىرىشلەردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەدرىجىي تەرەققىياتىمىزنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشقۇرۇشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان كېلەچەكنى قۇرۇشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن، ئالدىمىزدا كۆندىلەڭ بولۇپ تۇرغان بىرلەمچى ۋە كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان ۋەزىپىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ۋەزىپە - ئۆزگىرىشلەرنىڭ قۇترىغان سۈرئىتىنى تىزگىنلەشتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، بۇ تېزلىنىش كۆپ ساندىكى ئادەملەرنى كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇش سەۋەبلىك ئالاقزادىلىككە چۈشۈش خەۋپىگە دۇچار قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆندىلەڭ بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى - ئۇرۇش مەسىلىسىنى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىنى، ئىرقچىلىق، بايلىق ۋە قاششاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى شەرمەندە پەرقنى، ياشلارنىڭ نارازىلىقى ۋە ئاممىۋى غەيرىي ئەقىلچىلىق خەۋپىنىڭ كۈچىيىشىگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى يەنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

بىزدە ھازىرغىچە كۆرۈلمىگەن مىسلىسىز كېسەللىك - كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇشتىن پەيدا بولىدىغان ئالاقزادىلىكنى داۋالايدىغان خاسىيەتلىك دورا يوق. بۇ ماقالىمىزدە ئاساسلىق دىققەت-ئېتىبارنى كېسەلنى ئېنىقلاش-دىئاگنوز قويۇشقا قاراتتۇق. چۈنكى داۋالاشتىن بۇرۇن دىئاگنوز قويۇش كېرەكقۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ئۆز-ئۆزىمىزگە ئۈنۈملۈك ياردەم كۆرسىتىشكە كىرىشىشتىن ئاۋۋال مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

---

«جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (ئۆزبېكچە) 1998-يىل 4-سانىدىن

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ئەزىزى، يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق** (M1)

**كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت**

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت**



# ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ئەگەر سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېمىگەن كىشىلەرنى ئادەم ھېسابلىما.

ـ ئەلىشىر نەۋائىي

1

ئىشلىرىنى تولۇق ئورۇندىغان ئادەم ئۆزى ئىز قالدۇرغان ھەر بىر تۇنۇگۇننى خۇشاللىق بىلەن ئۇزىتىپ قويالايدۇ، شۇنىڭدەك ھەر بىر ئەتىنى كۆڭلى توق، ئىشەنچلىك ھالدا قارشى ئالالايدۇ. بىراق ئىشلىرى چالا قالغان ئادەم ياكى ئىنسانىي ھاياتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھاجەتلەرگە باغلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئاشالمىغان ئادەم نېمە قىلىشى مۇمكىن؟ بۇنىڭدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ، ئۆمرىنىڭ ئەھمىيەتسىز ھالدا ئاخىرلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىرەر سېزىمنىڭ بولۇشى تەس گەپ، ھەرقانچە بولغاندا، ئۇنىڭدا سۇس بىر غەمكىنلىك بولار. بۇ دۇنياغا تۆرۈلۈپ تۈزۈك ياشىمىغان ئادەم، روھىي، ماددىي يېتىلىشنىڭ ئۆزىگە خاس نېسىۋىسىنى تېتىماي، ئۇنى گۇمراھلىق ئىچىدە تەرك قىلغان ئادەم ئاخىرەتتە دەھشەتلىك ھېساب بېرىدۇ.

دېمەك، سەن راھەت كۆرمىگەنىكەنسەن، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ يىپ ئۇچى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدە بولىدۇ. بىراۋلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىسە، يات بىراۋلار ئۇنى ئۆزگەرتىپ قوياتتىمۇ!؟ دۇنيا تارىخىنى تەكشۈرسەك، قوشنىدارچىلىقنىڭ پرىنسىپى مۇنداق بوپتۇ: ئۆزىنى ئۆزى سۆيمىگەنلەرنى ھېچكىم سۆيمەيدۇ. ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلمىغانلارغا قوشنىسىمۇ ياردەم قىلمايدۇ. ئاجىز قوشنا كۈچلۈك قوشنىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، كۈچلۈك قوشنا ئاجىز قوشنىلارنىڭ ياردىمىگە ئۇچرايدۇ.

2

بىزمۇ 21-ئەسىرگە كىرىۋاتىمىز. كىشىلەر ئەقىل-پاراسەت ۋە گۈللىنىشنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى ئېچىۋاتقاندا، بىز ئۆتمۈش ۋە ئەتە ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ قەرزلىرىگە بوغۇلۇپ كەتتۇق. بىز يېڭى زاماننىڭ سىناق مەيدانىغا قەرز دەپتەرلىرىنى

ئۆشنىمىزگە ئارتقان ھالدا كىرىپ كېلىۋاتىمىز .بۇ دەپتەرلەر بىزنىڭ ئەسلىدىكى قاۋۇل ۋۇجۇدىمىزنى بېسىپ يىگىلىتىش بىلەن بىرگە روھىمىزنى سىقىپ تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن . چۈنكى پانىي دۇنيانىڭ قەرزىنى ئادا قىلمىغان ئادەم باقىي دۇنيانىڭ جەننىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيدىغۇ !

بىز خوشلىشىۋاتقان 20-ئەسىردە ئىنسانىيەت كاتتا ئۆزگىرىشلەرگە قەدەم قويدى . رادىئو ، تېلېۋىزور ،كومپيۇتېرلار بارلىققا كەلدى .بۇلار يەر شارىدىكى ئىقلىملارنى ،تاقىم ئاراللارنى ،ئېتىقاد جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان دۆلەت ،مىللەت ۋە گورۇھلارنى بىر-بىرىگە باغلىدى .شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتوم بومبىسى ،باشقۇرۇلىدىغان بومبا ، ئاۋتوماتىكا ،خىمىيىلىك قوراللار بارلىققا كېلىپ ، بۇلار ئىنسانلارنى يوشۇرۇن خەۋپ ئىچىدىكى دىپلوماتىيە ئويۇنلىرى ،نەيرەڭلەر ،كۈلۈپ تۇرۇپ خىرىس قىلىدىغان تىنچسىز ،مۇقىمسىز ۋەزىيەتكە ئېلىپ كىردى .دېمەك بۇ ئەسىردە پەن-تېخنىكا جەھەتتە مۆجىزە خاراكتېرلىك بايقاش ۋە كەشپىياتلار بولدى ، بۇلار ئىنسانلارنىڭ ماددىي قىممەتكە ئىنتىلىش تەبىئىيتىنى چەكتىن ئاشقان ھالدا نامايان قىلدى .ئەمما ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى ، تارىختا يۈز بېرىپ باقمىغان قاباھەتلەر ،ئادالەتسىزلىكلەر ، تەڭسىزلىكلەر مۇشۇ ئەسىردە يۈز بەردى .ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ ،100مىليونلاپ ئادەم ئۆلدى ،100مىليونلاپ ئادەم نامراتلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە قالدى .ئىنسانلار بولۇپمۇ غەربلىكلەر ئۆزى ئەخلاقىي قىممەتنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىكى ئورنىدىن گۇمانلىنىپ ،ئۇنىڭ رولىغا ئىشەنمەيدىغان بولدى .بىر قانچە دۆلەت رەھبەرلىرى بىر يەرگە كېلىپ ،نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنى ئويان-بۇيان قىلدى .دۇنياۋى تەرتىپ ئۆزگەردى ،خەرىتىلەردىكى سىزىقلار ۋە رەڭلەر ئادالەتسىز رەۋىشتە ئۆزگەرتىلدى .ئارقىدىنلا كوممۇنىزم ،كاپىتالىزم لاگېرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى باشلىنىپ ئۇزۇن داۋام قىلدى .قورال -ياراقلار ئىسكىلاتلاردا ،مەخپىي بازىلاردا كۆنسېرى كۆپەيدى .شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاچ-يالىڭاچلارمۇ كۆپىيىپ ،مىليونلاپ كىشىلەر ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئۆلدى .تۇغۇتتىن ساقلىنىش كومىلچى ۋە قاپچۇقلىرى ياسالدى . زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا ساقچىلارمۇ ئارا تۇرالمايدىغان ھالەتكە يەتتى . ئەيدىز كېسىلى يامراپ ،راك كېسەللىكلىرى بىلەن بىرگە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەھشىي خەۋپكە ئايلاندى .سۇ ، تۇپراق ، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان تۈرلۈك ئاپەتلەرنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن زىيانلىرى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىنمۇ ياۋۇز ھالەتكە كەلدى .

روشەنكى ، 20-ئەسىردە ئىنسانلار پەن-تېخنىكا ۋە ماددىي جەھەتتە مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى ، لېكىن ئىنساننىڭ بەختسىزلىكى تارىختىكى ھەر قانداق دەۋردىكىدىن ھالقىپ كەتتى .گۈللەنگەن پەن-تېخنىكا ،كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە دائىر تۈزۈلگەن تالاي خىتابنامىلەر ،قانۇنلار ۋە مەجلىسلەر يەنىلا تەڭسىزلىكنى تۈگىتەلمىدى ، خىلۋەت بۇلۇڭلاردىكى يوشۇرۇن كۆزياشلارنى تۈگىتەلمىدى .كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بېقىندۇرۇش ۋە بېقىنىش خاراكتېرلىك تىنچلىق كەلگۈسىدىكى زور بالايى-ئاپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تىنچلىق كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلدى .ھەقىقىي تىنچلىق بىلەن زوراۋانلارنىڭ كۈچ ئۈستۈنلۈكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ساختا تىنچلىقنىڭ پەرقى تۈتەك ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى .

ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس پائۇلA سامولسېن بىلەن ۋىليامDنودخوس بىرلىشىپ يازغان «ئىقتىساد ئىلمى »دېگەن زور ھەجىملىك كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ ئېدموندبۇركىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن : «رىتسارلىق (چەۋەندازلىق )دەۋرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى ،ئەمدى سەپسەتىچىلەر ، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە كومپيۇتېر دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ » .

بۇركىي 18-ئەسىردە ئۆتكەن پەيلاسوپ سۈپىتىدە ئۆزىدىن كېيىنكى 200يىللىق رېئاللىقتىن بىشارەت بەرگەن .دېمەك ، بۈگۈنكى غەربلىكلەر دۇنياۋىي تەرتىپ ۋە سىياسەتتە شۇنىڭ ئۈچۈن تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇردىكى ،ئۇلاردا ئىلمىي پەرەزچىلەر ھەر ساھە بويىچە تۈركۈم-تۈركۈملەپ چىقىپ تۇرغان . پەيلاسوپلار جاھاننىڭ قىياپەتلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىپ تۇرغان .ئالىملار ماددىي قانۇنىيەتلەر ھەققىدىكى پەرەزلىرى ۋە گاھ-گاھ دەلىللىرى ئارقىلىق پەيلاسوپلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساس يارىتىپ بەرگەن . ئىقتىسادشۇناسلار بۇ قانۇنىيەتلەرنى جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىگە تەدبىقلاپ داھىيلار ۋە سىياسىيئونلارغا ئىلمىي تەكلىپ بەرگەن ، شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدە تەسىرى مۇتلەق بولغان غەرب سىستېمىسى بەرپا بولغان . 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە غەربنىڭ قىممەت قارىشى ،ئەخلاق سىستېمىسى دۇنيا مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلغان بولدى .ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربلىكلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇشى دەل ئوتتۇرا شەرق ،پارس قولتۇقى ، ئەرەب ،تۈرك ،پارسلار دۇنياسىغا غەربنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى . نەتىجىدە ، ئەسلىدىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى

قارمىقىدىكى رايونلاردا غەربنىڭ قىممەت قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان پادىشاھلىق ،جۇمھۇرىيەتلەر پەيدا بولدى .بۇلار بەجايىكى غەربتىن ئىبارەت ماگنىت تاياقچىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن قىمىرلايدىغان تۆمۈر ئۇۋاقچىلىرىغا ئوخشاپ قالدى .

نەتىجىدە ، ئەھۋال قانداق بولدى؟ مەنپەئەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئىقتىسادىي قىممەت ھەممىنى بەلگىلەيدىغان نەرسە بولدى . ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى مەنپەئەت قانۇنى بويىچە چۈشەندۈرۈلدى . مەنپەئەت ، پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن جىددىي كۆرەشلەر باشلاندى . ئىنسان تەبىئىيىتىدە بولىدىغان روھىي قىممەتلەر (ئېتىقاد) ، ئەخلاقىي قىممەتلەر (ۋاپادارلىق ، سەمىمىيلىك ، دىيانەت) ، ئىنسانىي قىممەتلەر (ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى قۇتقۇزۇشلار ، ئىرق ، مىللەتتىن ھالقىغان رىشتىلەر ۋە ياردەملەر) يۇقىرىدىكى ئىقتىسادىي قىممەتنىڭ قوشۇمچە نەرسىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى ياكى ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى . چېركاۋلار قىممىتى ۋەيران بولغان كىشىلەر ئىزدەيدىغان ئايرىم نەرسىگە ، پوپلار جەسەت ساندۇقى ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئايلاندى . سەنئەتكارلار كىشىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسىغا ماسلاشماي ،سەنئەتنىڭ ئىچكى تەلەپلىرىنى قازىمەن دېسە ، جان باقالمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇلارنىڭ ئوڭ مېڭىسىدە سەنئەت ، سول مېڭىسىدە تىجارەت بولمىسا بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى . جۇڭگو تاكى 1970-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن ياشىدى . مىليونلاپ ئىنسان ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن بولغان كۆرەشتە ئۆلدى . مىليونلاپ ئىنسان ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن ياماق چاپان ، ياماق ئىشتان كىيگەن ھالدا قەھرىمان بولدى . مىليونلاپ ئىنسان ئىجاد قىلىش-بايلىق يارىتىشقا تېگىشلىك مېڭىسىنى ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشنىڭ جابدۇقلىرىغا ئايلاندۇرۇپ ، ئادىمىيلىككە ياتىدىغان تەبىئەتتىن مەھرۇم بولدى . سىرتقى دۇنيانىڭ يۈكسەك گۈللەنگەن ھالىتى 1840-يىلدىكى ئەنگلىيە زەمبىرەكلىرىدەك جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇر دەرۋازىسىنى سىلكىدى . ئاڭ فورمىسىنىڭ خۇمارى ئەپيۇننىڭ خۇمارىدىنمۇ دەھشەتلىك بولۇپ ، بۇ خۇمار تا بۈگۈنگىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن خالاس تاپمىدى . بىراق قانداقلا بولمىسۇن 1970-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان ئىسلاھات جۇڭگو ئۈچۈن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى ماددىي مەئىشەتنى يارىتىپ بەردى . شۇنداق قىلىپ ، 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىقتىسادىي قىممەت ئۇرۇشى پۈتكۈل دۇنيانى تەلتۆكۈس قاپلىدى . روھىي قىممەتلەر كىشىلىك جەمئىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلدى . ئالىيجاناب ئەخلاقىي قىممەتلەر مۇرەككەپ ماھىيەتلىك دىپلوماتىيە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋرەت لاتىسىغا ئايلاندى . تالاش-تارتىش ، كۆرەش ، تاجاۋۇز ، ئالدامچىلىق قۇرۇلۇشلىرى چىرايلىق ھەل بېرىلگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى بەيئەت قىلدۇرغان ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالدى . ئەينى دەۋرلەردە ھەربىي ئىشلارغا تەدبىقلانغان ھىيلە-مىكىر دەستۇرلىرى زامانغا يارىشا ھالدا قايتىدىن ئىشلىنىپ ، پۈتكۈل سودا ۋە ئىنسانىي ئالاقىلارغا تەدبىقلاندى (مەسىلەن ، ماكياۋېللىينىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ، كلاسسېۋىتزنىڭ «ئۇرۇش نەزەرىيىسى» ، جۇڭگودىكى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» ، «36 تەدبىر» ، «سۈنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» ) .

پەن-تېخنىكىنىڭ كۈچىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك . مۇبادا پەن-تېخنىكىنىڭ كۈچىگە بولغان ئىشىنىش چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتسە ، بۇ ، پەن خۇراپاتلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتدارلىق ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى قېزىش تۈپەيلى ئېغىر تەبىئەت كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . بۇ كرىزىس ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي كرىزىس (مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ،ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشى ، مائارىپنىڭ دوگمىلىشىشى ، قانۇننىڭ كۈچتىن قېلىشى . . . قاتارلىقلار) ۋە روھىي كرىزىس (ئۈمىدسىزلىك ، چۈشكۈنلۈك ، ئەقىدىسىزلىك ، روھىي كېسەللىك . . . ) نىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

20-ئەسىر شۇقەدەر ئەسەبىي قىلىقلار بىلەن تولغان ئەسىر بولدىكى ، كىشىلەر مۇقەددەس كىتابلاردىكى قىيامەت تەسۋىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى رېئال تۇرمۇشتىن يەتكۈدەك ئۇچرىتىشتى . ئىجادىيەت بىلەن بۇزغۇنچىلىق بالانس رەۋىشتە روياپقا چىقتى .

غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بۈگۈنكى روھىي كرىزىستىن ئاللىقاچان بېشارەت بېرىشكەنىدى . 19-ئەسىر دىنىي جەمئىيەت دەۋرى بولدى . ئاللانىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھەدىيە قىلغان ئېتىقاد ھوقۇقى ، قانۇن ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرى ئېپىسكوپلار ، پوپلار ۋە مىسسىيونېرلار تەرىپىدىن مونوپول قىلىندى . ئېتىقادتىكى ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىك ئەمەلدە يوق قىلىندى . شەخسنىڭ خۇدانى چۈشىنىش ۋە سېغىنىشتىكى ھوقۇقى تالان-تاراجغا ئۇچرىدى . شۇڭلاشقا گېرمانىيە پەيلاسوپى ف .نېتزى : «خۇدا ئۆلدى !» دەپ جاكارلىغانىدى . بۇ ئۆلگەن خۇدا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، خۇدانىڭ بارلىق بەندىلەرگە بولغان ئورتاقلىقى يوقىلىپ ، ئىجتىمائىي قاتلام ۋە دەرىجىلەرنىڭ غايىب شاھىدى بولۇپ قالدى . خرىستىئان دىندارلىرى بەئەينى ئۆلۈك خۇدانىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ، كىشىلەرگە ھەيۋە

قىلمىشقانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە خرىستىئان دىنىنىڭ پات ئارىدا ھاكىمىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلىشىدەك رېئاللىقنىڭ سايىسى يىراقتىن ئايان بولۇپ تۇراتتى .

رىستارلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى شائىرلارغا خاس رومانتىك دۇنيانىڭ زەربىگە يولۇقۇشىدىن دېرەك بېرەتتى . رىستارلىقنىڭ تۈگىشى ئىنساندىكى قىشلاقتا خاس تەبىئەتنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشىدۇر . بۇنداق چاغدا جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ھەرىكىتى مۇتەپەككۇرلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىدۇ-دە ، نوقۇل ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسىيونلۇق سەھنىگە چىقىدۇ . شۇڭا 19-ئەسىر ئىنسانلارنىڭ سەنئەتكە مايىل تەبىئىيتى بىلەن دىن ، ھوقۇققا مايىل تەبىئىيتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مەنزىرىسى بىلەن خاراكتېرلەندى . 19-ئەسىر چەت ئەل ئەدەبىياتى ۋەيران بولۇۋاتقان ئىنسانىي قىممەتكە ئوقۇلغان ھەسرەتلىك ناخشىدۇر . 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئادۋوكات (قانۇنچى) لار ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ ، ھاكىمىيەتنىڭ بېشىدىكى ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلەرگە ئايلاندى . سىياسىي رەڭۋازلىق دۆلەت باشقۇرۇش سەنئىتىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان ۋاسىتىلىرىغا ئايلاندى . سانائەت بىلەن ماشىنا ئىنساندىكى مۇنەۋۋەرلىك ۋە ئىجادىي كۈچنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى . شائىرلارنىڭ لىرىك سادالىرى ماشىنىلارنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرى ئىچىدە دىمىقىپ ، بوغۇق ئاڭلىنىدىغان ، ھەتتا ئەسەبىي چىرقىراشقا ئايلىنىپ قۇلاقنى يارىدىغان بولدى . مودېرنىزمچىلار ئىنسانلاردىكى روھىي بىمارلىقنى ماس شەكىللەر ، غەيرىي ئۇسلۇبلار بىلەن ئەينەن كۆرسەتتى . روشەنكى ، مودېرنىزممۇ بىر خىل رېئالىزم بولۇپ ، ئۇ ، بۇرمىلانغان ئىنسانىي چىنلىقنى بۇرمىلانغان تەپەككۇر شەكلىدە ئەينەن كۆرسەتتى . بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات روھىي ئازابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نالىسىنى چىڭقىلىپ توۋلىدى-دە ، ئەدىبلەر ئۆلدى — ئەدىبلەرنىڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى پەۋقۇلئاددە ئوبرازى خىرەلەشتى . 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ، دۆلەت سىياسىي ئىقتىسادنى مەركەز قىلىدىغان بولدى . ئەمدىلىكتە ئىقتىساد ئالىملىرى زۇڭتۇڭلار ، باش مىنىستىرلار ، پادىشاھلار ، ۋەزىرلەر ۋە سېكرېتارلارنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىگە ئايلاندى . ئىنسان قىممىتىنىڭ مەركەزلىك ئورنى شەكلەن مەسىلە بولۇپ قالدى . ئىنسانىيەت روھىي ، تەبىئىي مۇھىت ، ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىن تولۇق تەنھالىققا يەتتى . ھەل قىلىش قىيىن بولغان تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئىنسانلارنى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان ، تۈزۈك نەپەس ئالالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى . دېمەك ، بۇ دەۋردە ئىنسان ئۆلدى . غەرب مۇتەپەككۇرلىرى يۇقىرىقى ئۈچ ئۆلۈمنى ئايرىم-ئايرىم توۋلىغاندا ، خەۋپ ۋە شاۋقۇن-سۈرەن قاپلىغان تىنچسىز دۇنيا ئۇلارنىڭ ئاشۇ سەمىمىي ئاۋازىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن يۇتۇۋەتتى .

20-ئەسىردىكى پەن ۋە دېموكراتىيىگە يۈزلىنىشنىڭ تېنىمسىز دولقۇنلىرى جۇڭگو زېمىنىگە ئۇرۇلۇپ تۇردى . بۇ 100 يىل ئىچىدە جۇڭگونى ئاساسەن ئىدېئولوگىيە كۈرىشى ئېلىپ باردى ، دېسە بولىدۇ . بۇ جەرياندا سانسىزلىغان زىيالىيلار (ئەلۋەتتە غەربپەرەس زىيالىيلارمۇ) ۋەيران بولدى . ئاۋىئاماتىكىغا بېلىقچى كېمىسى بىلەن تاقابىل تۇرۇشتەك مەمەدانلىق جۇڭگونى خەلقئارا تەسىر ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە يېتىم قالدۇردى . جۇڭگو بۇنى ئاخىرى چۈشىنىپ يېتىپ ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەزى ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزدى . بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەر زور بولغان بولسىمۇ ، بىراق جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ، قىممەت قارىشى ۋە بىر پۈتۈن ساپاسىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ياسىيالمىدى .

يىغىپ ئېيتقاندا ، غەربتىمۇ ئادەم كرىزىسى مەۋجۇد ، بىراق بۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەرەققىياتنىڭ ۋايىغا يېتىشى ، ئەركىنلىك ، دېموكراتىيە مۇھىتىدىكى ئىجادىي روھنىڭ ئۇرغۇشىدىن كېيىنكى كرىزىس بولۇپ ، تەبىئەت جەمئىيەت ساھەلىرىدىكى ئەقىلنىڭ تويۇنۇشىدىن كەلگەن ، دېمەك ، غەربتىكى كرىزىس مۇكەممەل توقلۇقتىن كەلگەن . جۇڭگودىكى كرىزىسچۇ ؟ جۇڭگودا ئادەم كۆپ بولۇشقا قارىماي ، ئۇلاردىكى ئەقلىي قابىلىيەت بوغۇپ قويۇلغان . ئەقىلنىڭ بوغۇلۇشى پۇتنىڭ بوغۇلۇشىدىنمۇ يامان . نەتىجىدە كىشىلەر ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىشتىكى رولىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ، تاماق يەيدىغانلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغان . لى مىڭ ئەپەندى جۇڭگودىكى بۇ خىل كرىزىسنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن : «جۇڭگولۇقلارنىڭ كرىزىسى تارىختىن بۇيانقى ئەقلىي تەرەققىياتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن كەلگەن . بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار تەبىئىي پەندىكى ئەقلىيلىقتا كەمتۈك بولۇپلا قالماي ، بەلكى جەمئىيەت دېموكراتىيىسى جەھەتتىكى ئەقلىيلىقتىمۇ كەمتۈك . جۇڭگو دۇنيادىكى ئىلىم-پەن ۋە دېموكراتىيىنىڭ دولقۇنلىرىغا ئارقا-ئارقىدىن ئۇچراپ تۇرۇپمۇ ئاخىرقى بىر پارچە قاقشال زېمىن بولۇپ تۇرۇۋەردى» («جۇڭگو كرىزىسى»نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىن ئېلىندى . ئىسلاھات نەشرىياتى 1998-يىل 12-ئاي نەشرى) . دېمەك جۇڭگودىكى كرىزىس روھىي ۋە ماددىي جەھەتتىكى گادايلىقتىن كەلگەن . نەچچە ئەسىرلىك يىغىلىق ۋە موھتاجلىق جۇڭگولۇقلاردىكى روھىي ساپانىڭ يېتىلىشىگە زادى ئىمكان بەرمىگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ بىر مەزگىللىك تالان-تاراجى ، فېئودال ئىچكى كۈچلەرنىڭ زۇلۇمكارلىقى بۇ خەلقنى ئۆزىنىڭ كىملىكى ھەققىدە تۈزۈك ئويلاش پۇرسىتىگە

ئىگە قىلمىغان. ئەنگلىيە تارىخچىسى ئارنولدتويىنبى ئىنسانىيەت تارىخىدا يوقاپ كەتكەن 24 مەدەنىيەت (ئەلۋەتتە، 24 مىللەت-دۆلەت) نى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ يوقاپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب – ناھايىتى بالدۇر گۈللىنىپ كەتكەنلىكىدە، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. جۇڭگونىڭ كۆڭزى ئەقىدىسىنى ئۇمۇرتقا قىلغان مەدەنىيىتى گەرچە يوقاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى ئۇزۇن تارىخى ئەرزىمەس روھىي غالىبىيەتچىلىكنى پەيدا قىلغان-دە، ئەمەلىي ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالغان مەغرۇرلۇق ساقىت بولۇش قىيىن بولغان ئىرسىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئىرسىيەت دۇنيانىڭ «قاپ ئوتتۇرىسى» دا تۇرغان 中国 نى ئەجدادلىرىغا نېسىپ بولغان مەئىشەتتىن ئايرىۋەتكەن.

كۆڭزىنىڭ: «ئەجدادىڭنى ئۈرنەك قىل» دېگەن سۆزى جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ روشەن ئەينىكىدۇر. دەرۋەقە، جۇڭگودىكى ئىلىم تەھسىل قىلىش كۆڭزىنىڭ قائىدە-يوسۇن دەستۇرى، پاساھەتلىك شېئىر-نەزمەلەرنى پىششىق يادقا ئېلىش، خۇشخەت قىلىپ كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. سۆز قىلغاندا كونا كىتابلاردا ئىشلىتىلگەن ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىئوملارنى ئىشلىتىش تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ بەلگىسى بولدى.

كۆڭزى يەنە مۇنداق دېگەندى:

«بەگلەر خۇلقى شامالدۇر،
پۇقرا خۇلقى گىياھتۇر.
شامال ئۇچسا قايانغا،
گىياھ شۇيان ياتادۇر.»

جۇڭگىلىك فېئودال جۇڭگودىكى تىپىك ئۆلىما (زىيالىي دېگەن گەپ بىلەن ئوخشاش بولامدۇ، يوق؟ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىش كېرەك). لېكىن ئۇ شۇنچە مول بىلىمى ۋە ئەقىل-پاراسىتى بىلەن زاۋال تېپىۋاتقان خاندانلىقنى تىرىلدۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرۈپ، ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇمۇ «ئەجدادىنى ئۈرنەك قىلىش» نىڭ نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۇن ۋۇكۇڭ بىرلا چەمبىرەك بىلەن ئۆزىگە قارىغاندا قابىلىيەتسىز، ھاماقەت تاڭ سىڭغا باغلىنىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. ھەتتا كۆڭزىنىڭ ئۆزىمۇ ئوردا ئىچىگە تەلمۈرۈپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. روشەنكى، جۇڭگو تارىخىدىكى ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ زېھنىي كۈچىنى كونىنى تىرىلدۈرۈش، ھاكىمىيەتنى بېزەش ئۈچۈن سەرپ قىلىشىپ، دىلىدىكى ئارمانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىشكەن. ئۇلار بۇ خىل ئوبرازى بىلەن خەلققە ئۆزىنى پرومېتېدەك بېغىشلايدىغان قەھرىمانلاردىن تولىمۇ يىراقتا تۇرىدۇ.

غەرب زىيالىيلىرى ئۆز دەۋرى سىغدۇرالمايدىغان ئىلمىي قىياس ۋە ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا ئېتىپ بالاغا قېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەربىر ئۆز دەۋرىنىڭ بىباھا گۆھەرلىرىگە ئايلىنالىغان. تارىخ ھەرقانچە بەدنىيەت بولسىمۇ، تەبىئەت بىلەن ئىنساندىكى پىتىرەت (تەبىئەت) گە بېقىنىدۇ، قانداقتۇر بىر مۇقەررەر قانۇنىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، تارىخ ئۆزى قۇربان قىلىۋەتكەن ھەقىقەتچىلەرنىڭ قەبرىسىگە باش ئۇرۇپ، ئۆزىگە ئاشۇ قەبرىنىڭ توپىسى بىلەن ئۇل سالىدۇ.

ۋەھالەنكى، پاكىزە قەبرە تاپقىلى بولمىسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇمۇ بىر مەسىلە.

لى مىڭ ئەپەندى «زىيالىيلارنىڭ بۇرچى ۋە تەقدىرى» دېگەن ماقالىسىدە يۈز-خاتىرە قىلمىغان ھالدا جۇڭگودا زىيالىيلارنىڭ پەيدا بولۇشى «4-ماي» دىن كېيىنكى ئىش، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە لۇشۈننى نادانلىق، كونىلىققا قارشى ئىسيانكارلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا نەچچە ئون يىللاردىن بۇيانقى زىيالىيلار پاجىئەسىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.

زىيالىيلار جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرىدۇر. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى-كەينىدىكى مۇقىمسىز ئىجتىمائىي ۋەزىيەت دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇشتا رول ئوينايدىغان كەسپىي سەرخىللارنى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىدى.

مانا ھازىر جۇڭگو جەمئىيىتىدە شەھەرلىشىش تېزلەشتى، شەھەرلەردە كۆككە تاقاشقان بىنالار، ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەر زامانغا يارىشا ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى. خۇسۇسىي ماشىنىلار كۆپەيدى، كاستيۇم-بۇرۇلكا، شىبلىت كىيىش ئومۇملاشتى. قوللىرىغا يان تېلېفون ئېلىۋالغان دىرېكتور ئەپەندىلەرنىڭ سالاپەتلىك تۇرقى ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ. بىراق بۇلار يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن-ھۈسەنگە ئوخشايدۇ. ئۇلار گۈزەل بولغىنى بىلەن كۆۋرۈك قىلىپ ماڭغىلى بولمايدۇ، قۇرغاق ھاۋا ئەسلىگە كەلسىلا، بۇ رەڭگا-رەڭ ھەسەن-ھۈسەن كۆرۈنمەي قالىدۇ. بۈگۈنكى گۈللىنىۋاتقان جۇڭگودا ئىككى قۇتۇپلىشىش روشەنلىشىپ، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە يوقالغان ئىككى قۇتۇپنىڭ ئۆزگىچە ۋارىيانتى باش كۆتۈردى. ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەندى، ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ نىسبىتى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن سەۋىيىنى ياراتتى. مەسىلەن، جۇڭگو تارىخىدا مەنسەپدار بىلەن پۇقرانىڭ نىسبىتى مۇنداق ئۆسكەن:

خەن دەۋرىدە 1 : 7945
تاڭ دەۋرىدە 1 : 3927
چىڭ دەۋرىدە 1 : 911
ھازىر 1 : 30

(«7-قېتىملىق ئىنقىلاب» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. «ئىقتىساد گېزىتى» نەشرىياتى 1998-يىل 4-ئايدىكى نەشرى)

روشەنكى، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش يەنىلا مەنسەپدارلارنىڭ

كۆپىيىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن، پارىخورلۇق، چىرىكلىك باش كۆتۈرگەن.

ئىقتىسادىي ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، بىر قىسىملارنىڭ ئالدىن بېيىشى تەشەببۇس قىلىنىۋىدى، باي-كەمبەغەللىك پەرقى زىيادە چوڭ بولۇپ كەتتى. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگو نوپۇسىنىڭ 3% گە يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ بانكىغا قويغان ئامانىتى پۈتكۈل مەملىكەتتىكى يېزا-بازار ئامانىتىنىڭ 28% نى ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ تېپىلغان.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھۋاللارنى ئالساق، ئۈرۈمچىنىڭ مەلۇم بىر مېھمانخانىسىدىكى بىر قېتىملىق ئادەتتىكى زىياپەتكە كەتكەن پۇل خوتەن يېزىلىرىدىكى بەزى دېھقانلارنىڭ نەچچە يىللىق كىرىمىدىن چوڭ. ئادەتتىكى بىر شىرە زىياپەت بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاساسلىق مائاشىنىڭ بىر يېرىم ياكى ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ (ئەلۋەتتە، ئايلىق مائاشى كۆزدە تۇتۇلىۋاتىدۇ).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىش سۇپىتى، تاۋار سۇپىتى، ئادەم سۇپىتى، ئىشسىزلىق قاتارلىق ئامىللار يېڭىباشتىن ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە.

زامانىمىز كرىزىس تۇيغۇسىغا ئىگە زىيالىيلارنى يېتىشتۈرمەكتە. بۇ پاتئارىدىكى كرىزىس تۇيغۇسىغا ئىگە رەھبەرلەردىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇلار ئويلىنىماقتا، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى سۈپىتىدە ئىلغار تەكلىپ-لايىھىلەرنى سۇنماقتا.

3

بىزمۇ كرىزىستە تۇرۇۋاتىمىز. بىراق بىزنىڭ ھازىرقى كرىزىسىمىز ھېچكىمنىڭ كرىزىسىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ كرىزىس دەل كرىزىسنىڭ كرىزىس پېتى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىشىدىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۆزىگە خاسيەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىك، تارىخىي كەچۈرمىش، ئىگىلىك سىستېمىسى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئارقىلىق باشقا رايونلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ رايون بىز خوشلىشىۋاتقان 20-ئەسىردە مۇرەككەپ تارىخنى باشتىن كەچۈردى. بۇ رايون ئوخشىمىغان چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىنىڭ بىۋاستە سەھنىسى ۋە ئوبيېكتى بولدى. بۆلگۈنچى مىللەتارىستلار بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنى خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ زامانىۋىيلىشىشىنى توستى. زىيالىيلار قوشۇنىنى خەلققە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان دەرىجىدە چەكلىدى. ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق، سۇيىقەست قاتارلىق سىياسىي ۋاستىلەر تۈپەيلىدىن ھالسىرىغان بۇ زېمىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ

يېڭى قىياپەتتىكى تۇرمۇشىنى باشلىدى. ئەلۋەتتە، 50 يىلدىن بۇيان پۈتكۈل مەملىكەتتە بولۇپ ئۆتكەن ئىسسىق-سوغاقلار بۇ يەردىمۇ بولدى. گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشلار بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىچكى-تاشقى قىياپەتلىرىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. بىز بۇ ئالامەتلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋالالايمىز:

1. قاتناش تەرەققىي قىلىپ، بۇرۇنقى تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئورنىنى ئايروپىلان، پويىزلار ئىگىلىدى. ئات-خېچىرلارنىڭ ئورنىنى ماشىنا، ئاپتوبۇسلار ئىگىلىدى. دىيارىمىزدىكى تاش يول ئۇزۇنلۇق جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ تاشيوللارنىڭ ئەڭ يىراق مۇساپىسىنى ئىككى كېچە-كۈندۈزدە، كېچىككەندە ئۈچ كېچە-كۈندۈزدە بېسىپ بولغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال رايونىمىزدىكى سودا-سېتىق، مەدەنىيەت-مائارىپ ئالاقىلىرىنى راۋانلاشتۇردى، شۇنداقلا ۋىلايەتلەر ئارا كۆرۈلىدىغان ئۆرپ-ئادەت، خۇلق-مىجەز، تەپەككۇر پەرقىنى ئازايتتى. يەرلىك پىسخىكىنىڭ ئورتاقلىق تەرىپى ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى.

ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئېھتىياج قانۇنى بويىچە يۆرۈشلىشىشى بىر قەدەر ئەۋزەل كاپالەتكە ئىگە بولغاچقا ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشىگە زۆرۈر بولىدىغان ئەمگەك كۈچلىرى ئۆز رولىنى نىسبەتەن جارى قىلدۇردى، شۇنداقلا ئۇلار يېڭى ساھە، يېڭى ئېھتىياج ئالدىدا ئېھتىياجنى، سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈشكە توغرا كېلىپ قالاق، قاتمال قىممەت قارىشىنى مەلۇم مەنىدە ئۆزگەرتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ئىستىخىيىلىك ھالدا توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەربىر بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، كۆپ يۈكسىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۆز يېزىسىغا مەھكۇم بولۇپ، نوقۇل دېھقانچىلىققا يۆلىنىپ قالغان بىر دېھقانغا قارىغاندا، لەنجۇ، گۇاڭجۇلارغا كىرىپ كاۋاپچىلىق قىلغان دېھقاننىڭ ئېڭى بىر قەدەر يۈكسەلگەن بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر دېھقاننىڭ تىجارەت قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يەر-مۈلۈكلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل تاشلىۋېتىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەرقانداق زور بايلىق زېمىن بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، زېمىنىدىن ئايرىلغان ھالدىكى بايلىق ئۆز كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ۋەتەننى ئارقا كۆرۈنۈش قىلمىغان بايلىق بەرىكەت تاپمايدۇ. خەلقىمىز تىجارەت قىلدىم دەپ پاك-ھالال ئەقىدىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ئاخىرى ئۇزۇل-كېسىل بەربات بولغان پەرزەنتلەرنى ئاز كۆرمىدى. ئۇلار ئۆز خەلقى ۋە ئاتا-ئانىسىغا ئەسقېتىش تۈگۈل، ئۇلارنىڭ باغرىنى خۇن قىلدى.

ھېكمەت:

«ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانغا ئەلدۇر،

ئەگەر مىڭ يىل ئىبادەت قىلسا يەلدۇر.»

بىر ئىشنى قىلىشتا مۇددىئا ئايدىڭ بولۇشى

كېرەك ، شۇنداقلا هالال-توغرا بولۇشى كېرەك . هايۋاندا ئەقىدە بولمىغاچقا ، ئۇنىڭ چاكارلىقىدىن ئۆزگە ئەۋلادى ئۈچۈن ھېچبىر نىشان قالمىدى . ئېشەكنى ھەجگە ئېلىپ بارسا ، ئېشەك يېتى قايتىپ كېلىدۇ ، چۈنكى ئۇ ئۆزى بارغان ئەمەس ، بەلكى ئاپىرىلغان . ئادىمىي ھايۋان ئۈچۈن ئەقىدىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ . ئەقىدە پەقەت ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ، نەدىن كېلىپ نەگە كېتىدىغانلىقىنى تونۇغان ، ئىش-ھەرىكىتىنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلگەن ئادەمگە قارىتا ئېيتىلىدۇ .

2 . يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئۇسۇلىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى . ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى خۇسۇسىي ئىگىلىك كوللېكتىۋىزمچە ئۇسۇلغا ئۆتتى ، ئاخىرىدا ھۆددىگەرلىك شەكلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىككە كۆچتى . ۋاستە جەھەتتە ئەسلىدىكى كالا ، ئات ، ئېشەكلەرنىڭ ئورنىنى قىسمەن ھالدا تراكتور ئىگىلىدى ، جۇۋازنىڭ ئورنىنى ماي زاۋۇتى ياكى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق-ماي دۇكانلىرى ئىگىلىدى . ئەسلىدىكى تۈگمەننىڭ ئورنىنى ئۇن زاۋۇتلىرى ئىگىلىدى . يېزىلارغا ئېلېكتر يېتىپ باردى . ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرى بۇرۇنقىغا نىسبەتەن بىر قەدەر قولايلاشتى . ئۇنۇمىمۇ يامان ئەمەس بولدى . خىمىيىۋى ئوغۇت ، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىقلار مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېزىلارغا كەڭ تارقىتىلدى . بىراق بۇ ئۆزنۆۋىتىدە تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشى ، دېھقانچىلىق ئەسلىھەلىرىگە كېتىدىغان چىقىمنىڭ زورىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

يەرلىك دېھقانلار ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن ماشىنا ئىشلىتىشكە ، ھەتتا بىر قىسىملىرى ئىلمىي باغۋەنچىلىك ، ئىلمىي دېھقانچىلىققا يۈزلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇ سەۋىيىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى يەنىلا كېڭىيىپ كېتەلمىدى . دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما يېزا ئىگىلىكىگە كېتىدىغان مەنقۇلاتلارنىڭ چىقىمى كىرىم بىلەن پەرقلەنمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى . ئەگەر دېھقاننىڭ ۋاقتى بىلەن جىسمانىي كۈچىنى سېلىشتۇرما قاتارىدا ھېسابلاشقا توغرا كەلسە ، ئۇ چاغدا دېھقان ئۆز مېھنىتىدىن نەپكە ئېرىشمىگەن بولىدۇ .

ئادەتتە ئىقتىسادشۇناسلار تاپقان كىرىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى يېمەكلىك ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئائىلىنى نامرات ھېسابلايدۇ . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا 360 كۈن دېگۈدەك قورساق ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان دېھقانلار قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ ؟ بۇنى بىز ئىقتىساد خادىملىرىنىڭ جاۋاب بېرىشىگە قالدۇرىمىز .

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدا مەلۇم دەرىجىدە ماشىنىلىشىش بولدى . بۇ ، ھايۋان كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قاششاق ھالەتنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ ، ئەكسىچە ئۇ بۈگۈنكى يېزىلار قىياپىتىدىن يەنىلا ئېنىق كۆزگە چېلىقىدۇ . ئىقتىسادى بىر قەدەر ياخشى ئائىلىلەر بىر قىسىم ماشىنا-سايمانغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، يېزا ئىگىلىكى ماھىيەت جەھەتتىن ئەنئەنىۋى تۈستە تۇرۇۋەردى . ھۆل-يېغىن ، تەبىئىي دەريا-ئېقىنلارغا تايىنىپ سۇغۇرۇش ئېلىپ بېرىش ، يەرگە باغلىنىش ، ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ كۆپەيمەسلىكى ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئىگىلىكنىڭ ئاساسلىق تەسۋىرىدۇر . يەرلىك ئورۇننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغان ئادەتتىكى سانائەتلەرمۇ بولمىغاچقا ، ئەسلىدە بار بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك زامانىنىڭ شاللىنىشىغا دۇچ كەلدى . نەتىجىدە دېھقانلار تۈرلۈك ئۆي سايمانلىرى ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئېرىشىش جەھەتتە نوقۇل ئىستېمالچى ھالەتكە چۈشۈپ قالدى .

نوقۇل يەرگە باغلىنىش ، بىر تۇتاش پىلانلانغان مەھسۇلات ئۈچۈن ئىشلەش بۈگۈنكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى . بۇنداق ھالەت ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى ئادەت كۈچلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ تاشلىيالمىدى . ئادەتتە ، ئادەت كۈچىنىڭ ئىككى خىل رولى بولىدۇ ، ئۇنىڭ بىرى ، ئەنئەنىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، يەنە بىرى ، جانلىق ، ئىجادىي ماسلىشىشقا توسالغۇ بولۇش . بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان ئادەت كۈچى بېكىنمە رايون كىشىلىرىدە بولىدىغان خاراكتېر جاھىللىقى ، كاللا ئىشلىتىش جەھەتتىكى قاتماللىق ، تەۋەككۇلچىلىك روھىنىڭ يوق بولۇشى ، تەشكىللىنىش ، تەدبىقلاش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز بولۇشى ، ياقا يۇرتلارغا ئىنتىلىشنىڭ سۇس بولۇشى قاتارلىق ئالامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ .

ئىجادكار خەلق ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت ، ئېچىۋېتىلگەن سىستېمىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەتكى ، ئادەم ئۆزىدىكى قابىلىيەتنى ئىجتىمائىي مۇھىتقا يارىشا جارى قىلدۇرىدۇ .

ئامېرىكا ئىقتىسادشۇناسى سامولسېن ۋە نودخۇسلار مۇنداق قارايدۇ : «نۇرغۇن نامرات كىشىلەر تەربىيە كۆرمىگەن بولىدۇ ، ئۇلار ئىقتىسادى توختاپ قالغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشايدۇ ياكى شەھەرلەردىكى نامراتلار رايونىدا يېگانە ھالدا تۇرۇپ قالغان» ( «ئىقتىساد ئىلمى» ، جۇڭگو تەرەققىيات نەشرىياتى ، 21-نەشرى )

نامراتلىق كىشىنىڭ مائارىپتىكى سۈپىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ، مائارىپ جەھەتتىكى سۈپەتسىزلىك نامراتلىقنى نەچچە ھەسسە قاتلايدۇ ، بۇ ئاخىرى بېرىپ جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىق ۋە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ .

3 . سودا-سېتىق بۇرۇنقىغا نىسبەتەن كۆپ

جانلاندى . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ھۆكۈمەت شەخسكە نېمە يېيىش ، نېمە كىيىش ، نەدە تۇرۇشنى ئېيتىپ بېرىدىغان ۋەزىيەت شەخسلەر ناھىيىلەر ئارا ، ۋىلايەت-ئوبلاستلار ئارا سودا قىلىدىغان ، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋەزىيەتكە ئۆزگەردى . يېڭى جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئەۋزەل ۋەزىيەت 80-يىللار ۋە 90-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خېلى ئوبدان جانلاندى . 70-يىللاردا بىر قاپ سەرەڭگە تېپىشمۇ بەسى مۇشكۇل ئىدى ، كىشىلەر ھازىر زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېشىكى ئالدىدىكى بوتكا ياكى ماگىزىنلاردىن بىمالال سېتىۋالىدىغان بولدى . يەرلىك خەلق باغبارانلىرى ۋە ئېتىزلىرىدىن چىققان بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى ساتمايتتى . تارىختىكى يىپەك يوللىرىنى ئېچىپ ھىندىستان ، چاڭئەن ، ئىراق ، ئىران ، يۇنانلارغا بېرىپ سودا قىلغان ، جاھاندا سودىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزگە ئەللەرگە تونۇتقان بۇ خەلق بىر مەزگىللىك بېكىنمە تارىختىن كېيىن گاڭگىراش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى ، چۈنكى بۇ خەلق بازارغا بىر نەرسە ئېلىپ چىقىپ سېتىش جىنايەت ھېسابلىنىدىغان غەلىتە دەۋرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ، بۇ ھەقتە بىھېساب ئاچچىق ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈردى . تەئەججۈپكى ، ئاشۇ رېئاللىقنى ھازىرقى رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، زامان ئەلپازىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ نەقەدەر مەنتىقسىز بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى . مانا ھازىر بازار دېگەن ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە يەتتى ، گويا ھەممە ئادەم «سودىگەر» بولدى . كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ، ئىنساننىڭ ئىززىتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ۋۇجۇد بايلىقلىرىنىمۇ بازارغا يۈزلەندۈردى . كېلىشكەن بەدەن ، دىلرەبا كۆز ، ئوتقاشتەك لەۋلەر مۇلازىمەتچىلىكنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىلھىنتلىرىغا ئايلاندى .

بۇ جەرياندا شۇنداق بىر ئاقىۋەت يۈز بەردىكى ، بازارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا زور بىر ھاڭ پەيدا بولدى . جۈملىدىن ، ھازىرقى بازار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن يىراق بىر ئارىلىقنى شەكىللەندۈردى-كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى روشەن ھالدا ئىلگىرى سۈردى .

شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى ، بۇ يەردىكى سودا بىر بولسا خام ئەشيا سودىسى ، بىر بولسا تەييار مەھسۇلاتلارنى يۆتكەپ سېتىش سودىسىدىن ئىبارەت بولغاچقا ، كىشىلەرگە قويۇلىدىغان مەدەنىيەت ، كەسپ جەھەتلەردىكى سەۋىيە تەلىپى چوڭ بولمايدۇ . شۇڭلاشقا ، كىشىلىرىمىزنىڭ ئىلكىدە پۇل كۆپەيسىمۇ ، ئۇلارنىڭ سودا ھەققىدە ھاسىل قىلغان بىلىملىرى تەسىراتلار يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولدى . ئۇلاردا سودا ۋەزىيىتىنىڭ ئىچكى-تاشقى ئامىللىرىنى بىلىشكە قىزىقىشتەك ئىستىخىيىلىك ئاڭ مەۋجۇد بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى تەھلىل قىلىپ ، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن پايدىلىنىش پۇرسىتىنى ئاڭلىق ھالدا يارىتىش ، قولىدىكى پۇللارنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ مۇلازىمەت ، كەسپ ، تىجارەتنىڭ يېڭى ، زامانىۋى تۈرلىرىنى بەرپا قىلىش ، سالمىقى چوڭ بولغان كارخانا-زاۋۇتلارنى قۇرۇپ ، ئىلمىي باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كىرگەن سۈپەتلىك ئادەملەرنى تەربىيىلەش ، ئۆز يۇرتىغا مەدەنىيەت ، بىلىم كىرگۈزۈش ، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش قاتارلىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭدا تۈپ سەۋەب بولمىغاندىمۇ ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ ياخشى تەربىيە كۆرمىگەنلىكى ، يەنە بىرى ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەپ ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدىن ئىبارەت .

كىشىلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى مۇساپايوفلار جەمەتىنى ئەسلىسە شۇنى بايقايدۇكى ، ئۇلار ھەم سودا قىلغان ، ھەم مۇتەخەسسىسلەرنى يۇرتقا تەكلىپ قىلغان ، ھەم ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ زاۋۇت قۇرۇپ ، كېرەكلىك بۇيۇملارنى بىۋاستە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ، بىر بۆلۈك ئادەملەرنى ئاشۇ ساھەلەر بويىچە تەربىيىلىگەن . مانا بۇ قۇرۇق نەزەرىيىلەر ، ۋەز-نەسىھەتلەردىن تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرگە قارىغاندا ئەڭ ئەمەلىي ، ھاياتىي كۈچى ئەڭ زور بولغان ھەقىقىي مائارىپ ! يەنە شۇنى ئەسلەش كېرەككى ، ئۇلار يۇقىرىقىلارنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىپ سۈپەتلىك كىشىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان ، ھەتتا دەرسلىك قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنىنىمۇ زامانغا لايىق ئورۇنلاشتۇرغان . مانا بۇ مەكتەپ ، جەمئىيەت ۋە زامان بىر گەۋدىلەشكەن تىرىك مائارىپ ! بۇ ئەھۋاللار ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەرنىڭ روھىغا ۋە ساپاسىغا مۆلچەرلىگۈسىز ئاكتىپ تەسىرلەرنى بەرگەنكى ، ئاشۇ خىل ئىلغارلىق تەسىرىدىكى يارامىلىق ئادەملەر بىزنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر كۆچ بېرىپ كەلگەن .

كىشىلەر يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا شۇنچە قايىل . بىزدە يەھۇدىيلارنىڭ سودا سەنئىتى ، سۆھبەت سەنئىتىگە دائىر بەزى كىتابلارمۇ نەشر قىلىندى . ئۇلار سودىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازاندى ؟ بۇ يەردە ئوقۇرمەنلىرى-مىزنىڭ مۇلاھىزىسىغا ئەگىشىپ چارچاپ كەتكەن مېڭىسىگە كىچىككىنە ئارام بېرىش ئۈچۈن يەھۇدىيلاردىكى بىر رىۋايەتنى تەنەپپۇسلۇق سوۋغا سۈپىتىدە ئېيتىپ بېرىشنى لايىق تاپتىم . لېكىن ئوقۇرمەنلىرىمىزدە ئاز-تولا تەھلىل بولۇشى كېرەك .

شۇنىڭدىلا ھېكمەت تاپالايدۇ . يەھۇدىيلاردىن ئۆگىنىش يەھۇدىي بولۇپ كېتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ . كىشىدە ئۆز ۋەتىنى ، ئۆز خەلقىگە لايىق توغرا ئەقىدە بولغاندىلا ، ئاندىن يات ئەقىدىلەرگە ئەگىشىپ كەتمەيدۇ ، بەلكى يات ئەقىدىلەردىن تېگىشلىك ۋاستە ۋە تاكتىكا قوبۇل قىلالايدۇ .

مەزكۇر رىۋايەت مۇنداق :

«بىر ئېسىلزادە يىراق بىر ئەلنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ . ئۇ ، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن 10 نەپەر خىزمەتكارىنى ئالدىغا چاقىرىپ ، ھەر بىرىگە بىردىن يامبۇ بېرىپ مۇنداق تاپىلاپتۇ :

-سىلەر بېرىپ سودا قىلىڭلار ، مەن قايتقاندىن كېيىن ئاندىن كېلىڭلار .

بۇ ئېسىلزادە تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ .

ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ ، دەرۋەقە ، ئۇ ھېلىقى ئەلگە ئىگە بوپتۇ . ئۇ ، غەلىبە-نۇسرەت بىلەن قايتىپتۇ . ئۇ ، يامبۇ تارقىتىپ بەرگەن ھېلىقى 10 خىزمەتكارىنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇلاردىن سودىدا قانچىلىك پۇل تاپقانلىقىنى سوراپتۇ .

بىرىنچىسى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ :

-ئى خوجايىن ، سىز ماڭا بەرگەن بىر يامبۇنى 10 قىلدىم .

- ياخشى ، ئاقكۆڭۈل خىزمەتچىم ، - دەپ ئۇنى ماختاپتۇ خوجايىن ، -ئەڭ كىچىك ئىشتىمۇ ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەچكە ، مەن ساڭا 10 شەھەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردىم .

ئىككىنچىسى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ :

- ئى خوجايىن ، سىز ماڭا تاپشۇرغان بىر يامبۇنى 5 قىلدىم .

- بۇمۇ ياخشى ، - دەپتۇ خوجايىن ، - سەن 5 شەھەرنى باشقۇرساڭ بولىدۇ .

يەنە بىرى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ :

-ئى خوجايىن ، مانا قاراڭ ، سىز بەرگەن بىر يامبۇ مەيەردە ، تېخى تەگمىدىم ! قورقۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقالماي ، ياغلىقىمغا تۈگۈپ ساقلاپ كەلدىم . مەن سىزدىن قورقاتتىم ، چۈنكى سىز قاتتىق يامان ئادەم ، قويمىغان نەرسىنىمۇ ئالىسىز ، تېرىمىغاننىمۇ يىغىسىز . . .

خوجايىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ئۆكۈپ-تاتىرىپ ئۇنى ئەيىبلەپ كېتىپتۇ :

- ھوي ئوسال مالاي ، ئاغزىڭدىن چىققان گېپىڭگە يارىشا ئەدىبىڭنى بېرىمەن ! سەن مېنىڭ قاتتىق يامان ئادەم ئىكەنلىكىمنى ، قويمىغان نەرسىنىمۇ ئالىدىغان ، تېرىمىغان نەرسىنىمۇ يىغىدىغانلىقىمنى بىلگەندىكىن نېمىشقا يامبۇنى بانكىغا قويۇپ ، مەن قايتىپ كەلگەن چاغدا ئۆزىنى ۋە ئۆسۈمىنى ئەكەلمەيسەن ؟

ئۇ ، شۇ گەپلەرنى قىلىپ يېنىدا ئۆرە تۇرغان بىرەيلەنگە دەپتۇ :

- ئۇنىڭدىن ئاۋۇ بىر يامبۇنى ئېلىپ ، بىرنى 10 قىلغان خىزمەتكارغا بەرگىن .

- خوجايىن ،-دەپتۇ يېنىدا تۇرغان ئادەم ، -ئۇ ، 10 يامبۇ پايدا تاپتىغۇ ؟

- مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى ، - دەپتۇ خوجايىن ، - پايدا ئالالىغانلارنىڭكىنى ئۇنىڭدا بارلىرى بىلەن قوشۇپ تارتۇۋېلىش كېرەك . پايدا تاپقانلارغا بولسا قوشۇپ بېرىش ۋە ئۇنى ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللاندۇرۇش كېرەك» .

بۇ بىر ھېكايە . بىراق ئۇنىڭدىن بىر دۆلەتنىڭ مالىيە لوگىكىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . دۇنيادا پۇلدىنمۇ مۇھىم نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئەستە تۇتقان ھالدا تىجارەت قىلىش كىشىنى پۇلنىڭ قولىغا ئايلاندۇرمايدۇ ، بەلكى پۇلنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ . چۈنكى ھاياتتا پۇل كېرەككە كەلمەيدىغان چاغلار كېرەككە كېلىدىغان چاغلاردىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن . پۇل تېپىشتىكى غايە ۋە مەقسەتنى توغرا ھەل قىلالمىغان ئادەم مەڭگۈلۈك نامراتلىقتا مىخلانغان بولىدۇ . ھېكايىدىن مەلۇمكى ، ھاكىمىيەت پۇل تېپىشنىڭ ئېپى بىلەن ساخاۋەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنگەنلەرگە ، شۇنداقلا قانداق تەشكىللەشنى بىلگەنلەرگە مەنسۇپ . بۇ يەرگە كەلگەندە كىشىلەرنىڭ سەمىگە مۇھەممەد باھاۋىددىن نەقشبەندىي (1388-يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ : «دىلىڭ ئىماندا بولسۇن ، قولۇڭ ئىشتا (بولسۇن)» دېگەن سۆزىنى سېلىپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولماس .

4 . تېلېۋىزور بۇ يەرنىڭ كىشىلىرىگە سىرتقى دۇنيانىڭ ماددىي كۆرۈنۈشلىرى ، شەكىل-فورمىلىرى ، ياشاش تەرزلىرىنى ھېسسىي رەۋىشتە تونۇشتۇردى ، بولۇپمۇ سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ پەيدا بولۇشى چەت ئەل تۇرمۇشىنىڭ رېژىسسورلار نەزەرىدىكى ئۆزگەرتىلگەن ، پىششىقلانغان ياكى بۇرمىلانغان ۋارىيانتىنى كۆپلەپ يۈز كۆرۈشتۈردى . ئارقىدىنلا سىنئالغۇ ، سىنقويغۇ ئاپپاراتلىرىنىڭ تارىلىشى ، LD ، VCD ، CD پلاستىنكىلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئومۇملىششى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غەربچە مۇھەببەت شەكلى ، تۇرمۇش شەكلى ، غەربچە مۇناسىۋەت شەكلى ، غەربچە قائىدە-يوسۇنلارغا تولدۇرۇۋەتتى ۋە ياشلارنىڭ ئېڭى ، قىممەت قارىشىنى تېز ئۆزگەرتىپ تاشلىدى . نەتىجىدە ، بىر ئائىلىدە ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي نىزامدا سۈركىلىش پەيدا بولۇپ ، ئاتا-ئانا ۋە بالا ھەمجەھەتلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللىي ئەخلاق ئەنئەنىسى قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلدى . ئائىلە تەربىيىسى (شەھەرلەردىكى مىللىي ئائىلىلەردە ئائىلە تەربىيىسى دېگەن نەرسە بارغانسېرى يوقىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدى) .مەكتەپ تەربىيىسى قاتارلىقلار جەمئىيەتتىكى

چىرىكلىكلەرنىڭ تەسىرى ئالدىدا ئۈنۈم بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسى دەۋرنىڭ قارا دولقۇنلىرى ئىچىدە قالدى. يىگىتلەر نىكاھقا كەلگەندە قىزلىق ئىپپەتكە قاتتىق دىققەت قىلىشتىن سەل قاراشقا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزلىق ئىپپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنىڭ تىجارەت شەكلى سۈپىتىدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىپپەتكە قويۇلىدىغان نازۇك تەلەپنى مۈجمەللەشتۈرۈۋەتتى. خىرويىن بىلەن ئەيدىز كېسىلى ئائىلىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشى ۋە مۈلكى ئاساسىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. ھاراق كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادى، ۋاقتى ۋە سالامەتلىكىنى خورىتىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك چىرىتكۈچكە ئايلاندى.

بىز ھازىر كىيىم-كېچەك فورمىلىرى جەھەتتە دۇنياغا يۈزلەندۇق. غەربچە تۇرمۇشقا ياتىدىغان يېڭى يىل بايرىمى، تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى شەھەرلىك كىشىلىرىمىزگە ئۆزلەشتى. چاچلىرىنى ئالتۇن رەڭگە بويىغان، مادوننانىڭ سىياقىدا كىيىنىۋالغان قىزلار، HILTON، KENT ماركىلىق سىگارتلارنى چېكىپ، ۋېسكى، برانديلارنى ئىچىپ يۈرىدىغان يىگىتلەرمۇ بىزدە كۆرۈلمەكتە. ئەلۋەتتە، ياغلىق ۋە روماللارغا چۈمكىلىپ يۈرىدىغان قىز-ئاياللىرىمىزمۇ بار. رەستىلەردە غەربچە مۇلازىمەت قىلىدىغان رېستورانلار بىلەن كىچىك ئاشپۇزۇللار گىرەلىشىپ كەتكەن. رېستورانلاردا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل بىلەن تانسا ـ دىسكولار بىرلىشىپ كەتكەن. ناخشا-ئۇسسۇللىرىمىزدىمۇ نۇرغۇن ئىقلىملارنى دوراپ، مىللىي مېلودىيىلىرىمىزنىمۇ ئەبجەش بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدۇق.

قارىغاندا، بىز خەۋەر تاپقانلىكى دائىرىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىمپورت قىپتۇق. بىز ھازىر يەر شارىدىكى ھەرقانداق مۇراسىم قائىدىلىرى، يەپ-ئىچىش ئۇسسۇللىرىنى ئۆزىمىزگە مۇجەسسەم قىلىپ، شەنبە-يەكشەنبىلىرىمىزدە، ھەتتا ھەپتە ئارىلىقلىرىدىكى ئاخشاملاردىمۇ خالىغانچە سورۇن تۈزۈدىغان، توي ۋە چايغا ئالدىراپ مېڭىشقان كىشىلەر كوچىلاردا بىر-بىرىمىزگە تەكرار دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان بوپقالدۇق. كەچلەردە باللار بىلەن بىللە بولۇپ ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىسىنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت ئەۋلاد قوغداش ئىشىغا سەل قارايمىزكى، بىرەر قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن قېلىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەلبى دۇنيادىكى ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە مۇراسىملارنىڭ مۇزېيىغا ياكى ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندى. بىز ھاراق ئىچتۇق، بىراق ھاراق ئىشلەيدىغان تېخنىكىغا قىزىقمىدۇق؛ تېلېۋىزور، توڭلاتقۇلارنى ئىستېمال قىلدۇق، ئەمما ئۇنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگەنمىدۇق. غەربچە كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، قائىدە-يوسۇنلارنى ئەكىردۇق، بىراق ئۇلارنىڭ ئىجادچان روھىنى ئەكىرمىدۇق. خىرويىن ۋە ئەيدىز كېسىلىنى ئەكىردۇق، بىراق بەدەن ۋە روھنى تاۋلاپ غالىبلار قوشۇنىنى تۇغۇدىغان رىقابەت ۋىجدانىنى ئەكىرمىدۇق. دېمەك، بىز مەدەنىيەتنىڭ شەكلەن ھادىسىلىرىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭ مېغىزى ۋە ماھىيىتىگە يەتمىدۇق. شۇڭلاشقا، بىزدە غەربچە ئىستېمالغا ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، ئىچى قۇرۇق ئادەملەر ساماندەك (كەچۈرۈڭلار، سامانمۇ ئۇنچىۋالا ئەرزان ئەمەس). بىزدىكى نۇرغۇن ھاللىق كىشىلەر چاچلىرىنى 20-ئەسىرنىڭ زامانىۋى پاسونىدا ياسىتىپ يۈرسىمۇ، كاللىسىدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئېڭىمۇ يوق. زامانىۋى چاچ پاسون، كونا زامانغا مەنسۇپ پىكىر شەكلى... مانا بۇلارنىڭ بىرلىكى بىزدىكى ئاچچىق كومېدىيىلىك قىسمەتنىڭ ماددىي تەسۋىرى.

5. پۈتكۈل 20-ئەسىر بۇ ئىقلىمنا زىيالىيلىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سۈپەتتىكى يىللا بولدى. بۇ سۈپەتنى قانداق يورۇتۇپ بېرىش ناھايىتى تەس. «زىيالىيلارنىڭ بۇرچى ئىنسانىيەت ئۈچۈن يول ئېچىش، نادانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، خەۋپ-خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ روھ ئارقىلىق تىنىمسىز كۆرەش قىلىشتۇر. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا بۇنداق زىيالىيلارنى چىقمىدى دېگىلى بولمايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كۈن كۆچۈرۈشى تولىمۇ قىيىن بولغان». لى مىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزى بىزنىڭ 20-ئەسىردىكى مۇھىتىمىزغىمۇ تازا ماس كېلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، پەن-مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىنچلىقنىڭ مۇساپىسى باشلاندى. بىراق جۇڭگودا تاكى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىغا قەدەر مۇقىم تىنچلىق بولمىدى. بۇ ئارىدا تۈرلۈك ئىنقىلابلار ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يۈز بەردى. نەتىجىدە، جۇڭگو خەلقى مىللىي تەرەققىياتتا كېرەكلىك نۇرغۇن مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. رايونىمىزنى ئالساق، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يىللار يول ئېچىش تالانتىغا ئىگە پىكىرلىك ئەزىمەتلەرنى دەپنە قىلىش يىللىرىدىن ئىبارەت بولدى.

3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى 20 يىل مابەينىدە مائارىپ جانلىنىش باسقۇچىغا كىردى، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، ئەدەبىيات-سەنئەت، نەشرىيات ئىشلىرى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە گۈللەپ ياشنىدى. زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ سالمىقى زامان ئېھتىياجىغا يارىشا تەدرىجىي ئاشتى. بۇ مەنزىرە ئەلۋەتتە، بۇرۇن تۈزۈك خاتىرجەملىك كۆرۈپ باقمىغان خەلقنى كۆپ خۇرسەن قىلىدۇ. بۇ قېتىملىق گۈللىنىشتە ئەدىبلەر ۋە سەنئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سالمىقى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋرنى يورۇتۇپ

بېرەلەيدىغان زور ھەجىملىك رومانلار بارلىققا كەلدى. ئالىي مەكتەپلەردە، ئاكادېمىيىلەردە ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلار قوشۇنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تىل-ئەدەبىيات كەسىپلىرى بويىچە دوكتور تەربىيىلەش ئورنى ۋۇجۇدقا كېلىپ ئىش باشلىدى. بىزكىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئاشۇ يۈزلىنىشلەر بىلەن ئۈمىدكە تولغان ھالدا 21-ئەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. ۋەھالەنكى، 21-ئەسىر قانداق ئەسىر بولىدۇ؟ ئىنسانلار 21-ئەسىردە نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟ قانداق ياشايدۇ؟ دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرتىپ يۈنىلىشىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ خەلقئارا قۇرۇلمىنىڭ ئىسلاھاتى قايسى خىل قىممەت قارىشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ؟ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى قانداق خاراكتېر ئالىدۇ؟ ئىنسانىيەت نېمىلەرگە دۇچ كېلىدۇ؟ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتتا بىز قايسى خىل ئورۇنغا ئېرىشىمىز؟ مانا بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ ئاشۇ ئۈمىدۋار زىيالىيلىرىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. غەربنىڭ تۈيغۇن زىيالىيلىرى بۇ مەسىلىلەرنى خەلقئارا سەۋىيىدە قىياس قىلىپ بولدى، بىزگە بولسا پەقەت ئاشۇ مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىشنىڭ ئۆزىلا قالدى.

4

رېئاللىق-پاكىت دېمەكتۇر. بىز ئالدىمىزدا تۇرغان كومپيۇتېرنىڭ كونۇپكا تاختىسىنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلسەكلا، دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىمۇ بىزگە يېقىن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. بەلكىم ئالتە-يەتتە يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، ئامېرىكا كېلەچەكشۇناسى يوھان نەسبىتنىڭ «بۈيۈك يۈزلىنىش» دېگەن كىتابى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىپ، كىشىلەردە ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. ئۇ چاغلاردا قىزىق لەتىپىلەرگە، نەپس ئۇسسۇللارغا خۇمار خەلقىمىز ئۇنداق نەرسىلەرگە دىققەت قىلمايتتى. ئويغىنىشنىڭ ئەقلىي تېرەنلىكىگە يەتمىگەن خەلق ھامان ئۆزىنىڭ ئاقىل كىشىلىرىنى نامرات، ئېتىبارسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ-دە، پۇرسەتپەرەسلەرنى سەمرىتىپ كۆرەڭلىتىۋېتىدۇ. يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ ئارىمىزدا ئىنكاس پەيدا قىلماسلىقى ئالدى بىلەن ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا جۈرئەت قىلغان كىشىنىڭ ئەمگىكىنى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىلمىيلىكى ئۈستۈن، خەلقنىڭ ئەقلىي بايلىقىنى ئاشۇرىدىغان ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرغان ياكى ئىجاد قىلغان كىشىلەر ھېلىھەم بازار تاپمىدى. بىز ئەسلىتىۋاتقان ئاپتور يوھان نەسبىت ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت ئامېرىكىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى تونۇشتۇرۇپ، 21-ئەسىردىكى قىياپەتلەردىن بەزى بىشارەتلەرنى بەرگەنىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىشارەتچىلەردىن خەۋەر تاپقان ئۆچۈرلىنىش، يەر شارىلىشىش دولقۇنى بۈگۈن ھەقىقەتەن يېتىپ كەلدى.

بىر كېچىدىلا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىنى مۇتەقەررىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ كرىزىس كەلتۈرۈپ چىقارغان جورجى سوروسنى بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز ئازدۇر-كۆپتۇر بىلىدۇ. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ بايلىقى 42 دۆلەتنىڭ بايلىقىدىن زور بولۇپ، دۇنيا پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

قەيەردە شالتاق بولسا، شۇ يەردە چىۋىن بار،

قەيەردە بالا-قازا بولسا، شۇ يەردە جورجى بار.

مانا بۇ، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ سوروس ھەققىدىكى ئىخچام تەسۋىرى. مۇشۇ بىر مىسالنىڭ ئۆزىلا ئىقتىساد-ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ دۇنياۋىي بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، بۈگۈنكى دۇنيانى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۆزىنى تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ.

1980-يىلى ئامېرىكا كېلەچەكشۇناسى ئالۋىن توفلېر «3-دولقۇن» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، «ئىنسانىيەت يېزا ئىگىلىكلىشىش، سانائەتلىشىش دولقۇنىنى تاماملاپ بولدى، ئەمدى ئۈچىنچى دولقۇن-ئۆچۈرلىشىش دولقۇنى يېتىپ كېلىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ يەنە 1990-يىلى نەشر قىلدۇرغان «ھوقۇقنىڭ كۆچۈشى» ناملىق ئەسىرىدە، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران كۈچى پۇلدىن بىلىمگە يۈزلەندى، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

1973-يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسى دانىل بېل: «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ قالتىس غۇلغۇلا قوزغىغان. ئۇ، سانائەت دەۋرىنى مۇنداق ئۈچكە بۆلگەن: «ئالدىنقى سانائەت جەمئىيىتى ئىپتىدائىي ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ، تەبىئەتتىن دەسلەپكى بايلىقلارنى ئېلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. سانائەت جەمئىيىتى بولسا يۇقىرىقىلارنى مەركەز قىلىپ، تاۋار ئىشلەشكە تەشكىللىنىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتى بولسا بىلىمنى چۆرىدەپ مەيدانغا چىقىدۇ» («بىلىم ئىگىلىكى دولقۇنى» دېگەن كىتابقا قارالسۇن. تاۋدىيەن تۈزگەن. جۇڭگو شەھەر نەشرىياتى 1998-يىل 7-ئاي نەشرى). دېمەك، 21-ئەسىر «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» (Knowledge Economy) دەپ ئاتالماقتا. 11-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بىلىم-بەخت دېمەكتۇر» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ كۈچى نۆۋەتتە تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بىراق يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن سىستېمىغا

كەلتۈرۈلگەن دۆلەت ۋە بەخت-سائادەت قاراشلىرى كېيىنچە نەگە كەتكەن بولغىيتتى؟ ئەڭ بالدۇر باشلانغان ئەنئەنە كېيىن نېمە ئۈچۈن يىگىلەپ قالدى؟ بىز بۇنىڭ جاۋابىنى تارىخچىلارنىڭ تېپىشىغا قالدۇرىمىز.

كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەسكى، مىللىتىمىز تېخىمۇ ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. تەكەللۇپ قىلماي ئېيتقاندا، بىز ھازىرقى سوپىتىمىز ۋە زىيالىيلار قاتلىمىمىز بىلەن كەلگۈسىدىكى مۇشكۇل سىناقلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز. ئەمدىكى سىناق ھايات-ماماتلىق خاراكتېرى كەسكىن بولغان شەپقەتسىز سىناق بولۇپ، بۇنىڭدا شاللانغانلار يېڭى تارىخىي مۇنبەردىكى غالىبلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يېڭى قانغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، خەلقنى باياشاد قىلىدىغان ھەقىقىي ئامىل شۇ خەلق ياشاپ كەلگەن زېمىندىكى كان بايلىقلىرى ياكى خام ئەشيالار ئەمەس، باشقىلارنىڭ تاسادىپىي ياردىمىمۇ ئەمەس، ھەتتا نوقۇل ئىلىم-پەننىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس. ئۇنداق بولسا بۇ ئامىل نېمە؟ بۇ، ئىلىم-پەننى قورال قىلغان توغرا ئەقىدە. ئىلىم-پەن ئېيىنشتېيىننىڭ ئىزاھلىشى بويىچە ئېيتقاندا «كىشىلەرنى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە ئويلاندۇرىدۇ ۋە شەيئىيلەرنى تەكشۈرىدۇ». دېمەك ئۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىزدەيدۇ، مەلۇم بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، بۇ ھۆكۈم يېڭى بايقالغان ئۆزگە بىر قانۇنىيەت تەرىپىدىن ئىنكارغا ئۇچرايدۇ. بايقاش، ھۆكۈم، ئىنكار، ئىنكارنى ئىنكار قاتارلىقلار ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنىڭ يولىدۇر. مەلۇمكى، بۇ جەرياندا نەچچە ئون يىل ھەتتا ئەسىرلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەر قانداق قانۇنىيەت ئۆزى رول ئويناۋاتقان دائىرىدە كۈچكە ئىگە، ئۇ يەنە بىر دائىرىدىكى قانۇنىيەتنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ.

روشەنكى، بارلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ ئوتتاقلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر مۇتلەق قانۇنىيەت بار، ئۇ، چوڭقۇر ئىنسانىي ھېسنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ ھېسنى ئاستا-ئاستا پەرۋەرىشلەپ مۇكەممەل ئەقىلگە ئايلاندۇرىدۇ، بۇ ئەقىل پەننى توغرا يۆنىلىشكە، ئىنساننىڭ ھالال بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

مۇھەببەت ئادەمدىكى بىر قەدەر ئالىي ئېھتىياجدۇر، ئېتىقاد مەنىۋى ئېھتىياجلارنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر، ئەقىدە ئېتىقاد يولىدىكى ھەرىكەتتۇر ۋە بۇ ھەرىكەت جەريانىدا تونۇلغان ھەممە ئەقىل، قابىلىيەت، ئىنسانىي تەبىئەت تەرىپىدىن تەستىقلانغان ساپ ھەقىقەت مەجمۇئەسىدۇر. ئۇ بىر كامالەتتۇركى، ئىنسان ئۇنىڭغا ھەيران قېلىش بىلەن سېغىنىدۇ، لەززەت تاپىدۇ، مەنىۋى دۇنياسىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدۇ. ئىنسان چەكسىز داۋام قىلىدىغان ئەنە شۇ روھ سەپىرىدە ئىلھاملىنىدۇ، ئۆزىدىكى مۇۋاپىق كۈچ-قۇدرەتنى، ئىجاد ھەۋسىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇ ئۆزى مەدەت ئېلىۋاتقان ۋە سۆيۈنىۋاتقان ئەنە شۇ روھ مەركىزىگە يېقىنلاشقانلىرى ئۆزىدە سادىر بولغان بەدنىيلىك ۋە قانخورلۇقلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ، يىرگىنىدۇ، ئىنسانلار ئارا بولىدىغان، ئىرق، مىللەتتىن ھالقىغان قېرىنداشلىق مېھرىنى روشەن تونۇشقا باشلايدۇ.

لېكىن، پەن-تېخنىكا ئاجايىپ گۈللەنگەن، مەئىشەتچىلىك ئەۋج ئالغان 20-ئەسىردىمۇ كىشىلەر ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك ئەخلاقىي تاكامۇللۇقنى تاپالمىدى، ئەكسىچە، ئېغىر ئەخلاقىي كرىزىسكە پاتتى. شۇڭلاشقا، فرانسىس فوسان: «تارىخنى ئىقتىساد نۇقتىسىدىن شەرھىيلەش مۇكەممەل ئىش ئەمەس، ئۇ، كىشىنى قايىل قىلمايدۇ، چۈنكى ئىنسان نوقۇل ئىقتىسادىي ھايۋان ئەمەس» دەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نىكسونمۇ «تېخنىكا ماددىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ، لېكىن سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ» دېگەنىدى. بىز ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە غەرب دۇنياسىدىكى كرىزىسلىق ۋەزىيەتنى تېزىسىزما ئۇسۇلىدا ئىشارە قىلىپ ئۆتتۇق.

بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق روناق تېپىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، بىراق ئۇنى توغرا، گۈزەل غايە بىلەن تەمىنلەش تېخىمۇ مۇھىم. خەلقىمىزدە «ئەقىدىسىز ئالىم كىتاب ئارتىلغان ئېشەك» دېگەن گەپ بار.

بىلىملىك ئادەمنىڭ چوقۇم ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىشى ناتايىن. فاشىستلارنىڭ سىياسىي ھەۋىسى ئۈچۈن ۋەھشىي قوراللارنى تەتقىق قىلىپ بەرگەن كىشىلەرمۇ قالتىس بىلىملىك ئىدى. ئۆزىدىكى مول تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىنسانغا خىلاپ مەنىدە ئىشلىتىۋاتقان ئالىملاردىن بۈگۈنمۇ تالايلاپ تېپىلىدۇ. ئارىمىزدا ئاز-تولا بىلىملىك ئادەملەرمۇ بار، بىراق ئۇلارنىڭ بىلىمى ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئاران ئۆتكۈزۈشتىن ئاشمايدۇ. خۇددى نەم تارتىپ قېلىپ قالغان ئوقيا نىشانغا تەگمىگەندەك، بىلىم ئېلىشتىكى توغرا غەرەزنى تىكلىيەلمىگەن زىيالىي ئۆز خەلقىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەكسىچە زىيانلىق رول ئوينايدۇ.

بىزگە ئىلىم-پەن، تېخنىكا ساھەسىدىكى ئۆتكۈر زىيالىيلار تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى بىزدە يوق بولىۋاتقىنى ئەنەشۇلار. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىزدە يوق؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە. بىز دانىل بېلنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا سېلىشتۇرساق، بىز ھەتتا سانائەتنىڭ 1-باسقۇچى دەۋرىگىمۇ كىرمەيدىكەنمىز، مۇشۇ ھالىتىمىز بىلەن بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كۆچۈدىكەنمىز. ئەجەبا، 21-ئەسىردىكى ئاۋات شەھەرلەرنىڭ خالتا كوچىلىرىدا كاۋابدانلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش يېڭى ئەسىرلىك رىسقىمىزمىدۇ؟

شۇ چاغدا يېڭى ئېچىلغان ماگىزىنلارنىڭ ئالدىدا ناغرا چېلىپ بېرىپ پۇل تاپقىلى بولارمۇ؟ هازىرقى هالىتىمىزدىن قارىغاندا، جەننەتكىمۇ كاۋابدان كۆتۈرۈپ كىرسەك كېرەك.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم كېرەك بولىدۇ، زىيالىيلار جەمئىيەت چاقىنىڭ ئوقىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق دېسەك «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇم «سىنىپ» ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ. بىراق، جەمئىيەت يۇقىرىلىرىغا بىلىم تەلىپى قويۇلىۋاتقان شارائىتتا «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇم خەلقنىڭ گەۋدىسى بىلەن بىر تۇتاش بولىدۇ. شۇنداق ئەهۋالدا سىنىپ شەكلىگە كىرىپ قالغان زىيالىيلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئارتۇقچە بولىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ خىل رېئاللىقنى مىللىتىمىزگە تەدبىقلىساق، بىزدىكى مەسىلىمۇ زىيالىيلاردىكى سۈپەت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

## بىزدىكى زىيالىيلارنىڭ ئەهۋالى قانداق؟

5

20-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ بوهرانغا ئۇچراش تارىخى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇرەككەپ بولۇپ، كۆپ خىل ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زىيالىيلار قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى، تەلىم-تەربىيە ۋە ئىدېئولوگىيە قوبۇل قىلىشتىكى مەنبەنىڭ ئوخشىماسلىقى، خەلقنىڭ ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشەنمەسلىكى ... مانا بۇلار كونكرېت مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنى بىرمۇ بىر يېشىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر تېما. بۇ تېما يېتەرلىك ئەمەلىي ماتېرىيال، كۆپ قىرلىق مۇلاهىزە مېتودىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز پەقەت يېقىنقى تارىخي سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بەزى ئاجىزلىقلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى زىيالىيلار پاجىئەسى بىر قىسىم تارىخي رومان، قىسسە ۋە تەرجىمىهاللىرىمىزدا مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتى. ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان يېغىلىقلار، قوزغىلاڭلار ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەر زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈدىغان مۇهىتنىڭ مەۋجۇد بولۇشىغا يول قويمىدى، شۇنداقلا بار بولغان ئازغىنا زىيالىيلارنى ئامان قويمىدى. ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، مەمتىلى ئەپەندى، قۇتلۇق شەۋقىي، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىق باهادىر ئوغلانلار ئەينى دەۋردىكى خەلقنىڭ جاهالەتتىن قۇتۇلۇش كۈرىشىنىڭ يارقىن سەمەرىلىرىدۇر. بۇ سەمەرىلەر يەنە ئۆزىگە ئوخشاش سانسىز ئەزىمەتلەر پەيدا قىلغان جەڭگىۋار مۇهىتنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ، بەئەينى هەر بىر جۈملىسىدىن ئىسسىق قاننىڭ تەپتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئۇسلۇبى جۇشقۇن، هەيۋەتلىك نۇتۇقنىڭ باش ماۋزۇلىرىغا ئوخشايدۇ.

مەردلىك جۇشقۇن ۋە ئېگىلمەس بولىدۇ، نامەردلىك ئەۋرىشىم ۋە يېپىشقاق بولىدۇ. سىياسەت مەردلىكنى يېپىنچا، نامەردلىكنى ماهىيەت قىلىدۇ. بۇ ماهىيەت سان-ساناقسىز ئاچچىق ساۋاق، تەجرىبە، نەيرەڭۋازلىقنى كەسپ قىلغان ئەقىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىياسەت ئىبلىسقا ئوخشايدۇكى، ئۇ، ئىنسان تەبىئىيتىگە مۇرەسسە قىلىش ۋە ئۇنى ئاستا ئۆزىگە مايىل قىلىش يولى بىلەن كىشىلەرنى رام قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىلگە تۈيدۈرماي باشلايدۇ. هەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنقىلاب ئىبادەتكە ئوخشايدۇكى، ئىبلىسنىڭ هۈنىرىدىن خەۋىرى بولمىغان ئادەم شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، نەتىجىدە ئىبادىتى ئىبادەت بولمايدۇ، نۇسرەت تاپالمايدۇ. خوجىنىيازهاجى، تۆمۈر خەلىپىلەر ئالغان تاهارەتلىرى هالال بولسىمۇ، شەيتاننىڭ هۈنىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولمىغاچقا، تاهارەت ئۆزۈنغا بارماي سۇنغان. بىزنىڭ تارىخىمىز مۇنداق مىساللارغا تولىمۇ باي. شۇڭلاشقا، «قەهرىمانلار ئوق يېگەن، ئەۋلادلىرى پوق يېگەن».

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشتا ئېيتىلغاندەك گۈللىنىشنىڭ تىنچلىقتىن ئىبارەت ئاساسى تىكلەندى. بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يەنە بىر قوشۇن زىيالىيلارنى خەلقتىن ئايرىۋەتتى. بۇ تۇپەيلى كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك بىز بېسىپ ئۆتكەن شانلىق 20 يىل ئىچىدە ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمىدى.

1930-ۋە1950-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلىم تەهسىل قىلغان زىيالىيلارنىڭ تولىسى ئارىمىزدا يوق ،بارلىرى ياشىنىپ قالدى .بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ،بۇ تۈركۈمدىكى زىيالىيلارنىڭ پائالىيەتچانلىق رولى ئاساسەن ئاخىرلاشتى .هازىرقى نۇقتىلىق ئىجتىمائىي قاتلاملاردا رول ئويناۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن .ئۇلار ئۆگەنگەن دەرسلىكلەر رۇسچە ئىدى ياكى رۇسلار ئەندىزىسىدىكى مىللىيچە كىتابلار ئىدى .ئەمما، يۇقىرىقىلارنىڭ هەممىسى كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا قوبۇل قىلىشقان .پەن-تېخنىكىنىڭ سۈنئىي هەمراه ۋە ئاتوم بومبىسى كەبىي مۆجىزىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىن كەلگەن قايىللىق ئارقىسىدا سىڭگەن ئاتېئىزم روهى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ خىزمەتلەرنى بېجىرىشىدىكى يېتەكچى ئىدى .ئەمما ئۇلار خىزمەت ئىشلىگەن مۇهىت مەنىۋى جەهەتتىن قانداق ئىدى؟

ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ ،ئوبيېكتىپ جەهەتتىن ئۇلارنىڭ چوڭ بولغان مۇهىتى مۇسۇلمانلار مۇهىتى ،ئۇلاردا بۇ خىل مۇهىتنىڭ مەلۇم تەسىرى بار .ئۇلار ئالىي مائارىپ هاياتىنى تاماملىغاندىن

كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆز خەلقى ئارىسىدا خىزمەت قىلدى. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ كادىرلار قوبۇل قىلغان ئىدىيە يەرلىك خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىگە نىسبەتەن يېڭى ۋە ئۆزگىچە بولغاچقا، كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇد بولدى-دە، كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسى گويا ئىككى سىنىپ كىشىلىرىدەك بولۇپ قېلىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كادىرلار ماددىي تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىن رۇسلاردىكى ياۋروپاچە يوسۇننى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، مىللىي تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە ئالاھىدە بىلىنىدىغان بىر قىسىم رەڭلەرنى قوشتى. (بۇ، چېكىش، ئىچىش، كىيىش، ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتلەردە كۆرۈلدى). بۇنداق ئەھۋاللار يالغۇز بىزدىلا كۆرۈلگەن ئەھۋال ئەمەس. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇنداق ئەھۋاللار پېتىر دەۋرىدىكى رۇسىيىدىمۇ كۆرۈلگەنىكەن. پېتىر غەربىي ياۋروپالىشىشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، رۇسىيىنى غەربىي ياۋروپا ئەندىزىسىگە ئۈندەيدىغان زىيالىيلار قوشۇنى بارلىققا كەلگەن. بۇ زىيالىيلار 19-ئەسىردە غەربىي ياۋروپاغا ئۆزلىرى خالاپ كۆچمەن بولغان ياكى سىياسىي پاناھلىق ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەر ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلار غەربىي ياۋروپا ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغانلار بولۇپ، غەربىي ياۋروپا ئاڭ فورمىسى ئارقىلىق رۇسىيىنى قۇتقۇزۇشنى ئويلاشقان. بىراق بۇ، خەلق بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر ئايرىلىقنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. «خەلقنى يىلتىز دېسەك، زىيالىيلار ئاشۇ يىلتىزدىن ئېچىلغان چېچەك. زىيالىيلاردا شۇنداق بىر كېسەل باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئادەتتىكى خەلققە ئوخشىمايمىز، دەپ قاراپ ئەتەي پەرق كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدۇ» (ياپونىيىنىڭ خەلقئارا جامائەت ئەربابى چىتىيەن دازونىڭ سۆزى). بۇنداق ئەھۋال ئەلۋەتتە ساغلام بولمىغان ئەھۋالدۇر. ئۇنداق بولغاندا خەلق ئۆزىگە راستتىن نەپ كەلتۈرۈدىغان تەربىيىدىن مەھرۇم قالىدۇ. زىيالىي ئۆزى بىلەن خەلققە ئورتاق ۋە ئومۇمىي بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالمايدۇ.

ماركسىزم مىللىي مەسىلىلەرنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن تەتقىق قىلىدۇ. چۈنكى مىللەت دېگەن ئۇقۇم ئابستراكىت بولغان بىلەن، مىللەتنىڭ ئۆزى كونكرېت بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى كونكرېتلىق زېمىن، تىل، دىن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، ھوقۇق قاتارلىق بىر تالاي مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئوبيېكتىۋىزملىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىلىش ئۆز ئوبيېكتىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەردىن تارتىپ ئەڭ كىچىك مەسىلىلەرگە قەدەر ھەممە نەرسىنى سەممىي نەزەرگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مىللەتتىكى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر ئېنىق ئەكس ئەتكەن ۋە ھۆرمەت قىلىنغان. قانۇن ئاساسىي خىزمەتلەردىكى ئىلمىيلىك ۋە ئۈنۈمنىڭ كاپالىتى. زىيالىيلار ۋە كادىرلار (ئەسلىدە بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر گەۋدە) ئەمەلىي خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىلمىيلىكتىن كەلگەن مۇشۇ پرىنسىپنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى زىيالىيلار كوممۇنىزم ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن، بىراق ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكىسى بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى، ئۇلار كوممۇنىزم تەربىيىسىنى پروفېسسور ئەپەندىلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدىن ئالغان، ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىۋاسىتە، تولۇقى بىلەن ئوقۇغانلار ئاز. ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئەسەرلىرى 50تومدىن ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ كېتىش مۇمكىن بولمىغاندىمۇ، ماركسىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تولۇق ئۆگىنىش، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان دۆلەتنىڭ كادىرلىرىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. دېمەك ئۇلار يا ماركسىزمنى تۈزۈك بىلمەيدۇ، يا ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتىنى تولۇق بىلمەيدۇ. ماركسنىڭ ئالدىغا بارسا ماركسقا يارىمايدىغان، خەلقنىڭ ئالدىغا بارسا خەلققە يارىمايدىغان بىر قىسىم زىيالىيلار پارتىيە سىياسىتىنىڭ ئىجرا بولۇشىدىكى توسالغۇلاردۇر. دۇنيادا بىرەر نەرسىگە پۈتۈن بولالماي، ھەممە نەرسىدە چالا بولۇپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خەۋپ يوق.

مەدەنىيەت ماددىي ۋە مەنىۋى بولىدۇ. بۇلاردىن بىرسى راۋاج تاپماي قالىدىكەن، مەدەنىيەت پالەچ نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزدىكى مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋىلىكى دۇنيا قاراش ياكى ئاڭ فورمىسى شەكلىدە باش كۆتەردىيۇ، ئەمما تەبىئەت دۇنياسىدىكى قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ئاساسىدىكى يېڭىلاشتىن قۇرۇق قالغاچقا، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان رولى ئىشقا ئاشمىدى. بىزدىكى زىيالىيلار قاتلىمى يالاڭ قاتلام، زىيالىيلار ئاساسەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىن ئورۇن ئالغان. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان، ئىچكى-تاشقى ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىنى ئاچىدىغان، بۇ ئارقىلىق ماددىي گۈللىنىشنى يارىتىدىغان پەن-تېخنىكا خادىملىرى بىزدە يوق دېيەرلىك. بار بولغاندىمۇ يەرلىك مەنىۋى ئاتموسفېرانىڭ شاللىشىغا ئۇچراپ تەرەققىي قىلالمىدى ياكى باشقا رايونلارغا ئېقىپ كەتتى. دۇنيا قاراش ياكى ئاڭ فورمىسى ئىجتىمائىي بولىدۇ، ئۇ، بىر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە ماس كەلگەن بىلەن يەنە بىرخىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە ماس كەلمەيدۇ. دېمەك، دۇنيا قاراش مەلۇم بىر جەمئىيەتكە خۇسۇسىي بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەر، ھەيكەللەر كەبى مەدەنىي شەكىللەر ئەنە شۇ جەمئىيەتكە رول ئويناش بىلەن چەكلىنىدۇ. بۇ مەدەنىي شەكىللەرنىڭ ياراتقۇچىلىرىمۇ تەبىئەتنىڭ

قانۇنىيىتىنى ئىستىخىيلىك رەۋىشتە قايرىپ قويۇپ، دۇنيا قاراشقا بېقىنىدۇ. ئادەم ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ خوجايىنى بولۇشى كېرەكمۇ ياكى قولى بولۇشى كېرەكمۇ؟ كىشىلەر قۇلى بولۇشى كېرەك، دەپ جاۋاب بەرمىسە كېرەك. بىراق ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى قۇللار ئۆزىنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا قۇل ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلىش مەۋجۇد بولمايدۇ. مۇئەييەن دۇنيا قاراشنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئادەمدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىدىغان مەدەنىيەت بارلىققا كېلەمدۇ؟

ماركسىزم قائىدىلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئاڭ فورمىسى ئۇستىقۇرۇلمىغا كىرىدۇ. گەرچە ئۇ بازىسقا قارىتا پائالىيەتچانلىق رولىنى ئوينىسىمۇ، بەربىر بازىسنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇ چەكلىمە دۇنيا قاراشنى بارا-بارا بازىسقا پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرىدىغان زەئىپ نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەتچۇ؟ ماركسىزم ئەدەبىيات-سەنئەتنى بازىس بىلەن ئۇستىقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئارىچى ۋاستە دەپ چۈشەندۇرىدۇ. مەلۇمكى، بۇ يەردە ئەدەبىيات-سەنئەت پەقەت ۋاستىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەگەر ئەدەبىيات-سەنئەت ئاڭ شەكلىگە ئوخشاش مۇتلەق بېقىنما بولۇپ قالغان بولسا، مۇقەررەر ھالدا ئۇستىقۇرۇلما ھېسابلانغان بولاتتى. ئەدەبىيات-سەنئەت مۇنداق زىددىيەتكە ئىگە: ئەگەر ئۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە زىيادە ئارىلىشىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئەگەر ئۇ ساپ ئېستېتىك دۇنيانى ھەددىدىن زىيادە قوغلىشىپ جەمئىيەت ھاياتىدىن مۇتلەق قول ئۈزسە، ئىنساننىڭ رېئال تەقدىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت مۇنداق زىددىيەتكە ئىگە: ئەگەر ئۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرە زىيادە ئارىلىشىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ ساپ ئېستېتىك دۇنيانى ھەددىدىن زىيادە قوغلىشىپ جەمئىيەت ھاياتىدىن مۇتلەق قول ئۈزسە، ئىنساننىڭ رېئال تەقدىرىدىن يىرالىشىپ كېتىدۇ. ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچى كونكرېت جەمئىيەتكە تەۋە ئىنساندىن ئىبارەت بولغاچقا، ئىنسانىيەتكە دائىر بىرەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماي قالمايدۇ. بۇ خىل روھ دوستويېۋىسكىنىڭ مۇنۇ سۆزىدە يارقىن ئەكس ئەتكەن: «ئەي ئىنسان، ساڭا تەزىم قىلىۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئىنسانىيەت تارتىۋاتقان بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە تەزىم قىلىۋاتىمەن».

بىزدە زىيالىيلار كۆپرەك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە، بولۇپمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىگە توپلاشقان. دەرۋەقە، بۇلار خەلقىمىزنىڭ بايلىقلىرى. ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئىمكانىيىتى يەتكەن دائىرىدە تەربىيىلەپ كەلدى، ئۇلارنى ياخشى ئىشقا، ئىجاد ۋە مېھنەت بىلەن مەغرۇر ياشاشقا ئۈندەپ كەلدى. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە مائارىپ سىستېمىمىزدىكى بەزى كىشىلەر شۇ قەدەر ساددىيكى، ئۇلار ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى خەلقنى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇ خىل ئىشەنچ نورماللىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويدى، تالاپەتكە ئۇچراتتى. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن بولغان بۇرچكارلىق ئالاقىسىنى چۈشىنىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. چۈشىنىش نورماللىققا ياتىدۇ، تەشەببۇسكارلىقنى يوقىتىپ قويۇش بەدىلىگە كەلگەن ئىشىنىش بولسا، ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئەركىنلىكىدە بەرق ئۇرۇدىغان ئىنسانىي چىنلىقنى يوقىتىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىنساننىڭ گۈزەللىككە مايىل ئىنتىلىشلىرىنىڭ سىرتلىنىشى ياكى كونكرېت بەلگىلەر بىلەن ماددىلىشىشى. گۈزەللىك ھېسسىي ۋە خۇسۇسىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىنساننىڭ ئەڭ پىنھان ئىستەكلىرىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ، ھېسسىياتنى مەنبە قىلىپ، ھېسسىياتقا تەسىر قىلىدۇ. ھېسسىيات كۈچلۈك روھىي ئېنېرگىيە سۈپىتىدە يالت قىلىپ چاقنايدۇ-دە، ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق چاقناش دىتى نازۇك كىشىلەرگە كۆپرەك مەنسۇپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ئويغىنىش ھاياجىنى ئالامەت قىلغان ھېسسىي ئويغىنىش بولۇپ، ئۇ، ئەقلىي ئويغىنىشتەك تۇرغۇن، مۇقىم ۋە ئەمەلىي بولمايدۇ. گەرچە ئۇ خىل ئويغىنىش ئىنساندىكى سېزىمنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى يۇكسەك دەرىجىدە نامايان قىلسىمۇ، بەربىر جەمئىيەت ھاياتىدىكى رېئال مەسىلىلەرگە قويۇلغان ئىلمىي دىئاگنوز بولالمايدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەتنى ياخشى كۆرۈش ئىنساندىكى تۇغما ئىقتىدار. ئىنسانىيەتنىڭ يىراق ئۆتمۈش دەۋرلىرىدىمۇ بىزنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان ئەسەرلەر يارىتىلغان. ھەتتا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۈگۈنكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدەك تەسىر كۈچكە ئىگە بولغىنى يوق. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى سۈپەت ئۆلچىمى خېلى بۇرۇنلا يېتىلىپ بولغان. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ راۋاجىنى ئۆلچەيدىغان ئەمدىكى ئۆلچەم ئەنە شۇ سۈپەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىپ، پۇقرالارنىڭ مەنىۋى ئىستېمال ئادىتىگە ئايلىنىشىدۇر. سۈپەت يۇقىرى سان ۋە كۆلەم ھالىتىگە كۆچتىمۇ-يوق، دېگەن مەسىلە ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيىتىدىكى ئەركىنلىك مۇھىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغاندا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىنسانىيەتتىكى قىشلاققا خاس تەبىئەتتىن تۇغۇلىدۇ.

شۇڭلاشقا، چارۋىچى ۋە دېھقان مىللەتلەرنىڭ مىجەزى سەنئەتكە مايىل كېلىدۇ. يايلاقلاردا داستان ئېيتىش ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولىدۇ. مىللىي ئۆرپ-ئادەت ئاشۇ مىللەتنىڭ ھاياتىدا تۈزۈم شەكلىدە رول ئوينايدۇ. يېزىلاردا بولسا توي-تۆكۈن، بەزمە-مەشرەپلەر مىللەت ھاياتىنىڭ تىپىك ئىجتىمائىي كۆرۈنۈشلىرى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. قائىدە-يوسۇنلار پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ جەمئىيەت پۈتۈنلۈكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغان چېتىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەيران قېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، دېھقان مىللەتنىڭ زىيالىيسىمۇ ئالدىراشلىق ۋە مۇرەككەپ زىددىيەت بىلەن تولغان شەھەر تۇرمۇشىدا تۇرۇپمۇ ئەنە شۇ ئېتنوگرافىيىلىك چەمبەرگە مەھكۇم بولىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەنىلا ئىجتىمائىي نەيرەڭلەردىن خالىي ھالدىكى سەنئەت تېپىلىق پسىخىكا. لېكىن بۇ پسىخىكا شەھەردە بولىدىغان مەككارلىق ئادەتلىرى بىلەن چاڭلىشىپ سۆزۈكلۈكىنى يوقاتقان بولىدۇ. شائىر مىللەتنىڭ ياتلاشقان شائىر پەرزەنتلىرى بەئەينى ئۈرۈقى بۇزۇلغان قوغۇندەك ئەجدادلىرىغا تۈزۈك ئوخشىمايدى-غان ياكى يېڭى سورتقا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەلمەيدىغان غەلىتە قىياپەتتە بولىدۇ.

مانا ھازىر دەبدەبىلىك قەسىدىلەر، مۇڭلۇق لىرىكىلار، دىيانەت، نادامەت ئىدىيىلىرى بىلەن تولغان پروزىلار، بىر-بىرىگە تاپا قىلىشىدىغان ماقالىلەر يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئېكرانلاردا نەپىس ئۇسسۇللار، يەتتە ئىقلىمنىڭ ئارىلاشما ناخشىلىرى دىققەتنى مالىمان قىلىپ تۇرىدۇ. خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئىستېمالى يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە پەندىنامە سۆزلەيدىغان ناخشىلارنى، ئەۋرىشىم ئۇسسۇللارنى ئالاھىدە بازارغا ئىگە قىلغانكى، لوپا ئەينەك بىلەن قەدىمكى يېزىقلارنى مىڭبىر جاپادا ئوقۇپ، تەقدىرىنىڭ رايىغا يېشىم ئىزدەۋاتقان ئالىملار ماددىي، مەنىۋى قەرزدارلىقنىڭ كوچىسىدا يۇرمەكتە. ئالىملارنىڭ ئەقلى، نۇتۇقلىرى، يازغان كىتابلىرى ئەنە شۇ ئالىملارنى نورمال ياشىغۇدەك ماددىي شارائىتقا ئىگە قىلالمىدى. بايرام ۋە ئايەملەردىكى لاتاپەتلىك ئاشۇ قىستۇرمىلار بۈگۈنكى ئەقىل-پاراسەت دەرىجىمىزنىڭ رېئال ئورنىغا ۋەكىللىك قىلدى، بىزنىڭ ئىجادكار روھىمىز پەقەت ئەنە شۇ تەرزدىلا ئەكس ئەتتى ۋە جارى بولدى. گەرچە سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى تاپاۋىتى مەدەنىيەتنىڭ باشقا قاتلاملىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمىدىن ئۈستۈن بولسىمۇ، بىراق ئۇ تەرەققىي قىلغان باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا كۆپ تۆۋەن. پەن-تېخنىكىدىكى تۆۋەن ساپا تۆۋەن ئىقتىسادىي مۇھىتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

خەلقىمىز ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىگە ئىنتايىن باي خەلق، چەۋەندازلىق، نەيزىبازلىق، كاماندازلىق، ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ ئوينايدىغان چەۋگەن توپ ئويۇنى، بۇقا بىلەن چېلىشىش، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، جانبازلىق، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش... كەبىي خاراكتېر تاۋلايدىغان، جاسارەت، رىقابەت، تەشكىللىك، تەرتىپ - ئىنتىزام، ئۇيۇشقاقلىق كەلتۈرۈدىغان مەدەنىي شەكىللەر يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى كىشىنىڭ خاراكتېرىنى يۇمشىتىدىغان، نازۇك، رايىش قىلىپ قويۇدىغان، تەقدىرنىڭ سوئاللىرىغا پەرىشان - مۇڭ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۆگىتىدىغان مەدەنىي شەكىللەر ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شۇ قەدەر غورۇرسىز سەنئەتكى، ئۇ، بۇتتەك ئولتۇرۇپ كۆرۈدىغان، ھاياجانلىنىش، چاۋاك چېلىش، ئىنكاس دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان، خۇددى يوق تاماشىبىنلار ئالدىدىمۇ غەمزە قىلىشقا تەييار. بۇ ھالەت ئوردا مەھرەملىرىنىڭ سالاپەتلىك، كىبىرلىك ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ. بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىزدا غورۇر بولۇشى، ئۆز خەلقىنىڭ سەنئەت تارىخىغا ئەقىدە بولۇشى، سەنئەتنى خورلىماسلىقى كېرەك. ئۇلاردا ئابروي-ئىناۋەت كۆزقارىشى بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، غورۇرى يوق سەنئەت ئىگىلىرىنىڭ سانى مىليونغا يېتىپ، كۆنىگە نەچچە قېتىم ئويۇن كۆرسەتسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ساپاسى ھازىرقىدەك تۇرۇۋېرىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزنى ئالساق، بىزدە مەلۇم مىقتاردىكى ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنى بار، بىراق ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى يېتەرلىك ئىجتىمائىي سەزگۈرلۈك، مول مەدەنىي قاتلام، يۇكسەك نەزەرىيىۋى پەللە نۇقتىسىدىن تەھلىل، تەتقىق قىلىدىغان قوشۇن تېخى يېتىلمىدى، بۇ پەقەت بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر قانچە ئادەمدىكى نەزەرىيىۋى رامكا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدە يېتىلگەن رامكا بولماستىن، 19- ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى رۇس ئەدەبىياتى، جۇڭگونىڭ «4-ماي» دەۋرىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن نەزەرىيە. بۇ نەزەرىيە ئەنئەنە، ئېتىقاد، ئېستېتىك دىت جەھەتتە تامامەن ئۆزگىچە بولغان مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى باھالايدىغان ئۆلچەمگە ئايلاندى. دېمەك، بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇرنىڭ كۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى رۇسلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتتۇق. بۇ پەقەت بىزدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات زېمىنىدە ئومۇمىيۈزلۈك سادىر بولدى. بىر مىللەتتە مۇستەقىل نەزەرىيىۋى سىستېمىنىڭ بارلىققا كېلىشى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشكارىلايدۇ. بۇ سىستېما تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ ماس قەدەملىك گۈللىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشىدىن ھايات تاپىدۇ. ۋەھالەنكى، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ زىيالىيلىرى تەتقىقاتچى بولماستىن، پەقەت

ئۇستقۇرۇلما قورالىغا ئايلىنىپ قالدى . ئۇلار يېڭى تارىخىي دەۋردە يېڭى ئۇستقۇرۇلمىنى يەرلىك خەلققە يەتكۈزىدىغان ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالدى .

زىيالىيلار قاتلىمىمىزنىڭ ئىچىدە تارىخچىلارمۇ سالماق ئورۇن تۇتىدۇ . قايسىدۇر بىر يازغۇچىنىڭ «تارىخ ئايدىڭلاشتۇرۇلغان تەجرىبىلەر مەجمۇئەسى» دېگىنى يادىمدا تۇرۇپتۇ . بۇ تەجرىبە ئەۋلادلارغا توغرا هايات پروگراممىسى تۈزۈش ، توغرا يۆنىلىش بەلگىلەش جەھەتتە ماياك رولىنى ئوينايدۇ . بىراق تارىخ ئاختۇرۇش ، تارىخ يېزىش تولىمۇ زىل مەسىلە . تارىخچىلار هامان فېئودال خانلارنىڭ رايى بويىچە بۇرمىلانغان دۆۋە-دۆۋە ماتېرىياللار ئىچىدىن ھەقىقەتنىڭ پارچە-پارچە سۆڭەكلىرىنى ئىزدەيدۇ ۋە بۇ سۆڭەكلەرنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ ، ھەقىقەتنىڭ ئوبرازىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ . بىراق بەزى سۆڭەكلەر چىرىپ يوقاپ كەتكەن بولىدۇ ، تارىخچى مانا مۇشۇ تراگېدىيىنىڭ ئىچىدە ئۆزۈن ۋاقىت تۈنەيدۇ . بەلكىم فرانسىيە مۇتەپەككۇرى ۋولتېرنىڭ : «تارىخ خاتا يېزىلغان بولىدۇ ، شۇڭا ئۇ تەكرار قايتا يېزىلىدۇ» دېگەن سۆزى مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان بولسا كېرەك .

بۈگۈنگە ئىگە بولالمىغان خەلق ئۆتمۈشتىن تەسەللىي ئىزدەيدۇ ، بۇنداق خەلقنىڭ تارىخچىلىرىمۇ كەلگۈسىنى يېزىشنىڭمۇ تارىخ بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيدۇ . ف . نېتزى تارىخنىڭ تىرىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن : تارىخ تىرىشىپ كۆرەش قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن ياد ئېتىش ، ئىززەت-ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولىۋاتقانلار ئۈچۈن قوغداش ، ئازابلىنىۋاتقانلار ئۈچۈن تەنقىد (ف .نېتزى : «تارىخنىڭ پايدا-زىيىنى» ، سودا نەشرىياتى 1998-يىل 10-ئاي نەشرى ) .

دۆلىتىمىزدە زىيالىي كادىر ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ئىمتىھانلاردا كەسپىي سىناقلارغا دۇچ كېلىش بىلەن بىرگە سىياسىي سىناقلارغىمۇ دۇچ كېلىدۇ . بەلكى سىياسىي سىناق ھەممىدىن مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، بىر زىيالىي كەسپىي ساپا ئىگىسى بولۇشتىن ئاۋۋال سىياسىينى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاڭ فورمىلىرىنى بىلىشى ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈشى كېرەك . ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا مۇتەخەسسىسلىشىش دولقۇنى پەيدا بولدى . ئەمما ، نىسبەتەن بېكىك ، ئىقتىساد دېگەندەك تەرەققىي قىلمىغان ، تېخى سولچىللىقنىڭ ئاسارىتىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن رايونلاردا بولسا باشتىكى تەلەپ يەنىلا كۆچكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە قاتتىق تەكىتلىنىدۇ . تۇراقلىق مائاش تۈزۈمى يوقىرىقىلار بىلەن بىرلەشكەن هالدا زىيالىيلارنىڭ مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويدى .

ئۇلارنىڭ پىكىر-خىيالى مائاشتا ، مائاشىنى زىيان-زەخمەتكە ئۇچراتماسلىقتا بولدى . يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مائاشقا قاتتىق يېپىشتۇرۇلغان كونترول سىستېمىسى كىشىلەردە باشقۇرۇپ تۇرمىسا بولمايدىغان خىزمەت ئۇسۇلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . بۇلاردىكى ئاڭ ئاشۇ خىل يېپىق ، تار مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تاپشۇرۇلغان ئىشخانا ۋە ئىدارىلەر ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندى . ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش بارلىق جانلىقلارغا خاس پائالىيەت بولۇپ ، ھەرگىزمۇ ئادەمگە خاس بىردىنبىر ئىقتىدار ئەمەس . ئەمما ، بۇ ئىقتىدار نەزەر دائىرىسى تار ئادەمنىڭ قەلبىدە خۇسۇمەتچىلىك ، ناتوغرا زىددىيەت ئۆسمىلىرىنى پەيدا قىلىپ ، ئەتراپقا تېزلا يۇقىدۇ . ئىنسان ئۆزىنىڭ ياشاش تەرزىنى هايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە كۆرە بەلگىلەيدۇ .

ئاڭ ناهايىتى كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ . هايات ، بارلىق ، ئىنسان ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ، دۇنيانىڭ هاياتلىقتىن ئىلگىرىكى هالىتى ، ئۇنىڭ هاياتلىق بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ، بۇ ئالاقىلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشلىرىگە ئائىت ئىزدىنىشلەر ئاڭنى تەشكىل قىلىدۇ . ئەمما پەننىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئىنچىكىلەشتى ، بۇ هال ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدىمۇ كۆرۈلدى . نەتىجىدە ، قۇرتنى تەتقىق قىلغۇچىلار قۇرتقا ئايلىنىپ كېتىدىغان ، جەمئىيەتنى تەتقىق قىلغۇچىلار قەغەز دۆۋىلىرى ئىچىدە ھەسەن شېرىككە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى . زىيالىيلار بىلەن ئاددىي قاتلاملاردىكى خەلقنىڭ ئارىلىقى يىراقلاپ كەتتى . كۆپلىگەن زىيالىيلار پەقەت كۈندۈلۈك تۇرمۇشى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرەكزادە بولۇپ كېتىدىغان ، ئۆزى ئۈچۈن كىتاب يېزىپ ، ئۆزى ئۈچۈن ئوقۇۋالىدىغان ، بالىسى قىزىتىپ قالسا يېرىم كېچىدە دوختۇرخانىغا يۈگرۈپ بېرىپ ئاسما ئوكۇل سالدۇرۇدىغان ، تېلېۋىزوردىن باشقىلارنىڭ باللىرىنىڭ يۇتۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆزىنى مىت قىلماي ئولتۇرۇپ كۆرۈدىغان شەخسىيەتچىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى .

زىيالىي دېگەن نېمە؟ بۇنىڭغا فرانسىيىنىڭ بۈگۈنكى زامان مۇتەپەككۇرى ليوتارد مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ : «زىيالىيلار ئۆزىنى ، ئىنسان ، ئىنسانىيەت ، مىللەت ، خەلق ، پرولېتارىيات ، جانلىقلار ۋە باشقا مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزىنى قويۇپ تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغان مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشايدۇ» (ليوتارد : «كېيىنكى زامانىۋىلىق ۋە گۇۋاھلىق ئويۇنى» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 1-ئاي نەشرى ) . بۇ جاۋاب ھەر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتلەرنى تەڭ كۆزدە تۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ ، زىيالىي دېگەن گەپ ئۆزىنى باشقىلار بىلەن

تەقدىرداش دەپ تونۇغۇچى دېگەن مەنىدىن دېرەك بېرىدۇ . ماددىي ۋە مەنىۋى پاراۋانلىقتا ياشاۋاتقان بىر ئەرباب يەنىلا زىيالىيلارغا قويۇق ئادىمىگەرچىلىك يۇراپ تۇرىدىغان تەلەپنى قويۇۋاتىدۇ . بۇنىڭغا باققاندا ، بىز قانداق تەلەپنى قويۇشىمىز كېرەك ؟

يىلان ئادەملەر ۋىژىلداپ كۆيۈۋاتقان دوزاق ئوتىغا تەمەچ توشۇپ ، تەمەچ تاشلايدىكەن ، قارلىغاچ شىددەتلىك دوزاق ئوتىنى ئۆچۈرىمەن دەپ ئاغزىدا سۇ توشۇپ چاچىدىكەن . «ئەي قارلىغاچ ، تامچە-تامچە سۇ بىلەن بۇ ئوتنى قانداقمۇ ئۆچۈرەلەيسەن ؟ » دەپ سورالغاندا ، قارلىغاچ : «ئىنساننىڭ ئازابىنى چۈشىنىش مېنىڭ ئەقىدەم ، قانداق بولمىسۇن ئۆز ئەقىدەم يولىدىكى ھەرىكىتىمدىن زىيادە لەززەت تاپىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن .

جەمئىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ، يىلان بىلەن قارلىغاچنىڭ كۈرىشى ھېلىمۇ مەۋجۇد . تەبىئەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ، يىلان بىلەن قارلىغاچنىڭ ھەر ئىككىسىلا يارالمىش مەخلۇق . ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، ئادالەت ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك دەقىقىلەردە تۇغۇلۇپ ئۆسىدۇ . دەسلەپتە ئۇ يېگانە بولىدۇ ۋە ئاشۇ يېگانىلىق ئىچىدە باشقىلارغا نېسىپ بولمىغان گۈزەللىك ھەم باتۇرلۇقتىن دەرس ئالىدۇ .

توغرا نىشانغا يۈزلەنمىگەن ئىلىم ئۆز ئىگىسىنى شەرمەندە قىلىدۇ ، قارانىيەت كۆشەندىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . ئالۋاستىنى بىلىملىك ئەمەس ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟ لېكىن ئالۋاستىنىڭ بىلىمى ئىبلىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

## 6

قالاق يېزا ئىگىلىكىدە تۇرۇۋاتقان بىر مىللەت بىلىم ئىگىلىكىنى مەزمۇن قىلغان 3-قېتىملىق سانائەت دولقۇنىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ .ساۋاتسىزلىق پاتقىقىدىن چىقىپ بولالمىغان بىر مىللەت كومپيۇتېر دەۋرىدىكى يەنە بىر ساۋاتسىزلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ . تارىخنى ياخشى تونۇمىغان بىر مىللەت ئۆزىگە نىسبەتەن تامامەن ناتونۇش بولغان يېڭى ئەسىرگە كىرىۋاتىدۇ .ئالدىمىزدىكى دۇنيا ئىنسانىي ھەمكارلىقنىڭ تۈرلىرى كېڭىيىدىغان ،مەدەنىيەت تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كەسكىنلىشىدىغان ، ئەقلىنىڭ قىممىتى بىۋاسىتە ئايان بولىدىغان بىر پۈتۈن دۇنيا .ئۇ ، تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ئالاھىدە تېزلىكى ۋە رىقابەت جەھەتتىكى رەھىمسىزلىكى بىلەن بىزنى كۈتمەكتە .ئامېرىكىلىقلار «21-ئەسىر ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەسىرى بولىدۇ »دېيىشىدۇ ، ياۋروپالىقلار «21-ئەسىر ياۋروپالىقلارنىڭ ئەسىرى بولىدۇ »دېيىشىدۇ ،مۇسۇلمانلار «21-ئەسىر ئىسلام گۈللىنىش دەۋرى بولىدۇ »دېيىشىدۇ ،جۇڭگولۇقلار «21-ئەسىر شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭ دەۋرى بولىدۇ» دېيىشىدۇ .بۇنىڭدىن مەلۇمكى ،ھەركىم يەنىلا ئۆزىگە پايدىلىق پۇرسەتلەرنى ئىزدىمەكتە ۋە ياراتماقتا .

پۇرسەت - ئىزدەش بىلەن يارىتىشنىڭ بىرلىكى .مىلادىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يۇنان ئالىمى تالېس ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ كېتىۋېتىپ ، دىققەتسىزلىكتىن ئالدىدىكى بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ .بىر سودىگەر ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە ،مۇنداق دەپتۇ :

- سىز ئاسماندىكى نەرسىلەرنى بىلمەن دەۋاتاتتىڭىز ،پۇتىڭىزنىڭ ئاستىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەي قاپسىزغۇ ؟ئىلمىي تەتقىقاتتىن راستتىنلا چوڭ نەپ ئاپسىز .ئازگالغا چۈشۈپ كېتىشىڭىزمۇ بىلىمىنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن پايدىسى .

تالېس ئازگالدىن چىقىپ تەمكىن ھالدا ئۇنىڭغا :

- ئېگىزدە تۇرالىغان ئادەمدىلا ئېگىزدىن ئازگالغا چۈشۈش ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى بولىدۇ بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەۋرەزدە ماكان تۇتۇش تۇرسا ،ئۇنىڭ ئەركىن يىقىلىپ قوپۇشىدىن قانداقمۇ گەپ ئاچقىلى بولسۇن ،-دەپتۇ .

ئۆزى يىقىلغان ئادەمدە قوپۇش ئەركىنلىكى بولغاچقا ،مەنزىلگە يېتىپ بارالايدۇ .

---


ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى(M1)

بۇ سان 1999-يىل 10-ئىيۇلدا تىزىشقا يوللاندى
30-سىنتەبىر باسمىدىن چىقتى.تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)
رىسالەت مۇھەممەت(M2) ،بېكىتكۈچى:قۇربان مامۇت

# تۇپراق ساداسى

(نەسىر)

ئەخمەت ئىمىن



مەن گۈزەل ئەپسانىلەرنىڭ شېئىرلاشلىرىغا قۇلاق سالدىم. ئۇ ماڭا ئەلمىساقتا كۆمۈلۈپ كەتكەن سىرلىق خەزىنىلەرنى خىرە - شىرەئىىما قىلدى. ئۇنىڭ يەنە كەلگۈسى خۇشۇسىدىكى بېشارەتلىرى ماڭا پايانسىز دەشتتىكى جەزبىدار ئالۋۇننى ئەسلەتتى.

مەن ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: ئەپسانىلەرگە قۇلچىلىق قىلما، لېكىن ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپمۇ قالما. چۈنكى ئۇنىڭدىن ھېچبولمىغاندا تەسەۋۋۇرلىرىڭ قاناتلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

مەن ئويلىنىمەن...

سەنمۇ ئويلانغىنە، دوستۇم، ئەپسانىلەرنىڭ شېئىرلاشلىرى يىراق ئۆتمۈشنىڭ چەكسىزلىككە سىڭىپ كەتكەن سادالىرىمدۇ؟

مېنى خارلىما، ئىنسان، مېنى خارلىغىنىڭ ئەسلىڭنى خارلىغىنىڭ، ئۆزۈڭنى خارلىغىنىڭ!

مەن - تۇپراق يەنىلا مەن، سەن-ئىنسان، لېكىن سەن مۇقەددەم-ئاخىر يەنىلا مەن.

## ئەدەبىيات گۈلزارى

مەن سېنىڭ جىسمىڭ؛ مەن سېنىڭ رىزقىڭ؛ مەن جەننىتىڭ؛ مەن لەھەتىڭ؛ مەن سېنىڭ بارلىقىڭ، ئىنسان!

سەن مېنىڭ بۆشۈكۈمدە چوڭ بولغان. سەن مېنىڭ سان-ساناقسىز باللىرىمنىڭ بىرى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى.

شۇنداق، سەن ئۇلۇغ، ئىنسان. سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ خۇدانىڭ خەزىنىسىنى نۇرلاندۇرۇپ، پۈتكۈل جاھانغا جىلۋە قىلماقچى بولغان گۆھەرگە قىممىتى ئىككى ئالەمنىڭ قىممىتىدىن ئارتۇق نۇرى ھېكمەتكە خەبەردار بولۇشنى ئاللادىن تىلەش بىلەن روياپقا چىققان. ئاللا سېنىڭ تۇنجى سادايىڭنى-غايىبانە سادايىڭنى ئاڭلىغاندىلا ساڭا ئىشەنچ باغلىغان. سېنى ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى قىلىشقا نىيەت قىلغان.

شۇنداق، ئاللا سېنى يارىتىشنى نىيەت قىلدى، لېكىن سېنى ئوتتىن ياراتمىدى، چۈنكى ئوتتا نۇرنىڭ يورۇقلۇقىمۇ، تۇتۇننىڭ قاراڭغۇلۇقىمۇ بار ئىدى.

ئاللا سېنى يارىتىشنى نىيەت قىلدى، لېكىن سېنى سۇدىن ياراتمىدى، چۈنكى سۇدا زېمىن جامىدا بېلىق كۆزى لىغىرلاپ ياتىدىغان يۇۋاشلىقىمۇ، خۇيى تۇتسا زېمىن جامىنى چېقىپ تاشىدىغان بۇۋاشلىقىمۇ بار ئىدى.

ئاللا سېنى شامالدىن ياراتمىدى، چۈنكى شامال

قارا بورانغا ئايلانغاندا خانىۋەيرانچىلىقنىڭ ھەممىسىنى تېرەتتى.

ئاللا سېنى ئالتۇندىن ياراتمىدى، چۈنكى ئۇ ئالتۇننىڭ ئۆز يالتىراقلىقى بىلەن ھامان بىر كۈنى ھەممە ئىنساننى جەڭگە سالىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئاللا سېنى مەندىن-تۇپراقتىن يارىتىشنى نىيەت قىلدى. نىچۈككى، مەن ئۇنىمىدىم. جەبرائىل كەلدى، ئۇنىمىدىم؛ ئىسراپىل كەلدى، ئۇنىمىدىم. نېمىشقىدۇ، ئوت بالاسىدىن قورقىمەن، دېدىم جەبرائىلغا؛ توپان بالاسىدىن قورقىمەن، دېدىم مىكائىلغا؛ زىلزىلە بالاسىدىن قورقىمەن، دېدىم ئىسراپىلغا.

مەن قورقتۇم، نېمىشقىدۇ قورقتۇم، سېنى كۆرمەي تۇرۇپ قورقتۇم، سېنى بىلمەي تۇرۇپ قورقتۇم. راست، سېنىڭ پەيلىڭدىن قورقتۇم، لېكىن شۇ چاغدا مەن سېنىڭ پەيلىڭنى، ھەتتا تۇرقۇڭنىمۇ كۆرمىگەنىدىمغۇ؟

ئەسلى مەن ئۆزۈمنى دەڭسەپ قورققانىكەنمەن. بويۇنتاۋلىق ئەسلى ئۆزۈمدە ئىكەن. شۇڭا ئاللانىڭ پەرمانىدىن باش تارتىپتىمەن. ئۆز ئەركىگە بېقىش مېنىڭ شۇ تۇنجى قارشىلىقىمدىن ساڭا ئۇدۇم بولدى.

ئاللانىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەزرائىل كەلدى. مېنىڭ ئاللانىڭ پەرمانىغا ئۈچ قېتىم بويسۇنماي ئاسىي بولغانلىقىمنى جاكارلىدى. مەندەك ئاسىيدىن – ئاسىي تۇپراقتىن يارىتىلماقچى بولۇۋاتقان سەندەك ئىنساننىڭمۇ پات پۇرسەتتە ئاسىي بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئايان ئىدى.

مەن ئالدىنقى ئۈچ مالائىكىدىن رەھىمنى كۆردۈم. ئۇلار ئۆز رەھىم-شەپقىتى بىلەن ئاللانىڭ رەھىمدار ۋەزىپىسىگە مۇشەررەپ بولدى. شۇ تۈپەيلى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىمۇ مۇرۇۋۋەت سالماقنى ئىگىلىدى. (ئىلاھا، سېنىڭ روھىڭدىمۇ ياخشىلىق شۇ سالمىقىنى نامايان قىلغاي، ئىنسان!)

مەن ئەزرائىلدىن شەپقەتسىز ئىرادە قەتئىيلىكىنى كۆردۈم. ئاللا ئۇنى شۇ روھى ئۈچۈن پۈتكۈل ئالەم، جىمى ئادەم ۋە كۈللى مەخلۇقاتنىڭ جېنىنى ئېلىشقا بەلگىلىدى. ئۇ، يەر شۇمۇل چاڭگىلى بىلەن شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال-تۆت تەرەپتىن تاتىلاپ كېلىپ تۆت ئىرقىقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر چاڭگال تۇپراقنى ئېلىپ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارغاندا ئۆزىنىڭ تەيىن ئېتىلگەن خىزمىتىنى ئاڭلاپ دەررۇ پۇشايمان قىلدى. كەلگۈسىدە پەرىشتىلەردىنمۇ بۈيۈك يارىتىلىدىغان ئىنساننىڭ جېنىنى ئېلىش ئۆزىگە ئۆچمەنلىك تۇغدۇرىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىدە رەھىم ئويغاندى. ئۇ يىغلىدى. مەن شۇ چاغدا يەنە تونۇدۇم، پۈتكۈل بارلىقنىڭ ماھىيىتى شەپقەت-مۇرۇۋۋەت ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن بىر چاڭگال توپىنى يۇلۇۋېلىپ، مېنى قاقشاتقانلىقى بەدىلىگە يۈرىكىمگە ئورناشقان شەپقەتسىزلىكنىڭ ئۈستىنى يەنە بىر قەۋەت رەھىمدارلىق قاپلىدى. قەلبىمدە شۇ قىسمىتىمنىڭ مۇقەددەس بەش قاتلىمى بار. ئۇ بولسىمۇ رەھىم، رەھىم، يەنە رەھىم، بى رەھىم، ئاخىر يەنە شۇ رەھىم!

رەھىم قىل ئىنسان، ماڭا رەھىم قىل، بۇنىڭدا ئاناڭغا رەھمەت قىلغانىڭنىڭ ساۋابى بار. رەھىم قىل ئىنسان، ئۆزۈڭگە رەھىم قىل، بۇنىڭدا ھەممىگە رەھمەت قىلغانىڭنىڭ ساۋابى بار.

باغرىمنى تىلغىما، ئىنسان! ئىچ-باغرىمنى قوچۇما، ئىنسان! سۇلىرىمنى بۇلغىما، ئىنسان! ھاۋالىرىمنى ئوغلىما، ئىنسان! ماڭا زەخمەت قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە زەخمەت قىلغىنىڭ! ماڭا رەھمەت قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە رەھمەت قىلغىنىڭ!

مەن پېقىر ئىدىم، شۇ پېقىرلىقىم بىلەن ئۇلۇغلاندىم. مەن ئاسمانغا ئوخشاش ئۆز بوي-بوي كۆكلۈكىدىن گەدەيمىگەن؛ مەن دېڭىزغا ئوخشاش تېرەن-چوڭقۇرلۇقىدىن كېرىلمىگەن؛ مەن بورانغا ئوخشاش ئۇچقۇرلۇقىدىن ھۆركىرىمىگەن؛ مەن ئوتقا ئوخشاش يالقۇنلۇقىدىن گۈركىرىمىگەن؛ مەن پەقەت سۈكۈتنىلا ئۆزۈمگە دوست قىلغان، لېكىن بۇ سۈكۈت ئاجىز-زەئىپلىكنىڭ بىشارىتى ئەمەس ئىدى. بۇ سۈكۈنات ھەممەتىسىزلىكتىنمۇ دېرەك بەرمەيتتى. ئۇ پەقەت كەمتەرسىزلىكنىڭ ئالامىتى ئىدى. كەمتەرسىزلىك ئىززەتكە، ھىممەتلىك بولۇش قەدىر-قىممەتكە نائىل قىلىدۇ. زەئىپلىكنى ئۆزىگە يار قىلمىغان سۈكۈنات ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە. شۇڭا مەن ئىززەتلەندىم، قەدىرلەندىم، ئۇلۇغلاندىم-سېنىڭ جىسمىڭنى ھاسىل قىلىش مېنىڭ نېسىۋەم بولدى.

خۇددى پەرىشتىلەر سەن بىلەن ئىززەت تاپقاندەك، مەن ھەم سەن بىلەن ئىززەت تاپتىم. «مەن ئاللا قەسرىنىڭ ئاستانىسى بولدۇم، روھ قۇشىنىڭ ئاشيانىسى بولدۇم»[1]

ئاللا سېنى ئۆز پىنھانلىقىنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن ياراتقانىدى، شۇڭا ساڭا ئۆز روھىنى دېمىدە قىلدى. بۇ مۇكەممەل روھ ئىدى. بۇ روھ ئۆز ئەركىنى ھەم لەگلەك كەبى پەرۋاز قىلدۇرالايدىغان، ھەم ئەقىدە يىپى بىلەن تۇتۇپ تۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. بۇ روھ ئانا سۈتىدىن ئاق، ھەۋزى كەۋسەردىن ساپ ئىدى. بۇ روھ شامالدەك ئىللىقلىقىنىمۇ، بوراندەك شىددەتلىكىنىمۇ نامايان قىلالاتتى.

بۇ روھتا بىركەم 40يىل تارىسلداپ ياغقان غەم يامغۇرىدىمۇ غەيرىتىنى يوقاتمىغان، بىر يىل شادلىق يامغۇرىدا يايراپمۇ خۇدىنى يوقاتمىغان مېنىڭ روھىممۇ بار ئىدى.

سەن مانا مۇشۇنداق روھ بىلەن ئەمدۈرۈلدۈڭ.

---

[1] رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدىن.

ئاللا ساڭا يەنە ئەقىل ئاتا قىلدى. ئاللا بۇنىمۇ يەنە مەندىن ئېلىپ ساڭا بەرگەنىدى. ھېكمەت نۇرى ئەسلىدە ماڭا ئامانەت قويۇلغان، كېيىن ئۇنىڭ بىر زەررىسى سېنىڭ پېشانەڭدىن ئورۇن ئالدى. شۇندىلا بىز بىرجان، بىر تەن بولدۇق، ئىنسان.

ساڭا رەھمەت ياغسا مېنىڭ روھىم يايرىدى. ساڭا بالا كەلسە، مېنىڭ جېنىم قاقشىدى. مەن كۈلگەندە سەنمۇ كۈلگەنىدىڭ، ئىنسان، ئەمدى مەن يىغلىغاندا سەنمۇ يىغلىماسەنمۇ؟

ئاللا ساڭا نەپسنى ئوتتىن بەرگەن. بۇ ئوتتا ئەقىدە - ئىمانى بىلەن بولسا، پەرىشتىلەردەك ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشىدىغان، ئەقىدىسىنى يوقىتىپ ئۆز ماھىيىتىگە ئاسىيلىق قىلسا، شەيتان لەئىنىدەك شۇملۇققا قالىدىغان خۇسۇسىيەت بارئىدى.

بۇ ئوتتا ساپ ئەقىدىلىك ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قوينىغا ئالغاندا گۈل-گۈلىستانغا ئايلانغان يالقۇنلۇق گۈلخانىنىڭ① ھەممەت - شاپائىتىمۇ، ئىزگۈ-ياخشىلىقتىن يۈز ئۆرۈپ گۈلىستانىدى گۈلخانىدا ئايلاندۇرغان گۇناھكار بەندىدى يالقۇن نەشتەرلىرى بىلەن ئازابلايدىغان ۋەيلۇن دوزاقنىڭ قەھرى-غەزىپىمۇ بار ئىدى.

بۇ ئوت سېنىڭ تۆئىمەڭنى تەمگە ئىگە قىلدى. بۇ ئوت سېنىڭ قاراڭغۇلۇقىڭنى يورۇقلۇققا ئىگە قىلدى. بۇ ئوت سېنىڭ جىسمىڭنى ئىللىتتى. بۇ ئوت سەن ئۈچۈن تاشنى ئېرىتتى. خۇللاسى كالام، بۇ ئوت جىق مۇشكۇلۇڭنى ئاسان قىلدى.

بۇ ئوت بىلەن سەن مەرىپەت شامىنى ياندۇرغاندا سەندىن سۆيۈنگەنىدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى نەپسانىيەت ئوتىنى ئۇلغايتقىنىڭدا سەندىن چۆچۈدۈم، ئىنسان.

نەپسانىيەت ئوتىنى ئۇلغايتما، ئىنسان. ۋەھشىيەت يالقۇنىنى گۈركىرەتمە، ئىنسان. مېنى كۆيدۈرگىنىڭ ئۆزۈڭنى كۆيدۈرگىنىڭ، ئۆزۈڭنى كۆيدۈرگىنىڭ ھەممىنى كۆيدۈرگىنىڭ!

ئىنسان، ئىنسانىيەت ۋەسۋەسىلىرىدىن بىردەملىك خالىي بولۇپ، مېنىڭ پايانسىزلىقلىرىمغا نەزەر سال. ئۇنىڭدا كۆزۈڭنى قاماشتۇرىدىغان يالتىراق جىلۋىلەرلا ئەمەس، روھىڭنى ئەسىر قىلىدىغان سېھىرلىك سادالارمۇ بار. ئۇ، قۇلىقىڭ تۈۋىدە ئاجايىپ ھېكمەتلەرنى پىچىرلايدۇ. ئانا تەبىئەت - مەڭگۈ قېرىماس تەبىئەت ياشىنىپ خېلى بىر يەرگە بارسىمۇ، ئۆز تەنتەكلىكىنى يوقاتمىغان سەندەك ئەركە بالىسىغا يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلىتىپ قويۇشنى خالايدۇ. قۇلاق سال، ئىنسان، مەن يەنە روھ ھەققىدە سۆزلەيمەن.

## روھ سېنىڭ جىسمىڭغا بېشىنى تىقىپ

قارىغىنىدا، ئىچىڭدىكى زۇلمەتنى كۆرۈپ قورققانىدى (ئۆزۈمنىڭ نە ئۈچۈن قارا تۇپراق ئاتالغىنىنى بىلمەيمەن، لېكىن جىسمىڭنىڭ مەندىن پۈتۈلگەن بولسىمۇ قارا زۇلمەت ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى).

روھ جىسمىڭغا كىرىپ زۇلمەت ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى، لېكىن ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن تېنىڭگە كىردى، سەندىن ئاللانىڭ خاس سىرىنى، قۇدرەت كامالىنى كۆردى. نۇرلاندى، ئىچىڭ يورۇدى، دىلىڭ يورۇدى. يۈرىكىڭدىكى بۇ نۇر قەۋمىڭ زۇلمەت جاڭگىلىدا ئادىشىپ، كۆزىنىڭ ھەممىتىدىمۇ ماڭار يولىنى پەرق قىلالمىغاندا ۋە شۇنىڭغا خاس شۇم قىسمەتلەردە ئۆز كارامىتىنى نامايىش قىلدى. يۈرەك - نۇرلۇق يۈرەك ئازغۇن يوللىرىڭدا ئالەمشۇمۇل مەشئەل رولىنى ئاتقۇردى.

سېنىڭ جىسمىڭغا كىرگەن روھ سېنى ياراتقۇچىغا دەسلىپىدىلا رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتىشقا ئۈندىگەن. بۇ روھ تېنىڭدىن چىقىدىغان چاغدىمۇ يارالغۇچىلاردىن رەھمەت - تەشەككۈر ئاڭلاشقا تەشنا. ئىنسان مۇردىسىغا جىنازا ئالدىدا باشقىلاردىن ئىسپات-گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىمۇ دەل مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. ئىنسان رەھمەت بىلەن دۇنياغا كەلگەن، دۇنيادىن كېتىشىدىمۇ رەھمەت سۆزىنى ئاڭلاپ كېتىشى كېرەك. مانا بۇ، ئىنسان روھىنىڭ تەقەززاسى.

مەن بۇ قىسمەتكە ھەيران: روھ سېنىڭ قاراڭغۇ جىسمىڭدا «ئىنسان گۇناھىنى تىلىسە، مەغپىرەت قىلىنۇر» دېگەن ۋەھيىنى ئاڭلىغاندا، گۇناھ پاتقىقىغا چۆكتى. نېمىشقىدۇ، جەبرائىل ئۇ گۇمانىي پىكىرنىڭ يېرىمىنى قىرىۋېلىپ بېھىشكە ئاپىرىپ كۆمدى. ئۇنىڭدىن شەجەرەئى مەمنۇئە (مېۋىسىنى يېيىش مەنئىي قىلىنغان دەرەخ) ئۈنۈپ چىقتى. يېرىمى ھەممىگە ئىنتىلگۈچى نەپسى ئارزۇ سۈپىتىدە ئىچىڭدە قالدى. مەن ئويلىنىمەن: بۇ پىكىرنى روھ تۇغدىمۇ ياكى بايىقىدىمۇ؟ ئەگەر ئۇ تۇغقان بولسا، خۇلاسە شۇكى، روھ پىكىر قىلىشنىڭ ئانىسى؛ ئەگەر ئۇ بايىقىغان بولسا، بۇنىڭدىن يەنە بىر خۇلاسە شۇكى، روھ ئىنساننى پىكىر قىلىشقا مەجبۇرلىغۇچى جەڭچى. بۇ سېنىڭ ماھىيىتىڭنىڭ ھەمجەھەتلىكى، ئىنسان.

شۇنداق، ئاللا ساڭا ئىنتىلىش روھىنى ئاتا قىلغان. بۇ، ئۆزى بىلمىگەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ بېقىش روھى، يەنە ئۆزىدىن يوقالغان نەرسىگە قايتا ئېرىشىش روھى ئىدى. شۇڭا سەن شەجەرەئى مەمنۇئەگە ھېرىس بولدۇڭ. شەيتان ساڭا مەدەت بېرىش رولىنى ئوينىدى.

سەن شەجەرەئى مەمنۇئەنى يېدىڭ، يالىڭاچلاندىڭ، مەن بۇنى ھەقىقەتنىڭ يالىڭاچلىقىغا ئوخشاتتىم.

① «قۇرئان كەرىم»دە زىكىر قىلىنىشىچە، پادشاھ نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىغاندا، ئوتنىڭ ئىچى گۈلىستانغا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن.

سەن شەجەرەئى مەمنۇئەنى يېدىڭ، زېمىنغا قايىتتىڭ. مەن بۇنى پۈتكۈل شەيئىينىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە قايىتقانلىقىغا ئوخشاتتىم.

شەجەرەئى مەمنۇئەئى سېنىڭ ھەققىڭ ئەمەس ئىدى، دېيىشىدۇ. سەن ئۆزگىنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا چاڭگال سالغىنىڭ ئۈچۈن بېھىشتىن ھەيدەلگەنىكەنسەن. مەن بىلىمەن، شۇ چاغدا ھەممىنى بىلىپ بېقىش، ھەتتاكى چەكلەنگەننىمۇ بىلىش سېنىڭ ھەق-ھوقۇقۇڭ ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىنسان ھەق-ھوقۇقى بىلەن قادىر تەبىئەت ھەق-ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى ئېلىشىش سېنىڭ زېمىنغا قوغلاندى قىلىنىشىڭ بىلەن خۇلاسىلاندى.

مەن سېنىڭ ھەق-ھوقۇقۇڭ خۇسۇسىدا جىق ئويلىنىمەن. ئاللانىڭ ساڭا بەرگەن ھوقۇقلىرى ئىنتايىن چوڭ ھەم ئىنتايىن جىق ئىدى. ئۇ ساڭا يارالغىنىڭدىلا پەرىشتىلەرنىمۇ سەجدە قىلدۇرۇدىغان ئالىي ھوقۇقنى ئاتا قىلدى. بۇ سېنىڭ كامالەت ئىگىسى بولۇپ يارالغانلىقىڭنىڭ مۇكاپاتى ئىدى. چۈنكى سەن قارىمۇ قارشىلىق ئىچىدە قانداق يول تۇتۇشنى، زىددىيەت قاينىمىدا قانداق ئۈزۈپ، نىجادىيەت قىرغىقىغا قانداق چىقىشنى بىلەتتىڭ. بۇ سېنىڭ تىنچ ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان تەقۋا مالائىكىلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان يېرىڭ ئىدى.

كېيىن سەن زېمىنگە چۈشتۈڭ. تۇنجى قوشماق پەرزەنتلىرىڭدىن قابىل بىلەن ھابىل ئوتتۇرىسىدا ئىنساننىڭ تۇنجى توقۇنۇشى يۈز بەردى. سەن ئىقلىمەنى ھابىلغا ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋېدىڭ، قابىل ئۇنىمىدى، خوتۇن ۋە خەلىپىلىك ۋەسۋەسىسىدە ئاخىر ئىنىسى ھابىلنى ئۆلتۈردى. بۇ، ئىنساننىڭ مۇھەببەت ۋە ھوقۇق ئۈچۈن پەيدا قىلغان تۇنجى پاجىئەسى ئىدى.

مۇھەببەت ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئۇدۇم بولغان ھەم ئەھلى ئىنسانغا بېرىلگەن تەبىئىي ھوقۇق. لېكىن، ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ھوقۇقى جامائەلىشىش ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىنكى زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، ئىنسان ئۆزى پەيدا قىلغان ھوقۇق. بۇ ھوقۇق ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتالىسا، ئۇ ئېتىراپ قىلىنىدۇ، مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىنسانغا بالايى-ئاپەت پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ چوقۇم ئىنكار قىلىنىشى، رەت قىلىنىشى كېرەك. ياشاش ھوقۇقى ئىنسانغا يارالمىشتىن تارتىپ بېرىلگەن تەبىئىي ھوقۇق. بىر ئىنساننى بۇ تەبىئىي ھوقۇقتىن يەنە بىر ئىنسان مەھرۇم قالدۇرىمەن دەيدىكەن، ئۇ چوقۇم تەبىئىيلىكنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا قابىل تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى. سەن قابىلنى زېمىنغا يۇتقۇزۇۋېتىش ئۈچۈن ياراتقۇچىغا نىدا قىلدىڭ. ئاللا ماڭا: «ئادەمنىڭ پەرمانىدا بول» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى مەن سېنىڭ پەرمان تىزگىنىڭدىمەن. بۇ، ياشىغان ئانىنىڭ ئاقىل پەرزەنتىنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغىنىدەك ئىش ئىدى، لېكىن سېنىڭ ھوقۇقۇڭ ھەرگىزمۇ ئانا كۆكسىنى پايمال قىلىشتىن دېرەك بەرمەيتتى.

ھەق - ھوقۇق - ھەق بەرگەن ھوقۇق. ئۇ، ھەقىقىي ھوقۇق، ھەقىقەتنىڭ ھوقۇقى؛ ئۇ، جىمى مەۋجۇداتنىڭ بىللە مەۋجۇد بولۇش ھوقۇقى؛ ئۇ، پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ تەڭ ياشاش ھوقۇقى؛ ئۇ، بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنى قانائەتلەندۈرۈش ھوقۇقى ھەم ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھوقۇقى؛ ئۇ، پۈتكۈل ئىنساننىڭ تەڭ-باراۋەر بولۇش ھوقۇقى.

سەن ھەق-ھوقۇقۇڭنى پايمال قىلىۋاتىسەن، ئىنسان. تەلۋىلىكىڭدىن پۈتكۈل مەۋجۇدات ۋەھىمىگە چۈشتى. نادانلىقىڭ جىق مەخلۇقاتنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتتى. مۇستەبىتلىكىڭ ئىنساننىڭ خاسلىقىنى يوقاتتى. قارا نىيىتىڭدىن قابىلنىڭ قەبىھ روھى قايتا تۇغۇلدى، قايتا-قايتا تۇغۇلدى...

سېنىڭ جەمئىيلىنىشىڭ جەمئىيەتنى بەرپا قىلدى. بۇ، تامچە سۇلارنىڭ قوشۇلۇپ ئېقىننى، ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇپ دەريا-كۆللەرنى ھاسىل قىلغىنىدەك ئىش ئىدى. سەن ئۆز جەمئىيلىكىڭدە ئاجايىپ بىر قۇدرەتنى ھاسىل قىلدىڭ. ئەسلىدە ئادەم زېمىنغا چۈشۈپ توغرا ئەقىدىگە ئېرىشكەن باسقان ئىزلىرى گۈل بولغان. سېنىڭ ئۆملۈكۈڭ ئىزلارنى گۈلىستان قىلدى. شۇ چاغلاردا سەن تەبىئەت بىلەن يېقىن ئىدىڭ، خۇددى يۇلتۇز بىلەن ئاسماندەك يېقىن ئىدىڭ، بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن ئىدىڭ، نۇر بىلەن كۆلەڭگىدەك، ئاشىق بىلەن مەشۇقتەك يېقىن ئىدىڭ.

ئۆملۈكنىڭ قۇدرىتى ئاشقانسېرى سېنىڭ زېمىندىكى تەختىڭ ئېگىزلىدى. يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى زېمىندىكى مەۋجۇدات، مەخلۇقاتلار كۆزۈڭگە تولىمۇ كىچىك ۋە ئەرزىمەس كۆرۈنۈشكە باشلىدى. باشقا يارالغۇچىلارنىڭمۇ خۇددى ئۆزۈڭدەك ئەزىز ۋە مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇلارسىز جاھاننىڭ رەڭسىز ۋە كەمتۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سەن بارا-بارا ئۇنتۇشقا باشلىدىڭ. ئىچىڭدە نەپسى بالا ئوتىنىڭ ئاچكۆز چوغلىرى يېلىنجاشقا باشلىدى. ئازازۇلنىڭ كىبرى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا كۆچتى. سەن ئازازۇل-شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئېزىپ، بېھىشتىن قوغلانغان ئاچچىق ساۋىقىڭنى ئۇنتۇدۇڭ.

سەن ئەسلى مەندەك تۇپراقتىن بىنا بولغان. مەن كىچىك پېئىل ئىدىم، سەن تەكەببۇر بولدۇڭ. مەن شەپقەتلىك ئىدىم، سەن شەپقەتسىز بولدۇڭ. شۇنداق قىلىپ، سەن مەندىن ئايىنىدىڭ. بۇ ئايىنىش سېنى تەبىئەتتىن، تەبىئىيىتىڭدىن يىراقلاشتۇردى.

سېنىڭ جەمئىيلىكىڭ - جەمئىيىتىڭ تەبىئەتنىڭ قوينىدا بولغان، تەبىئىيىتىڭنىڭ خاھىشىدا بولغان. جەمئىيەت ئاخىرىغىچە تەبىئەت ۋە تەبىئىيىتىڭ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈكسىلىشى ئۇنى تەبىئەت يىلتىزىدىن يىراقلىتىۋەتتى ياكى ئۇ تەبىئەت باغرىغا يىلتىز

تارتالمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى يىلتىزسىز قامغاقنىڭ تەقدىرىگە قالمىغىيتتى، دەپ ئەنسىرەيمەن.

شىش ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا قوم-تۇپراقتەك كۆپەيگەن خەلق نوھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە توپان بالاسىغا غەرق بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردىمۇ نۇرغۇن مەدەنىيەت ئۇنىڭ ياراتقۇچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يا ئوت بالاسىدا كۆيدى، يا قوم ئاستىدا قالدى. دەھشەتلىك يانغىن، شىددەتلىك قىيان، تەلۋە بوران، يەرتەۋرەشلەرنىڭ قوترىشى، زېمىن لەرزىسى — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى، قۇدرىتىنى، ھەق-ھوقۇقىنى نامايىش قىلغانلىقى ئىدى. تەبىئەت ھوقۇقى ئىنسان ھوقۇقى بىلەن باراۋەرلىك تالىشىپ قالغان جەڭلەردە تەبىئەت نۇرغۇن قېتىم غەلىبە قىلدى. ئەجەبا، سەن بۈگۈنكى قۇدرىتىڭ بىلەن ئۇلارنى پۈتۈنلەي باش ئەگدۈرەلەيمەن، دەپ ئويلامسەن؟!

تەبىئەت مۇۋازىنىتى مۇقەددەس مۇۋازىنەت. ئۇ، ھاياتلىق دۇنياسىدا بىر-بىرىنى شەرت ۋە تەقەززا قىلىدۇ. سەن بۇنى ئۇنتۇما، ئىنسان. باراۋەرلىك خىتابى ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئەتنىڭمۇ خىتابى. قۇلاق سال، ئىنسان، گۈل-گىياھلارنىڭ پىچىرلاشلىرىمۇ شۇ، دەل-دەرەخلەرنىڭ شالدىرلاشلىرىمۇ شۇ، بۇلاقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىمۇ شۇ، دېڭىزلارنىڭ شاۋقۇنلىرىمۇ شۇ. ئاي-يۇلتۇزلارنىڭ جىلمىيىشىدىمۇ شۇ مەنا، قۇياشنىڭ چاقناشلىرىدىمۇ شۇ مەنا، تاغلارنىڭ تەمكىن بېقىشلىرىدىمۇ شۇ مەنا، دالا-تۈزنىڭ سۈكۈتىدىمۇ شۇ مەنا. ئۇچار-قانات، ھايۋانات، غەيرىي ئىنسان مەخلۇقات ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىرادىسىنى بۇرۇنلا سۇلايمانغا① ئېيتىپ قويغان. مەن شۇ تاپتا پەقەت ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى قايتىلاپ قويدۇم، خالاس.

شۇنداق، بايام دېگىنىمدەك، جەمئىيەت سىېنىڭ تەبىئىيىتىڭنىڭ — ئىچكى ماھىيىتىڭنىڭ خاھىشى ۋە تەقەززاسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. ئۇ، قۇدرەت كامالى بىلەن باغرىمدا باغۇئىرەمنى ياراتتى. سەن بۇنىڭدىن جىق مەئىشەتكە، راھەت - پاراغەتكە ئېرىشتىڭ. بۇ، ۋۇجۇدۇڭدىكى بىر بۆلىكى ئادەمگە، بىر بۆلىكى ئالەمگە تەئەللۇق ماھىيەتنىڭ غەلىبىسى ئىدى. لېكىن، سەن شۇ باغۇئىرەمنى② غەيرىي ئىنسانىي تۈزۈم ۋە قائىدىلەرنىڭ قوغۇشۇندەك سۈرۈن توساقلىرى بىلەن قاشادىغىنىڭدا ھەقىقىي ئىنسانىي تەبىئىيىتىڭ ئۆزۈڭ ياسىغان تۆمۈر رېشاتكىلىق زىنداننىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. روھ قەپەزگە ئەسىر بولدى. ئۇ ئەمدى ئەركىن پەرۋاز قىلالمايدۇ، ئەلەم بىلەن ھەربىر قانات قاقسا پەيلىرى تۆمۈر رېشاتكىلارغا ئۇرۇلۇپ توزۇيدۇ.

سەن ئەسلى تەبىئەتنىڭ ھاۋاسى بىلەن ئىچكى ھاۋايىڭنى يېڭىلاشقا، مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە موھتاج ئىدىڭ، لېكىن جەمئىيەت سېنى ئەنئەنە ۋە ئادەت زەنجىرى بىلەن چۈشىدى. روھىيىتىڭ زەئىپلەشتى، جەمئىيەت كۈچەيدى.

سېنىڭ بىر تېنىڭدە ئىككى كاللا پەيدا بولدى: بىرى، جەمئىيەت ئادىتىگە قۇللارچە ئېگىلدى، بىرى، ئەسلى تەبىئىيىتىڭ ئالدىدا شەلپەردەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى.

چىن ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆز ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقىنى تەكىتلەيدۇ. جەمئىيەت ئىنسان ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئىنسان جەمئىيەت ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىنسان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بوينى باغلاغلىق ئىتى ئەمەس. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ قەدىر-قىممىتى ھەربىر ئىنسان قەدىر-قىممىتىنىڭ جۇغلىنىشىنىڭ مەھسۇلى ياكى ئۇنىڭ چوڭايتىلغان شەكلى. ئىنسانلار ئۆزىدىكى چەكسىز تەبىئىي خۇسۇسىيەتنى نامايان قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئىنسانىيەت ئەركىنلىكى ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى. ئىنسان ئاچقان يول كېڭىيىشى كېرەككى، تارلىماسلىقى كېرەك. ئىنسان تەبىئىيىتى داغدام يولنىلا ئەمەس، تۇيۇق يولنىمۇ رەت قىلمايدۇ. چۈنكى ماڭغۇەرسە، تۇيۇق يولدىنمۇ ئاخىر بىر يول چىقىدۇ.

بۇ مېنىڭ پەلسەپەيىم ئەمەس، ئىنسان، سېنىڭ ياشاش پەلسەپەيىڭ.

بۇ، مېنىڭ سادايىم ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئىچكى تەبىئىيىتىڭنىڭ ساداسى.

تەبىئەت رەڭدار. ئۇ رەڭدار بولغانلىقى ئۈچۈنلا كۆز ئالدىڭدا جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرلا خىل رەڭلىك بولسا ئىدى، كىشىلەر ئىلغا قىلىش سېزىمىنى يوقاتقان بولاتتى. جەمئىيەتمۇ شۇنداق. ئۇ، رەڭدارلىقى بىلەنلا ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىنسان جەمئىيەتنىڭ بىر قېلىپتا قۇيۇپ چىقىرىدىغان كېسەكى ئەمەس، ئۇ، تەپەككۇر ئەركىنلىكىگە ئىگە. تەپەككۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا روھ بىلەن تەڭ كىرگەن. جەبرائىل ئۇنىڭ يېرىمىنى قىرىپ ئېلىۋەتكەندىمۇ ئادەم ئۇنى ئىنتىلىش كۈچى بىلەن يەنە قولغا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى تەپەككۇر تاكامۇللۇقىغا ئېرىشتۈرگەن. ئىلاھىي قۇدرەتمۇ يوقىتالمىغان تەپەككۇر ئەركىنلىكىنى يوقاتماقچى بولغانلار تەبىئىيلىكنىڭ لەنەت-قارغىشىغا ئۇچرىماي قالارمۇ؟

مەن شەخسنىڭ ئۆز تەپەككۇر ئەركىنلىكىنى ئۆزى بوغۇۋاتقانلىقى ھەققىدىمۇ سۆزلەيمەن، ئىنسان. تەپەككۇرنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەرمەسلىك، ئاللىقانداق نوپۇزلۇق ماركا چاپلانغان ئاتالمىش تەپەككۇرلارغا ئۆزلۈك تەپەككۇرىنىڭ بوينىنى

---

① «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلىشىچە، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بارلىق قۇش، ھايۋاناتلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن.

② «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا ئېيتىلىشىچە، باغىئىرەم ھۇد ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا شەدداتنىڭ بىنا قىلغان بېغى ئىكەن. ئۇ كۆپىنچە زېمىندىكى جەننەتكە تەققاس قىلىنىدۇ.

باغلىتىپ قويۇش ئىنساننىڭ خاسلىقىنى يوقىتىدۇ. خاسلىق ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ھەربىر ئىنساننىڭ خاس ئىچكى مۇۋازىنىتى يىغىلىپ ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ مۇۋازىنەت تەڭكەشلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. مۇھەممەت مۇھەممەتلا بولىدۇ، سەمەت بولمايدۇ؛ سەمەت سەمەتلا بولىدۇ، مۇھەممەت بولمايدۇ، لېكىن ھەممىسى قوشۇلۇپ ئادەم بولىدۇ. مۇھەممەت نېمە ئۈچۈن مۇھەممەت بولۇپ ياشىمايدۇ؟ سەمەت نېمە ئۈچۈن سەمەت بولۇپ ياشىمايدۇ؟ مۇھەممەت نېمە ئۈچۈن مۇھەممەتلىكىڭنى كۆرسەتمەيسەن؟ سەمەت نېمە ئۈچۈن سەمەتلىكىڭنى كۆرسەتمەيسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈش ئۆزۈڭنىڭ ھوقۇقۇڭ. ئۆزۈڭنىڭ بۇ ھوقۇقىنى تونۇمىغىنىڭ ئۆزۈڭنى تونۇمىغىنىڭ. ئۇنداقتا، سەن ئۇنداق ئۆزۈڭنى رەت قىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر جەمئىيەت ئۆز خاسلىقىڭنى تونۇتۇشىڭنى رەت قىلىدىكەن، سەنمۇ ئۇ جەمئىيەتنى رەت قىلىشىڭ كېرەك. جەمئىيەت پەقەت ئىنساننىڭ ئىنسان سۈپىتىدە ياشىشىغىلا مەسئۇل. شۇندىلا ئۇ ئىنسان جەمئىيىتى بولالايدۇ.

مەن سېنىڭ ئۆزلۈكىڭنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىڭدىن، خاسلىقىڭدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىڭدىن ئەنسىرەيمەن، ئىنسان.

مېنىڭ ئەنسىرەيدىغانلىرىم جىق، ناھايىتى جىق!

مەن سەندىن ئەنسىرەيمەن، ئىنسانىيەتتىن ئەنسىرەيمەن!

تۇمان ئىچىدە قالغان كېمە ھوشيارلىقىنى سەللا يوقاتسا، خادا تاشقا ئۇرۇلىدۇ. ئۇ خەتەرلىك جايدا تۇرۇۋالسا، ئېقىپ كەلگەن غايەت زور مۇزتاغلار ئۇنى يەنىلا دېڭىزغا غەرق قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

ھاياتلىقنىڭ ھەمجەھەتلىكىنى ساقلاپ قالغان نوھ كېمىسى توپان بالاسىدىن سالامەت چىققان. شۇ چاغدا ساپ ئەقىدە توپاننىڭ تارتىلىپ، توپاننىڭ تارقىلىپ، قۇياشنىڭ كۈلۈپ نۇرلانغانلىقىنى كۆرگەندى. ئاردا ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپ مەن يەنە نەپسانىيەتنىڭ قارا تۇتەكلىرى جاھاننى قاپلىۋالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. بۇ تۇتەكنىڭ قىسمىتى ئاجايىپ قىسمەت: «تولغىنار تۇتەكلەر زۇلمەت قوينىدا، ئالالماي ھەسرەتتىن ئۆزىن دالدىغا. ئۆزىنىڭ قۇياشنى توسۇۋالغىنىنى ھەرگىزمۇ-ھەرگىزمۇ ئالماس يادىغا».①

شۇنداق، قارا تۇتەك تارقاتقانمۇ ئۆزۈڭ، قارا تۇتەك ئىچىدە قالغانمۇ ئۆزۈڭ، بۇنى بىلمەي غەپلەتتە قالغانمۇ يەنە ئۆزۈڭ، ئىنسان.

جەمئىيەتنىڭ ئۈچۈن ئىنسان قۇربانلىقىنى كەشپ قىلىپ جىق مالامەت تارتقانىدىڭ، ئەمدى يەنە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۈچۈن ھېسسىز ماشىنا ئادەم كەشپ قىلدىڭ. ئۇ قىسقىغىنا 50يىل ئىچىدە مەنتىقىلىق ۋە ماتېماتىكىلىق ھېساباتتا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى بىلەن سېنى يەرگە قاراتتى. ئەمدى سەن ئۇنىڭغا ئەسەب تالالىرىنىمۇ بەخش ئەتمەكچى بولىۋاتىسەن. ئۇ پەقەت مەنپەئەت ۋە ئەقىلنىڭ مۇتلەق قانۇنىيىتى بىلەنلا سۇغۇرۇلغان. ئۇ، ئىنساننىڭ ھېچقانداق تۇيغۇ ئىسيانلىرىنى، ھېسسىي داۋالغۇشلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇ سېنىڭ تەبىئىيتىڭدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنىڭ قارىمۇ قارشىلىق - بىرلىك قانۇنىيىتىنىمۇ تونۇمايدۇ. ئۇ ئەمدى جەبرائىلنىڭ ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ ۋۇجۇدىڭدىكى روھنى، ئىنسانىي تەپەككۇرنى ئويۇپ تاشلايدۇ. ئۆزۈڭ ئۈچۈن قول سۈپىتىدە يارىتىلغان ماشىنا ئادەم سەن بەرگەن ئەقىل-پاراسەت ئارقىلىق سېنى ئۆزىگە ئىتائەتمە قول قىلىدۇ. سەن شۇ چاغدا: «مەن بىراۋغا ئۇ ئېتىشنى ئۆگەتتىم، ئۇ مەرگەن بولۇپ مېنى ئاتتى»② دەپ ھەسرەت چېكىپ قالارسەنمۇ؟ بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭ ئۆگەتكەن قۇشنىڭ ئۆزۈڭنى ئېلىشىدىن ئارتۇق پاجىئە-نادامەت بولمايدۇ. ھېسسىز ماشىنا ئادەمدىن تارتىپ گېن تېخنىكىسىدىن يارىتىلماقچى بولىۋاتقان (ياكى يارالغان؟) جىنسسىز-كلون ئادىمىگىچە بولغان تەرەققىيات ئەجەبا سېنى چۆچۈتمىسە؟!

مەن ئويلىنىمەن: مەن خارلىقىم بىلەن ئۇلۇغلانغاندىم، سەن ئۇلۇغلۇقىڭ بىلەن خارلىنىپ قالارسەنمۇ؟

ئويلان: سەن كىم ئىدىڭ؟ كىم بولدۇڭ؟ يەنە كىم بولماقچى؟

ئەسلى كىملىكىڭنى ئۇنتۇما. بۇنى ئۇنتۇغىنىڭ ئەسلىڭنى ئۇنتۇغىنىڭ، ئەسلىڭنى ئۇنتۇغىنىڭ مېنى ئۇنتۇغىنىڭ، مېنى ئۇنتۇغىنىڭ ھەممىنى، ھەممىنى ئۇنتۇغىنىڭ.

مەن - تۇپراق يەنىلا مەن، سەن - ئىنسان، لېكىن سەن مۇقەددەم - ئاخىر يەنىلا مەن.

## پايدىلانغان مەنبەلەر

«قۇرئان كەرىم» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى) بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

«قۇرئاندىكى قىسسەلەر» - مۇھەممەد ئەھمەد زەئىدمۇللا (سۇرىيە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.


«قىسسەسۇل ئەنبىيا» - رابغۇزى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى.

«تارىخى تەبەرىي» - ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد بىننى جەرىر تەبەرىي. ش ئۇ ئا ر ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى نەشرى.

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى

(M1)

① ھىندى پەيلاسوپى ۋە شائىرى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى رابىندرانات تاگورنىڭ «مايقوڭغۇزى» ناملىق ئەسىرىدىن.
② شەيخ سەئدىي: «گۈلىستان» (ئاباي قونانباي تەرجىمىسى) دىن.



# شېئىرىيەت دېڭىزىدىكى تەنها ئارال

- ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ خەنزۇچە نەشردىكى شېئىرلار توپلىمى
نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن

## ئابدۇقادىر جالالىددىن

ياپونىيىلىك مەشھۇر جامائەت ئەربابى چىتيەندازو مەشھۇر ئېنگلىز تارىخچىسى ۋە پەيلاسوپى ئارنولد تويىنبىدىن: «سىز قايسى دۆلەتتە تۇغۇلۇشنى ئۈمىد قىلىسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «مەن بۇددا دىنى تارالغان جۇڭگو شىنجاڭدا تۇغۇلۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى («21-ئەسىرگە نەزەر». چىتيەندازونىڭ بېغىشلىمىسى).

تويىنبى ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاددىيلا بىر ئارزۇ دېيىشكە بولمايتتى، بەلكى ئۇ شىنجاڭنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى پارلاق ھەم مىسلىسىز سەنئىتىنى، كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان مەدەنىيىتىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بىر پەيلاسوپنىڭ لىرىك قەلبى ئىدى. تالاي يىللارنىڭ تۇمانلىق باغرىدا غۇۋا تۇس ئېلىشقا باشلىغان تارىخ ئۆزىنىڭ تولىمۇ چالا ياكى يېرىم-ياتا گەۋدىسى بىلەن تارىخچىلاردىن تەسەۋۋۇر تەلەپ قىلىدۇ. ئىلمىي قىياسقا ئۆزگىرىشتىن بۇرۇنقى ئەنە شۇ تەسەۋۋۇر تارىخچىنىڭ چىنلىققا تەشنا قەلبىنىڭ رومانتىكىسى سۈپىتىدە نۇر چېچىپ، داۋاملىق ئىچكىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، تارىخچىغا تۇرتكە بولىدىغان كۈچنىڭ بىر قىسمى چىنلىق، يەنە بىر قىسمى شېئىردۇر. بۇ، ئەقىل تىزگىنىنىڭ كۆرۈنمەس ئۇچىنى ھەقىقەتكە تاپشۇرغان تارىخچىلارغا مەنسۇپ.

تارىخنىڭ خاتىرىلەشتىن ئىبارەت ھەممىگە مەلۇم ئەھمىيىتىمۇ بار. بىراق ئۇنتۇشتىن ئىبارەت كېسىلىمۇ بار. بۇنداق كېسەل ئوردا تارىخچىلىرىدا

ھەممىدىن ئېغىر بولۇپ، ئۇلار ئىنسان روھىنىڭ ھېسسىيات مەنتىقىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانغا مايىل ئاتالمىش لوگىكىسىنى توقۇپ چىقىرىشىدۇ. چىڭغىز ئايتماتوف «ئەسىرگە تەڭ بىر كۈن» ناملىق رومانىدا ئۇنتۇشنىڭ كېلەچەكتە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېغىر زىيانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنتۇش ئۇنۇتقۇچىنى پاجىئەگە زورلاش بىلەن بىرگە ئۇنتۇلدۇرغۇچىنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، زىياننى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تەڭ تارتىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ جاسارەتلىرى، شائىرلارنىڭ تراگېدىك ھېسلىرى ئەنە شۇ سەۋەنلىكنىڭ بەلباغلىرىدا بوغۇلۇپ، بۈگۈننىڭ ئېنىرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ.

جۇڭگو خەرىتىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە قارىسىڭىز، زور گەۋدىنى تەشكىل قىلغان بىر جاي بار، ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى. دۇنيا تارىخىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگو تارىخىنىڭ قاتمۇ قات رىشتى بۇ رايونغا شۇنداق باغلانغانكى، بىز بۇ تارىخنى كەينىگە قايتۇرۇپ ۋاراقلىغانسېرى مەدەنىيەتكە دائىر ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى بايقايمىز. بۇ يەردە ئىران، يۇنان، ھىندىستان مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى، يەرلىك تۇران (ئۇيغۇر) مەدەنىيىتى ئاساسىدا تەرەققىياتنىڭ يېڭى لېنىيىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ يەردە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى قىتئەلەرگە ئايرىپ تۇرۇۋاتقان شامان دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى شۇنداقلا ئاز-تولا خرىستىئان دىنى ئامىللىرىنىڭ مۇجەسسىمى بار.

بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ھون چەۋەندازلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆلەڭگىلىرى بار، تۈرك ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن چاچرىغان ئۇچقۇنلار بار، ئۇيغۇر كىمىياگەرلىرى تاۋلاپ چىققان تۆمۈرنىڭ مەزمۇتلۇقى بار. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا گۈزەل قىزلار دەرەخلەرنىڭ كاۋىكىدا تۇغۇلىدۇ، ئادەملەر ساماۋى نۇر تەرىپىدىن زېمىنگە تېرىلغان، ئادەملەر زېمىندىن ئۈنىدۇ. بۇ يەردىكى بوۋاقلار كۆك بۆرىلەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىدۇ، ئاۋازىنى ئاڭلىسا شادلىنىدۇ. بۇ يەردىكى بوۋاقلار 40كۈن ئىچىدىلا تەڭداشسىز باتۇرغا ئايلىنىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قەدىم تارىخىنى ماگېللان تەرىپىدىن «تىنچ» دەپ سۈپەتلەنگەن تىنچ ئوكيانمۇ سۆزلەيدۇ: ئاشۇ يىراق تىنچ ئوكياندا ئۇيغۇرلار قۇرغان قۇياش ئىمپېرىيىسىنىڭ سىرلىق ئەرۋاھى چايقىلىپ تۇرىدۇ (چېرچىۋارد: «قەدىمكى ‹مۇ› چوڭ قۇرۇقلۇقى» 1997-يىل موسكۋا سوفىيا نەشرىياتى، روسچە نەشرىدىن يەتكەن ئۇچۇر).

بۇ يەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇرۇۋۋەتلىك ئالقانلىرى دەستىلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىدىن قوم ھېكمەتلىرى ئاپىرىدە بولغان. بۇ يەردىكى قۇملار بەئەينى چۈش قۇدۇقلىرى. تارىخنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ۋە قان-ياشلىق قىسمەتلىرى زېمىننىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقىپ يۇرۇپ، ئاشۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىگە ئايلانغان. ئاسمان ھەر كۈنى مۇشۇ قۇدۇقتا يۇيۇنىدۇ.

بۇ يەر مەڭگۈلۈك چىڭقى چۈش. قۇياش ئەڭ سەممىي نۇرلىرىنى بۇ يەرگە بېرىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قوقاستەك قىزىپ كەتكەن زېمىنگە دەسسەپ يۇرۇپ، بەدەنلىرىنى مىس رەڭدە تاۋلايدۇ. ئۇلار بىپايان ئوت دېڭىزىدا قىيامەتنىڭ تەنھالىقىنى مەشىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرۇپ، قاغجىراپ كەتكەن لەۋلىرىدىن كەۋسەردەك سەگىتمە ناخشىلار ئۇرغۇپ چىقىپ، كۆڭۈل ۋادىسىدا باراقسان بوستانلارنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ قىزلىرىنىڭ مېڭىشىدا دۇنخۇاڭ غارلىرىدىكى سەنەملەرنىڭ نەپىس جەۋلانلىرى بار. مىڭئۆي تارىخ ھەزىم قىلالمىغان مىڭ قوڭغۇراق. يىللار شامىلىنىڭ توختاۋسىز تېگىشى ئىنسانىيەتنىڭ تېخى تەبىر تاپمىغان نازاكەتلىك پىنھان چۈشىدىن سادا بېرىدۇ.

بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى خۇددى ۋاڭ مېڭ تەسۋىرلىگەندەك ساددا، ئاق كۆڭۈل، ھېسسىياتچان ۋە يۇمۇرلۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ ساددىلىقىدا پەيلاسوپلارغا خاس چوڭقۇرلۇق بار. ۋاڭ مېڭنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شوخ ۋە بەڭباش گېپلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن. ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئىككىنچى ئانا تىلىم دېگەن. تىل روھىي ۋەتەن. بۇ تىلدا ئوخشىمىغان ھايات ئىقلىملىرى تۇغقانغا ئايلىنىدۇ. تاش ئۇخلاپ قالغان كۈي بولۇپ چىقىدۇ. زەھەر ئاقساقاللارنىڭ خاسىيەتلىك دۇئاسى بىلەن شەربەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ تىلدا تۇمانلار كۈلۈمسىرەيدۇ، ئاسمان پەقەت چېكىت بولۇپ قالىدۇ. بۇ تىل مەڭگۈلۈككە سوزۇلغان ئۇزاق يول. يۇلتۇزلار شائىرلارنىڭ سەپىرىدىن ئۈنگەن تۇزان.

بۇ يەردە شۇنداق بىر روھىي كامالەت بار: بۇ كامالەت نەسىرىدىن ئەپەندىگە ئوخشاش ھېكمەتلىك كۈلەيدىغان كومېدىيىلىك ئوبرازنى ياراتقان. ئەگەر نەسىرىدىن ئەپەندى نامىغا توقۇلغان لەتىپىلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ كۈلكىسى ھادىسىلەر مەنتىقىسىنى زورمۇ زور بۇرمىلاشتىن كەلگەن يۈزەكى كۈلكە ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ ماھىيىتىگە يېتىشتىن كېيىنكى تەسەۋۋۇرچە كۈلكە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ بىپەرۋالىقىدا ئالەملىك قانۇنىيەتكە نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت ئەكس ئەتكەن، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىدا ھۆكۈمرانلار ۋە جاھانسازلارغا قارىتا ئاچچىق تەنە بار. ئۇ، كىشىلىك خاراكتېرنىڭ ھەممە قىرلىرىنى ئۆزىگە تولۇق

مەركەزلەشتۈرگەن تەۋەككۇلانە ئوبراز .بۇ كومېدىيە-لىك ئوبرازنىڭ ئەكسىچە بولغان يەنە بىر سەنئەت مۆجىزىسى بار ،ئۇ بولسىمۇ ،دۇنيا بويىچە ئەڭ زور مۇزىكىلىق داستان ئۇيغۇر 12مۇقامى . ئۇيغۇرلار هايات ،ئالەم ۋە ئىلاھ بىلەن بولغان سىرلىق دىئالوگنى ۋە بۇ دىئالوگنىڭ قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان مەنە فونتانلىرىنى مۇزىكا رەۋىشىدە ئىزهار قىلىدۇ .بۇ مۇزىكىلاردا شۇنداق بىر مۇڭ باركى ،بۇ مۇڭ هەرگىزمۇ ئادەتتىكى هاياتنىڭ كوچىلىرىدا ئېزىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ چۈشكۈنلۈكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ ،ئەكسىچە پانىي هاياتتىن هالقىشتىن كېيىنكى ئىلاهىي ماكاننىڭ چەكسىزلىكىدە تونۇلغان هەيرانلىق ،ئىزتىراپ ،بىلىشكە بولغان تەشنالىق ، ئالەم روهى ئىلكىدىكى لاماكانلىق بار .ئۇنىڭدىكى تېكىستلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى جەۋهەرلەر سۈپىتىدە مۇزىكىدىن ئىبارەت پەرىشتىلەر تىلىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى ئۆتىگەن . نەسىرىدىن ئەپەندىدە هاياتقا نىسبەتەن كومېدىيىلىك نەزەر ئىپادىلەنگەن بولسا ،ئۇيغۇر12مۇقامىدا بىرخىل سىرلىق تەشۋىش ،شېرىن تەلپۈنۈش ،يارقىن مۇڭ ئەكس ئەتكەن .مانا بۇ هاياتقا تۇتۇلغان يەكگىل ۋە قاتتىق پوزىتسىيىنىڭ ئوخشاش قىممەتتىكى يۈكسەك ئېستېتىك دۇنياغا ئايلاندۇرۇلۇشى .

تارىخ ،تەرەققىيات ،تەبىئەت ،خاتىرە . . .

تارىخ بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ،ئىنسان كامالىتى هەققىدىكى بەدىئىي بايقاشلاردىن ئوكتاۋىئوپاز يازغان سىرلىق تەنها قەسىرنى قۇرۇپ چىققان .بۇ قەسىر ئۆزىدىكى هەرقانداق تەۋەككۇلچىنى ئىرماش-چىرماش كوچىلىرى بىلەن مۇقەددەس بىر سۈزۈكلۈككە يېتەكلەيدۇ .بۇ سۈزۈكلۈك دەل ئەبەدىيلىكنىڭ ئىشىكى .تەكلىماكان ئەنە شۇ سىرلىق تەنها قەسىرنىڭ ماددىي كۆرۈنۈشى بولۇپ ،بۇ يەردىكى قۇم بارخانلىرى تىنىماي چىقىپ تۇرغان شامالاردا ئورنى ۋە هالىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ .لەهزىلەر ئارا تۇغۇلغان قۇم قەلئەلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تالاي ئەسىرلىك تىلسىملارنى شامالار تىلىدا بوغۇق جاكارلاپ ،ئىككىنچى بىر شەكىلگە كىرىدۇ .مانا بۇ سىر تاشقىنى .بۇ تاشقىندىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ هاۋالىسى بەرق ئۇرۇپ تۇرىدۇ ،هازىرنىڭ ئۇپۇقلىرى جامال ئېچىپ نۇر يامراشلىرىنىڭ سۈرئىتىدە يېڭىچە ئالەمگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ .

تارىخ ،تەرەققىيات ،ئۇنتۇش ،ئېزىقىش . . .

دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە مەدەنىي ئالاقىلارنىڭ دېڭىز ئارقىلىق بولۇشى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۈملىدىن تەكلىماكان ۋادىلىرىدىكى تورسىمان تۈگۈنلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا باشلىدى .هىندىستان ،كەشمىر ،شام (سۈرىيە ) ، ئىران ،ئىراقلارغا شۇنداقلا چاڭئەن ،سۇجۇلارغا مېڭىپ تۇرىدىغان سوداكارۋانلىرىنىڭ هەيۋەتلىك كولدۇرما ئاۋازلىرى ئاستا-ئاستا سۇسلىشىپ ، كىشىلەرنىڭ جاهانغا پۈر كەتكەن ئىجادكار روهى ئوكيان ساهىللىرىنى ئېكسپېدىتسىيىلىرى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇشقا باشلىغان ياۋروپا كىشىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا نۇر چېچىشقا باشلىدى .

ئەنە شۇ شانلىق تارىخ ،ئەنە شۇ پارلاق مەدەنىيەت ،شېئىرىيەت ،مۇزىكا ،رەسسىملەرنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى گارمونىك گۈللىنىشى ئەمدىلىكتە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ساناقلىق ئالىملارلا بىلىدىغان گۈزەل رىۋايەت بولۇپ قالدى .دەۋرنىڭ سىرلىق مۆجىزىلىرى داڭلىق مۇزېيلارغا نوپۇز ۋە شۆهرەت ئاتا قىلغۇچى قىممەتلىك بىزەككە ئايلاندى ، شۇنداقلا تىرىك تارىخنىڭ سۆلىتى ،كۈچى ۋە قەهرى بولۇشتىن قالدى .ئۇلاردىن هوزۇرلىنىش ،ئۇلارنى بىلىش پەقەت ئاز ساندىكى ئاكادېمىكلارنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى .

گارسىيە ماركوس «100يىل غېرىبلىق »رومانىدا لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ دۇنياۋىي ئورتاقلىق ۋە گۈللىنىشتىن مەهرۇم هالدىكى تەنهالىقىنى دۇنياغا ئاڭلاتتى .مانا هازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزكى ،لاتىن ئامېرىكىسى ئەمدىلىكتە هەرگىز تەنها ئەمەس ،ئۇلار بۈگۈن هەيۋەتلىك دۇنياۋىي ئېقىمنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرىغا ئايلاندى .ئۇلاردىن چىققان گارسىيە ماركوس ،پابلو نېرۇدا ،ئوكتاۋىئوپاز ،بورخېس ، ئاستۇرياس قاتارلىقلارنى پۈتكۈل جاهان ئۇستاز ،دەپ تونۇيدۇ .ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرى ئىنسان تەقدىرىنىڭ ئۆزگىچە خىلۋەت كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەپ ،كىشىگە چىن ئىنسانىي سۆيگۈ ۋە گۈزەللىك هەققىدە چوڭقۇر ساۋاقلارنى بېرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلاندى .

تەكلىماكان ۋادىلىرىدا مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى قۇچاقلاپ ياتقان كىشىلەر لاتىن ئامېرىكىسى مۇشۇ ئەسىردە تەرك ئەتكەن ئېغىر تەنهالىقنى ئۆزىنىڭ تەقدىرى سۈپىتىدە كۆرۈپ كەلمەكتە .راستىنى ئېيتقاندا ،بۇ هەرگىزمۇ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تاللىۋېلىشى ئەمەس ،بەلكى ئۇنتۇغاق تارىخنىڭ يالدامىسى .بۇ يەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەدەبىياتى دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان ئىقلىملىرىدىكى تۈرلۈك خەلقلەرنى ،دىنلارنى ، ئۇلارنىڭ هەقىقەت يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئۆزىنىڭ رېئال مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىيالىدى .بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۆزلىرىنىڭ چۆچەك - ئەپسانىلىرىدە ،قىسسە-داستانلىرىدا دۇنياۋىيلىقنى تېما قىلدى .15-ئەسىردىكى بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەر هەققىدە

داستان يازدى .ئۇنىڭ قەلىمىدە خوتەن شاھزادىسى پەرھاد ئەرمەنىستان مەلىكىسى شىرىننى ياخشى كۆرۈپ قىلىپ ،قورغاقچىلىق ۋەھىمىسىدە قالغان ئەرمەن خەلقىغە سۇ باشلاپ كېلىدۇ .مانا بۇ بىز بۈگۈن ھەدەپ تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىنتېرناتسىئونالىزم .پلاتون ،ئارىستوتېل ئىدىيىلىرى مىڭ يىل ئىلگىرىلا فارابى ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ كىشىلىرىگە ئۆزلەشكەن .يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ»ئەسىرىدە گرېك ماتېماتىكلىرىنىڭ ئىسمى كۆزگە چېلىقىدۇ .ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە سوقرات غاردىكى ئەۋلىيا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ .ھەتتا گرېك ئالىملىرى خەلقىمىزگە شۇ قەدەر ئومۇملاشقانكى ،بىر قىسىم قىسسە-چۆچەكلەردە پەيغەمبەرلەر قاتارىدا مۇقەددەسلەشتۈرۈلىدۇ .

بۈيۈك پارس شائىرى شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلۈستان»ئەسىرى بۇ يەردىكى ئەنئەنىۋى مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ كەلدى . ئەرەب-پارس تىللىرى بۇ يەردىكى مىڭ يىللىق مائارىپ تارىخىدا ئۆگىنىش ئىزچىل يولغا قويۇلۇپ كەلگەن چەت ئەل تىللىرى ئىدى .خوجا ھافىز ، جالالىددىن رۇمىي قاتارلىق پارس تىللىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ يەردە ھەممىگە تونۇش . سەئدىيە خانلىقى ۋە ئاپاق خوجا دەۋرىدىكى ئوردىلاردا ئۆتكۈزۈلگەن مۇشائىرىلەردە جالالىددىن رۇمىينىڭ شېئىرلىرى بىۋاستە پارسچە ئوقۇلاتتى .19-ئەسىرگە كەلگەندە بۇ شائىرلارنىڭ دىئالېكتىك ئېلېمېنتلارغا باي تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى گېرمانىيە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىلھام بۇلىقىغا ئايلاندى .گېگېل جالالىددىن رۇمىينى ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك ئۇستاز قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ .گيۆتى ھافىزنىڭ غەزەللىرىنى تولۇپ تاشقان رومانتىك قىزغىنلىق بىلەن قەدىرلەيدۇ ،ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازىدۇ (گيۆتىنىڭ «西东合集»ناملىق توپلىمىغا قارالسۇن ) .

شەيخ سەئدىنىڭ قەشقەرگە كەلگەندە ھېيتگاھ مەسچىتىدە ناماز ئوقۇغانلىقى ھەققىدىكى قەيتلەر بار . ئەرەب تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان غەززالىنىڭ قەشقەر مەدرىسلىرىگە كېلىپ مۇدەررىسلىك قىلغانلىقى ھەققىدە خەلق قىسسىلىرى بار .بۇنىڭدىن سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن روھىيەت ئىشىكلىرىنى داغدام ئېچىۋەتكەن ،ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى يىمىرىلمەس ئىممونت كۈچى بىلەن ھەزىم قىلغان بىر خەلقنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس . تۇران ،ھىندىستان ،ئىران ،يۇنان ،ئىراق قاتارلىق ئەللەر بىلەن قۇتۇپلانغان مەزكۇر مەدەنىيەت بەلباغلىرىدىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن قېرىنداشلىقنى ،ئىلغارلىقنى ۋە بىر-بىرىگە بولغان ساپ پەرۋىشكارلىقنى تونۇپ يېتىش تەس ئەمەس .

20-ئەسىر ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار ئەنئەنە ئېغىر ۋەيران بولۇپ ،مەدەنىيەت جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك ئەۋجىگە چىققان ،ئىجابىي روھ يىگىلىگەن ، ياتلىشىشنىڭ بوھرانلىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرغان بىر ئەسىر بولدى .بىز زامانىۋىيلىقنىڭ دۇنياۋىي رەپتارىدىن خېلى يىراقتا قالدۇق . ئەجدادلىرىمىزنىڭ شاش ،غالىب روھى گاڭگىرىغان ، توغرا ئەقىدىنى تاپالمىغان ھالىتىمىز بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى .دېمەك ،تارىختا بۇرۇن گۈللەنگەن مىللەتلەردە كۆرۈلگەن ھازىرقى ئە، شۇنداق قاتمال ھالەت بىزدە ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە ئەكس ئەتتى .

روھىي سولغۇنلۇق ئۇنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولغان شېئىرىيەتتە روشەن ئىپادىلىنىدۇ .شېئىرىيەت ئىنسان روھىدىن ئىبارەت بۇ ئوربىتىدىن چىقىپ كەتكەنسېرى يۇمرانلىقىنى ،بىغۇبارلىقىنى ،ھالال ۋە خاسلىقىنى يوقاتتى .قېپقالغىنى تولا ئىشلىتىپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن قاپىيە شەكلى ،تۇراقلىشىپ فورمۇلاغا ئوخشاپ كەتكەن بىر قانچە ئوبرازلاردىن ئىبارەت .شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق كېسەلچان ئەپتى بىلەن دىداكتىكا ئېلىپ باردى .ساختا ئوبراز ، يالغان چىچەنلىك ۋە تاشقى بىزەكدارلىقى بىلەن دەۋرنىڭ ماھىيەتتىن يىراق كۆپۈكلىرىنى كۈيلىدى . چوڭقۇر دېڭىز شېئىرىيەتتىن خالىي قىلىنىۋەردى . شائىرلارنىڭ خىيالىدا پوئېتىك پەرۋاز ،پەلسەپىۋى سېنتېزلاش پۈتۈنلەي غايىب بولدى . شېئىرلار بۇيرۇتما قىلىپ يېزىلىدىغان بولدى .ئۆزىدىكى سەمىمىيلىكنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان بۇ شېئىرلار دەۋرنىڭ شائىر دۇنياسىغا بولغان چاكىنا ئارىلىشىشىنى چاندۇرۇپ قويدى .ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بۇ ھال ئەلۋەتتە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئەدەبىيات بىلەن تەقدىرداش ھالدا كېلىپ چىقتى .

جەمئىيەتتە شېئىرىيەت ئۈچۈن جىددىي كېرەك بولىدىغان ئوكسىگېننىڭ بولماسلىقى تىلنىڭ مېيىپلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .سۆزلەر ئۆزىنىڭ تۇيغۇغا نامراتلىقى تۈپەيلىدىن لاپسىيىپ قالدى .بىراق ئىنسان ئۆز تەبىئىيتىگە يات رېئاللىقنى ھامان قوبۇل قىلالمايدۇ .جۇڭگولۇقلار ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى ئازراق روھىي ئازادلىقنى ئاخىرى تاپتى .بۇ ئاز-تولا روھىي ئازادلىق تۇنجۇققان ،قاغجىرىغان ئىنسانىيلىقنىڭ كۆرۈنۈشىگە ئىمكانىيەت ياراتتى .ئاز-تولا روھىي ئازادلىق غايىسىگە ئېچىلغان رۆجەكتىن كىشىلەر مەلۇم نىسبەتتە ئۆز تەبىئىيتىگە لايىق غايىۋى

رەڭلەرنى كۆرۈپ ،كۆزلىرىنى ئاچىدۇ ،ئۆزى ھەققىدە سەممىي ئويلاشقا ئۈلگۈرىدۇ ،شۇنداقلا ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىنكاس ۋە ئىپادىلەشنى ماھىيەتكە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدۇ .مەشھۇر ئەدەبىي ئوبزورچى شى مېيەن ئەپەندى مۇنداق دېگەنىدى : «شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ سولۇپ يەنە ياشنىشى ،ھالاك بولۇپ يەنە ھاياتلىق تېپىشى ھەرقانداق كۈچ رەت قىلالمىغان بىرخىل تارىخىي قانۇنىيەت» («گۈڭگا شېئىرلاردىن تاللانما» ،باھار شاملى ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى ، 1987-يىل شېنياڭ) .

ئۇزاق مەزگىللىك قاتماللىقتىن كېيىنكى بىردىنبىر تاللاش ئەلۋەتتە ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بولىدۇ ،بۇ ،ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە ،جۈملىدىن شېئىرىيەت ساھەسىدە بىر دولقۇننى شەكىللەندۈرىدۇ .بېيداۋ ،شۇتىڭ ،گۇ چېڭ قاتارلىقلار مانا مۇشۇ دولقۇننى پەيدا قىلغان ئىسسىق بوران ئىدى .ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى گويا تۇرمۇشتا يوق نەرسىلەرنى غۇۋا قىلىپ دەپ بېرىدۇ .ئۇنەرسىلەر سىرتقى تۇرمۇش ھادىسىلىرىغا تەدبىقلىغاندا ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ،ئەمما ئىنساننىڭ روھىي ھادىسىلىرىغا شۇنچە يېقىن ئىدى .ئۇلارنى باتىن (روھىي)كۆز بىلەن كۆرگەندە شۇنچە يارقىن ،گۈزەل بولۇپلا قالماي يەنە رېئاللىقنىڭ خىلۋەت بىرپارچە زېمىنى بولۇپ چىقىدۇ .

بېيداۋ باشچىلىقىدىكى «گۈڭگا شېئىرلار» بارلىققا كەلگەندە ۋە بۇ ھەقتە قىزغىن بەس-مۇنازىرە بولۇۋاتقاندا ،ئۇيغۇرلاردىمۇ ئەخمەتجان ئوسمان باشچىلىقىدىكى شېئىرىيەت ھەرىكىتى باشلاندى .بىر قىسىم ياش شائىرلار بېيداۋ قاتارلىق زاماندىش شائىرلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى .مۇختار مەخسۇت ،پەرھات ئىلياس قاتارلىق شائىرلار بېيداۋ ، شۇتىڭلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى .ئۇلار خەنزۇ شېئىرىي تىل قۇرۇلمىسىدىكى بەزى مىللىي خاسلىقلارنى ئۇيغۇر شېئىرىي تىلىدا سىناق قىلدى .بىراق ئەخمەتجان ئوسماننىڭ تەسىر قوبۇل قىلىشىدىكى روھىي زېمىنى ئەرەب تىلىدىن ئىبارەت بولدى .ئۇ ،سۇرىيىنىڭ دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىدا 6يىل ئوقۇش جەريانىدا مىستىتىك تۇيغۇغا باي ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن يېتەرلىك تونۇشتى .روھىيەتتىكى مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنمەس دەرىجىدىكى نازۇك قۇلۇپلىرىنى تۈمەن مىڭ ھۈنەر بىلەن ئېچىپ تاشلايدىغان مۆجىزىكدار ئەرەب تىلى ئۇنى مەنە پەلەكلىرىنىڭ يارقىن سەييارىلىرى ئارىسىغا باشلاپ كىردى .ئىنساننى چەكلىك مەبۇدلار ۋە پانىي نوپۇزلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىپ ، ھەقىقەتنىڭ ئۇپۇقىنى ئىلھامبەخش سۆيگۈ بىلەن ئېچىپ بەرگەن مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم »ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان سەزگۈلىرىنى كەسكىن ئويغاتقاندا ،پانىي ئاسارەتكە مەھكۇم ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىتىلىپ كەتكۈدەك بولاتتى .بۇنى ئۇنىڭ شېئىردىن ئىبارەت تەرجىمھالى ئايان قىلدى .ئۇ ، ئىلاھىي دۇنيانىڭ پايانسىزلىقىدا ئۆزىنىڭ بەندىلىكىنى ھېس قىلاتتى .لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىسيانىدىن مەغرۇرلانغاندا ،ئۆزىنىڭ ئىبلىسلىقىنى ئاشكارىلايتتى .ئۇنىڭ پەلسەپە مەكتىپىدىن قوبۇل قىلغانلىرى ئىبلىستەك خۇشپۇراق ۋە مەست قىلغۇچ ئىدى ،شۇنداقلا ئىبلىستەك گۇناھبەخش ئىدى .ئۇ ،مەڭگۈلۈك پالىنىشنىڭ سەپىرىدە بايقاش ئېلىپ باراتتى ، بايقاشلىرىدىن كېلىپ چىققان سامانى قان تېمىپ تۇرغان يۇلتۇزلىرى بىلەن مىخلايتتى .بۇ يۇلتۇز سۆز ئىدى ،قان ئېرىشىش بەدەللىرى ئىدى .

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ سۈرىيىدە ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىنغان «تويلار سىرى»ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا سۈرىيە ئوبزورچىسى نازىم مۇھەننا «باياۋان ئېستېتىكىسى»دېگەن نامنى بەرگەنىدى .باياۋاندا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوبراز ۋە قىياپەتلەر بولمايدۇ .بىپايان ئاسماننىڭ تېگىدە سىدام قۇم دۇنياسى ئۇيۇقتا سىڭىپ كېتىدۇ .ئۇ يەردە ۋاقىت گويا توختاپ قېلىش رەۋىشىدە چەكسىز كېڭەيگەن بولىدۇ .ئۇ يەردە باشلىنىش يوق ،ئاخىرلىشىشمۇ يوق .ئۇ يەردە ئاۋازمۇ يوق .سۈكۈنات بۇ ئىقلىمنىڭ بىردىنبىر تىلى .سۈكۈنات پىكىر ۋە شېئىرنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى .مانا بۇ تەبىئەتتىكى تەسەۋۋۇپ . شائىر بۇ يەردىن ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سىرلىق تەكلىماكاننىڭ رەمزىنى كۆرىدۇ .ئۇ ،ئەرەب باياۋانلىرىدا يۇرۇپمۇ قەلبىنى ئۆزىنىڭ ئانا سەھرالىرىدا دوملىتىدۇ .

ياش شائىرلار ئالدى بىلەن شېئىرنى ساختا بۇرچكارلىقتىن ئازاد قىلدى . ئۇلار «شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي ،سىياسىي ۋەزىپىسى بار»دېگەن سۆزدىن دادىل گۇمانلىنىپ ،شېئىرنى پاك ئادىمىي خاسلىق سۈپىتىدە تونۇدى .شېئىر بىرقاتار قائىدە-نىزاملارنىڭ يىغىندىسى ياكى قانداقتۇر بىر ئىجتىمائىي نوپۇزنىڭ بېقىندىسى ئەمەس ،بەلكى ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى سېزىش قۇدرىتى ،بۇنداق سېزىش مۇئەييەن مۇھىتنى شەرت قىلغان ھالدا يۈز بېرىدۇ ،دەپ تەشەببۇس قىلىشتى .شۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە پەيدا بولدى :

A :شېئىر چۈشىنىلىشى كېرەك ،شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ .

B : شېئىر چۈشىنىلىش ئەمەس ،ھېس قىلىنىشى كېرەك .تەلپۈنۈش يۈزدە-يۈز چۈشىنىشنىڭ مەھسۇلى ئەمەس .

A : شېئىر بىرخىل ئىدىيە مۇكەممەللىكى .
B : شېئىر بىرخىل كەيپىيات ،بىرخىل ئۈزۈك سىزىق .
A : شېئىر مەنتىقىدە .
B : شېئىر مەنتىقىنىڭ سىرتىدا .
A : قاپىيە شېئىرنىڭ ھۆسنى .
B : قاپىيە شېئىردىكى مۇزىكىنىڭ ئەڭ ئاشكارا ئامىلى . «شېئىر ئاۋاز بىلەن تۇيغۇ ئوتتۇرىسىدىكى تەۋرىنىش» (پول ۋالېري) .

روشەنكى ،ياشلار شېئىرىيىتى مەزمۇن ئاسارەتلىرى ۋە شەكىل قانائەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ ، شېئىرىيەتنى ياتلىشىشتىن ئىلگىرىكى ھەقىقىي ھالەتكە قايتۇرۇش ھەرىكىتىدىن بەلگە بەردى .ئۇلار غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى سىمۋولىزم ،ھالقىما رېئالىزم ،ئىشارىزم شېئىرلىرىنىڭ تىل ،قۇرۇلما جەھەتتىكى يېڭىچە ئۇسلۇبلىرىنى ئۆگەندى ۋە ئۆزلەشتۈردى .لېكىن ياشلارنىڭ شېئىرىيىتى يەنىلا «ئوغۇزنامە» ،تاش ئابدىلەر ،يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەلىشىر نەۋائىي ،مەشرەپ ،موللا بىلاللارنىڭ ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان شېئىرىيەتتۇر .چۈنكى ياشلار ئەجدادلىرى تەرىپىدىن پىشۇرۇلغان شېئىري تىلنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلىرىنى زورايتىشقا تىرىشتى .گەرچە ئۇلار غەربتىن ئۆگەنسىمۇ ،ئەمما ئانا تىلىدىكى ئىرسىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى مىللىيەت ئۇلارنى مۇستەقىل خاھىشقا ئۈندىدى .ئۇلار ھېرمان ھېسسى ئارقىلىق ئەھمەد يەسسەۋىينى ،سان جون پېرس ئارقىلىق ئەلىشىر نەۋائىينى قايتا تاپتى .ئۇلار ئەجدادلىرى ياراتقان شېئىرىيەتتىن دۇنياغا ئورتاق بولغان ئامىلنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى بايقاپ ،غورۇرلاندى .

بېيداۋلار تارىخىي ئويلىنىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولسا ،ئۇيغۇر ياش شائىرلىرى مىللىي ئەپسانىلەرنىڭ دۇنياۋىي مەنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى نىشان قىلدى .چۈنكى ئىنساننىڭ قابىلىيەت بايلىقىنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قېزىپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان كېيىنكى سانائەت دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى تېرىمنى ئاساس قىلغان دېھقان مىللىتى سۈپىتىدە ياشاۋاتاتتى .ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت ،جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پوئېتىك تەپەككۇر ئارقىلىق بىرتەرەپ قىلىدۇ .بۇ خەلقنىڭ مىجەزىدە ،تىلىدا ،ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادىتىدە قويۇق شائىرانە قاننىڭ ئىسسىق ھىدى ئۆرلەپ تۇرىدۇ .ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي دارۋىنىزم ئەڭ رەھىمسىز تۈس ئالغان بۈگۈنكى شارائىتتىمۇ بۇ خەلق ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە باللارچە مەسۇملۇك بىلەن تىكىلىپ قارايدۇ .سانائەتنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرى ۋە بۇلغىنىشلىرى قاپلىغان ،كۆيگەن نېفىت گازى پۇراپ كەتكەن ھاۋادا بۇ خەلقتىن يەنىلا تۇپراق ،ئۈسۈملۈك پۇراپ تۇرىدۇ .مانا بۇ شېئىر قاغجىراۋاتقان دۇنيادىكى ساپ شېئىر .S. T. ئېلىئوت سۈرەتلىگەن باياۋان بۈگۈنكى دۇنيادا ئاپەت خاراكتېرلىك كېڭەيدى ،شېئىرنىڭ ۋەتىنى تارايدى .شېئىر بۈگۈنكى شارائىتتا كىشىلەرنىڭ قېنى ۋە مىجەزىدىكى جەۋھەر ئەمەس ، ئەكسىچە ماھارەتكە ئايلاندى . شۇڭلاشقا ،دۇنيا بۇ خەلقنى سەزمىدى .لاتىن ئامېرىكىسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئېغىر تەنھالىق بۇ خەلقنى شېئىرنى ، مۇزىكىنى ،شارابنى ،خۇدانى سۆيۈشكە ئۆگەتتى . بارغانسېرى ئىچ مىجەز بولۇپ كەتكەن بۇ خەلق ئالەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۆز زىددىيىتىنىڭ ئىچكى تاناسىپلىقى ئارقىلىق چۈشىنىدىغان بولدى .ئۇلار پاكىز قەلبىنىڭ ئەڭ خىلۋەت ئىچىگە چېكىنىۋەرگەچكە ،ئۆزىنىڭ پايانىنى ئالەمگە باراۋەر ھېس قىلىدىغان بولدى .

مانا بۇ شائىر مىللەتنىڭ تەقدىر مەنتىقىسى . شېئىرىيەت ھۆجەيرىسىدىن پۈتكەن بۇ ھالال ۋۇجۇد نۇرغۇن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ياكى نۇرغۇن نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

ئۇيغۇر شېئىرىيەت دۇنياسى تېخى ھېچكىم بايقىمىغان يېگانە ئارال ،لېكىن بۇ ئارال روبىنزون كىروزوغا ئۇچراپ قالغان ھېلىقى ياۋايىلار ئارىلىغا ئوخشىمايدۇ .بۇ يەردە مىللىي خاسلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان پارلاق مەدەنىيەت ۋە شېئىرىيەتنىڭ نەچچەمىڭ يىللىق سۇلالىسى بار .

قولىڭىزدىكى بۇ توپلام بۈگۈنكى ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ دېڭىزىدىن ئىرغىپ چىققان بىر چاڭگال سەدەپ ،ئۇنى بىر پۈتۈن مىللىي شېئىرىيەتنىڭ بالاغىتى سۈپىتىدە ئەمەس ،بەلكى تارىختىكى بىر قانچە قېتىملىق بالاغەتنى تەكرارلاشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە تونۇسىڭىز بولىدۇ .


كىمگىدۇر شېئىرىيەت نىقاب بولسا گەر ،
كىم ئۈچۈندۇر دۇكان
بايلىق مەنبەسى .
ئۇنىڭ ئۈچۈن بولسانىقاب ئەمەس ،دەرد
شۇنداق ئاغرار ئىدى نازىم يۈرىكى .
— «نازىم يۈرىكى»

مانا بۇ رۇس شائىرى يېۋگېنىي يېۋتوشېنكونىڭ ئۇيغۇر شائىرى موللا بىلال نازىمىغا بەرگەن باھاسى .

شېئىر ئۇيغۇر ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئۆزى ،ئۇ ئوقۇيدىغان نەرسە ئەمەس ،ياشايدىغان نەرسە .

---

ئاپتور :شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى (M1)



## شائىرنىڭ تىلسىمى

# تۇپراق ۋە گۈل-گىياھ روھى

— شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ «ئۆمۈچۈك، شېئىر ۋە تەپەككۇر قاتلىمى» ناملىق ماقالىسىغا ئىلاۋە

**ئابدۇقادىر جالالىدىن**

ئادىل تۇنىياز خاسلىق ياراتقان شائىرلارنىڭ بىرى. خاسلىق شائىرنىڭ سۈپىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىرىيەتتە قانچە شائىرنىڭ بارلىقى دەل قانچە خاسلىقنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئادىل تۇنىياز ئۆزى قۇرۇپ چىققان ئاشۇ شەكىلسىز سەلتەنىتىدە دۇنيا، ھاياتلىق، ئۆلۈم ھەققىدە مۇستەقىل ئويلاندى. ئويلانغاندىن كېيىن ئېرىشكەن تېپىشماقلىرىنى بالىلارچە تەشۋىش، ساددا تىل، تەبىئىي رىتىم بىلەن تۆكۈپ تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىر دۇنياسىدا ھەممە نەرسىگە ھەيران قالىدۇ. بۇ ھەيرانلىق شۇ قەدەر مەسۇمكى، ئۇنىڭدىن تېخنىكا دەۋرىدىن يات بىر ئىنسان بالىسىنىڭ پاكىزە ھىدىنى روشەن سەزگىلى بولىدۇ. ئادىلنىڭ خاسلىقى دېگىنىمىزدە يەنە مۇنداق نەرسىلەرمۇ بار: ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەنىۋى قىياپەتلەر ئاساسەن ئۇيغۇرلاشقان. كېيىنكى شەھەر ھاياتى ئۇنىڭ بىر سەھرا بالىسىغا خاس كۆزىتىش ئادىتىنى يوقىتىۋەتمەستىن، ئەكسىچە، تېخىمۇ تاۋلىغان. سەھراغا بولغان قاتتىق سۆيۈنۈش ۋە سېغىنىش ئۇنىڭ كۆزىتىشلىرىنى رومانتىك رەڭگە ئېرىشتۈرگەن. ئۇ، غەمزىدار شېئىرىي نازاكەتتە چاڭلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئەسلىمە ماكانىدىكى مەۋجۇداتلارنى مالىتىلايدۇ-دە، ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ھەر بىر مەنزىرە قويۇق لىرىك كەيپىياتقا چۆمىدۇ. ئادىل بۇ مەنزىرىلەرنى ياۋروپانىڭ دېڭىزلىرىغا، «ئىنجىل» مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىلىرىگە تېگىشىۋەتمىگەن، بۇ، ئۇنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك تەرىپى. ئامېرىكا شائىرى T.S ئېلىئوت مېتافورا ھەققىدە مۇنداق يېشىم بەرگەن:

كۆز ـ سۆز ـ ھېكتىش . . .

كۆز ـ شائىرنىڭ دۇنياسى ، سۆز ئەنە شۇ دۇنيا تەرىپىدىن خاسلاشتۇرۇلىدۇ ، ھېكتىش ـ «كۆز» بىلەن «سۆز» نىڭ «نىكاھ» ىدىن كېيىنكى شەكلىدۇر . بۇ يەردىكى ھالقىلىق نۇقتا «كۆز» دۇر . ئادىل زاھىر ۋە باتىن كۆزنىڭ ھەر ئىككىسىنى تەڭ ئىشقا سالغان . ئۇ زاھىر كۆزى بىلەن قاغىلىقنى ، قەشقەرنى ، ئىلىنى ، ئۈرۈمچىنى . . .كۆرگەن ، كۆرگەندە ئەڭ ئىنچىكە دېتاللار (ئۇمۇچۇك تورى ، كالا كۆزى ، ئوتۇن دۆۋىسى ، تۇخۇم ساتقۇچى موماي . . .) نىمۇ قولدىن بەرمىگەن . ئادىل بولارنى كىشىلەرنىڭ روھىي قاتلىمى ، ئېتىقادى ، ھايات چۈشەنچىسىنى بىلىشتىكى كۆزنەككە ئايلاندۇرغان . ئۇ ئۆزى كۆيلىگەن ھەر بىر مەۋجۇدلۇقنىڭ كەينىدىكى سىرلىق مەنىنى ئىشارە قىلغاندا ، بىز ئۇنىڭ باتىن كۆزىنى ئۇچرىتىمىز . بۇ كۆز ئەڭ پاك بۇلاق رەۋشىدە مەنا سۇلىرىنى ئۇرغۇتىدۇ . بۇ سۇلار شېئىر ۋادىلىرىنى كۆكلىتىپ تۇرىدۇ . بىز ئۇنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» (بۇ داستان ژۇرنىلىمىز-نىڭ 1995-يىل 5- ، 6- (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى-مۇھەررىردىن) ناملىق داستانىنى كۆرگىنىمىزدە ، ساپ مىللىيەت بىلەن تويۇنغان تونۇش ۋادىنى ئۇچرىتىمىز . ئادىل بۇ ۋادىنىڭ گىياھلىرىنى شامال بولۇپ قۇچىدۇ ، مەست بولىدۇ ، سۆزلەر مەستلىك ئىلكىدە توزۇيدۇ ، توزۇغان سۆزلەر شائىرنىڭ ۋەتىنىدىن قىسسە بايان قىلىدۇ .

بىز شائىرنىڭ تىترىگەن يۈرىكىنى كۆرۈمىز ، لېكىن بۇ يۈرەك ئۇزۇل-كېسىل مۇزلاپ كەتمەيدۇ . شۈۋرغان ئۇنىڭ يۈرىكىگە دارىغان ھامان ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ نەق بولغان تۇپراقتا يۈرىكىنى دومىلىتىدۇ . مۇشۇ يەرگە كەلگەندە باللىقتىكى بىر ئويۇن ئېسىمدىن كەچتى :

قىش پەسلىنىڭ قەدىمى يېتىشى بىلەن ئۆستەڭلەردىكى ئويناق سۇلار نەگىدۇر غايىب بولاتتى . ئەينەكتەك مۇزلار ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى سۇناۋاسىنى يوۋاشلىتىپ ، يازنىڭ سېغىنىشىنى كۆچەيتىۋېتەتتى . باللىقتا قانداقتۇ بىر كۈچ قوتراپ تۇرسا كېرەك ، بىز مۇزلارنى تاش بىلەن سوقۇپ سۇندۇرۇپ ئويناتتۇق ، چېقىلغان ئىزدىن مۇلايىم سۇزۇك سۇلار كۆرۈنۈپ قالاتتى . بىز كۆزنەكتەك چوڭلۇقتىكى نېپىز مۇزلارنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ، كۈن چۈشۈپ تۇرۇدىغان تاملارغا يۆلەپ تۇرغۇزاتتۇق . ئاندىن يۇمشاق توپىنى مۇزنىڭ يۈزىگە قۇرۇق ئۇن سەپكەندەك تەكشى سېپەتتۇق ۋە بىر پەس كۈتەتتۇق . ئىللىق تۇپراق ۋە كۈن نۇرىنى كۆرگەن مۇز ئاستا-ئاستا ئېرىشكە باشلايتتى-دە ، دۇغ سۇلار پەسكە سىرغىپ ، مۇز يۈزىدە ئەگرى-بۈگرى سىزىقلارنى قالدۇراتتى . بۇ چاغدا بىز قولىمىزدىكى ئەپچىل تاياق بىلەن مۇز يۈزىنى يەڭگىل سىپايتتۇق («ساغاتتۇق») . مۇزنىڭ ئاستىغا يىغىلغان دوغاپنى «قايماق» دەپ ئاتايتتۇق . ئەمدىلىكتە بۇ ئويۇنلارنى ئوينىمىغانغا ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ كەتتى . بىر-ئەر ئەسىر بولدىمىكى دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ . جاھان ناھايىتى تېز ئۆزگىرىدىكەن ، ئۆزگەرگەنسېرى نۇرغۇن نەرسىلەر ياتلىشىپ بارىدىكەن . بىر قېتىم قىش پەسلىدە يۇرتۇمغا بارسام ، بىزدەك ئويۇنخۇمار باللارمۇ قالماپتۇ ، ئۇلار ئاتا-ئانىلىرى گىرىپتار بولغان جان بېقىش ھەلەكچىلىكىگە بالدۇرلا شېرىك بولىدىغان بوپتۇ . شىرىلداپ ئاققىدەك سۇنىڭ ، مۇز تۇتقۇدەك ئۆستەڭلەرنىڭمۇ تايىنى قالماپتۇ . ھەي-ھەي ، باللىقىغا قانمىغان باللار ! مانا چوڭ بولغانسېرى پىكىر قىلىشنىڭ ئۇزاق يوللىرىدا ماڭىدىغانمىز ، ھەر بىر دوقمۇش بېشىمىزنى قايدۇرۇدىكەن . چارچىساقمۇ ماڭمىساق بولمايدۇ . پىكىر دېگەن بەرىبىر پىكىر-دە . باللىقتىكى ھېلىقى ئويۇنلارنى ھازىر ئويلاپ كۆرسەم ، بىر ھېكمەتنى چۈشەنگەندەك بولىمەن : قەھرىتان قىشتا سۇلار مۇزلايدىكەن ، ئادەملەر مۇزلايدىكەن ، ھاۋا مۇزلايدى-كەن ، دەل-دەرەخلەر ، گۈل-گىياھلار ، قۇشلارنىڭ نەپەس ئاۋازلىرى مۇزلايدىكەن ، بىرلا تۇپراق مۇزلىمايدىكەن . تۇپراق ئۆزىدىكى تەمكىن ھارارەت بىلەن مۇزلارنىمۇ ئېرىتىۋېتىدىكەن . تېخىمۇ ئاجايىپى شۇكى ، بىز تۇپراق بىلەن مۇزنىڭ ئېرىتمىسىنى «قايماق» دەۋالغانىدۇق . بۇ «قايماق»تا قەھرىتان ، ئاپتاپ ، تۇپراق ، تاياق ، تام ، سۇ دېگەن نەرسىلەر بار ئىدى . بۇلار ھەم بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى ھەم بىر-بىرىگە ئۇيغۇن ئامىللار ئىدى . شېئىر ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ نىسبەتلىك دۇنيانىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ .

ئادىلنىڭ شېئىرلىرىدا ساماۋىي نەرسىلەرگە قارىغاندا ، زېمىندىكى نەرسىلەر سالماق ئورۇن تۇتىدۇ ، ئۇنىڭدىكى يۇلتۇزلار ۋە ئاي زېمىندە بولىدىغان ساددىلىقنىڭ زىننەتلىرىگە ئايلانغان .

شائىرنىڭ ۋەتىنى سۆزلەر ، لېكىن ئۇ سۆزلەرگە قانائەت قىلمايدۇ ، ئۇ سۆزلەرنى ئۆزگەرمەس قىممەت سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى ئادەملەرگە ئوخشاش جېنى بار مەۋجۇدلۇق ، دەپ قارايدۇ . شائىرنىڭ نەزەرىدە سۆزلەرنىڭمۇ ئەركەك-چىشىسى بار ، سۆزلەرمۇ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ . ئۇلار نەچچە مىڭ يىللىق ھايات تارىخىدا ھەر خىل چىرايلارغا كىرىدۇ ، لېكىن تومۇرىدىكى

مىللىي قانۇنى ۋە گېپىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ . بىر پارچە شېئىردا سۆزلەر سۆزلەرنى تۇغىدۇ ، مۇشۇنداق تۇغۇلۇشنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىدە چەكسىز بىر زامان ئۆز پايانىنى يايىدۇ . شائىر يىراق بىر يەردىن بىزگە قاراپ چىقىپ كېلىدۇ . بىر پارچە شېئىردا يۈز سۆز بار دېسەك ، بۇ دەل شائىر روھىنىڭ 100 خىل ئاتىلىشىغا ياكى شائىر روھىنىڭ 100 كېچىكتىن ئۆتۈشىگە تىمسال بولىدۇ . ئادىل تۇنىياز ئۆز شېئىرلىرىدا سۆزلەرنى لېكسىكا بىلەن ئەمەس دەل سۆز بىلەن يېگىدۇ . يېگىپ چىققان ئاشۇ سۆز شېئىردىن ئىبارەت .

ۋاقىت ،
ئوخشامدىكىن قومۇشلۇقتىكى
يۇپيۇمىلاق غاز توخۇمىغا .
- «ۋاقىتنىڭ سىرتىدا» دىن

ۋاقىت ،
لىكىلدىتىپ نەم قۇيرۇقىنى ،
ھەر كۆنلىكى تالاي رەت
غېرىبسىنىپ كىرەر ئىشىكتىن .
- «ئۆمۈچۈك ناخشىسى» دىن

پاخپايتقانچە سالۋا چېچىنى ،
غېرىبسىنغان مومايغا ئوخشاش
كىرىپ كېلەر ۋاقىت سۆرۈلۈپ .
- «ئۆمۈچۈك ناخشىسى» دىن

بىز ۋاقىتنىڭ ئۈچ خىل ئوبرازىنى كۆردۇق . شائىر ۋاقىتنىڭ تۇسىنى تۇرغۇن شەكىلدە ئەمەس ، بەلكى ئۆزگىرىشچان شەكىلدە كۆرگەن . بۇ خىل ئۆزگىرىشچانلىق مەنىۋى مۇھىتنى ۋۇجۇدقا چىقارغان مەنزىرە تەرىپىدىن يېگىلىق تاپىدۇ . مانا بۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن فىزىكلارنىڭ ئەمەس ، دەل شائىرنىڭ جاۋابىدۇر . شائىرنىڭ جاۋابى مۇئەييەنلىكتە ئەمەس ، مۇئەييەنلىكنىڭ چەكسىز ئىنكارىدا . شائىر ئەنە شۇ چەكسىزلىكنىڭ سەپىرىدە جان بېرىدۇ . يۇقىرىقى پارچىلاردا شائىرنىڭ ۋاقىت تۇيغۇسى ئوبرازلارنىڭ گارمونىيىسىگە بەكرەك تايانغان . ئەگەر شائىر ئۇنى رېتىم ، مىسرا قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ خىللىقىدا ئايان قىلغان بولسا ، تېخىمۇ كامالەتلىك بولاتتى . بۇ يەردە شائىر ۋاقىتنى قىياس قىلىشتا ، رەسساملارغا يېقىنراق تۇرغان .

شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەپسانە روھىنى مەلۇم بىر سۆزگە كۆپرەك مەركەزلەشتۈرۈشى مۇمكىن . قاغا ئاللان پوئې ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى قاغا ئەمەس ئىدى ، كېمە رىمبائۇد ئۈچۈن ئادەتتىكى كېمە ئەمەس ، ئۇلار شائىر دۇنياسىنىڭ يارقىنلىشىدىكى تېپىك شەرتلىك ھالقىش . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، شائىرلار قانداقتۇ بىرەر سۆزنى ئاڭسىز رەۋىشتە ئۆزلۈك تۇتېمىغا ئايلاندۇرۇۋالسا كېرەك . بىز ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرگەندە ، ئۇنىڭ ئۆمۈچۈك ھەققىدىكى تەلقىنلىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز ، ئۆمۈچۈك ئادىل ئۈچۈن سىرلىق روھىي ئالەمدىن بىشارەت بېرىدىغان مۆجىزىگە ئايلىنىدۇ . شائىر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ، ئۆزگىنى ، ئىجادىيەتتىكى غېرىبلىقنى ، مەرھۇم ، ئەمما مۇستەھكەم رىشتىنى كۆرىدۇ .

. . . . . . . . . .

كىم ئۇ نۇردەك قىمىرلاۋاتقان ؟

. . . . . . . . . .

چىرمىلىپ ھېسابسىز خىيال يىپىغا
شائىر ئۇ ئۈن-تىنسىز قوشاق توقۇغان .
- «ئۆمۈچۈكنىڭ قەبرىسى» دىن

ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ ، توقۇغاندا قۇسۇپ تۇرۇپ توقۇيدۇ . ھەر بىر تور بىر نۇر سىزىقى . بۇ يەردە ئۆمۈچۈكنىڭ قۇسقانلىرى تامامەن نۇر بولۇپ چىقىدۇ . ئادىلنىڭ نەزەرىدە ئۆمۈچۈك غېرىب قوشاقچى . مانا بۇ ئۆمۈچۈكنىڭ ئادىلغا خاس قىممىتى . بۇ قىممەتنى ئادىلنىڭ شېئىر دۇنياسىدىن ئايرىۋەتكەندە قۇپقۇرۇق تەمسىلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ . ف . نېتزىنىڭ قەلىمىدە ئۆمۈچۈك زەئىپ قىساسخور سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ، ئۇ قاراڭغۇ بۇرجەكلەرگە ، زەي ئۆڭكۈرلەرگە تور يېيىپ ، باشقىلارنى قىلتاققا چۈشۈرۈشنى ئويلايدۇ . ياپونىيىنىڭ مېگجىژ يىللىرىدا ئۆتكەن يازغۇچىسى ئاكوتاگاۋالىيۇنوسكېنىڭ «ئۆمۈچۈك تورى» ناملىق ئەسىرىدە ، ئۆمۈچۈك يامانلىقتا ئۈچىغا چىققان رەزىل كەنداتانىڭ رەھىمگە ئېرىشىپ ئامان قالىدۇ . ساكيامۇنى دەل ئاشۇ ئۆمۈچۈكنىڭ تورىنى دوزاختا ئازابلىنىۋاتقان كەنداتانىڭ يامىشىشىغا ساڭگىلىتىپ بېرىدۇ . ئەمما كەنداتا ئۇ تورغا باشقا دوزاخ بەندىلىرىنىڭمۇ يامىشىپ جەننەتكە ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەسەت قىلغاندا ، تور بىردىنلا ئۈزۈلۈپ ، دوزاخقا قايتىپ چۈشىدۇ . دېمەك ، بۇ يەردە ئۆمۈچۈك ۋە ئۇنىڭ تورى ھالاللىقنىڭ ھامىيسى قىلىنغان . ئۆمۈچۈك ياخشىلىق بابىدا ھەر قانداق ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلەيدۇ ، يامانلىق بابىدا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ . روشەنكى ، ھالال نازۇكلۇق تەڭداشسىز قۇدرەتتىن ئىبارەت . ئەسەر بىزگە ئۆمۈچۈك تورى ئارقىلىق بەخت ۋە جەننەتنىڭ خۇسۇسىي بولمايدىغانلىقىنى جېكىلەيدۇ . كۆرۈشكە بولىدۇكى ، بىز ئۈچ خىل قەلەمدىن ئۆمۈچۈكنىڭ ئۈچ خىل قىممىتىنى كۆرىمىز ، بۇ ماھىيەتتە ئەدىب قەلبىدىكى قىممەتنىڭ

ئەكس ئېتىشى .

ئوقۇرمەنلەر ئادىل تۇنىيازنىڭ ئۆمۈچۈكلىرى ھەققىدە تۈرلۈك قىياسلارنى قىلىشىۋاتقاندا ، ئاپتورنىڭ ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۇ ھەقتىكى بەدىئىي ، پەلسەپىۋى مۇھاكىمىسىنى سۇنماقچى بولىدۇ . ئۇ ئۆمۈچۈكنى بىر قانچە قاتلاملار بويىچە مۇھاكىمە ئوبيېكتى قىلىدۇ ھەمدە ئۆمۈچۈك بىلەن بولغان پەلسەپىۋى ئالاقىسىنى شەرھىلەيدۇ . قارىغاندا ، ئاپتور ئۆمۈچۈكنىڭ ئېستېتىك مەناغا ئالاقىدار تەرەپلىرىنى مۇھىم دەپ قارىمىغاندەك تۇرىدۇ . بىز ئاپتورنى ئاساسەن دېگۈدەك بىر پەلسەپىۋى مۇھاكىمىچى سالاپىتىدە كۆرىمىز . شائىر ئادىل دۇنيانى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان سەبىي تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ ، كىشىلەرنى مەست قىلىدۇيۇ ، كىشىلەرنىڭ نېمىدىن مەست بولغانلىقىنى چاندۇرمايدۇ . بىراق تەنقىدچى ئادىل مەست قىلىشنىڭ رېتسىپلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە شۇنچە تىرىشىدۇ . شائىر ئادىل پەقەتلا شائىر ئىدى ، تەنقىدچى ئادىل بىزگە خېلى روشەن فروئىدىزمچى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ . ئۇنىڭ پىكىر قاتلىمى ئارانلا ئۇ ئەمەس ، ئەمما ئۇ بىر ئاساسىي قاتلامدىن ئىبارەت ئىدى . ئادىل تەبىئەت ، جىنس ئالدىغا كەلگەندە تېپىك ئانانىزمچى ، ئۇ دەرەختىن ، ئايدىن ، قۇملۇقلاردىن ، دەريالاردىن ۋە جانلىقلاردىن ئاياللار دۇنياسىغا خاس ئالامەتلەرنى ، ناز - خۇلقلارنى بىمالال ئۇچرىتالايدۇ-دە ، دىمىقىپ كەتكەن جىنسىي روھنى ئۇلارغا قارىتىپ قويۇۋېتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق سەنئەتتىكى ئەركىن بوشلۇقنى تاپقاندەك بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت سۇنايلىنىپ يېتىپ ھاياجانلىق تىنىۋاتقان ئايالغا ئوخشايدۇ . ئادىل ئۆزىنى ھاۋا ئارقىلىق ئايالنىڭ ئۆپكىسىگە ، ئاندىن تومۇر-تومۇرلىرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ . «ۋاقىت قەپىزىدىن ئۇچۇپ چىقالايدىغان شېئىرلارنىڭ بىر قانىتى دىنىي تۇيغۇ ، يەنە بىر قانىتى جىنسىي ئاڭ» دەيدۇ ئاپتور ماقالىسىدە . بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ، ئادىلنىڭ دىنىي تۇيغۇسى جىنسىي مۆجىزىلەرگە چەكسىز ھەيران قېلىش بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن . تەنقىدچى سۈپىتىدىكى ئادىل شۇنداق ئېيتىدۇ : ئۆمۈچۈكتە ئەپسانە بار ، ئۆمۈچۈكتە سىمۋول ، ئىجادكارلىق ماھىيىتى بار ، ئۆمۈچۈكتە شائىرنىڭ غېرىبلىقى بار .

بىز بۇ قېتىم تەنقىدچى ئادىل تۇنىيازنى كۆرۈۋاتىمىز . ئۇ ، شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ «ئۆمۈچۈك ناخشىسى» ناملىق داستانى ھەققىدە كۆپ تەرەپلىمە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ . ئەلۋەتتە ، ئەدىبلەرنىڭمۇ تەنقىد ئىقتىدارى ۋە تەنقىد ھوقۇقى بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ئەنە شۇ تەنقىد ھوقۇقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ مەزكۇر ئەدىب ھەققىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تەنقىد ھېسابلانمايدۇ . مۇشۇنداق بولغاندا ، ئادىل تۇنىياز پەقەت ئادىل تۇنىياز تەنقىدچىلىرىنىڭ بىرىدۇر . شۇڭا ئوقۇرمەنلەر شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئوبزورىنى ئەڭ مۇۋاپىق كېسىم ، دەپ چۈشەنمەسلىكى لازىم . بۇ پەقەت ئادىل تۇنىياز تەنقىدچىلىكىدىكى بىر قىردىن ئىبارەت .

ئادەملەر ھوقۇق ، پۇل ، كەسىپ قاتارلىقلارغا بولغان سادىقلىقىنى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان دەۋردە ، بىز شائىرغا بېرىلگەن رىغبەتنىڭ كەملەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز . شائىر ئادىل تۇنىياز مانا مۇشۇنداق بىر دەۋردە بىزگە بېرىلگەن بىر ئامەت . ئۇ ، سوغۇق غېرىبلىقنى بىزنىڭ كىشىلىرىمىزگە ئۇنتۇلغان ئىنسانىيلىقنى ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن تەقدىر قىلىپ تاللىۋالدى . ئۇ ، نۆۋەتتە ئۆزىنى تەكرارلاپ سالماسلىقى ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەكتەك تۇرىدۇ . شائىر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پەللىگە پەقەت بىرلا قېتىم چىقىش كۇپايە . بىز ئۇنىڭ ئۆزىدىن ۋاز كېچىشنى سىنا قىلالايدىغانلىقىغا ئۈمىدۋارمىز .

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، گرېك شائىرى ھومېرنىڭ «ئودېسسا» داستانىدىكى بىر دېتال ئېسىمگە كېلىپ قالدى : ئودېسسا مۇشەققەتلىك سەپىرىدە خىزىر ھېرمىسنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ . ئۇ ، ۋەھشىي جادۇگەر كېرىكىنىڭ تۇرار گاھىغا كېتىۋاتقاندا ، ھېرمىس ئۇنىڭغا جادۇگەرلىككە تاقابىل تۇرۇدىغان خاسىيەتلىك گىياھ تەقدىم قىلىدۇ . بۇ گىياھ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر خىل گۈل بولۇپ ، قارا قورساق كىشىلەر ئۇنى بايقىمايلا دەسسىۋېتىدىكەن . ئەمما ئۇ گىياھنىڭ كىچىككىنە ئاق گۈلى زەھەر قايتۇرالايدىكەن ، كېسەل ساقايتالايدىكەن . كېيىن ئودېسسا كېرىكىنىڭ سېھرىي ھارىقى تەرىپىدىن زەھەرلەنگەندە ، كىچىككىنە ئاق گۈلنىڭ خاسىيىتى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ . شېئىر ئەنە شۇ كۆرۈنمەس گۈلگە ئوخشايدۇ ، بۈگۈنكى كىشىلەر ئۇنى چەيلەپ مېڭىپ يۈرۈشىدۇ . ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدىكى مۇڭمۇ مۇشۇ يەردە .

---

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى

# ئۆمۈچۈك، شېئىر ۋە تەپەككۇر قاتلىمى

ئادىل تۇنىياز

يېقىندا بىرسىدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. خەت يازغۇچىنىڭ ئىسمى، چىرايى ماڭا پۈتۈنلەي ناتونۇش، سوئالى بولسا خېلىدىن بېرى تونۇش ئىدى. «شېئىرلىرىڭىزدىكى ئۆمۈچۈكلەر مېنى ھەيران قالدۇردى. ‹ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى›، دېگەن بىر داستاندىلا 30 يەردە ئۆمۈچۈكنىڭ ئىسمى بار ئىكەن. ھەر بىر شېئىرىڭىزنى دائىم بىر ئۆمۈچۈك توردەك ھېس قىلىمەن. شېرلىرىڭىزدىكى ئۆمۈچۈك زادى نېمە؟»

قارىغاندا، ئوقۇرمەن ئۆمۈچۈك ئوردىسىدىكى شېئىرىيەت ئىلاھى بىلەن ئەمەس، بىۋاستە مەن بىلەن مۇڭدىشىپ بېقىشنى خالىسا كېرەك. راستىنى ئېيتسام، شېئىرلىرىمنىڭ قانداق يېزىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۆمۈچۈكنىڭ شېئىرلىرىمغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خۇددى نامەلۇم بىرسى قەلەمنى قولۇمدىن ئېلىپ يېزىپ بەرگەندەك، شېئىر پۈتكەندە بولسا ئۇ كىشى غايىب بولۇپ، مايماق-سايماق خەتلەر بىلەن توشقان قەغەزگە مەن ئىگە بولۇۋالغاندەك. دېمىسىمۇ شېئىرلىرىمدا ئۆمۈچۈك خېلى كۆپ تەكرارلىنىپتۇ. ئېھتىمال شېئىرلىرىمدىكى بەزى تۈيغۇلار ئۆزۈمنىڭ كاللىسىدا دائىم بار نەرسىلەردۇ. مەن ئەنە شۇ ئۆزۈمگە ئايان تەرەپلەرنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، باشقىلارغا قارىغاندا بىلىدىغىنى كۆپرەك ئوقۇرمەن سۈپىتىدە شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ ئۆمۈچۈك تورىغا كىرىشكە ئۇرۇنۇپ باقاي.

## 1. ئۆمۈچۈكنىڭ ئەپسانە قاتلىمى

ئۆمۈچۈك بالىسىدەك كىچىك چاغلىرىم ئىدى. دادام بالا ئوقۇتىمەن دەپ يېزىدىن يېزىغا كۆچۈپلا يۈرۈدىغان. ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ زادى نەچچە يېزىدا چوڭ بولغانلىقىم ئېسىمدە يوق، ئىشقىلىپ ھەممىسىلا ئۆمۈچۈك، چۈمۈلە، كۆل بار يېزىلار ئىدى. ئويلاپ باقسام، نېمىشقىكىن مەن بۇلارنىڭ ئىچىدە تولاراق ئۆمۈچۈك بىلەن ھەپىلىشەتتىم. دۇنيادا خۇددى ئۆزىدىن باشقا مەخلۇقات يوقتەك خالىغان يەرگە تور تارتىپ يۈرۈدىغان بۇ پەرۋاسىز جانىۋارنى ماڭا دىققەت قىلدۇرۇش ۋە ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ياغاچ تىقىپ تورلىرىنى چۇۋۇۋېتەتتىم، تۇخۇمىنى ئېزىپ سۈيىنى چىقىراتتىم. مېنى بەك ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۆمۈچۈكنىڭ سۇ ئۈستىدە مېڭىشى، چۆكۈپ كەتمەي قۇرۇقلۇقتا ماڭغاندەك غىلدىرلاپ مېڭىشى ئىدى. كۆل بويىدا ئۆمۈچۈككە قاراپ ئولتۇرۇپ، سۇدا ماڭالايدىغان كارامەت بالا بولۇشنى ئويلىغاندىمەن ياكى ئۆمۈچۈكتەك قولى، بېلىقتەك كۆزى، ئادەمدەك بېشى، ئىككى قانىتى بار غەلىتە ئادەمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن بولغىيدىم.

ئانام ھەر چارشەنبە ئەتىگەندە: «مەينەت ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن پەرىشتە ئاتلىمايدۇ» دەپ، بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ بولغىچە بوسۇغىلارنى يۇياتتى، ھويلا-ئارامىلارنى پاكىز تازىلاپ، ئۆمۈچۈك تورلىرىنى سۈپۈرەتتى. بىزنىڭ بۇ لاي سۇۋاق ئۆيلەرنىڭ تام-تورۇسلىرىدا، ئېغىلدا، ئايۋاندىكى تال باراڭدا، ھەممىلا يەردە ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىۋالاتتى. لېكىن ئانام ئۆي تازىلىغاندا بۇ ئۆمۈچۈكلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتمەستىن، ئاۋايلاپ سۈپۈرگىگە ئېلىپ تالاغا تاشلىۋېتىپ كىرەتتى، ئۆلتۈرۈۋەتسەك قىساسى تۇتىدۇ، دەيتتى. بىز «دۆ» دەپ ئاتايدىغان يوغان قارا ئۆمۈچۈك ئادەمنى چېقىۋالسا ئادەم ئۆلۈپ قالىدۇ، سىيىپ قويسا كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئاڭلىغاچقا ئاخشاملىرى ۋەھىمە بىلەن تورۇسقا قاراپ يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتۇق. لېكىن بۇ ئۆمۈچۈكلەرنى ئوغرىلىقچە بولسىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە پېتىنالمايتتۇق، چۈنكى جان-جانىۋارلارنىڭ قىساسى تۇتسا، ئۆلتۈرۈۋەتكۈچىگە ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا جەزمەن بىرەر تالاپەت يېتىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتۇق. بولۇپمۇ ئاغمىخاندىن چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ھېيىقاتتى. ھويلىلاردا ئاغمىخان ئۇۋۇلىغان بولسا، ئۆينىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭغا ئاتاپ تام تۆپىسى ۋە باغ-ۋارانغا ئوغرىلىقچە يېمەكلىك قويۇپ قوياتتى. ئاغمىخانغا كىم چېقىلسا بېشىغا بالا-قازا كېلىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. بىز ھۆپۈپنى تۇتقان ئادەمنىڭ قولى تېترىگەك بولۇپ قالىدىغىنىغا، ھۇقۇش ھۇۋۇلىغان يەرنىڭ چۆللىشىپ كېتىدىغىنىغا، پاقىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ جۆرىسى كېلىپ، ئۆلتۈرگۈچى قىز بالا بولسا ئەمچىكىنى، ئوغۇل بالا بولسا چۇلدۇرىنى شورىۋالىدىغىنىغا ئىشىنەتتۇق. يۈزىگە سەپكۈن چۈشۈپ كەتكەن بالىلارنى كۆرسەك، ئۇلارنى تورغاي تۇخۇمىنى تۇتۇپ سالغان، دەپ بىلەتتۇق. بۇ خىل

سىرلىق قاراشلار مەنىسى قەدىمدە، شەكلى ھازىردا بولغان نۇرغۇن ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئالدىنقىلاردىن بىزنىڭ ئېڭىمىزغا سىڭىپ كەتكەندى. بۇ خىل ئەنئەنە بىزگە ئۆتمۈشنىڭ مەخپىي جەريانىنى ئەسلىتىپلا قالماستىن، كەلگۈسىدىنمۇ بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. بىر چاغدا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئاتۇش تەرەپلەردىكى تاغ ئارىسىدىن ئۇدا ئۈچ سائەتكە يېقىن ئۈزۈلمەي يىلانلار چىقىپ باشقا ياققا كۆچۈپ كەتكەنلىكى، بۇلارنى تونۇلۇقى ئادەم بىلىدەك كېلىدىغان مۈڭگۈزلۈك يىلان پادىشاھى باشلاپ ماڭغانلىقى توغرىلىق گەپلەر تارقالدى. ھەممە ئادەم شۇ تەرەپلەردە يەر تەۋرەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۇردى. دېگەندەك ئارىدىن بەش-ئالتە ئاي ئۆتمەي يىلان كۆچكەن ئەتراپتا قاتتىق يەر تەۋرەپ، ئادەملەر ئۆلۈپ، ئۆيلەر توپىغا ئايلىنىپ كەتتى.

لېكىن ماڭا ئۆمۈچۈك يەنىلا ھەممىدىن سىرلىق تۇيۇلاتتى. ئۆمۈچۈكتىن قورقاتتىمىز، يەنە مىجىپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلەتتى. بىر قېتىم مەن بىلەن بىللە قوي باقىدىغان بىر بالا كۆلدە كېتىۋاتقان ئۆمۈچۈكنى مالچى تايىقى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. مەن ئۇ بالا قاچان ئۆلۈپ قالاركىن، دەپ خېلى كۈنلەرگىچە دىققەت قىلىپ يۈرگەنتىم. ئاخشاملىرى مەھەللىدىكى بالىلار يىغىلىپ چۆچەك ئېيتىشقاندا (ئاساسەن بوۋايلار ۋە ياشتا چوڭلار ئېيتىپ بېرەتتى) ئېگىزلىكى تېرەك بويى كېلىدىغان، غارغا كىرىپ بىر ئۇخلىسا 40 كېچە-كۈندۈز ئويغانمايدىغان مەخلۇقنىڭ ئىسمىنى «دۆ» دەپ ئاتىشاتتى، مەن ئۇنى «دۆ» دەپ ئاتىلىدىغان ھېلىقى يوغان قارا ئۆمۈچۈك بىلەن بىر نەرسىدەك ئويلايتتىم (خەت ساۋاتىم چىققاندىن كېيىن بۇ بەھەيۋەت مەخلۇقنىڭ كىتابلاردا دۆ ئەمەس، دىۋە دەپ يېزىلىدىغانلىقىنى ئوقتۇم). كېيىنچە «مىڭبىر كېچە» نى ئوقۇغىنىمدا ھەر قېتىم دىۋە دېگەن خەت ئۇچرىسىلا، يوغان قارا ئۆمۈچۈك ئېسىمگە كېلەتتى. چۆچەكلەردىكى ئادەم چىقالمايدىغان تىك ياردىكى سۈمۈرغ تۇخۇمىنى ياكى قۇملۇقتا يوغان ئاق تاشتەك كۆمۈلۈپ قالغان تۆگە قۇشى تۇخۇمىنى كۆڭلۈمدە دائىم ئۆمۈچۈكنىڭ بىر تامچە شەبنەمدەك تۇخۇمىغا سېلىشتۇرۇپ، تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئەمدىلەتتىن ناماز سۈرىلىرىنى ئۆگىنىۋاتقان چاغلىرىمدا دادام ھەر كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان. بىر يېرى تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدىن دۈشمەنلىرى قوغلاپ كېلىپ يېتىشىۋالغىلى ئاز قالغاندا نائىلاج يېقىن ئەتراپتىكى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋالىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبەرنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىدۇ. ئۇلار ئېڭىشىپ قاراپ باقسا، غارنىڭ ئاغزىدا بىر تال يىپمۇ ئۈزۈلمىگەن ناھايىتى يوغان ئۆمۈچۈك تورى تارتىلىپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يېقىن كۈنلەردە ئۆڭكۈرگە ئادەم زاتى كىرىپ باقمىغانلىقىنى پەملەپ، باشقا ياققا ئىزدەپ ماڭىدۇ ... شۇ چاغدا مەن نامەلۇم سىرلىق ھاياجان ئىچىدە ئۆزۈمنى بىلمەستىن، پەيغەمبەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز قۇدرەت-كامالى بىلەن دەرھال تور توقۇپ چىققان ياراتقۇچىنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم.

ئەپسانە-ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىقى، شائىرلار بولسا ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغان كىچىك بالا. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمنى غىدىقلايدىغان، بالىلىق ئەسلىملىرىمنى ئويغىتىدىغان، يوشۇرۇن ئېڭىمنى ئاشكارىلايدىغان، قىزىقارلىق، ۋەھىمىلىك، مۆجىزىلىك، دائىم سېھرىي كۈچكە ئىگە بۇ ئەپسانە ئۆمۈچۈك ئەپسانىسىدۇر. مەن شېئىردىن ئىبارەت غايىۋى بەلگە ئارقىلىق باشتىن-ئاخىر بۇ ئەپسانىنى خاتىرىلەپ كەلدىم. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى پارچە-پۇرات سەرگۈزەشتىلەر بىلەن مىللەتنىڭ قەلە تارىخى ۋە بالىلىق ئەپسانىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن كېلىپ چىققان ھاياجان رەتلىك ھەم قالايمىقان شېئىرىي قۇرۇلمىنى-ئۆمۈچۈك تورىنى پەيدا قىلدى. مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يوشۇرۇن ئاڭنىڭ قاراڭغۇ، سىرلىق، ئىرماش-چىرماش تورى ئىچىدە تۇرغان ھەقىقىي ئۆمۈچۈككە ئايلاندىم.

قىز كۆزىدەك خىلۋەت كەنتتە،
ياشتەك پارلاق تاغلىق شەھەردە
مىنىپ يۈرگەن بالا مەن ئىدىم
پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا.

بازار غايىب بولغان شۇ كەچتە
ئۆمۈچۈكلەر توقۇيدۇ كەشتە
پەرىزاتلار چۈشەر كەنتكە.

ئۆلۈپ كەتكەن چۆچەكچى بوۋاي
گەپ قىلماستىن ئىچەر ئىدى چاي.
بىر پەرىشتە كىرىپ توساتتىن
چىقىپ كەتتى يالىڭاچ ئايال.

بىر بالا
سۇ ئۈزگىلى كېتىپ دەرياغا
يېزىسىغا كەلمەپتۇ قايتا
ئايلانغانمىش بېلىققا ...

- «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» داستانىدىن

بىر قاراشقا قالايمىقان، بىر قاراشقا رەتلىك تۈزۈلۈشكە ئىگە دۇنيا، كوچىدىكى چەكلىك كىشىلەر توپى بىلەن يوقلۇقنىڭ چەكسىزلىكى، باشلىنىشىمۇ، ئاخىرلىشىشىمۇ بىزگە تەۋە بولمىغان بۇ ھايات ھەر بىرىمىزنىڭ تەپەككۇرىنى تىنىمسىز قوزغاپ، رېئاللىقتىن تېخىمۇ كەڭ ۋە ھەقىقىي رېئاللىققا-روھىي ئالەمگە باشلاپ كېتىدۇ. شائىرلار پەيغەمبەرلەردىن كېيىنكى مۇشۇ چەكسىز رېئاللىقتىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرگەن ئۈممەتلەرنىڭ روھىي قۇياشى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ مەنە ئىزدەش جەريانى تەلتۆكۈس يوقلۇق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، تۇغۇم ۋە ئۆلۈمدىن ئىبارەت چەكسىز گۇڭگا ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدا گاڭگىراۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا يوپيورۇق شېئىري ئىزلارنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. ھاياتلىق پائالىيەتلىرى مېنى قانچىكى غىدىقلىغانسېرى، مەن ئالەمنىڭ مەۋجۇدلۇقى بىلەن كىچىككىنە ئۆمۈچۈك ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرچەس باغلىنىشنى، يەككە، تاسادىپىي ماسلىقنى ئەمەس، بىر پۈتۈن، شەرتسىز مەۋجۇدلۇق سىستېمىسىتى شۇنچە مۇئەييەنلەشتۈ-رىمەن ./دىنىي تەپەككۇرغا مەپتۇن بولىمەن. ماكان جەھەتتىن ئۆمۈچۈك داۋاملىشىۋاتقان بىرلا شەكىلنى - ئۆزى توقۇغان تورنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. زامان بولسا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق بەلگىسى بولمىغان شەك-شۈبھىسىز تېپىشماق، باش-ئاخىرى، سەۋەب-نەتىجىسى يوق قۇدرەتلىك يوقلۇق. ئۆمۈچۈك ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۈن چىقىپ جىمجىت تورلىرى يالتىرىغاندىن باشلاپ تاكى يۇلتۇزلار جىمىرلىغانغا قەدەر خۇددى ئالەم رەسەتخانىسىدىكى ئۇلۇغ بىر كۆزەتكۈچىدەك تىنىمai تەپەككۇر قىلىدۇ. ۋاقىت ئۇنىڭغا نىسبەتەن گويا بىر كۆرۈنمەس سېھرىگەر، ھەرىكەت ئىچىدىكى مەۋھۇملۇق. ئۆمۈچۈك ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ، تور توقۇيدۇ. تورنى تەشكىل قىلغان ھەر بىر يىپ ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا رەتسىز، ئارتۇقچە، بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بىر پۈتۈن تورنىڭ مەۋجۇد بولۇشىدا ھەر بىرى بىر-بىرىنى شەرت قىلغان، ئۆزئارا باغلانغان، كەم بولسا بولمايدىغان مەۋجۇدلۇق قۇرۇلمىسىنىڭ بىر بۆلىكى. مەن ۋاقىتنى شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىمەن: ئۇ، ئالەمدىكى ھەممىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇدىغان بۈيۈك بىر سىستېما. ئۇ گويا بىر جاھاننەما ئەينىكى. ئۇنىڭدا ئالەمدىكى ھەممە نەرسە ۋاقىت تورى ئىچىدە تۇرغان ئۆمۈچۈك. ۋاقىت ئالەمنى ياراتقۇچىنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەخپىيىتىدەك مېنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. ئۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ ۋە رېئاللىقنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇدىغان قۇدرەتلىك كۈچ، خىيالىي تۇيغۇ، ھەتتا يوق نەرسە. ۋاقىت يوشۇرۇن ئېڭىمنىڭ قاتلىمى، ئەپسانە پەيدا قىلغۇچى، شېئىرلىرىمنىڭ تىلسىم بەلگىسى. مەن ۋاقىتنىڭ تەكرار ئېزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا كىرىپ قالغان سىرلىق قەسىردە تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئالەم ۋە ھاياتنىڭ تەنھالىقى ئىچىدە شېئىر توقۇيمەن.

ۋاقىت
ئوخشىمىدىكىن قۇمۇشلۇقتىكى
يوپيۇمىلاق غاز تۇخۇمىغا.
تور ئىچىدە نۇر چېچىۋاتقان
ئۆمۈچۈكنىڭ پادىشاھىغا.

- «ۋاقىتنىڭ سىرتىدا» دىن

چەكسىز ئۇزۇن يامغۇرلۇق كېچىدە
ۋاقىت لىكىلدىتىپ نەم قۇيرۇقىنى
غېرىبسىنىپ كىرەر ئىشكىتىن....

- «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» دىن

بۇ كۈنلەرگە ئىشەنمە دوستۇم
ھەممە پارقىرىغان نەرسە
ھەممە قورقۇنچلۇق نەرسە
ھەممە ئىگىلەنگەن نەرسە
ۋاقىتنىڭ تورىغا چۈشكەن بىر بېلىق.

- «سىرلىق مەنزىرە» دىن

## 2. ئۆمۈچۈكنىڭ مەنە قاتلىمى

ئەڭ ئاخىرىدا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگىنىمىزنى ھېس قىلىمىز، بەلكى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىمىز. مەۋجۇدلۇقنىڭ قۇپقۇرۇقلۇقى بىزنى ھامان مەنە ئىزدەشكە قۇترىتىدۇ. مەنە بولسا ئۆمۈچۈك تورىدا سىماپتەك پارقىراپ تۇرغان يورۇقلۇق. شېئىري تۇيغۇ ئىچىدىلا بىز ئۇنىڭ غىل-پال مەۋجۇدلۇقىنى سېزىمىز. چۈنكى شېئىر ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ ،ئىچكى دۇنيا بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ شۇنداقلا ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزى بىلەن قىلغان دىئالوگى بولۇپ كەلمەكتە. مەنە ئىزدەشكە قىلغان تەۋەككۇلچىلىك جەريانىدا ھەر بىر شېئىرىم بىر تال يىپ بولۇپ، ھەممە شېئىرىم ئۆمۈچۈكنى ئوراپ تۇرغان چوڭ بىر تورغا ئايلاندى. ئۇنداقتا تور ئىچىدىكى ئۆمۈچۈكنىڭ مەنىسى نېمە؟

## شېئىرىمدىكى ئۆمۈچۈكنىڭ بىرىنچى مەنىسى سىرلىق

مەن ھەر قېتىم شېئىر ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئىپادىلەۋاتىمەن، دەپ ئويلىغان ۋاقىتتا تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىغان چەكسىز غۇۋا ھەم سىرلىق بىر مەۋجۇدلۇقنى ھېس قىلىمەن. ھەرىكەتنىڭ كەينىدىكى كۈچ، مەڭگۈلۈك ۋاقىت ۋە ئالاھىدە تۇيغۇ ئارقىلىق «مەن» دىن ھالقىپ كەتكەن، ئۆزۈمگە تەۋە بولمىغان ئۇ نەرسىگە مەدھىيە ئوقۇيمەن. ئەنە شۇنداق ھاياجانلىق دەقىقىلەردە ئالەمنىڭ بۈيۈك ئىنكاسى بىلەن شېئىرىيەت ئىلاھى شەك-شۈبھىسىز پەيدا بولۇپ، تۇيغۇمدىكى ئۆمۈچۈك تورىغا كىرىۋالىدۇ. بۇ ئۇلۇغ تۇيغۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆز تارىخىدا نۇرغۇنلىغان دىنلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلغان بۇ مىللەتنىڭ تىلىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ بارلىق ئىپادىلەش ئىمكانىيەتلىرىنى قېزىپ، شېئىر يېتىپ بارماقچى بولغان ئاشۇ پەللىنىڭ پارلاق غۇۋالىقى ئىچىدە ئۆمۈچۈكنى ئىزدەيمەن. بۇ ئۆمۈچۈك تىل ئوينىغۇچى سېھىرگەرگە ئايلىنىپ، توختىماستىن ئۆزىنى سۆز ۋە سۆزلەر ئارىسىغا يوشۇرىدۇ. ئەگەر شېئىرلىرىمدا مەلۇم سىرلىقلىق بار دېيىلسە، ئۇ، دىنىي تۇيغۇغا چەكسىز يېقىنلىشىپ كېتىدىغان مانا شۇ خىل ئالاھىدە تۇيغۇدىن ئىبارەت.

سائەت توساتتىن تۆتتە
قارا ئاپتاپ، تېلېفون ۋەھىمىسى
بىر سائەتتىن ئۇزۇن بىر سائەت،
ئېسىمگە كەلمەي قالدى تەمتىرەپ
بۇ مىسراغا يازماق بولغان خەت.
جىمجىتلىقنىڭ مەنىسى
مەنە ئەمەس ...

— «مېھراجغا چىقىش» تىن

## ئىككىنچىدىن، ئۆمۈچۈكنىڭ مەنىسى ئايال

ئايال-تەبىئەت قوغلاپ چىقىرىلغان قاقاس شەھەرلەردىكى بىردىنبىر تەبىئەت مۇزىكىسى، ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەپسانىسى. ئۇشتۇمتۇت ھاياجانلىنىپ رېئاللىقنىمۇ، چۈشكىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدىكى يېرىم مەستخۇشلۇق ئىچىدە تۇرغىنىمدا ئۇ ئايال پەيدا بولىدۇ. پۈتكۈل سەزگۈلىرىم ئويغىنىپ، ۋۇجۇدۇمدا مۇزىكىلىق ئىچكى رىتىم پەيدا بولىدۇ.

«ئەي ھەۋۋا، بۇ ياققا كەل» دەپ پىچىرلايمەن. «مەيلىڭ بولسا ئۆزۈڭ كەل» دەيدۇ ئۇ ئەركىلەپ. شۇئان مەن چەكسىز ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا غەرق بولىمەن. ئايال بىلەن ئەرنىڭ مۇناسىۋىتى مەڭگۈلۈك ئەپسانە. مېنىڭ شېئىرلىرىمدىكى ئۆمۈچۈكمۇ ئەمەلىيەتتە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى، مېھىر-مۇھەببىتى، مۇلايىملىقىنى ئۆزىدە ساقلاپ قالغان، ماڭا ھېچكىم، ھېچنەرسە ھېس قىلدۇرالمايدىغان روھىي لەززەت بەخش ئەتكۈچى، تەنھالىقتا توقۇغان تورلىرىمغا ئەركىن كىرىپ چىققۇچى يار-بىردىنبىر ئۆمۈچۈك قىزدۇر.

## ئۈچىنچىدىن، ئۆمۈچۈك-مەن

دائىم دېگۈدەك كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردىكى خىلۋەت جىمجىتلىقتا تور تارتىپ يۈرۈدىغان ئۆمۈچۈك بىلەن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ھاراق ئىچمەي، كىشىلەرگە ئارىلاشماي ھازىرقى زامان دەرۋىشى بولۇپ ياشاۋاتقان ئۆزۈم ئوتتۇرىسىدا دائىم بىر خىل يېقىنلىقنى ھېس قىلىمەن. تۇرمۇش مېنى ئالدىرىتىدۇ. ياشىغانسېرى ھايات شۇنچە ناتونۇش، بىلمەيدىغانلىرىم شۇنچە كۆپتەك تۇيۇلىدۇ. كىشىلەردىن يىراقلاشقانچە ئىنساننىڭ تەنھالىقى، ئاجىزلىقى، روھىي تەسەللىيگە موھتاجلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمەن. مانا شۇنداق چاغلاردا توساتتىن غېرىبلىق ئىچىمنى يورۇتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇۋاتقان يېنىك ئاۋازى مۇزىكىغا ئايلىنىپ، سۆزلەرگە ئاستا-ئاستا سىڭىشكە باشلايدۇ. شېئىر يېزىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. تېنىمنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ روھىم يۈكسەك مەنىگە يېقىنلىشىدۇ.... ھەممە ئادەم ئادەتلىنىپ كەتكەن، ھېچكىم رەت قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدىغان كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلار ماڭا پات-پات غەلىتە، چۈشىنىكسىز، قۇپقۇرۇق تۇيۇلىدۇ.

ئۆمۈچۈككە خاس ۋاقىت سەزگۈرلىكى ئىچىدە بۇنداق كۈندىلىك ئىشلارغا نورمال ئادەملەردەك ئۈنچىلىك ئۇزاق سەرپ بولغۇم كەلمەيدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەم ئەمەستەك ياكى ئادەملەر ئارىسىغا كىرىۋالغان ئارتۇقچە ئادەمدەك بىر چەتتە تۇرۇپ كۆزىتىشتىن باشقا خىزمىتىم يوقلۇقىنى ھېس قىلىمەن. ئەتراپىمدىكىلەر شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا توساتتىنلا ماڭا دىققەت قىلىپ قالسا، مېنىڭ شۇنچە تونۇش ئادەملەر

ئارىسىدا ئۇيغۇر تىلىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىچىمگە چۆكۈپ ئولتۇرغىنىمنى، تىمتاس - خىلۋەت ئۈمۈچۈك تورىدا تۇرغان ئادىلنى كۆرىدۇ.

ئۆيلەردە، مەرىكە زاللىرىدا، قاۋاقخانىلاردا ئادەملەرنىڭ تورلىرى. مەن ئادەملەرنى سۆيىمەن. ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىك تورىغا كىرىپ باقسام، ئادەملەر ئارىسىدا ياشىسام دەيمەن. ئادەم ئادەم سېغىنىدۇ. بەزىدە دوستلىرۇم مېنىڭدەك سورۇنلۇقى يوق، لېكىن ئادەم سېغىنغاندا ھەمراھلىققا يارايدىغان «زامانىۋى سوپى» نى ئۆزلىرى بىلەن قەھۋەخانىلارغا بېرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. مەن خۇشاللىق بىلەن جىمجىت تورۇمدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ شاۋقۇنلۇق ئارىسىغا ئېقىپ كىرىمەن. گۇڭۇر-موڭۇر پاراڭلىرىدىن، قىزىق كۈلكە-چاقچاقلىرىدىن ئادەملىكنىڭ ئاجايىپ راھىتىنى ھېس قىلىمەن. ئۇلار ئىچىشىدۇ، بىراق مەست بولىدىغىنى مەن. قولۇم، كۆزۈم، سەرگۈلىرىم ئاستا-ئاستا مەستخوش ھالەتكە ئۆتىدۇ. شېئىرسىز دۇنيادا مەست شائىر بىردىنلا چاقناۋاتقان شېئىرنى كۆرىدۇ.

چىرايلىقسەن كۆپۈكلۈك پىۋا،
چىرايلىقسەن مەيپۇرۇچ موما.
ئۇچۇپ كەتمەك بولدى نېمىشقا
گۈل قېتىدەك يۇمران ئاياللار؟
دۇنيا نېچۈن مۇنچە يېقىملىق،
كەتمەكچىدەك قىزغا ئايلىنىپ؟
. . . . . . . . . .
قاناتسىمان پۇتلىرى بىلەن
يېنىككىنە دەسسەپ ھاۋاغا.
بىر پەرىشتە كىردى ۋاللىدە
شولا چېچىپ قەھۋەخانىغا.

- «پىۋا كۆپۈكى» دىن

بىراق شۇنچە كۆپ پايدىلىق ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىنسانىيەت ئالدىدا ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دېمەستىن، سۆزلەردىن ئۈن-تىنسىز تور توقۇۋاتقان ئۈمۈچۈك شائىر ئەينەككە باققىنىدا، ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ بىر ئادەم ئەمەس زور بىر خەلق ئىكەنلىكىگە قانداقمۇ كۆز يۇمالسۇن؟

## شېئىرلىرىمدىكى ئۈمۈچۈكنىڭ تۆتىنچى مەنىسى - مىللەت

ھازىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ رېئاللىقىشى ۋە تۇيغۇلىشىشى جەريانىدا مەۋجۇد بولۇش-ماڭا يەككە قۇرۇلما بولماستىن، كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك تاشقى قۇرۇلما تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بىر شۇبھىلىك ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى تونۇتماقتا. ئۈمۈچۈكنىڭ بىر ئادەمدەك ئەمەس، بىر مىللەتكە خاس غېرىبلىقى جەريانىدا ئايال بىلەن بولغان سىرلىق باغلىنىشى، بولۇپمۇ بۇ مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغان چاغدىكى قەدىمكى پسىخىكىسى، ماكانلاشقان جايىنىڭ جۇغراپىيىسى، ئەپسانە ۋە دىنلىرى، تارىخ ۋە ھازىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەريانىدا ئىپادىلىگەن روشەن ئەرلىك خاراكتېرى مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ غەلىبە-نۇسرەتلىرى، تارىخىي تراگېدىيىسى، ھازىرقى زامان رېئاللىقىدىكى پسىخىك ئىپادىلىرى بۇ مىللەتنىڭ روھىنى چۈشەنمەكچى بولغان ئادەمگە ئەر مىللەتنىڭ ئايال بىلەن بولغان سىرلىق مۇناسىۋەتلىرىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەر مىللەت. ئۇيغۇرنىڭ سەلتەنىتى ئەرنىڭ سەلتەنىتى. ئۇيغۇرنىڭ تراگېدىيىسى-ئەرنىڭ تراگېدىيىسى. ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇدلۇقى مەلۇم ۋاقىتتا رېئاللىق بىلەن بىۋاستە سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بولمايدىغان، ئادەمئاتىنىڭ يارىتىلىشىغا ئوخشاش يوقلۇقتا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۆجىزىلىك مەۋجۇدلۇق.

ئوق يىلتىزى. ھونلارغا تۇتىشىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇرخۇن-ئانا ساي داللىرىدىن كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياۋايى ئۇرۇشخۇمار كۆچتۈگگۈر ئەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان تېپىك ئات ئۈستىدىكى مىللەت ئىدى. ئات ئۇلارنىڭ ئەرلىك ئېڭىدىكى ئايال ھەم ياتلارنىڭ شەھەر-قەلئەلىرىگە بېسىپ كىرىپ، ئايالغا ئېرىشىشىدىكى ۋاستە ئىدى. ئات ئۇلارنى ئاجايىپ ھاياجانلاندۇرۇپ قېنىنى قىزىتاتتى. ئاتقا مىنگەن ھامان خۇددى بىر ئايالنى بويسۇندۇرۇۋال-غاندەك بارلىق جەڭگىۋارلىقى، كۈچ-قۇدرىتى، ئەسەبىيلىكى ئۇرغۇپ تېشىپ، قايناق جەڭلەرنى قىلاتتى (توي قىلىۋاتقاندەك). قانلار تۆكەتتى (قىزنىڭ قېنىدەك). قىلىچلىق بىر ئەر ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقان ئەر رەقىبىنى كۆرگەندە قەھر-غەزەپكە كېلىپ، بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئارسلاندەك ئېتىلىدۇ. ناز - كەرەشمىلىك يۇمشاق سۆزلەرنىڭ، چىرايلىق مەلىكىگە ئوخشاش سوۋغا-سالاملارنىڭ، ھەتتا قۇرۇق قول بىر ئايالنىڭ ئالدىدا بولسا بارا-بارا بوشىشىپ يۇمشاپ قالىدۇ. ئەر قان تۆكمىگەن (جىنسىي پائالىيەت قىلمىغان) تىنچ شارائىتتا ۋە كۈچلۈك ئەخلاقىي قاراش ئىچىدىكى

بېكىنمە مۇھىتتا ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكى بولمىغان ئادەتتىكى ئادەم. بۇ خىل ئەرلىك پىسخىكا ئۇيغۇرلارنى ئۆلۈمگە بىۋاستە باغلاپ قويغانىدى. ئۆلۈم ئىنسانغا، بولۇپمۇ ئەرلەرگە نىسبەتەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان سىرلىق كارامەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن شېئىر ئارقىلىق مىللەتنىڭ پىسخىكىسىنى ئىپادىلىمەكچى بولغىنىمدا، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ئەرلىك پىسخىكىدىن ئىزدىگۈم كېلىدۇ. ئەتراپىمىزدا دائىم دېگۈدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇدىغان ئۇرۇشۇش-تىللىشىش، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە پىچاق كۆتۈرۈپ بىر-بىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتەك ياۋايىلىق، ئەخلاقسىزلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى ھادىسىلەر مەندە مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ھەققىدە شېئىرىي پىكىرلەرنى قوزغايدۇ. بىر كۈنى مەن كوچىدا كېتىۋېتىپ كۆز ئالدىمدىلا ئىككى يىگىتنىڭ پىچاق تىقىشىپ، كىيىملىرىنى قانغا بويىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. شۇئان قەدىمىي بىر قەبىلە كۆز ئالدىمغا كەلدى.

. . . . .

گۈلخان ئەتراپىدا
قىزغۇچ ئايلانماقتا
ئەر قەبىلە.

نەزىر سۇپىسىدا
دولقۇنلايدۇ نۇر.

پىچاق
تومۇر ئەتىرگۈلدۇر
ئىسسىق، قىزىل شەبنەم
سىرغىغان يەردە.

ئەركەكلەردە
مۇھەببەت بولىدۇ
ئۆلۈمگە.

— «ئەرلەر كوچىسىدىكى بىر مۇراسىم» دىن

مەندە دائىم مۇنداق بىر ئالاھىدە تۇيغۇ بار: ئىنساننىڭ بىنا بولۇشى بىلەن يەر يۈزىدىكى قۇملۇقلار ئوتتۇرىسىدا ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدىغان باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇد. ھەر بىر شەيئىي مەخپىيەت بايان قىلىنغان ئالەم كىتابىنىڭ بىر سۆزى. قۇملۇق بولسا ئەرلەرنىڭ سىرىنى چۈشەندۈرۈدىغان سۆز. تەكلىماكان قۇملۇقى ئۇيغۇرلارنىڭ ماكان ئېڭىدىكى بالىياتقۇ. بۇ بالىياتقۇ قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە تارتىپ ئۇلارنىڭ ياۋايىلىقىنى، كۈچ-قۇدرىتىنى، ئۆلۈم ئېڭىنى ئاشكارىلىدى. بويسۇندۇرۇش، بېسىۋېلىش، قانغا بوياش، بۇزۇۋېتىش ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا بۇ چەكسىز قۇملۇق كۆكرەكلىرى گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ تۇرغان، تىپچەكلەپ چايقىلىپ، كۆيلەپ، ئۇھ تارتىپ جىمىپ قالىدىغان غايەت زور ئىشقىباز ئايال. قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەبىئىي ماكان تاللاش جەريانىدا بۇ قۇملۇق ئۇلارنى مېھرىبان بىر ئايالنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك خاتىرجەملىككە ياكى بالىياتقۇغا كىرگەندەك راھەتلىك تۇيغۇغا ئىگە قىلغان. بۇ ئەر مىللەت ئات چاپتۇرۇپ مەيلى قەيەرگە ئۆزاپ كەتمىسۇن، بۇ زېمىننىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىدىكى ئاياللىق يەنى تەكلىماكاندىن باشقا ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرى ئارىسىدىكى ئارىش (جۇڭغار) ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتاغلىرى بىلەن قارا قۇرۇم (كۇئېنلون) تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئايالنىڭ ئويمان يېرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يېقىملىق شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. يەر شەكلىدىكى بۇ خىل فىزىئولوگىيىلىك جەلپكارلىق ئەر مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى بۇ يەردىن باشقا ھەر قانداق يەرد قانائەتلەندۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى پىسخىك جەھەتتىن كۆزەتكەن ئادەم شۇنى ھېس قىلىدۇكى، ئەرلەرنىڭ نازاكەتتىن يىراق قوپاللىقى ۋە كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈدىغان مۇتلەق كۆپ قىسىم قاقاس تاغلىرى، سىرلىق تارتىپ تۇرۇدىغان بالىياتقۇسىمان ئويمىنى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ زور ئايالنىڭ كۆكسىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قۇم دۆڭلىرى، مېۋىلەرنى شېرىنلىك، ئەرلەرنى كۈچلۈك قىلىدىغان ئاپتاپلىق قۇرغاق ھاۋاسى، جىنسىيەت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئېنىق ئايرىلىدىغان تۆت پەسلى، ھۆركىرەپ تۇرغان توپا-چاڭلىق بورانلىرى ئەرلەرنى يارىتىدىغان تەبىئىي شارائىتتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى تېخىمۇ ئەر بولۇشقا، ئاياللىرىنى زېمىننىڭ قاقاسلىقىنى تولۇقلاپ نازاكەتلىك، ھەقىقىي ئايال بولۇشقا يېتەكلەيدىغان تەبىئەتتۇر.

تا ھازىرغىچە كۆپلىگەن قىياسلار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ قەلب تارىخىدىكى ئەپسانىدىن ئىبارەت بۇ كىتابنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلىگىنى

يوق . بىلىپ يەتكىنى ، ئەپسانىلاردىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئايرىم-ئايرىم مەنىسىدىن تەشكىل تاپقان شەكلەن تىل بەلگىلىرىدىنلا ئىبارەت . ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ، ئىچكى كەچۈرمىشى ۋە مەلۇم ئالاھىدە شارائىتتىكى سىرلىق تۇيغۇدىن شەكىللەنگەن ، سۆز ، جۈملە ، ئابزاس ھەم ۋاقەدىنمۇ كەڭ بولغان ئەپسانىلارنىڭ ھەقىقىي مەنىسى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ دۇنياۋى ئورتاق تىلىدەك بىزنىڭ قايتا چۈشىنىشىمىزنى، كۈتۈپ تۇرۇپتۇ .

مېنىڭچە ، ئۇيغۇرلار ئەر مىللەت بولغانىكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىسى ئايالغا بولغان ئىستەكلەرنى ئاشكارا ياكى سىمۋوللۇق ئىپادىلىگەن ئەرنىڭ ئەپسانىسىدۇر . مەن مۇشۇ ئوي بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېپوسى «ئوغۇزخان» غا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم .ئېپوسنىڭ باش قەھرىمانى «ئوغۇزخان پۇتى بۇقا پۇتىدەك ،بېلى بۆرەبېلىدەك ، مۆرىسى قارابولغۇن مۆرىسىدەك ، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ،پۇتۇن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقان . . . » كۈچتۈڭگۈر ئەر ، ئەر مىللەتنىڭ ئورتاق سىماسى . ھەم توختىماي خوتۇن ئالىدىغان ، خوتۇنغا تويمايدىغان خوتۇنباز ئەر . ئەر ئۈچۈن دۇنيانىڭ مەنىسى ئايال . ئەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئاياللاشقان . ھەممە نەرسە ئايالدەك كۆرۈنىدۇ . ئەر دەرەخكە قارىسا دەرەخ بىر ئايال (ئوغۇزخان كۆلنىڭ ئوتتۇرىدا بىر دەرەخنى كۆرىدۇ . دەرەخ كاۋىكىدىن قىز تۇغۇلىدۇ ) . ئەر نۇرغا باقسا نۇرمۇبىر ئايال (ئوغۇزخان تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا كۆكتىن كۆك يورۇق چۈشىدۇ . يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتۇرغان ) . ئايالغا ئېرىشىش بىلەن ئەرنىڭ ياۋايىلىقى ئۇرغۇپ قان تۆككۈسى كېلىدۇ (ئوغۇزخان بىر نەچچە ئايالنى بىر-بىرلەپ ئەمرىگە ئالىدۇ . ئارقىدىنلا يات ئەللەرگە بېسىپ كىرىپ قورالىنى قانغا پاتۇرىدۇ . ياۋۇنى بويسۇندۇرۇپ ئەرنىڭ پادىشاھلىقىنى يۈرگۈزىدۇ ) .

ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر باغلىنىشلا ئەمەس ، ئەر بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتمۇ بىزنىڭ ئويلاپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ . ئەر-ۋەھىيلەرنى يەتكۈزگۈچى ، دىن تارقاتقۇچى ، دىنىي تۇرمۇش كەچۈرگۈچى . ئۇيغۇرلار دۇنيادا ئەڭ كۆپ دىن قوبۇل قىلغان ، دىن ئالماشتۇرغان مىللەت . ھەر قېتىملىق دىن قوبۇل قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ روھىنى بىر قېتىم يېڭىلاپ ، ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن . بۇ تارىخىي جەريانلارغا ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق ، ھەر بىر دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كىرىپ گۈللىنىش ، سۇسلىشىش دەۋرى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش بىلەن ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە . شامان دىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى قۇدرەتلىك ھون ئىمپېرىيىسىنى ، مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللەنگەن ئىدىقۇت مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا بۇددا دىنى كىرىپ گۈللەنگەن مەزگىلدە ، قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى گۈللەنگەن ۋەزىيەتتە ئاجايىپ قۇدرەت تاپقان . دىن مەزھەبلەرگە بۆلۈنۈپ ، سۇسلاشقا باشلىغاندا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمۇ زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەن .

ئەرلىك تەپەككۇر بىلەن تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق ، بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا ئۇيغۇرلاردا ئەر مىللەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئىمپېرىيە ۋە كۈچلۈك خانلىقنىڭ ئورنىغا مەدەنىيەت دەۋرىدىكى روشەن ئاياللىق (ئىنساننىڭ ياۋايىلىقىنى يوقىتىپ ، ئەدەبلىك ، مۇلايىم بويسۇنغۇچىغا ئايلىنىشى ) خاراكتېر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنى بايقايمىز . مېنىڭچە ، بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنى مىللەتنىڭ پىسخىكىسى بىلەن دىنىنىڭ خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى تەسىردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ . بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قوبۇل قىلغان دىنلارغا قارىغاندا ، رەھىمدىللىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن . بۇ دىندا ئادەم تۇگۇل جان-جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈشمۇ ئېغىر گۇناھ . ھەقىقىي بۇددا راھىبلىرى ئىنسان قەلبىدە ھېچقانداق ئارزۇ-ئىستەك بولماسلىقنى ، ئاياللارغا بولغان ھاۋايى-ھەۋەسنى پاك-پاكىز ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . ئەرلەرگە خاس رەھىمسىز ، بىغەم ، ئەركىن ، ئۆز كۈچىگە ئىشىنىدىغان غالىب تۇيغۇدا ئەمەس ، باغرى يۇمشاق ، ئازابلىق ، سوغۇققان ، ئايالچە ياشاشقا مەجبۇر قىلىدۇ . ئەر مىللەتنى بۇنداق ئەدەب -قائىدىلىك ، يۇۋاش ، ئادەم ئۆلتۈرمەيدىغان ، بولسا ئاياللارغىمۇ چېقىلمايدىغان بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش ئەرلىك خاراكتېرنى چەكلەپ قويىدى . بۇ خىل سىقىلىش بۇددا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولۇپ پارتلاپ چىقتى . ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋردىكى مەدەنىيىتى تىبابەتچىلىك ۋە دىنىي ئەدەبىياتتىن باشقا ، ئايالغا بولغان تەلپۈنۈشى تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان ئەرنىڭ بالىياتقۇغا سىمۋوللۇق تەقلىد قىلىنغان بىناكارلىق ۋە مىڭ ئۆيلەر ئارقىلىق روھىي قانائەتكە ئېرىشكىنىدە ئىپادىلىنىدۇ .

بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن

ئاڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەبىئىي سەزگۈ ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان نامەلۇم روھىي تاللاشلاردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان ئىسلام دىنى ھەققىدە تېخىچە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەمكىن ئويلانغۇدەك بولمىدۇق. پەقەت ۋاقىت ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ نەزەر سالىدىغان بولساق، بىز تارىخ كىتابلىرىدا ئىسمىنى كۆرگەن نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ھازىر مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى، يەر شارى خاراكتېرلىك قوشۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئاھالە ۋە مەدەنىيەت كەلكۈنىدە ئىسلام دىنى بىزنىڭ مەۋجۇد بولۇشىمىزدا مەنىۋى قورغان بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشكە تېگىشلىك سانسىز يورۇق يوللاردىن باشقا، ئەر مىللەتنىڭ پسىخىك مەركىزىدە تەسۋىرلىگۈسىز زىلزىلە پەيدا قىلغان ئەينى چاغدىكى زور كۆلەملىك تۇنجى خەتنە مۇراسىمى مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن جەزمەن مۇھىم ۋە نازۇك مەسىلىدۇر.

ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن خەتنە قىلىشنى يولغا قويغان يەھۇدىيلارنىڭ سىرلىق روھىي سەپەردەك نەچچە مىڭ يىللىق ماكانسىزلىقنى باشتىن كەچۈرۈشى، سۆكۈتكە پاتقان روھنىڭ ھەرىكىتىدەك ئوخشىمىغان دەۋردىكى ئىنسانىيەت ئارىسىدا گىگانت ئادەملىرى بىلەن پات-پات پارلاپ تۇرۇشى، پۈتۈنلەي ئۆلگەن تىلىنى مۆجىزىدەك تىرىلدۈرۈپ، دۇنيا سەھنىسىدە قايتا باش كۆتۈرۈشى، ئەرەبلەرنىڭ جاھالەتتىن تېزلا قۇتۇلۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ روھى خىرەلەشكەن دەۋرلەردىكى قۇياش كۆتۈرۈلگەن قەۋمگە ئايلىنىشى، ئەڭ مۇھىمى كۆچمەن ھايات دەۋرىدە سىرلىق تاللىۋالغان قوم بويلىرىدىكى زېمىندا غايەت زور نېفىت بايلىقلىرى بىلەن قايتا قەد كۆتۈرۈشى دىن بىلەن، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، خەتنە مۇراسىمى بىلەنمۇ سىرلىق باغلىنىشقا ئىگە. بۈگۈنكى دۇنيادا ئېتىقاد سەۋەبىدىن باشقا، تىببىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن كۆپلىگەن غەيرىي مۇسۇلمان مىللەتلىرىمۇ ئاللىقاچان خەتنىگە ئادەتلىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇشقا باشلىدى. بىراق شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، ئادەت خاراكتېرلىك ئومۇملىشىش بىلەن جىنسىي ئەزاسىنى سىرلىق بىلىپ، غورۇرىنىڭ بايرىقى قىلىپ يۈرگەن قەدىمكى كىشىلەر ئارىسىدا خەتنە ئېلىپ بېرىشنىڭ، ھازىرقىدەك ئەقلى يېتىلمىگەن كىچىك بالىلارنى خەتنە قىلىش بىلەن بۇ مۇراسىمنى شۇنداق بىر دەۋردىكى بارلىق ئەر كىشىلەرگە ئېلىپ بېرىشنىڭ پسىخىكا جەھەتتە ئاسمان-زېمىن پەرقى بار. تىل بىلەن بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدىغان بۇ خىل پسىخىك تەسىر نەسىل قالدۇرغۇچى بىر دەۋر ئەرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىن خۇددى جاراھەتكە ئوخشاش ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەۋلادنىڭ تۇيغۇسىغا تاتۇق بولۇپ قالىدۇ.

سەنئەت بولۇپمۇ شېئىر-روھىي سىقىلىشتىن پارتلاپ چىققان كۈچ ئۇشۇقچىلىقى، كەمتۈكلۈك تۇيغۇسىنىڭ باشقا يول بىلەن قاندۇرۇلۇشى، تراگېدىيىنىڭ نەپىسلىككە كۆتۈرۈلۈپ تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى. شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەر مىللەتنىڭ خەتنە قىلىشتەك ئالاھىدە مۇراسىم شەكلىنى باشتىن كەچۈرۈشى بىلەن تولۇلىكتىن ئاڭ قاتلىمىغا چۆكمە بولۇپ قالغان «كەمتۈكلۈك تۇيغۇسى» دېگۈدەك ئەرلەردىن تەشكىل تاپقان تەسەۋۋۇپچى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق مىسلىسىز پارتلاپ چىقتى. بۇ شېئىرلاردىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئىستېلىستېكىلىق ۋاستىلارغا تويۇنغان پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىنسان روھىنىڭ ھەممە قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغىچە قانات يايغان دىنىي تەسەۋۋۇرنىڭ يورۇق پەرۋازى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ كۆز قاماشتۇرۇپ تۇرۇدىغان سەلتەنەتكە ۋە ئۆلمەس سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

شېئىر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل ئىلاھىي پائالىيەت، تىل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇقەددەس مۇراسىم. مەن ئاشۇ بۈيۈك شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس تۇيغۇلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شېئىردىن ئىبارەت ئاللا بىلەن بولغان دىئالوگنى ئاۋازغا ئايلاندۇرۇشقا تەۋەككۈل قىلغان بۇ دەۋر-نوتتۇرا ئەسىرلەردە مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا خەتنىدىن پەيدا بولغان خاتا تۇيغۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سىناقتىن ئۆتكەن ئەمەلىيەت جەريانى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بالا ۋاقتىدىلا خەتنىگە ئادەتلىنىشى نەتىجىسىدە بارا-بارا بۇيۇلۇپ، مىللەتنىڭ ئەرلىك روھى ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ساغلاملىقىنى ھېس قىلالىغۇدەك دەۋردۇر. بۇ ئۇزاق جەرياندا بىمارلىق، سىقىلىش، چۈشكۈنلۈك، غېرىبلىق، قىسىلىش ۋە شاللاشلاردىن ئۆتكەن بۇ ئەرلىك روھ نېفىت سۈيۈقلۇقى بىلەن نەملەنگەن تەكلىماكاندىن ئىبارەت قەدىمىي بالىيانقۇنىڭ ئەتراپىدا ھاياجانلىنىپ تۇرماقتا. ئۈچۈر تورى ۋە دۇنياۋىي مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەسىرى ئاستىدا ئەر مىللەتنى زەئىپلەشتۈرۈدىغان بىكىنمە مۇھىتنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئېچىۋېتىلگەن دۇنياۋىي سىستېمىغا ئايلىنىشى، ئەرلەرنى چەكلەپ تۇرۇدىغان ئەخلاق

مىزانلىرىنىڭ ئاجىزلاپ ، كۈنسېرى يالىڭاچلىنىۋاتقان ھازىرقى زامان كىيىم مودېللىرىغا ئوخشاش يېڭى ، ئەركىن شەكىللەرنىڭ ئورنى بېسىشى شۇنداقلا مەلۇم دەرىجىدە ئاشكارىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان جىنسىي ئاڭ ئەر مىللەتنىڭ كۈچ-قۇدرەت ئۇرغۇپ تۇرغان ئەسلى تەبىئىيىتىنى تىنماي غىدىقلايدۇ . غالىبلىق تۇيغۇسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئاجايىپ بىر پارلىنىش ئېھتىماللىقلىرى ئىچىدىكى ئەبەدىي گۈزەللىكنىڭ سېھرى بىلەن تولغان كۈچ ۋە ئۆلۈم ئارىسىدىكى قايناق شېئىرىي مۇھىتقا باشلاپ كىرىدۇ .

. . . . .

سىقىلغان كېچە
ئايالларنىڭ نۇر چەمبىرىكى
توپلانماقتا ھاياجان .

ئەر مىللەت
ئەردۇر ھامان .

مېنى تىرىلدۈردى بۇقىدەك قايتا ،
پۈتلىرىڭ ئارىسىدا
ئېچىلىپ قالغان
بىر تال چوڭقۇر گۈل
- «ئۆز شەھىرىدىكى ئۇيغۇر» دىن

## 3. ئۆمۈچۈكنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى

بىر كۈنى تاسادىپىي ھالدا ئۆمۈچۈك تورىنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇشتۇمتۇت ئىچىم قۇرۇقدىلىپ ، كاللام توختاپ قالغاندەك بولدى . ھەرىكەت يوق . چەكسىزلىك جىمجىت . مەڭگۈگە سوزۇلغان شۇ بىر دەقىقىدە ئۆمۈچۈك تۇراتتى . مەن يوق ئىدىم . تىلىم سۈكۈت ئىدى . ئۆمۈچۈك بىلەن مۇڭدىشىپ كەتتىم .

. . .

مەيلى ئادەم ، چۈمۈلە ياكى بىر تۈپ دەرەخ بولسۇن ، ھەممە نەرسە ئۆز تىلىدا ئالەم بىلەن سۆزلىشىدۇ . ئالەم ھەممە نەرسىنىڭ يوقلۇق بىلەن دىئالوگلىشىدىغان تىلى . ئالەمنىڭ يوقلۇققا قاراپ كېتىۋاتقان چەكسىزلىكى ھەر بىر شەيئىينى مەڭگۈلۈك بىلەن دەقىقە ئارىسىدىكى مەۋجۇدلۇققا ئايلاندۇرىدۇ . رېئاللىق ئەمەس ، بەلكى تۇيغۇلا مەۋجۇد بولغان شۇنداق دەقىقىلەردە ھەر بىر شەيئىي ئۆز ئىچىدىن پارلاپ ، ئۇشتۇمتۇت ئۆزىدىن باشقا ئۇلۇغ مەۋجۇدلۇقنى بايقاپ قالىدۇ . ئۆزلۈك يوقىلىپ شەيئىيلەر بىرلىشىپ كېتىدۇ . بۇنداق چەكسىز لەززەت رېئاللىق تەرىپىدىن چەكلىنىپ قالىدىغان بولغاچقا ، بارچە مەۋجۇدات ئۇ راھەتلىك ، ئۇلۇغۋار ، پارلاق ، شەرتسىز يوقلۇققا ئىنتىلىدۇ . يوقلۇق ، مەۋجۇد بولماسلىق-ماھىيەت . مەۋجۇد بولۇش-ماھىيەتكە قارشى جەريان . قىسقا ، نىسبىي ، شەرتلىك جەريان . بىر ئادەمنىڭ كۆپىيىپ ئىككى ئادەم بولۇشى ياكى ئىنساننىڭ ئىنسانىيەت بولۇپ مەۋجۇد بولۇشى مەدەنىيەتنى شەرت قىلغان . مەدەنىيەتنىڭ يادروسى-چەكلەش كۈچىگە ئىگە مەلۇم ئورتاق پەرھىز ، يەنى ماھىيەتكە قارشى ياتلاشقان تۇيغۇدۇر . مەدەنىيەت ماھىيەتنى ئىنكار قىلىدۇ . بۇ ئىنكار قىلىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدۇر .

دادام قولۇمدىن يېتىلەپ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئەركىنلىك ئالىمىدىن بىلىمنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ قالدىم . بۇ ئوردا ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆي ، ئۆينىڭ ئىچىدە يەنە تۈگىمەس ئۆيلەر بولغان ، كىرگەنسېرى بوشلۇق ئىمكانىيىتى كىچىكلەپ بارىدىغان سىرلىق ئوردىغا ئوخشايتتى . ۋاقىت ، كىتاب ، ئىش ، قائىدە-رەسمىيەت ، گەپ-سۆز ۋە ناتونۇش كىشىلەر توپى مېنى بىر-بىرلەپ ئىگىلەشكە باشلىدى . مەن ئاستا-ئاستا شەھەرلەشتىم . ياپيېشىل بۇغدايلىقلاردىن ، باقىدىغان قويلىرىمدىن ، تال باراڭلىق ئايۋاندا يېتىپ ياز كېچىلىرى ئاڭلايدىغان پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرىدىن ، ئۇپۇققىچە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان چەكسىز ئاسماندىن ئايرىلىپ قالدىم . تاشقى بەلگىلەر ھەممە بوشلۇقنى ئىگىلىگەن ، ئاڭ سىستېمىلىرى پۈتۈن ئەتراپقا چىرمىشىپ كەتكەن قىستاڭ شەھەردە ماڭا شېئىردىن باشقا بوشلۇق قالمىغانىدى . مەن شېئىر ئارقىلىق تەبىئەتنى ئەسلىدىم . شېئىر ئارقىلىق قۇشلارنى ، گۈللەرنى ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنى ئادەملەرنىڭ شەھەرلەردىن ئىبارەت روھىي چۆلىگە باشلاپ كەلمەكچى بولدۇم . ئەتراپىمدىكى كىشىلەر تۇيغۇ جەھەتتىن ئۆزلىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان مەندەك بۇ تەنھا ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆز تەپەككۇرىغا كىرىپ ، ماددىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئەھمىيەتسىز بولغان تىل ئارقىلىق توختىماي تور توقۇشتەك ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرىگە ھەيران قالىدۇ ، باش چايقايدۇ ، بەزىلىرى ئىچ ئاغرىتىدۇ . كىشىلەر مەنىسىزلىك ھەققىدە ئويلاپ قالغىنىدا ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن ئەمەس ، شائىردىن گۇمانلىنىدۇ . چۈنكى تولۇق

بويسۇندۇرۇلۇپ بولغان ھەر قانداق مەدەنىي جەمئىيەتتە شائىر ئەڭ ئاخىرقى ياۋايى ئادەم. رېئاللىققا بولغان سەرگەردانلىق تۇيغۇ ۋە ئادەتلىنەلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان بۇزۇش ئىستىكى شائىرلارنى ھېچ بولمىغاندا تىل قۇرۇلمىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىكى بۈيۈك مەخپىي ئارزۇنى ئىپادىلىگۈچى پىداكارغا ئايلاندۇرىدۇ. پلاتوننىڭ ئەقلىي تەرتىپ بويىچە قۇرۇپ چىقماقچى بولغان غايىۋى دۆلەتتىن شائىرلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىش كېرەك، دېيىشىدىمۇ شائىرلارنىڭ مانا شۇ خىل روھىي ئەركىنلىك ئۈچۈن بەدەل تۆلەشتىكى قاراملىقىنى ھەر قانداق ماددىي كاپالەت بىلەن توسۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئالدىن بىلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

مەدەنىيەتنىڭ ئىنساننى ئەڭ بالدۇر قېلىپقا سالغان تىلدىن ئىبارەت قەدىمىي قۇرۇلمىسى شائىرلارنىڭ قانىتىنى ھەر ۋاقىت بوغۇپ تۇرىدۇ. توختىماستىن ئۆز ئەركىنلىكىگە تور توقۇۋاتقان ئۆمۈچۈك ئىنسانلارغا مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە شۇ قەدەر ئاشكارا بىشارەتلەرنى بەرمەكتە. بىراق تۇغما تۇيغۇغا ئەمەس، ئەقلىي تەپەككۇرغا ۋە ماددىغىلا تايىنىدىغان مەدەنىيەت تەرەققىياتى مەۋجۇدلۇقنىڭ بىر تەرىپىدە ئىنسانىيەتنى تەنھا قالدۇردى. گەرچە ئىنسانلار ئەسلى تەبئىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىغا مەدەنىيەتتىن ئىبارەت سوغۇق، زىچ، ھەشەمەتلىك تورلارنى تارتىۋەتكەن بولسىمۇ، بەختكە يارىشا دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدىن يەنىلا شائىرلار ۋە شائىرانە تۇيغۇغا ئىگە كىشىلەر تېپىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى پارچە-پارچە ھالەتتە ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، نامراتلىق ۋە كەمسىتىشلەرگە باش ئەگمەستىن، ھازىرقى دۇنيادا يوقىلىۋاتقان مۇقەددەس تۇيغۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ. ئىنساننىڭ، يەر شارىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قايناق ھەم ئازابلىق شېئىرىي تەپەككۇرغا چۆمىدۇ.

بىر خاتالىق ئۆتكۈزگۈم كېلەر
ئالەمدە ئۇ گۈزەل بەك گۈزەل.
قېنىپ-قېنىپ سۈمۈرگۈم كېلەر
رۇمكامدا لىق لەززەتلىك زەھەر
ۋە كۆز يېشى ئادەم ئاتىنىڭ.
ئەي خۇدانىڭ ئوماق قۇشلىرى،
ئۇچۇپ چۈشۈپ ئىلاھ يېنىدىن
قونساڭلارچۇ بېشىمغا بىردەم
ئالەمدىكى غەمكىن دەرەخمەن.
نەدە سىلەر سۈزۈك بۇلاقلار
كىرىڭلارچۇ ھۇجرامغا ئېقىپ؛
پىلتىڭلىغان بېلىق بولۇپ مەن
ھەمدۇ-سانا ئېيتاي سىلەرگە
ئەڭ يېقىملىق ئاۋازىم بىلەن.
ئېھ ئايالار، چەكسىز ئايالار
سىلەر تومان كۆمگەن تېرەكزار،
نۇر مەن چاقناپ ۋە ئۇچۇپ تۇرغان.
مەن سىلەرنىڭ ئامانىتىڭلار،
مەن سىلەرنىڭ ساخاۋىتىڭلار...
سىلەر خوش بۇي گۈللەر قەبرىسى
مەن كېپەنسىز غېرىب يوپۇرماق.
جىمجىت ئاۋازدۇر قىزلار ۋۇجۇدى
دۇنيا شۇنىڭ ئۈچۈن يارالغان،
ئەبەدىيلىك كۈمۈش قوڭغۇراق.
يۇپيۇمىلاق يۇمىلاق بولۇپ
دومىلايدۇ ياش تامچىلىرى
دومىلايدۇ نۇرلۇق يەر شارى...

— «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» دىن

پۈتكۈل يەر شارىنى ئىگىلىگەن مەدەنىيەت شېئىرىي ئىمكانىيەتنى كۈنسېرى كىچىكلىتىۋاتقان بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ھازىرقى دۇنيانىڭ ئۆتمۈشكە تەۋە ھاياتى ئارقىلىق شېئىرنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن دېرەك بەرمەكتە. گەرچە بەزى زاۋۇتلار قۇرۇلۇپ سانائەتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى پەيدا بولىۋاتقان بولسىمۇ. ئۇيغۇرلار ئومۇمىي جەھەتتىن بۇ زېمىندا يەنىلا سۇنئىي قۇرۇلمىلارنىڭ سىرتىدا دېھقانچىلىقتەك تەبئىي ئىگىلىك شەكلى ۋە سودىگەرچىلىككە ئوخشاش يىپەك يولىغا خاس قەدىمىي كەسىپلەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلماقتا. يەر ئىنساننى، ئىنساننىڭ خاراكتېرى، پسىخىكىسى ۋە تەپەككۇرىنىڭ ئەسلى تىپىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا كۆپ ھاللاردا دېھقان مىللەت ئاسان ئاسسىمىلاتسىيە بولمايدىغان، ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدىغان مىللەت بولىدۇ. شەھەرلىشىش جەريانىدىكى سانائەت ئىنساننىڭ يەر بىلەن بولغان بىۋاستە ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئادەملەردە تېز ئۆزگىرىدىغان، ئاسان قوشۇلۇپ كېتىدىغان، ئاجىز، ئەۋرىشىم، ياسالما خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ مىللەت يەنىلا «12 مۇقام» بولۇپ شەكىللەنگەن مۇستەقىل نەغمە-ناۋاسى، ئۇسۇل-مەشرەپلىرى، ھويلا-ئاراملىرىنىڭ ئەتراپىغا دەل — دەرەخلەرنى تىكىپ، باغ ياساپ ئولتۇرۇشتەك ماكان ئادىتى، ئۆي بېزەش ئۇسلۇبى، ئائىلە ئەنئەنىسى، ئويۇن-تاماشا، يۇمۇر-چاقچاققا ئامراق ئوچۇق خاراكتېرى، رەسمىيەتچىلىكى كۆچلۈك بولغان توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلىرى، مول كلاسسىك ئەدەبىيات

نەمۇنىلىرى ، تىرەن فولكلور قاتلىمى ۋە توتېمىزم ، ئاتەشپەرەسلىك ، شامان ، مانى دىنلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە قالدۇقى ئارىلىشىپ كەتكەن ئورتاق ئىسلام دىنى ئېتىقادى قاتارلىقلاردىن شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتنىڭ شېئىرىي ئىمكانىيىتى ئىچىدە ياشىماقتا . پىسخىكا جەھەتتە هازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى يارىتالمايۋاتقاندەك ، يەكلەۋاتقاندەك قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماقتا . پىكىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە هازىرقى دۇنياغا ئومۇملاشقان ئۆگىنىش-ئۆگىتىش ئاساسىدىكى ئەقلىي تەپەككۇرغا ئەمەس ، ئومۇمىي جەھەتتىن دىنىي تەپەككۇرغا تايىنىدۇ . شېئىرنىڭ يىلتىزى بولغان تەبىئىي تۇيغۇ بىلەن ئالاھىدە سېزىمغا تايىنىدۇ . ياز كۈنلىرى جەنۇبنىڭ ناھىيە مەركەزلىرىدە ياكى دۈشەنبە بازار ، سەيشەنبە بازار . . . .يەكشەنبە بازار دېگەندەك ھەپتىنىڭ ھەر بىر كۈنىدە نۆۋەت بىلەن قىزىيدىغان يېزا بازارلىرىغا بارسىڭىز مۇنداق ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ : دېھقانلار ئېشەك هارۋىلىرىنى بازار چېتىدە توختىتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ قوغۇن-تاۋۇزلىرىنى سېتىشقا باشلايدۇ . ئۇلاردا تارازا بولمايدۇ . سورىسىڭىز كىلوسى نەچچە پۇللىقىنى ئېيتىپ ىرىدۇ ، ئاندىن تاللىۋالغىنىڭىزنى قولى بىلەن ددەپ ، دۈز چېنى بىلەن مۆلچەرلەپ ، بېرىشكە پگىشلىك پۇلىڭىزنى ئېيتىدۇ . ناۋادا سىز دەرگۇمان بولۇپ تارازا تېپىپ ئۆلچەتسىڭىز دېھقاننىڭ مۆلچىرى توپتوغرا بولۇپ چىقىدۇ .

مېنىڭچە ، دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ئەقلىي تەپەككۇر تىپى ۋە دىنىي نەپەككۇر تىپى دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ . بەزىدە ئارىلىشىپ كېتكەندەك قىلىسىمۇ ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئالغاندا ، بىر مىللەت مەۋجۇدلۇقتا هامان ئۆزىنىڭ ئەسلى تىپىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ . دىنىي تەپەككۇر ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىكى بىر جەريان ، بىر سىر . ئۇنىڭ رېئاللىق ۋە زامان (ۋاقىت) غا بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمايدۇ . ئۇ بىر قارىماققا بىمەنىلىكتەك كۆرۈنسىمۇ ، بىراق شېئىرنىڭ يىلتىزى بولغان بۇ خىل تەپەككۇر چەكسىز بوشلۇقتا ، ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجادىي قۇۋۋەتكە ۋە هالقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە . بىز پەن-تېخنىكا مۆۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق جىق ئىلمىي نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئالەمدىكى باغلىنىشنىڭ قىسمەن سەۋەبلىرىنى ۋە جەريانىنى تېپىپ چىقتۇق . بەلكىم پەننىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى تېخىمۇ كۆپ سىرلارنى ئېچىۋېتەر . دىنىي تەپەككۇردا بولسا ، شەيئىلەر ئەزەلدىن بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇمۇ هازىرقى يەر شارىغا هۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئەقلىي مەدەنىيەت تىپىغا ئوخشاش هاياتلىقتىكى هەر بىر هادىسىنى ئۆز مەنتىقىسى بويىچە ئىزاهلاپ بېرەلەيدۇ .

ئۆتكەن يىلى مەن يۇرتۇمغا كېتىۋېتىپ ، قەشقەر شەھىرىدە توختىغانىدىم . بۇ ئازنا كۈنى ئىدى . جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا هېيتگاھ جامەسىدىكى پۈتكۈل جامائەت يامغۇر تىلەپ دۇئا قىلدى . ياز كىرگەندىن بۇيان بىر تېمىممۇ يامغۇر ياغماي ، نۇرغۇن جايلاردا قۇرغاقچىلىقتىن زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىۋاتقانىكەن . ئىمامنىڭ سۆزلىرى هازىرغىچە ئېسىمدە : «جامائەت ، گۇناهى كىبىرلىرىمىزنىڭ كۆپلىكىدىن ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچراۋاتىمىز . ئادەملەردىن شەرمى - هايا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . گۈزەل ئەخلاقىمىز بۇزۇلدى . بۇزۇقچىلىق ، زىنايى هارام قىلىدىغانلار ئاۋۇپ كەتكەچكە ، ئاللانىڭ غەزىپى كېلىپ بىزگە يامغۇر ياغدۇرمايۋاتىدۇ . هەممىمىز خۇدانىڭ قارا ئارغامچىسىغا ئېسىلىپ گۇناهىمىزغا توۋا قىلايلى ، ئاللادىن هىدايەت تىلەيلى . . .» ئۇيغۇرنىڭ ئەنئەنىۋى تەپەككۇر ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ دىنىي ئۇلىما 20-ئەسىردە يامغۇر ياغماي يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق هادىسىسىنى سۇ هورلىرىنىڭ ئايلىنىشى ، هاۋا ئېقىمىنىڭ يۆنىلىشى قاتارلىق ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى ئۆزگىرىش بويىچە ئەمەس ، ئۇنى ئادەمگە ، ئادەمنىڭ قالايمىقان جىنسىي پائالىيىتىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى . يامغۇر بىلەن جىنسىيەتتىن ئىبارەت مەنىسى بىر-بىرىگە تولىمۇ يىراق بولغان ئىككى ئىشنى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك قىلىش ، ئېنىقكى ئەر مىللەتنىڭ دىنىي تەپەككۇرى هەم رېئاللىقتا ئەمەس ، تۇيغۇدا خاتىرىلەنگەن ئىنسان مەۋجۇدلۇقىنىڭ سىرى هەققىدىكى قەدىمىي ئۇچۇر ئىدى .

ئايال ياشار سۇنىڭ ئىچىدە
نايال ئۆلەر سۇ ئاپتىدە
ئەلەر چاقنار سۇ ئەتراپىدا
ئەر قوترايدۇ قۇرغاقچىلىقتا .
سۇ باسقان شەهەر
تۆت ئەتراپىقا ياماشماقتا سۇ
كىچىكلەشكە باشلىدى ئەرلەر . . .

- «ئەركەكلەر ، قېنى سىلەر» داستانىدىن

ئىنسان ئۆلىدۇ ، هاياتلىق ئۆزۈلمەيدۇ . هادىسىلەرنىڭ جەريانى ئۇنتۇلىدۇ ، پەيدا بولغان تۇيغۇ داۋاملىشىدۇ . بىر قېتىملىق دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان هالاكەت ، هالاك بولۇش ئالدىدىكى

ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا مەڭگۈلۈك سىڭىپ كېتىدۇ. ھالاك بولۇش سەۋەبى دىنىي مۇراسىملاردا، بۇزغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس ئەنئەنىدە، يوشۇرۇن ئاڭدىكى دائىملىق ۋەھىملەردە سىرلىق ھالدا كېيىنكىلەرگە سىگنال بېرىپ تۇرىدۇ.

ئىنسان ئۆلىدۇ، ئىنسانىيەت داۋاملىشىدۇ. رېئاللىق يوقىلىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇيغۇسى ئۆلمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ ئاڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سىرلىق ھەرىكەتلىرى ئىچىدە نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلدى، شەھەرلەر ۋەيران بولدى، مەدەنىيەت كۆمۈلدى، لېكىن ئادەمئاتىدىن ھازىرغا كەلگىچە مەۋجۇد بولۇۋاتقان ئىنسانىيەت ئورتاق بىر تۇيغۇنى يەنى جىنسىي پەرھىزنى داۋاملاشتۇرماقتا. ھېچكىم سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. مەيلى ئەڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەتتە ياكى ياۋايى قەبىلىلەر ئارىسىدا بولسۇن، ئادەم بار يەردە جىنسىي پەرھىز بار. جىنسقا چەك بەلگىلەنگەن، مەلۇم دائىرە، ئوبيېكت كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەمما بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ... قەدىمدىن بۇيان ئىنسانلار ئارىسىدا تالاي ئادەتلەر، تالاي ئەنئەنىلەر بولغان، ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىر-بىرلەپ يوقالدى، يېڭىلاندى. لېكىن جىنسىي تىزگىنلەشنىڭ بۇزغىلى بولمايدىغان كۈچلۈك ئەنئەنە سۈپىتىدە تاھازىرغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىشىنى ئىنسانلار تارىخىدىكى زور بىر قېتىملىق جىنسىي ھالاكەتنىڭ تۇيغۇدىكى خاتىرىسى دېيىشكە بولامدۇ، قانداق؟ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا جىنسىي ئەركىنلىك سەۋەبىدىن مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇدەك بىر قېتىملىق تراگېدىيە، سىرلىق تراگېدىيە يۈز بەرگەن. بىر قېتىملىق مەدەنىيەت كۆمۈلۈپ، ئىنسانىيەت قايتا باشلانغان. ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئۇنتۇلۇپ، تۇيغۇدا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقى قالغان.

يوقلۇققا ئۇتاشقان بۇ مەۋجۇدلۇق جەريانىدا شەيئىينىڭ نىسبىيلىكى، رېئاللىقنىڭ تىنىمسىز يوقىلىپ تۇرۇشى بىزگە قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسانىيەتكە مۇناسىۋەتلىك سىرلارنى نوقۇل پاكىت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، تاشقى رېئاللىقنىلا ئاساس قىلىش بىر تەرەپلىمىلىك ھەتتا پۇتۇنلەي ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. رېئاللىق ئۆزگەردى، ئادەم ئەلمىساقتىن بېرى ئۆزگەرگىنى يوق، ئۇ تەكرار داۋاملاشماقتا. ئۇنىڭ تۇيغۇسى كونكرېتنى رېئاللىقتىن توختاۋسىز ھالقىپ ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. مېنىڭچە، ئىنسان ئۈستىدە بولۇۋاتقان ھەر قانداق تەتقىقاتتا تۇيغۇنى، تۇيغۇدىكى ئۇچۇرنى بىر ياققا تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك. ھە دېسىلا تىرىك ئىنساننى تاشلىۋېتىپ، ئۆلۈك پاكىتلارغا ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى ئىنسان ئۆلمىدى، ئۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ.

ناۋادا بىز ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە تۇيغۇغا تاياناقچى بولساق، مېنىڭچە، دىنىي رىۋايەتلەردىكى توپان قىسسىسى ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقىغا ئوخشىمايدىغان بىر قېتىملىق مەدەنىيەت دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى دىن پاكىت ئەمەس، ئۇ پاكىتتىنمۇ ئۇزاق مەۋجۇد بولىدىغان رېئال تۇيغۇ، تىرىك ئىنساننىڭ ئالاھىدە تۇيغۇسى. ناۋادا بىز ئەقلىي تەپەككۇرغا، رېئاللىققا تاياناقچى بولساق، دۇنيادىكى سىرى ئېچىلمىغان كاتتا قەدىمىي قۇرۇلۇشلار ۋە شەھەر خارابىلىرىنى تەكشۈرۈشتىكى مۆجىزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى پاكىتلار بىزگە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھېچ بولمىغاندا بىر قېتىم كۆمۈلگەنلىكى، بىزنىڭ 2-قېتىملىق مەدەنىيەت ياراتقۇچىلار بولۇشىمىز مۇمكىنلىكى ھەققىدە دادىل تەسەۋۋۇرغا يېتەكلەيدۇ.

ياۋروپادا 1879-يىلى تۇنجى قېتىم ئالتامىرا غارى تاشكېمىر رەسىملىرى بايقالغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىن ئارقا-ئارقىدىن تېپىلىپ، نەچچە مىڭ يىلدىن 40-50 مىڭ يىلغىچە تارىخى بار، دەپ مۆلچەرلەنگەن قىيا تاش رەسىملىرى، شۇنداقلا ھىندىستاندىكى ئىككى دەريا ھاۋزىسىدىن قېزىلغان، تۈز ۋە بالاشتۇرۇلغان سۇ يوللىرى ۋە قەۋەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ ئىزى بار دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ شەھەر خارابىسىكەبى سىرلىق يالدامىلار ھازىرقى ئىنسانىيەتنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئاشكارا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان ياكى غالجىرانە جىنسىي ئىستەكنى ئىپادىلىگەن زور بىر تۈركۈم قىيا تاش رەسىملىرى جىنسىي ئەركىنلىكنى دىن ۋە قانۇن بىلەن چەكلەيدىغان ھازىرقى ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇردى. بىزمۇ ئەنە شۇ ھەيران قالغۇچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە زېمىنىمىزدىكى شۇ خىل ئاجايىباتلارغا لام-جىم دېيەلمەي سۈكۈتتە تۇرۇۋالدۇق. 1988-يىلى ئارىش (جۇڭغار) ئويمانلىقىدىكى قۇتۇبى شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن بايقالغان قىيا تاش رەسىملىرىدە ئادەملەرنىڭ ھەر خىل قىياپەتتىكى جىنسىي مۇناسىۋەتلىرى، ئادەملەرنىڭ ھايۋانلار بىلەن،

ھايۋانلارنىڭ ھايۋانلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىۋاتقانلىقى، ئەر-ئاياللار جىنسىي ئەزاسىنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلغان ياكى مۇبالىغە قىلىنغان تۈرلۈك كۆرۈنۈشلىرى بىزنى خىجىل قىلىدۇ. بەلكىم مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئەخلاق قارىشى بىزنىڭكىدەك بولمىغان، جىنسىي ئەركىنلىكنى يولغا قويغان، جىنسىي قۇۋۋەتنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان ئاتا-بوۋىلىرىمىز جىنسنى «قوت» بىلىپ، ھازىرقى قۇتۇبى ئەتراپىدا «قوت+تۇردى» ياكى «قوت+بولدى» ئاتلىق بىر شەھەرنى بەرپا قىلغان، بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى كېيىنچە ئۆزگىرىپ قۇتۇبى دەپ ئاتىلىپ قالغانمىدىكىن؟ بالا ساغۇن قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئەرلەر جىنسىي ئەزاسىنىڭ زور مۇنارى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بايقاشلار ئىنسانىيەت تارىخىدا ھازىرقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان باشقا بىر مەدەنىيەت تىپىنىڭ بولغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. چۈنكى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر قانداق بىر دىن ۋە دىن ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ئوخشاشلا جىنسىي ئەركىنلىكنى چەكلەشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىنسىي تەقىپ ھازىرغا قارىغاندا قەدىمدە، قەدىمكى دىن دەۋرلىرىدە تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ياكى مۇتلەق جىنسىي ئەركىنلىك بولمىغان شارائىتتا دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىن بۇنداق غالجىرانە جىنسىي رەسىملەرنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەرگىزمۇ يېقىنقى دەۋرگە ياكى ھازىرقى تارىخنى ياراتقۇچى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تىپىگە تەۋە ئۇچۇر ئەمەس! دىنلا بولىدىكەن، ئۇ ئىنساننىڭ يارىلىشىنى ئۆز سەۋەبىگە ئەمەس، جەزمەن ئۆزىدىن باشقا مەۋجۇدلۇققا باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ قەدىمكى دىنلاردا گۇناھ تۇيغۇسىدەك نامەلۇم بىر سىرلىق سەۋەب تۇپەيلىدىن، جىنسىي ئەزالارنى جازالاشقا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇراسىملار گەۋدىلىكرەك. شۇڭا، جىنسنى ئۇلۇغلاشنى قانداقتۇ بىر دىن دەپ قاراش ھەم جىنسىيەتكە ئائىت مەدەنىيەت ئىزنالىرىمىزنى يېقىنقى تارىخقا تەۋە قىلىش مېنىڭچە، زور خاتالىققا يول قويغانلىق. قۇتۇبى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ تارىخىنى ئېشىپ كەتسە مىڭ يىلدىن ئىككى مىڭ يىلغىچە دەپ شەرھىيلىگەن ماقالىلەر ھەم مەلۇم مۇددىئا ئۈچۈن ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

ھېلىقى ئۆلىمانىڭ قۇرغاقچىلىق بىلەن زىنايى ھارامنى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، دەپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ قەدىمكى كۆمۈلگەن مەدەنىيەت تىپىنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىدۇر. ئالىملار ئىلمىي تەتقىقات ئارقىلىق قەدىمكى گۈللەنگەن بابىلون شەھىرىنىڭ خاراب بولۇشىنى بۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتەك جىنسىي ئازادلىق ئېڭى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ھەققىدە دەسلەپكى قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويمىدىمۇ؟ قېنى، كىم نىيا، كىرورەن قەدىمكى شەھەرلىرىنىڭ قۇم بېسىپ خارابىلىققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سىرلىق ھالدا بۇ شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جىنسىي ئېڭى ۋە جىنسىي پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان دەپ كېسىپ ئېيتالايدۇ؟

بىنالار كۈنسېرى ئېگىزلەپ، ئاھالە كەلكۈنى يامراۋاتقان ھازىرقى دۇنيادا ئادەملەر ماددىي قىزغىنلىقىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بارغانسېرى ئۆز تۇيغۇسىنى ۋە مۇقەددەس كىتابلارنى مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەر قاتارىدا بىر چەتكە تاشلاپ قويدى. مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل يۈزلىنىشى ئىنساننى ئەسلى تۇيغۇدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىنسان بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدا ھاڭ پەيدا قىلدى. لېكىن رېئاللىقنى ئەمەس، تۇيغۇنى رېئاللىق دەپ قارايدىغان شائىرلار ئىنساننىڭ ئىنسانىيەت سۈپىتىدە ئۆلۈمدىن ھالقىپ داۋاملىشىشىنىڭ سىرىنى يەنىلا دىنىي تۇيغۇ بىلەن جىنسىيەتتىن ئىزدەيدۇ. ۋاقىت قەپىزىدىن ئۇچۇپ چىقالايدىغان شېئىرلارنىڭ بىر قانىتى دىنىي تۇيغۇ، يەنە بىر قانىتى جىنسىي ئاڭ. مەدەنىيەت ئىنساننى قۇل قىلىۋاتقان بۇ دەۋردە جىنس بىلەن دىننىڭ پارلاق كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرغان شائىرلار شېئىر ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان بۈيۈك ئاۋازىنى كۈچەيتمەكچى بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئادەتتىن تاشقىرى تۇيغۇسى بىلەن ئىنسانىيەت ئارىسىدا يەكلىنىپ، تەنھالىقتىن خۇداغا قاراپ يول ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسان مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچەلمەي قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىنسان بىلەن خۇدا ئارىسىدا مانا شۇنداق لەيلەپ يۈرگۈچىلەردۇر، سەرسانلاردۇر. شۇڭا، ئۇلار شېئىرلىرىدا ھەم تاجەننەتتىن باشلاپ چەكلىنىپ كەلگەن جىنسىيەت دەرىخىنى مەدھىيىلەپ، ئىنسانلارنى ئېزىقتۇرۇپ، شەيتان ئارقىلىق بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى بولغان ئىنسانىيەتنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ، ھەم مەۋجۇدلۇق ۋە مەدەنىيەت تەرىپىدىن قات-قات چەكلىنىۋاتقان ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى، ئىنسانلىقنىڭ غەم-قايغۇسىدىن قۇتۇلۇپ ماھىيەتكە-ئالەمنىڭ بۈيۈك يوقلۇقىغا پەرۋاز

قىلىش غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ .

شائىر ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا چۆمگەن شۇنداق بىر ئادەتتىن تاشقىرى مىنۇتلاردا ئۇنىڭ ئىچى تۇساتتىن پارلاپ ، نېرۋا قۇرۇلمىسى ئالەمنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئايلىنىدۇ . ئۇ تۇرغان كوچا ئالەمدىكى بىر يولغا ئايلىنىدۇ . ئۇ يوقىلىپ چەكسىز كائىناتتا پەقەت بىر ئۇلۇغۋار ئۆمۈچۈكلا مەۋجۇد بولىدۇ .

ئۇزۇن نۇردەك ياتقان بۇ كوچا
ئايىغىدۇر سامانيولىنىڭ .

تور توقۇيدۇ ئۆمۈچۈك خانىش
تەڭكەش قىلىپ شوخ مۇزىكىغا .
كۈتكۈچى قىزكەلتۇرسەڭچۇ چاي
پىيالىدەك كۆزۈڭدە ماڭا .

مۇسەللەستىن مەست بولغان بوۋاي
چاي ئىچىدۇ قىزىلگۈل چىراي .
جىمجىتلىق
ئاستا-ئاستا سۈمۈرەر مېنى .
مەن خۇدادەك يالغۇز ئولتۇرۇپ
ئۆز-ئۆزۈمنى سۆيمەكچى بولۇپ
سۆيۈپ قالدىم مۇزدەك بىرسىنى .

مۇزىكىدۇر ئاياللار بىزگە .
كۈتكۈچى قىز كەتمەكتە ئېرىپ
ئەركەكلەرنىڭ كۆز نۇرلىرىدا .

بۇ كوچا
تۇتىشىدۇ سامانيولىغا .

– «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» داستانىدىن

## 4. ئۆمۈچۈكنىڭ غېرىبلىق قاتلىمى

–. . . . ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر .
«قۇرئان كەرىم» 29-سۈرە . ئۆمۈچۈك

-كۆڭلۈم بۇزۇلىۋاتىدۇ . . .

-مېنىڭمۇ .

-بىر ئويلىساڭ ھاياتتا ھېچنېمە يوقتەك . بىز نېمىگە شۇنچە ئالدىرايدىغاندىمىز ؟

-ئۆلۈمگە .

-ئۆلۈمنى چۈشىنەمسەن ؟

-ئىنسان دېگەن ئاجىز .

-قادىر ئاللا ، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن .

تۇپراق بېشىدا يېنىمدا! تۇرغان ئىككەيلەننىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى . تېخى تۈنۈگۈنلا رەھمەتلىك بىزنىڭ خىزمەتدىشىمىز ئىدى . مانا بۈگۈن ئۈستىگە توپا تاشلاپ كۆمۈشكە باشلىدۇق . گەرچە كۈندە دېگۈدەك بىر ئىشخانىغا كىرىپ-چىقىپ يۈرسەكمۇ ، بىرەر قېتىممۇ بىر-بىرىمىزنىڭ چىرايىغا زەڭ سېلىپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىلى چولىمىز تەگمەپتىكەن . ھەممە ئادەم ئىش بىلەن ، ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن . بۇ مەدەنىي جەمئىيەتتە كىشىلەر كۈندىن كۈنگە سوغۇققان ، كۈندىن كۈنگە سالاپەتلىك ، كۈندىن كۈنگە ئالدىراش بولۇپ كەتكەن . ھېچكىم ھېچكىمنى ئۆلۈپ قالار ، دەپ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ . چۈنكى ئۆلۈم خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىگەن .

بەزى-بەزىدە ئىش ئۈستىلىمىزگە پەيدا بولۇپ قالىدىغان نەزىر باغاقلىرى ، نامەلۇم بىر تەسادىپىيلىق ياكى ئۇقۇشماسلىق بىردىنلا نېرۋىلىرىمىزنى سەگەكلەشتۈرۈپ رېئاللىققا پەيدا قىلغان گۇمان ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان تۈگىمەس مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئۆزىمىزنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت ھېس قىلىشتىن كېلىپ چىققان غېرىبلىق بىزگە ھاياتلىقنىڭ مەخپىي مەنىسىنى پات-پات ئاشكارىلاپ قويىدۇ . ھەممە ئادەم تۇساتتىنلا يوق . ھەممە نەرسە مەنىسىز ، تۇساتتىنلا مەنىسىز . بىز ئۇ بۈيۈك مەنىنى بىلىشكە موھتاج ، لېكىن ئۇ مەنە غايىب . بىز ئادەمنى چۈشىنىشكە موھتاج ، لېكىن ئادەم ھازىر باشقا جايدا . بىز ئادەمنى ئەخلاق ، مەسئۇلىيەت پەرھىز ، قانۇن-تۈزۈم ، ئۆرپ-ئادەت ، چېگرا ، بايلىق ۋە بىلىمدىن ھالقىپ تۇرۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى . قارىغاندا ، ئەمدى بىز ئادەمنى چۈشىنەلمەيدىغان ئوخشايمىز . بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقتىمىز ۋە زېھنىمىز پۈتۈنلەي تەبىئەتتىكى سىرلارغا ، ئاسمان جىسىملىرىغا ، ماددىلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ، ئۆي جابدۇقلىرىغا ، زامانىۋى ماشىنىلارغا ، يۇقىرى تېخنىكىلىق ھەربىي قۇراللارغا ، قانۇنلاردىكى ئادەمنىڭ چەكلىنىشى قانائەتلىنەرلىك بولماي قالغان يوچۇقلارغا سەرپ بولىدىغاندەك قىلىدۇ .

كەلمەكتە يىراقتىن گۈدۈك ياڭرىتىپ
رېلىسسىز ، بېكەتسىز ۋاقىت پويىزى .
ئېھ ، ئۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى لىپ-لىق
ئېھتىمال كۆپلىرى بىلمەيدۇ مېنى .
تۇخۇم سېۋىتى كۆتۈرگەن ئانام
كىچىك بىر ئورۇنغا ئاپتۇ جايلىشىپ .
مەن ئۇندا قىستىلىپ كىرىپ ئارىغا
ھودۇقۇپ قارايمەن يولۇچىلارغا .
سەن مېنى تونۇمايسەن كاتتا ئاسترونوم ،

يۇلتۇزلار بىلەن بىرگە بولغاندا .
. . . . . . . .
ناۋاي سەھەردە ياقماقتا گىردە
يانچۇقچى ئاپتوبۇسقا چىقتى غىپپىدە .
نۇتۇق سۆزلىمەكچى تىلشۇناس بۈگۈن
سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رولى ھەققىدە .
نوبىلغا ئېرىشكەن ھېساب ئالىمى
سەزمەي قالدى ھەيرانلىقىدىن
چۈشۈپ كەتكەن شلەپىسىنى . . .
مەن كىم ؟
تۇرۇسلەر نېمىشقا جىم-جىم ؟

— «ئۇچار تەخسە» دىن

ئادەملەر ياشىغانسېرى شۇنچە ناتونۇش ھاياتقا ، تەرەققىي قىلغانسېرى شۇنچە يېگانىلىقتا قەدەم قويماقتا . ھازىرقى زاماندا تەنھالىق ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش مۇمكىن بولمايدىغان رېئاللىقى . رېئاللىق بولسا ئادەمدىن تىنىمسىز يىراقلاپ كېتىۋاتقان جەريان . بىز بۇ يوچۇن جەرياندا ئادەمگە ئايلانغانسېرى تۇيغۇدىن يىراقلاپ رېئاللىقتا يۈزلىنىشكە ، ئەپسانىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كۆندۈرۈلگەن تەپەككۇرغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىمىز . ۋاقىتنىڭ تولۇق سېھرىگەرلىكى بىلەن شائىرلارنىڭ قىسمەن تەۋەككۈلچىلىقىدىن باشقا ، مۇقەددەس تۇيغۇلارغا غەرق بولغۇچى پەيغەمبەرلەر ياكى دەرۋىشلەر ئۆتكەن زامانغا تەۋە بولۇپ قالدى . ھازىرقى تەرەققىياتتىن كېلىپ چىققان ئىنسان بىلەن رېئاللىق ۋە ئىنسان بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر يىراقلىشىش ماڭا بۈندىن كېيىن شائىرلارغا ماكان يوقلۇقىنى ھېس قىلدۇردى . تۇيغۇلىرىمنى ئۈمۈچۈكنىڭ تور ئىچىدىكى تەنھالىقىغا ئايلاندۇردى .

ئەر مىللەتكە خاس دىن ۋە جىنسىي قىزغىنلىقنىڭ قەدىمىي سېھرى ئىچىدە تۇرغان بۇ مىللەت ئومۇمىي جەھەتتىن 20-ئەسىرگە ماس كەلمەيدىغان 19-ئەسىر ياكى ئوتتۇرا ئەسىر رېئاللىقى ئارقىلىق ھازىرقى يەر شارى خاراكتېرلىك بىرلىككە كېلىۋاتقان ۋاقىتتا تەنھالىقنى ئىپادىلىدى . بىزنى تىنىمسىز غىدىقلاۋاتقان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ يات خاراكتېرى ئۇيغۇرنىڭ قەلب ۋاراقلىرىغا مەخپىي غېرىبلىق تارىخىنى يېزىپ چىقتى . دۇنيا تەرەققىي قىلغانسېرى بىزنىڭ غېرىبلىقىمىز چوڭقۇرلاشتى . ياشاش مۇھىتىمىزنى بىز چۈشەنمەيدىغان ناتونۇش رېئاللىق ئىگىلىدى . توز ، گوگۇتقا ئوخشاش ئەڭ ئۇششاق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدىن باشلاپ پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ، زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرى ۋە كۈندىن كۈنگە ئېگىزلەۋاتقان بىنالارغىچە ، ئالاقىلىشىش ئۇسۇللىرىدىن باشلاپ قانۇن ، مائارىپ ، ئاياللار ئازادلىقى ۋە غەيرىي پىسخىك تەسىرلەرگىچە بىزنىڭ ئەسلى تەبئىيىتىمىز بىلەن رېئال مەۋجۇدلۇقىمىز ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق پەيدا قىلدى . ئەتراپىمىزدا ھازىرقى زاماننىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ، روھىمىزدا قەدىمىي سۈكۈت ، خاراكتېرىمىزدە يېڭىلىقتا بولغان قىزىقىش ۋە تېز قوبۇل قىلىش بىلەن ئەنئەنىنى ساقلاپ قېلىشتا بولغان ھەر قانداق مىللەتتىن ئۆتە جاھىللىق ، مۇنبەت يەرلىرىمىزدە پاختا رەخت بىلەن يىپەك توقۇشنىڭ مول خام ئەشياسى بولغان كېۋەز ۋە ئۈجمە دەرەخلىرى ، ئۈستىمىزدە ئەرزان باھالىق سۈنئىي تالالار ، خۇددى توقۇلغان تور ئۈمۈچۈكنىڭ تەنھالىقىنى ياپالمىغاندەك رېئاللىق بىزنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز . بىز مانا شۇنداق : بىز ئۈچۈن ئۆتمۈش تونۇش ، ھازىر ناتونۇش . قەلب رېئاللىق ، رېئاللىق باشقا نەرسە . باشقىلار ھازىرغا ، بىز باشقا دەۋرگە تەۋە . بىز رېئال سەرسانچىلىقنى ھەم روھىي سەرسانچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان شائىر مىللەت . رېئاللىقتىكى ھەر بىر نەرسە بىزنىڭ تەنھالىقىمىزنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە . ھەربىر ھەرىكەت دۇنيا بىلەن بىز ، بىز بىلەن روھىمىز ئارىسىدىكى يىراقلىشىش ھەرىكىتى . ھەر بىر رەڭ تەنھالىقنىڭ رەڭگى . ھەر بىر سۆز تۇيغۇدىكى سۆز .

قاق ! . . .
قاق ! . . .
قاق ! . . .
قار ئۈستىدە
قارا رەڭ ماڭدى .
قارا رەڭ توختىدى .
قارا رەڭ يىغلىدى .
. . . .
ئاق قاردا
قارا قاغا
قاقىلدىماقتا ،
بىر خەلقتەك
غېرىبلىقىنى .
قاق ! قاق ! قاق !

— «بىر قاغا ياكى ئۈچىنچى قاغا» دىن

ئۈمۈچۈك ئالەمنىڭ قۇرۇلما گۈزەللىكىنى كۆزىتىپ ھەيرانلىق ۋە دىنىي تۇيغۇ ئىچىدە تىنىمسىز تور توقۇغۇچى . ئەقىل ئارقىلىق يېڭى تەرتىپ ئورنىتىلماقچى بولغان دۇنيادا يەنىلا روھىي

ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى . ئۇنىڭ نەزەرىدە جىمى ئالەم روھىي بىرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر پۈتۈنلۈك ، كۈچ ۋە گۈزەللىك . ئالەم بىلەن بولغان تۇيغۇدىكى بىۋاسىتە ئالاقىنىڭ باشقا شەكىللەر ئارقىلىق ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئازاب ۋە ئاجىزلىق .

كۈنسېرى ئېگىزلىگەن كاتتا بىنالار
نېمىدېگەن ھەشەمەتلىك ، يوشۇرماقچى-ھە
ئاجىزلىقنى ،
يىراق بىر خەلقنىڭ ئاجىزلىقنى
ئاجىزلىق ئىچىدە تۇرغان بۇ بىزنى .
ئاھ ، غېرىبانە قۇم دېڭىزى
قۇملىرىڭ ئۈستىمىزگە كەلمەكتە دەۋرەپ .
روھىمىزغا توپلىنىۋاتقان
گۇناھ تۇيغۇسى ، ۋەھىمىلەردەك .
. . . .
ئاجىزلىق
ئۇلۇغ بىر ئاجىزلىق بەلكىم
يارىلىشىمىزغا بولغاندۇ سەۋەب .

تەنھالىق موھتاج قىلدى ،
مېنىڭ كىملىكىمنى سورىما ،
كېچە ھەممىمىزگە ناتونۇش ،
تەكلىماكان بويىدا .

— «كېچە-بىر غېرىب ئادەمنىڭ يۈزى» دىن

قىسمەت بېشىمىزنى ئەگىدۇ . قۇم سىرلىق بىر مەنە بىلەن بىزگە يېقىنلىشىدۇ . بىز بار جايدا قۇم ، قۇم بار جايدا بىز . قۇم بىزنىڭ شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ باشقا بىر ھاياتلىقىدەك ئۈزۈلمەيدۇ ، ئالغا سىلجىيدۇ ، بىلىندۈرمەي ماڭىدۇ . پات-پات ئۇ تەرىپى قۇمۇلدىن باشلاپ بۇ چېتى خوتەنگىچە بولغان بوستانلىقلىرىمىزنىڭ يېشىل قۇيرۇقى بىر كېچىدىلا قۇم ئاستىدا قالىدۇ . بىر ئەتىگەندىلا يېزىلارنىڭ بوسۇغىسىدا قۇم تاغلىرى پەيدا بولىدۇ . قەدىمىي شەھەرلىرىمىز قۇم ئاستىدا . كۆچمىز ۋە بايلىقىمىز قۇم ئاستىدا . كەلگۈسىمىزنىڭ بىشارەتلىرى قۇم ئاستىدا . قۇم بىزنىڭ ئەپسانىمىز . قۇم بىزنىڭ تارىخىمىز . قۇم بىزنىڭ غېرىبلىقىمىز . قۇمنىڭ يېنىدا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر غايىب تۇيغۇ بىز بىلەن بىللە . بىز ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ قۇم چۆلىدە كىچىك-كىچىك يېشىللىق بىلەن ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەپسانىمىزنى داۋاملاشتۇرۇمىز . قۇم ۋە تاغ ئادەملىرىمىز بىلەن ئادەملىرىمىزنى ، شەھەرلىرىمىز بىلەن شەھەرلىرىمىزنى ئايرىۋەتكەن . ئاندا-ساندا ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش ۋە سۆز ئادەتلىرى بىلەن ئورتاق بىر ئەنئەنە ئىچىدە بىز ئايرىم-ئايرىم ھالدا غېرىبلىقىنىڭ تەمىنى تېتىيمىز .

مەن بۇ يىل قىشتا يىراق روھىي تەنھالىقىمىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن خوتەنگە بارغانىدىم . خوتەن ماڭا خۇددى قۇملىرىمىزدەك سىرلىق ، ئۆزىمىزدەك يىراق ، قوشاقلىرىمىزدەك قەدىمىي تۇيۇلدى . ئوخشاش بىر تىلنىڭ قۇلاققا ئىسسىق ئاڭلىنىدىغان باشقىچە تەلەپپۇزى ، دىنىي ئەنئەنىلەرگە بولغان ئالاھىدە جاھىل خاراكتېرى بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىغا ئىپادىلىگەن تېز ئىنكاسى ، كوچىلارغا پاتماي مىغىلداپ ئۆتۈۋاتقان قاملاشقان ، قاڭشارلىق كىشىلەر ۋە ئاندا-ساندا ئۇچراپ تۇرۇدىغان كۆپكۆك كۆزلەر مېنى ئىختىيارسىز ھالدا مىللىتىمىزنىڭ ئېتنىك تەركىبى ھەققىدە ئويلاندۇرۇپ قويدى . مەن قايسىدۇ كىتابلاردىن ئوقۇغان گېرمانلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئارىيانلار بىلەن يىراق قەدىمكى تارىختا ئۆتۈشۈپ كېتىدىغان بىزنىڭ يىلتىزىمىز ، فولكلور قاتلىمىنىڭ ئانا تىپلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىندىئانلار بىلەن ئۇرخۇن-ئانا ساي دالىلىرىدا ياشىغان قىسمەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، شىمالىي قۇتۇپ تەبىئىي مۇز كۆۋرۈكى ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈپ ئامېرىكا قىتئەسىگە تارقالغانلىقى ھەققىدىكى رېئال قىياسلار ۋە تارىخىي پاكىتلار كاللامدا غىل-پال چاقناپ قالدى . بولۇپمۇ ئوتۇن بازىرىغا بارغىنىمدا كەڭ مەيداندىكى ئېگىزلىكى 20 نەچچە مېتىر كېلىدىغان ھەر خىل توغراق ۋە يۇلغۇن كۆتەكلىرى ، ئېگىنلىرى كونا ، قاش-كىرپىكلىرىگە توپا قونغان ئوتۇنچىلار ، بىر باغلام ، بىر باغلامدىن تارازىغا سېلىپ سېتىلىۋاتقان ئوتۇنلار ماڭا ئاجايىپ تۇيۇلدى . ھېسابسىز نېفىت ، تەبىي گاز ۋە كۆمۈر بايلىقلىرى ئۈزۈلمەي قېزىلىۋاتقان زېمىندىكى ئوتۇننى تارازىلاپ ساتىدىغان بۇ بازار ماڭا ئامراتلىقنىڭ رېئال سەۋەبىدىن باشقا خوتەنلىكلەرنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇرغا ئورتاق بولغان رېئاللىق بىلەن ھېسابلاشماسلىق ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئەقىل بىلەن ئىچ-ئىچىدىن بېرىلمەسلىكتەك دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك پسىخىك سىرىنى چۈشەندۈرگەندەك بولدى . ئۇلار باشقا يەردە يوق بۇنداق ئوتۇن بازىرى ئارقىلىق دىن تارىخىدا ئىسلام دىنىدىن قالسىلا ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسى ۋە تۇرمۇشىغا تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى ئوتقا چوقۇنۇش مۇراسىملىرىنىڭ ئوتۇن ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان قەدىمىي شەكلىنى ساقلاپ قالغاندەك قىلاتتى . شۇڭا

روھىمدا تەنھالىق پەرۋاز قىلدى. تەنھالىق ئۆزىنى ئۆتمەي شېئىرغا ئايلاندى.

ئوردا خارابىسى.
ياۋروپادىكى بىر سەنئەت مۇزېي.
خوتەن پادىشاھىسى ئۆيدۈرگان ياغاچ پۈتۈك.
قىزغۇچ كومزەك كۆتۈرگەن يالىڭاچ ئوت
ئىلاھى.
چاستانى ئىلىك بەگدىن قورقۇپ كەتكەن
جىنلار.
بىر ئۇيغۇر. ئارىيان ياكى بىر ئىندىئان.
ئېگىز-پەس كۆتۈرۈلگەن مىلتىق ئۇچلىرى.
قان يوقى ئۇستىخان.
مۇڭگۈزىنى دىڭگايتىپ بۇغىلار ياتقان.
سۇزۇك قاشتېشى ئەمەس تۆشۈك ئوتۇن.
ئاپال ئوتۇن.
تىرىك ئادەمگە ئوخشايدىغان ئوتۇن.

«قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالدۇق،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارى سوراپ قالسا،
غېرىب بىچارە دەپ ساتسۇن».

سالۋا تەلپەك كەيگەن ئادەملەر
دىۋىدەك ئېگىز كەلگەن ئادەملەر
تراكتوردىن تاشلايدۇ ئوتۇن.

– «ئوتۇن بازىرى» دىن

ئىنسان تەلتۆكۈس يېگانىلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئەتراپىدا بۆرىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتسا، ھېچكىم ھەتتا بۆرە توتېمىنى تەتقىق قىلغۇچى ئۇيغۇر ئالىممۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىلىرى قويۇلغان بولىدۇ، ئەكسىچە چاشقانلار ئىلگىرىكىدىنمۇ دەھشەت كۆپىيىپ كېتىدۇ. مەھكەم تاقالغان ئىشىكلەرنىڭ ئالدىدا كىشلەرنىڭ قولىدىكى شاراقشىغان تۆمۈر ئاچقۇچلار غېرىبلىقنى سۆزلىمەكتە. ئۆيلەردىكى جىمجىتلىق ۋە كەچىلەردە ئادەمنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كېتىدىغان ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ چىرقىراق ئاۋازى غېرىبلىقنى سۆزلىمەكتە. تۈگىمەس رەسمىيەتلەر ئارا ئادەملەرنىڭ ھارغىنلىق چېقىپ تۇرىدىغان ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرايى غېرىبلىقنى سۆزلىمەكتە. كۈنسېرى ئادەم يېقىنلىشىش مۇمكىن بولمىغان ھەشەمەتلىك توي ۋە ھازىدارلارنىڭ سانى ئازىيىپ كېتىۋاتقان جىمجىت دەپنە مۇراسىملىرى غېرىبلىقنى سۆزلىمەكتە. ۋاقىت پەلەمپىيىنىڭ تۆۋەن پەشتىقىدىكى بىر مىللەت غايىب بولىۋاتقان ۋاقىتتا غېرىبلىقنى سۆزلىمەكتە. تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بۇ سەپەردە ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن خۇدا بىر-بىرىنى تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك.

ئۆمۈچۈك تور توقۇماقتا. ئۆمۈچۈك توقۇغان تورى ئىچىدە غېرىبسىنماقتا.

ئىنسان مەۋجۇدلۇقى مەدەنىيەت ياراتماقتا. مەدەنىيەت غېرىبلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرماقتا.

## 5. ئۆمۈچۈك-مەڭگۈلۈك قايتىش تېمىسى

شېئىرنىڭ مۇقەددەس ئاۋازى ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ياڭراپ كەلدى. گەرچە ئۇنىڭ ئەكس ساداسى خۇدانىڭ ۋەھىيلىرى بىلەن بىللە ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ قەلبىدە ئاجىزلاپ قالغان بولسىمۇ، ئىنسانلار بۇ ئاۋازغا قۇلاق سېلىشنى يەنىلا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى، دەپ قارىماقتا. بىز روھ ۋە تەنىنىڭ ئۇزاقتا سوزۇلغان ئازابلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىمىزدىن كەچۈردۇق ھەم كەچۈرۈۋاتىمىز. گەرچە بۇ جەرياندا نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن بولساقمۇ بىز شېئىر ئارقىلىق ئىنساننىڭ قەتئىي ئىرادىسى ۋە روھىي ئازابلىرىنى خاتىرلەپ كەلدۇق ھەم ئۇنى تۇغۇلمىغانلارغا، جەزمەن تۇغۇلىدىغانلارغا، ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلەرگە ۋە جەزمەن ئېرىشىدىغانلارغا، ھەممە ئادەم تەڭ ئۇلۇغلىنىدىغان، يەر شارىنىڭ ئىككى چېتىدىكى خالىغان ئىككى جانلىق بىر-بىرى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلالايدىغان ئاشۇنداق بىر كۈنگە ئاتاپ قويدۇق. شۇنداق ئېيتالايمەنكى، ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان شۇ كۈنگىچە كىشىلەر يەنىلا شائىرلانى سۆيىدۇ، شائىرلارنى چۈشىنىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە تەنھالىقى ۋە غەم-غۇسسىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان شائىرلارنىڭ ئالەمنىڭ سۈكۈتلۈك تىلىنى يېزىققا ئايلاندۇرغان چاغدىكى تىۋىشىغا جەزمەن قۇلاق سالىدۇ.

جەمئىيەت قايسى يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىمىسۇن شېئىر مەن ئۈچۈن، ئەتراپىمدىكىلەر ئۈچۈن، روھىي مەۋجۇدلۇقنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. مەن گەرچە ئاسىيانىڭ كۈنسېرى قىستاڭچىلىق بولىۋاتقان كەڭ بىر يېرىدە ياشاۋاتساممۇ ھاياتلىق رىقابىتى ھەممە يەردە، پۈتكۈل مىللەتلەرگە ئورتاق. بۇ خىل رىقابەت جەرياندا ھەر

بىر مىللەت يالغۇز زامان، ماكان تەرەققىياتىغىلا ئەمەس، دائىملىق روھىي تەسەللىيگە ۋە مەنىۋى يۈكسەكلىككە موھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلۋەت زېمىندىكى ئاجىز بىر ئاۋازمۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. شېئىرنىڭ بۇ ئاۋازى شىمالىي قۇتۇپتىكى مۇز ئۆيلەردە، ئەڭ ئاخىرقى ئىندىئان قەبىلىلىرىنى ساقلاپ تېپىش ئۈچۈن بولىۋاتقان ئىنسانىي پائالىيەتلەردە، «قۇرئان» تىڭشاۋاتقان ئەرەبلەرنىڭ ئۇلۇغ سۈكۈتلىرىدە، شان-شەرەپنى ماددىي تۆھپە ئارقىلىقلا بېكىتىدىغان ھازىرقى دۇنيادا خەلقئارالىق مۇكاپات ئارقىلىق شېئىرنىڭ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەلگەن شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك مۇراسىملىرىدا، ئەركىن تەبىئەتلىك ئامېرىكىلىقلار ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرقى يۆنىلىشى ئۈچۈن مۇساپە كۆرسەتكۈچ قىلىپ پەخىرلىنىپ يۈرگەن ئەركىنلىك ئىلاھەسىنىڭ ھەيكىلى يېنىدا ۋە ئاسماندىكى خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە يوللىغان مېھىر-مۇھەببەتلىك سالاملىرىدا ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرىدۇ.

شېئىرىيەت ئىلاھى مېنى تاللاپ بۇ غايىۋى يولغا باشلاپ كىرگەندىن بۇيان شېئىر باشتىن ئاخىر مەندە ئادەملەرگە ۋە ئۆزۈم تەۋە بولغان ئادەملەر توپىغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ كەلدى. مەن ئادەملەر ئارىسىدىكى رېئاللىقتا ۋە ھالقىغان رېئاللىقتا شېئىرىيەت پەرىشتىسىنىڭ ۋەھىيلىرىنى پات-پات ئاڭلاش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. شېئىر ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ يورۇقلۇقنى، ئالىيجانابلىقنى، گۈزەللىكنى چاقىرغان چاغدىكى يارقىن خىتابلىرىنى ياڭرىتىشنى ۋە بۇ جەرياندىكى روھىي ئازابلىرىنى ئىپادىلەشنى ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلدىم. ئۆزۈمنىڭ مەنىسىنى ئىزدەش جەريانىدىكى تراگېدىيە، روھىي تەنھالىقتا تۇرۇۋاتقان بۇ خەلق ۋە مەندە پات-پات سىرلىق ھاياجان پەيدا قىلىدىغان دىنىي تۇيغۇ ماڭا ھەر ۋاقىت شېئىر يازماسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مەن ئۆزۈمنى دۇنيادىكى بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ئۇلۇغ ئەنئەنىسىگە ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تۇيغۇسىغا ۋارىسلىق قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلايمەن. تېخىمۇ كونكرېتنى قىلىپ ئېيتسام، مەن ئەجدادىيىتىمدە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تۇرپاندىن تېپىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ مانى ۋە بۇددا دىنى شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى ئەھمەد يەسسەۋىي، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق تەسەۋۋۇپچى شائىرلارنىڭ دىنىي تەپەككۇرىغا، ئوسمانجان ساۋۇت، قۇربان بارات، ئارسلان قاتارلىق ئالدىنقى بىر ئەۋلاد شائىرلارنىڭ ئىنسان ۋە ئۆزى ۋەكىللىكىدىكى ئىنسانلار توپىنىڭ تەقدىر-قىسمەتلىرىگە شېئىر ئارقىلىق مەسئۇل بولۇپ، ئانا تىلنىڭ ئەڭ زور ئىمكانىيەتلىرى ئىچىدە تەبىئەتكە بولغان ساپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشىگە، بۇغدا ئابدۇللا، ئەخمەتجان ئوسمان، ئابدۇقادىر جالالىددىن، باتۇر روزىلارنىڭ مەندىن بىر قەدەم ئالدىدا باسقان يورەكلىك سىناقلىرىدىن يېقىنلىق يارىتىش روھىغا ۋارىسلىق قىلدىم. دۇنيا ئەدەبىياتىدا رېئال تارىخىي ۋە شېئىرىي مۇھىتى بىزنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان لاتىن ئامېرىكا شائىرلىرىدىن پابلو نېرودا، لوركا، ئوكتاۋىئوپازلارنىڭ ۋە گرېتسىيە شائىرى ئېلىتىسنىڭ تىلنى سېھىرگەرلىك قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، ھېسسىياتنى ئەركىن ئىپادىلىشى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىكى جاسارىتى ماڭا ئۈلگە بولدى. مەن مەزمۇن جەھەتتە ساپ سەنئەت قارىشى بىلەن مىللىي تراگېدىيىنى بىرلەشتۈرۈشكە، شەخسىي كەچۈرمە ۋە پىسخىك تۇيغۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئەپسانىسىنى ئىپادىلەشكە، ئادەتتىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن سىرلىق دىنىي تۇيغۇنى قېزىپ چىقىشقا تىرىشتىم. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى يەڭگىل ئۇسلۇب بىلەن تۇيغۇنىڭ نازۇكلۇقىغا ۋە ھېسسىياتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماس كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئەركىن مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق تۇيغۇنى ئىپادىلىمەكچى بولدۇم. مەن ئۈچۈن تۇيغۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. تۇيغۇ ماڭا بىرەر ئىش ياكى مەلۇم تاسادىپىي جەرياندا كۆڭۈلنىڭ مەخپىيىتىنى، شەيئىيلەرگە يوشۇرۇنغان سېھىرگەرلىكنى، ئالەمنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى رىتىمنى ئاشكارىلايدۇ. تۇيغۇنىڭ مەستخۇشلۇقى بىلەن ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى بىرلىككە كەلگەن چەكسىز ۋاقىتقا ئايلىنىدۇ. مۇھىتقا جان كىرىپ، پارچە-پارچە شەيئىيلەر بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. شېئىر بۈيۈك يوقلۇقنىڭ ئاۋازىغا ئايلىنىدۇ. ئادەمنىڭ يىلتىزىغا چەكسىز يېقىنلايدۇ.

شېئىر كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت جەريانىدا يوقاتقان ھېسسىياتىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئادەملەرنىڭ قەدىمىي روھىي بايلىقلىرىنى، ئەپسانىۋى گۈزەللىكنى ئەسكە سالىدۇ. ئەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھازىرقى جەمئىيەتتە ئادەملەرنىڭ تۇيغۇ ئارقىلىقمۇ ئۆزئارا چۈشىنىش مۇمكىنچىلىكىنى پىداكارلىق بىلەن ئۇقتۇرىدۇ. ئىنسانىيەت ئەمدى

ئارقىغا قايتىشقا ئامالسىز . ۋاقىتتىن ھالقىشتەك بۇ ئورتاق يوشۇرۇن ئارزۇنى پەقەت شېئىر ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن .

شېئىر ئاخىرلاشماقتا . ئۇ ئىككى يول بىلەن ئىنساننىڭ ئەسلى تۇيغۇسىغا قايتماقتا . بىرىنچى ، تەبىئەتكە قايتىش . ئادەملەر تەبىئەتنى ئۇلۇغلاپ ئىلاھقا ئايلاندۇرغانىدى ، تەبىئەت ئادەملەر ئارىسىدا مېھىر-مۇھەببەت پەيدا قىلدى . ئادەملەر تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ قۇل قىلماقچى بولغاندا ، تەبىئەتمۇ ئادەملەرنى روھىي يېتىملىككە تاشلىۋەتتى . كىچىكلەۋاتقان يېشىللىق ۋە باغچىغا ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ سولغۇن چىرايى . قەپەزدىكى يولۋاس ۋە ۋاقىت قەپىزىدىكى بىچارە ئادەملەر . شائىرلار بۇ يولنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدى . ئەڭ ئالدى بىلەن يۆنىلىشنى ئۆزگەرتتى . ئۇلار خارابىلاردىكى ساپال پارچىلىرىدىن ئىللىق كۆن نۇرىنى ، تەبىئەتنىڭ قەدىمىي مۇزىكىسىنى ھېس قىلدى . ھازىرقى زامان شەھەرلىرىدىكى ماشىنىدەك ئالدىراش ئادەملەر ئارىسىدا ئۈمىدسىزلىنىپ ، قەدىمىي ئەنئەنىلەرنى مەدھىيىلەشكە باشلىدى . سۆزلەر ئارقىلىق ئەتراپىغا يېشىل رەڭ بېرىپ ، تەبىئەتكە بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلىدى . ئۇچار قۇش ، ھايۋاناتلارنى مېھرىبانلىق بىلەن ئەركىلەتتى . ھۇجرىسىغا شىلدىرلىغان بۇلاقلارنى باشلاپ كىرىپ ، يېشىل چىمەنلەر بىلەن بىللە ئۇخلىدى . بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋردىن تەبىئەت بىلەن ئىنسان ھېسسىياتى قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان قەدىمكى دىنىي دەۋرلەرگە قايتتى . ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى كىرىزىسقا ئۇچراپ چۈشكۈنلەشكەن ئادەملەر ئارىسىدا قايتىدىن ۋەز-نەسىھەت يولى ئارقىلىق ئەمەس ، بەلكى شېئىر ئارقىلىق ھەقىقىي دىنىي تۇيغۇغا يېتەكچى بولدى . مانا بۇ شېئىرنىڭ تەبىئەتكە قايتىشى .

ھازىرقى زامان شېئىرلىرىنىڭ ئىككىنچى خاھىشى بالىياتقۇغا قايتىش . جىنسىيەتكە بولغان چەكسىز قىزغىنلىقىدىن قارىغاندا ، شائىر جىنسىي ھەۋەسى قۇتراپ تۇرغان بۇقا ، كۈچى ئۇشۇق ئادەم . بۇ كۈچ ، بۇ ھەۋەس شائىرنى جىم تۇرغۇزمايدۇ . ئاياللارنى ، تىلنى ، ئەنئەنىنى ، ئەخلاقنى ، رېئاللىقنى ، ۋاقىتنى تېنىمسىز بۇزۇۋشقا ئېلىپ بارىدۇ . ئىنساننىڭ يەنىلا چەكلەنگەن مېۋىنى يېيەلەيدىغان ئىنسان بولۇشىنى ، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىپ ، ياتلىشىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ . بالىياتقۇغا قايتىش ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ئەسلىگە يەنى ئۆزى پەيدا بولغان بالىياتقۇدىكى ئەينى مەۋھۇم ھاياتقا تەلپۈنۈشتىن ئىبارەت . بۇ خىل قايتىش ئېڭىدىكى شائىرلار چۈش ، ئەسلىمە ، خىيال ، خاتا تۇيغۇ قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق رېئاللىقتىن ۋاقىتنىڭ بالىياتقۇسىغا بۆسۈپ كىرىدۇ . ۋاسىتىلىق ياكى بىۋاسىتە ھالدا جىنسىي ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ ، ئىنساننىڭ يىلتىزى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ . جىنسىي ئاڭ كۈچلۈك گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بىلەن تولغان دىنىي تۇيغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ خىل قايتىشمۇ مەلۇم جەھەتتىن دىنىي سېزىمچانلىققا قايتىشتۇر . ئومۇمەن تەبىئەتكە قايتىش-ئىنسانىيەتنىڭ ماكان جەھەتتىكى بالىياتقۇغا قايتىشى ، بالىياتقۇغا قايتىش - ئىنساننىڭ ئاڭدىكى ئەسلى تۇيغۇغا قايتىشىدىن ئىبارەت . ئالەمنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئىنسان مەۋجۇدلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق رېتىمغا تەڭكەش قىلىپ كېتىۋاتقان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا! تەبىئەتكە قايتىش ئېڭى بىلەن بالىياتقۇغا قايتىش ئېڭى ئۆز-ئارا كىرىشىپ كەتكەن ، تەڭ ۋايىغا يەتكەن بولىدۇ .

شېئىر-يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تىل بەلگىلىرى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىشى . ئۇ ، شائىرنىڭ مەخپىيىتى ، ھەتتا ئۆزىگىمۇ ئايان بولمىغان مەخپىيىتى . شېئىرنىڭ يېزىلىش جەريانى شائىرنىڭ تالانتى بىلەن بەدىئىي ماھارىتى يول باشلايدىغان ، شائىرغا نىسبەتەن باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن بارار مەنزىلى ئېنىق بولمىغان بىر قېتىملىق تاسادىپىي سەپەر . ئۆمۈچۈكنىڭ شېئىرلىرىمغا ئاڭسىز ھالدا كىرىپ ، ئادەت خاراكتېرلىك ئىماگ (ھېسسىي ئوبراز ) غا ئايلىنىپ قېلىشى ئىچكى-تاشقى ئىجادىيەت مۇھىتىنىڭ ئۆز-ئارا تەسىرىدىن ، زىيادە سېزىمچانلىق ئىچىدە تۇرغان ئىجادىيەت جەريانىدىكى نېرۋىلىرىم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى تەسادىپىي رېتىم ۋە بۇ رېتىمنىڭ مۇزىكا ئودارىدەك تەكرارلىنىشىدىن بولغاندۇ ، دەپ ئويلايمەن . ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېيتقاندا ، مەن ئەقىل ئارىلاشتۇرۇلغان ئاڭلىق ھالدىكى سىمۋولغا قارشى ، شۇڭا شېئىرلىرىمدىكى ئۆمۈچۈك بىرلىككە كەلگەن مەلۇم سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئەمەس . ئەمما مەن ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئۆزلۈكىدىن بولىدىغان تۇيغۇنىڭ سىمۋوللىشىشىنى چەتكە قاقمايمەن . شۇنداق بولغاچقا ، ئوخشىمىغان شېئىرلىرىمدا ۋە ئوخشىمىغان مىسرالاردا ئۆمۈچۈكمۇ باشقا-باشقا مەنىلەرگە ئىگە . پسىخىكا جەھەتتىن ئۆمۈچۈك تورى بىلەن بالىياتقۇنىڭ قىسمەن شەكىل ئوخشاشلىقىمۇ مېنىڭ ھاياجىنىمنى قوزغاپ ، شېئىرلىرىمغا كىرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن .

64644505 62239292



مەن شېئىرلىرىم بىلەن ئۆمۈچۈكنىڭ باغلىنىپ قېلىشىدىكى سىر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇ ماقالىنى يېزىۋاتقان كۈنلەردە يەنە بىر تاسادىپىيلىق ماڭا ئىجادىيەتنىڭ باشتىن ئاخىر تاسادىپىي جەريان ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇرغاندەك بولدى. بۇ ماقالەم پۈتەي دەپ قالغان بولۇپ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدە ئويلانغاچ مېگەمنى ئارام ئالدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن دوستۇم ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا بىر چەت ئەللىك دوستى قويۇپ كەتكەن، ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ۋاقىت» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىل 15-يانۋاردىكى سانى تۇرۇپتۇ. مۇنداقلا ۋاراقلاپ بېقىۋېدىم، «ئۆمۈچۈكنىڭ جۈپلىشىشى قېنىپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتۇر» ماۋزۇلۇق بىر ماقالە كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى. گەرچە بۇ ماقالىدە شەرھىيلەنگىنى شېئىر بىلەن مۇناسىۋىتى تولىمۇ يىراق بولغان تەبىئىي پەنلەر ئىچىدىكى زوئولوگىيىلىك بايقاش بولسىمۇ، ئۇنى ئوقۇپ چىقىپ خۇددى ئىزدەپ يۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاچقۇچۇمنى تېپىۋالغاندەك بولدۇم. چۈنكى ئۆمۈچۈك بىلەن شائىر ھېسسىيات ئىپادىلەشتىكى غالجىرلىقى جەھەتتىن تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. تۆۋەندە مەن بۇ ماقالىنىڭ قىسمەن بۆلىكىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تەرجىمە قىلىپ سۇندۇم:

«. . . مۇھەببەتلىشىشنىڭ مۇقەددەس قەدىمىي ئۆلگىسى ياچىۋەك بولۇپ، جۈپلىشىپ بولغاندىن كېيىنلا چىشىسى ئەركىكىنى بىر ۋاق مەززىلىك تائام قىلىپ يەۋېتىدۇ (قارىغاندا، ياچىۋەكنى ئۇيغۇرچە يار+چى+بەگ=يارچىبەگ دەپ ئاتىساق تېخىمۇ لايىقىدا بولغۇدەك). بىراق يارچىبەگ بىلەن ئاۋستىرالىيە قىزىل دۈمبىلىك ئۆمۈچۈكىنىڭ ھېچقانداق قانداشلىقى بولمىسىمۇ، ئۆمۈچۈكلەر ھەم چىشىسى ئەركىكىنى يەۋېتىش قىسمىسىنىڭ ئۆلگىسى بولالايدۇ. جۈپلىشىش ئالدىدا ئەركىكى ئۆزىنى يەم قىلىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن ھەر خىل نەپىس ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ھەمراھىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. بىر دەم مەقسىتىنى مانا مۇشۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئوقتۇرۇپ بولۇپ، كۆپىنچە ئەزاسىنى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ جۈرىسىنىڭكىگە كىرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سەل-پەل بىخەستىلىك قىلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلسا ياكى بەكرەك تەۋرىنىپ كەتسە شۇ ھامان ئۇنىڭ ھاياجانلىق تېنى جۈرىسى - چىشى ئۆمۈچۈكنىڭ ئاغزىغا يەم بولۇپ كىرىپ كېتىدۇ. جۈپلىشىپ بولغاندىن كېيىن

چىشىسى قارشىلىق بىلدۈرمىگەن ئەھۋالدىلا ئەركەك ئۆمۈچۈك بۇرۇنقىدەك نەپىس ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كېتىۋالىدۇ».

تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئاسپىرانتى مۇنداق بىر بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويغان. «جۈپلىشىۋاتقاندا چىشى ئۆمۈچۈك غالجىرلىشىپ كەتسە، بىر تەرەپتىن ئەركەك جۈرىسىنى چايناپ يېگەچ ئۇنىڭ جۈپلىشىش ۋاقتىنى ئۇزاقراق داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويىدىكەن. بۇ ئارقىلىق ئەركىكىنىڭ قانچىلىك ئۇرۇقى بولسا، شۇنچىلىك چىقىرىپ نەسىل قالدۇرۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىكەن. ئۇرۇقلىنىپ بولغان بۇ چىشى ئۆمۈچۈك شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۆلتۈرۈۋالغان ئەركەك ئۆمۈچۈكنى رەقىب قاتارىدا كۆرمەي، ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىكەن. . .». يۇقىرىقىدىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئەركەك ئۆمۈچۈكنىڭ جۈپلىشىشتىن ئىبارەت مەلۇم ئەزالىرى ئارقىلىق باللىياتقۇغا قايتىش ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە روھىي قانائەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن ئىبارەت ئۇنداقتا، ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرغان شائىرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشچۇ؟ شېئىر-ئىنسانىيەتنىڭ شائىر يېزىپ چىققان ئەپسانە ئارقىلىق تەبىئەتكە قايتىشى، قايتىش تەقەززالىقى كۈچلۈك بولغان شائىرنىڭ باللىياتقۇغا بولغان چەكسىز ھاياجىنى ۋە بۇ ھاياجاننىڭ تۈرتكىسىدە ئۇزاققا سوزۇلغان ئىجادىيەت ھاياتى ئارقىلىق ئۇزاققا سوزۇلغان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئەمەسمۇ؟

* * *

ئەزىز ئوقۇرمەنلىرىم، شېئىرلىرىمدىكى ئۆمۈچۈك تورى چۇۋۇلۇپ كەتتى. ناۋادا شېئىرىيەت ئىلاھى: «ئەي ئازغان بەندىلەر، بۇ ئاسىي شائىر يوقلۇق بىلەن تولغان شېئىرىيەت قەسرىدە شۇنچە نۇرغۇن نەرسىلەر بار، دەپ جۆيلىسەئىشىنىپ كەتتىڭلارمۇ؟» دەپ چاۋىمنى چىتقا يايغىنىدا، ئۆزۈمنى يوشۇرماقچى بولسام، ناگھان قەلبلەر ئىشكىدىن بىرەرى ماڭا ئوچۇقمىدۇ؟

1996-يىل مارت-ئىيۇن، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىدا ئەدەبىيات مۇھەررىرى (M1)



# چۆلنىڭ ئۆزى بىر تراگېدىيە

## — يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن سۆھبەت

**ئابدۇقادىر ھاشىم**

ئابدۇقادىر ھاشىم: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك نۇرمۇھەممەت ئاكا، سىز ئەدەبىياتىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەن، ئەل سۆيگەن قەدىرلىك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۆزىڭىز بىلەن دىدارى مۇلاقەت بولۇپ تۇرغان مۇشۇ پۇرسەتلەر ئۈچۈن مەن ئىنتايىن خۇشال. ئۇزۇندىن بېرى سىز بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلگەندىم. قىزىققانلىرىم ۋە بىلمەكچى بولغانلىرىم دائىرىسىدە سۆھبەت قۇرۇش بۈگۈنكى ئۇچرىشىشتىكى مەقسىتىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئىجادىيەت ھاياتىڭىزغا ياندىشتۇرۇپ ئۆز ئەھۋالىڭىز توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟ سەممىيەت — بىز يەتمەكچى بولغان بىر يۈكسەك مەقسەت، ئەلۋەتتە.

نۇرمۇھەممەت توختى: رەھمەت سىزگە. ھازىرغىچە ئۆزۈم توغرىسىدا بىرەر نەرسە دېيىشتىن چەتنەپ كەلگەنمەن. راستىنى ئېيتسام، ئۆزۈم توغرىلىق سۆزلەشكە توغرا كەلسە تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتىمەن، بىراز ھودۇقۇۋاتىمەن. ئەلۋەتتە بۇ كۈندىلىك ھاياتىمىزدا رەسمىيەتكە ئايلىنىپ كەتكەن يىللىق خىزمەت باھالاش، ئىلغارلارنى باھالاش، پارتىيە ئەزالىرى دېموكراتىك يىغىنى . . . دېگەنلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇيەرلەردە لاپ ئۇرۇشقا، چەللىدە ئات چاپتۇرۇشقا، قۇرۇق ھارۋىنى سۆرەپ دۈگۈمۈدۈك ئېلىپ قېچىشقا بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىيات ساھەسىدە بۇنداق رەسمىيەتچىلىك ئاقمايدۇ! ئۆزىگە ھەقىقىي باھا بېرىش بەكمۇ تەس ئىش. تەڭقىسلىقتا قالدىم، دېگىنىممۇ شۇ. سىزگە ئايانكى، تەڭقىسلىق دائىم يالغانچىلىقنىڭ شۇمبۇيىسى ئۈنۈپ چىقىدىغان تۇپراق. سىزنىڭ سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىۋاتقىنىمدا مەن يارانقۇچىدىن ئۆزۈمنى يالغان سۆزلەپ سېلىشتىن يىراق قىلىشنى تىلەيمەن ۋە شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمەن. يارانقۇچى ماڭا پاك نىيەت ئاتا قىلغاي!

سوئال: ئەڭ دەسلەپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا تۈرتكە بولغان، تۇنجى ئەسىرىڭىزنى يېزىشىڭىزغا تەسىر قىلغان ئاساسىي ئامىللار قايسى؟

جاۋاب: مەن ئاتالمىش «تۈرتكە بولغان نەرسە»گە تازا ئىشىنىپ كەتمەيمەن. ئۇزۇن يىللار ئەدەبىياتقا ھەۋەسلىنىپ، ئەدەبىياتتىن زوقلىنىپ يۈرگىنىم راست، لېكىن ئىجادىيەتكە قانداق ھالدا كىرىشكىنىم ئېسىمدە يوق. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇستازلىرىمنىڭ تۈرتكىسىدە خېلى بۇرۇنلا خاتىرە يېزىشقا ئادەتلەنگەنمەن. لېكىن ئۇ كۈندىلىك خاتىرە ئەمەس، تەسىرات خاتىرىسى دېسەك ئېنىقراق بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەن ئاشۇ خاتىرە قالدۇرۇش جەريانىدا بىر نەرسىلەرنى بايان قىلىشنى، تەسۋىرلەشنى ئۆگەنگەن بولسام كېرەك.

سوئال: تۇنجى بېسىلغان ئەسىرىڭىز قايسى؟ قاچان چىققان؟ بۇلار ھەققىدە كۆز قارىشىڭىزنى

سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز ؟

جاۋاب :تۇنجى ئەسىرىم ـ قىزلارغا يازغان تۇنجى مۇھەببەتنامەم خېلى تەسىرلىك يېزىلغان .كېيىنكى چاغلاردا بۇنداق «ئەسەر »لەرنى جىق يازدىم .ئوتتۇرا مەكتەپتىكى قىز دوستۇم ھېلىقى «ئەسەر »لىرىمدىن قانچىلىك زوقلانغان ،باشقىلارغا كۆرسەتكەنمۇ-يوق ، بۇنى بىلمەيمەن ،لېكىن ئالىي مەكتەپتىكى قىز دوستۇم ئۆزىگە يېزىلغان ھەر قېتىملىق «ئەسىرىم» نى ئۆز يېنىدىكى قىزلار بىلەن ئورتاق ئوقۇغانىكەن . مەن ئاشۇ قىزلارنىڭ «ئەسىرىم »ھەققىدىكى ماختاشلىرىنى ئاڭلىغانمەن .شۇڭا ،تۇنجى ئەسىرىم ـ ئەنە شۇ «مۇھەببەت مەكتۇپلىرى »دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ .مەن ئىجادىيىتىمنى رېئال ھاياتىم تەقەززاسى بارلىققا كەلتۈردى ،دەپ كېسىپ ئېيتالايمەن .بېسىلغان تۇنجى ئەسىرىم نەزەردە تۇتۇلغاندا بۇ خېلىلا كېيىنكى ئىش .يېزىدا ئاتالمىش «قايتا تەربىيە »ئېلىۋاتقاندا ۋە ستودېنتلىق چاغلىرىمدا مۇھەببەت مەكتۇپلىرىدىن باشقا يەنە ھېكايە ،پوۋېست ۋە نەسىرلەرنى يازغىنىم ئېسىمدە . ئۇلار مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىلمىگەن .ئەمما ئۇلار دوستلۇرۇمنىڭ خاتىرىلىرىگە كۆچۈرۈلگەن ،شۇڭا پەقەت دوستلۇرۇمنىڭ خاتىرىلىرىگىلا «بېسىلغان» دېسەم ،خاتا بولمايدۇ .

مەتبۇئاتتا تۇنجى بېسىلغان ئەسىرىم «بويناق ھەققىدە خاتىرە »دېگەن نەسىر بولدى . 1982-يىلى قىشتا مەن بىر كۈچۈك باقتىم .ئۇ ، قىلىقلىرى كۆپ كۈچۈك ئىدى .قىلىقلىرىدىن خاتىرە قالدۇردۇم .جەمئىي 30 پارچىدەك بولدى . 1983-يىلى ئەتىيازدا ئاغىنەم ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ،شائىر روزى سايىت ئۇنى كۆردى ۋە «ژۇرنالدا باسقان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى-ھە ؟ !لېكىن ئىمكانىيەت يوق . . . »دېدى .1984-يىلى بولسا كېرەك ،ئەدەبىيات ساھەسىنى باشقۇرغۇچى تارماقلار تۇرپاندا بىر يىغىن ئېچىپتۇ .يىغىندا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى سۆزى يەتكۈزۈلۈپتۇ .روزى سايىت تۇرپاندىن قايتىپ كېلىپ : «ئەمدى باسقىلى بولىدىغان بولدى »دېدى ۋە ھېلىقى پارچىلاردىن 18 نى تاللاپ «يېڭى قاشتېشى» دا باستى . بېسىلغان تۇنجى ئەسىرىم ئەنە شۇ .

سوئال :ھازىرغىچە قانچىلىك ئەسىرىڭىز چىقتى ؟ ژانىرلار بويىچە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز ؟

جاۋاب :دوستلۇرۇمنىڭ ھە-ھۇلىرى ،ئۈندەشلىرى ئارقىسىدا خاتىرەمدىكى بەزى نەرسىلەرنىڭ قانات-قۇيرۇقلىرىنى ئانچە-مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ ،دەۋر تەلىپىگە ئويغۇنلاشتۇرۇپ ژۇرناللاردا چىقاردىم . ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ باھاسى يامان ئەمەس بولدى . شۇنداق قىلىپ ،ھازىرغىچە بىرەر يۈز پارچىدەك نەسىر ،30-40 پارچە ھېكايە ، بەش پوۋېست ، 88 پارچىدەك ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئەدەبىي خاتىرە دېگەندەك نەرسىلىرىم چىقتى .بۇلارنىڭ ئىچىدە رېئال تېمىدىكىلىرى كۆپرەك ، تارىخىي تېما ۋە يېڭى ئېقىمغا تەۋەلىرى ئازراق . رېئال تېمىنى يازغاندا ئۆزۈم كوممۇنىست شۇنداقلا سىياسىي خىزمەتچى بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن كۆپرەك پارىخورلۇق ، خىيانەتچىلىك ،چىرىكلىك دېگەنلەرنى تەنقىد قىلىشقا كۆڭۈل بۆلدۈم .ئۇنۇمى قانچىلىك بولدى ؟ئەپلاتوننىڭ قاراشلىرىنى ئاساس قىلغاندا ، مەن خاتالاشتىم . كىشىلەردە : «ئۇلار قىلسا بولىدىكەنۇ ، مەن قىلسام نېمىشقا بولمىغۇدەك ؟ »دېگەن تۇيغۇنى ئويغۇتۇشقا ، يۈزى قېلىنلىق كەيپىياتىنى ئەدىتىشكە ،ئەيمىنىش ۋە نومۇس تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولۇشقا سەۋەب بولدۇم . دېمەك ،ئىجتىمائىي ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى .كوت-كوت خوتۇنلارنىڭ غەيۋەت قىلىپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالغانچىلىك ئىش بولدى . بۇ نۇقتىدا ، پارىخورلۇق تەنقىد قىلىنغانسېرى پارىخورلۇقنىڭ ئومۇملاشقانلىقى ،خىرۇئىن چەكلەنگەنسېرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ،ئاتېئىزىم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلغانسېرى دىنىي ئەقىدىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك يەنىمۇ ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ .دېمەكچىمەنكى ،بەزى گەپلەرنى دېمىگەن ھەم مەخپىيەت بولغىنى ياخشىكەن .شۇنداق بولغاندىلا ئەكس تەسىردىن ، ياخشى نىيەتتىن يامان نەتىجە چىقىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدىكەن .مەن ئويلايمەنكى ،ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى پەقەت قەھرىمان ـ باتۇرلارنىلا يېزىش تەشەببۇسى توغرا بولسا كېرەك .

. .

سوئال : مەتبۇئاتلاردا بېسىلماي ئۆزۈڭىزنىڭ تۇرۇپ قالغان ۋە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلىرىڭىز بارمۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمىدە ،دەپ ئويلايسىز ؟

جاۋاب : ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىنىڭمۇ ھەممە ئەسەرلىرى بېسىلىشى ۋە بېسىشقا مۇۋاپىق كېلىشى ناتايىن . «يولۋاسمۇ مۈگدەيدۇ» ، «بۈركۈتمۇ پاكار ، ئەسكى تامغا قونۇشى مۇمكىن» .بېسىلمىغان ئەسەر تېخى دېيىلمىگەن گەپ بولغاچقا ،ئۇ ھەقتە توختىلىش ئارتۇقچە .

سوئال : بېسىلغان ئەسەرلىرىڭىز ئىچىدە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى ،دەپ قارايدىغان ئەسەرلىرىڭىز قايسىلار ؟ئۇلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ باقامسىز ؟

جاۋاب :يۇقىرىقى قاراشلىرىمنى چىقىش نۇقتىسى قىلغاندا ،ئۆزۈمنىڭ كۆپ نەرسىلىرىمگە ياخشى ،دەپ باھا بېرەلمەيمەن . «ياخشى ئەسەر» ،

«ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر»لەر توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس .لېكىن «ناچارلار»نىڭ ئىچىدىن نىسبەتەن «ياخشى»نى تاللاشقا توغرا كەلسە «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» بولارمىكىن دەيمەن .ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ كەمچىلىكلىرى ،يېتەرسىزلىكلىرى توغرىسىدا توختالمىغاندەك قىلىمەن .دوستلۇق ،ھۆرمەت ، ئادىمىيلىك قاتارلىق ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە تەھسىن ئوقۇلسا ،بۇ مەڭگۇ خاتا بولمايدۇ .

سوئال : ئۆمرىڭىزدە بولغان ئەدەبىي ھاياتىڭىزغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكۈدەك كەچۈرمىشلىرىڭىز ، ۋەقە-ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھاسىلاتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز ؟

جاۋاب :ئەدەبىي ھاياتقا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكۈدەك كەچمىش مېنىڭچە ،يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر كۈنى ئۇچراپ تۇرىدۇ .مەسىلە ـ ئۇنى سېزىش ،بايقاش ،تۇتۇۋېلىش ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇرنىڭ نەتىجىسىنى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشتا .كاتتا ۋەقەلەرگە ،جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ھادىسىلەرگە ، تارىخىي توقۇنۇشلارغا ئىشتىراك قىلغانلاردىن يازغۇچى چىقىشىمۇ ، چىقماسلىقىمۇ مۇمكىن بولغىنىدەك ، ئاددىي ھايات كەچۈرگەن كىشىلەر ئىچىدىمۇ شۇنداق ھالەت سادىر بولۇش مۇمكىنچىلىكى چوڭ .مۇھىمى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەندەك . مېنىڭچە ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئالدىدا ۋەقە ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ ئانچە چوڭ ئەھمىيىتى يوق .

سوئال : ئىجادىيىتىڭىزگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن يازغۇچىلارنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە ، ئۆزىمىز ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىدىن كىملەرنى تىلغا ئالىسىز ؟

جاۋاب : ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەرقانداق ئادەم ئالدىنقىلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن بەھرىلەنگۈچى ،تەسىرلەنگۈچى بولۇشتەك جەرياننى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقى سەۋەبلىك ،باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس .مەنمۇ شۇنداق .ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە ،يەنى يېتىلىۋاتقان مەزگىلىمدە رۇس ئەدەبىياتى ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتىدىن ئۆزگە ئەدەبىياتلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى .باشقا ئەدەبىياتلارغا دائىر كىتابلاردىن «ئەرەب پروزىسى»ۋە «ھىندى ھېكايىلىرى»دېگەن كىتابلارنىلا كۆرگەنلىرىم ئېسىمدە .مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ،تەسىر كۆرسەتكۈچىلەرنى پەقەت يۇقىرىقى ئىككى ئەدەبىياتتىنلا ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ .بۇنىڭدا چېخوف بىلەن لۇشۈننى مىسال قىلىشقا بولىدۇ . ھېكايىلىرىمدىن شۇلارنىڭ تەسىرىنى كۆرۈش مۇمكىن .ئەلۋەتتە ،ئۆزىمىزنىڭكىلەردىن ئابدۇللا قادىرىينى ،ئايبېكنى ،مۇختار ئەۋېزوف ،سابىت مۇقانوفنى ،سەدىرىدىن ئەينى ،ئۆمەر مۇھەممەدىي ، زۇنۇن قادىرىيلارنى ئەسكە ئالىمەن .ئەنە شۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىكى ھاياجان ھېلىمۇ ئېسىمدە . «ماغدۇر كەتكەندە»نى كۆرۈپ ، باقىنىڭ تونۇر بېشىدا ھېكايە ئېيتقانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى ئوقۇغىنىمدا ئۆز تاغىلىرىم ،ئاكىلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلگەنىدى . ۋەھالەنكى ، ئىجادىيەت جەريانىمغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن مىساللارنى كەلتۈرمەك قىيىن .مېنىڭچە ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تەسىر كۆپ ھاللاردا پىنھان بولىدۇ .ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى بولسا ، ئەمەلىي پاكىت .

سوئال : بىزدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى پۈتكۈل تەڭرىتاغ مىقياسىدا ۋە يەرلىك مەتبۇئات تەھرىر بۆلۈملىرى ئارا تەسىس قىلىنغان ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرى پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ .بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىڭىزنى ۋە ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىۋاتقان ئەسەرلەرگە بولغان نۇقتىئىنەزەرىڭىزنى بىلىپ باقساق بولارمۇ ؟

جاۋاب : ئەدەبىياتىمىزدا بىر قەدەر مۇقىملاشقان مۇكاپات پائالىيەتلىرىدىن «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» ، «تارىم مۇكاپاتى» ، «باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتى»ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ . بۇمۇ نۆۋەت بىلەن كېلىدىغان مۇكاپات بولغاچقا ، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر ئالدىدا ماختىنىش ،ئۇنۋان باھالاش ياكى ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تاللاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغاندا مۇكاپات كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشتىن باشقا قىممەتكە ئىگە ئەمەس .ئاز-تولا بىرنەرسىلەرنى ئىلان قىلدۇرغان ئادەم بولسىلا كۈتۈشتىن زېرىكمىسە ،ئۆزىگىمۇ بىر قېتىم نۆۋەت كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنسە ۋە ئۈمىدلەنسە بولىدۇ . لېكىن ئاشۇ مۇكاپاتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدىغان ئادەم بولسا ،بۇ مۇكاپاتتىن شان-شەرەپ تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمەيدۇ ،ئىلھاممۇ ئالالمايدۇ ،ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنىمۇ ھەل قىلالمايدۇ .پەقەت دۆلەتتىن ئازراق تەمىنات بېرىلىدىغان ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تاللاش پائالىيىتىدە تاللىغۇچى تارماقلارنى كولدۇرلىتىشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ .ئويلايمەنكى ، بۇنداق مۇكاپات ۋە مۇكاپاتلاش پائالىيىتى دۇنيانىڭ ئىككىنچى بىر يېرىدىن تېپىلماس .ۋەھالەنكى ، مېنىڭ بۇ دېگىنىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنى ناچار ئەسەر دېگىنىم ئەمەس ،ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۇ تېخى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاپتورلار چىقارغان ئەسەرلەر ئىچىدە بىرقەدەر ياخشى ئەسەر بولۇشى مۇمكىن .ئەمما مۇقەررەركى ، ئۇ ئەسەر ژۇرنالدا شۇ يىلى بېسىلغان ئەڭ ياخشى ئەسەر بولۇشى ناتايىن . ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك ، كومېدىيىلىك تۈس ئالغىنى شۇكى ، نىسبەتەن ياخشىراق ئەسىرىم

بېسىلغان يىلدا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكىچە بىر ئەسىرىم بېسىلغان بىر يىلى ماڭا نۆۋەت كەلگىنىدۇر... كېيىنكى ئىككى مۇكاپات توغرىسىدا توختالسام ئۇلارغا مەنمۇ ئېرىشتىم. ئېرىشكۈچىلىكىم بارمىدى؟ ئېرىشكىنىمگە قارىغاندا، ئېرىشكۈچىلىكىم بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ يەرلەردە ئىشلارنىڭ ئالدىنقىسىغا قارىغاندا، سەل ئەستايىدىل ئىشلەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ..

مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەگەر ھەقىقىي بىر يازغۇچىنى ئۆزۈمگە مىزان قىلسام، ھەرقانداق مۇكاپات ۋە مۇكاپاتلىنىش بىرەر مۇددىئاسىنى چىقىش قىلغان مەلۇم ئاپپارات تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلىدىكەن. ئۇ، ھەقىقەتتىن ئازراق بولسىمۇ يىراقلاشقانلىقى سەۋەبلىك ئانچە چوڭ قىممەتكە ئىگە ئەمەس. بۇ قارىشىم سارتىرنىڭ پوزىتسىيىسىگە ئوخشاپ قالدى. لېكىن ھەقىقىي بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئەھۋال دەل ئەنە شۇنداق. ھەقىقەت «زەپەر دەرۋازىسى» بىلەن «ئېفىر تۆمۈر مۇنارى» ئەتراپىدا قانداق بولسا، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىككىنچى بىرخىل ئۆلچەم يوق. يازغۇچى پەقەت ئۆز خەلقىنىڭ باھاسىنى ھەقىقىي مۇكاپات بىلسە، يازغۇچىلا ئەمەس، ئاندىن دۇرۇس ئادەم بولغان بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، مۇكاپات ۋە مۇكاپاتلىنىش خەلقىنىڭ باھاسىنى ئۆلچەم ۋە مەزمۇن قىلغاندا، خەلقىنىڭ باھاسىنى ئىنكاس قىلغاندا، ئاندىن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۆزىنى تۈزەشتۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بۇ ئەلۋەتتە تېخىمۇ مۇھىم.

سوئال: بىزدە خېلى كۆپ رومانلار نەشر قىلىندى ۋە بۇ رومانلار ھەققىدە بەزىبىر يا ئۇنداق يا مۇنداق دېگەندەك مۇتالىئەلەر بولۇندى. سىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان ياكى سىز ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان رومانلاردىن قايسىلارنى سانايسىز؟

جاۋاب: ئەدەبىياتىمىز ساھەسىدە كېيىنكى يىللاردا «رومان ئىجادىيىتى - بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ سۈپىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ»، «بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەشتە قانچە رومان يېزىلغانلىقى ئاساس قىلىنىدۇ» دېگەندەك گەپلەر تارالدى. بۇ گەپلەرنىڭ قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى ماڭا نامەلۇم. بۇ گەپلەر سەپسەتىمۇ ياكى ھەقىقەتمۇ، بۇنىڭغىمۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا رومان يېزىلمىغانلىقىنى شۇ مىللەت ئەدەبىياتى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنىڭ ئىنكاسى دېيىلسە، بۇ گەپ ئادەمنى ئانچە ئىشەندۈرەلمەيدۇ. رومان يېزىش ۋە رومانچىلىقنىڭ گۈللىنىشى ياخشى ئىش دېمەي ئىلاج يوق، ھەقىقىي يۇقىرى سەۋىيىلىك رومانلار ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق. بۇ يەردە بىزگە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، ھېلىقىدەك گەپلەرگە ئىشىنىپ «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش» تراگېدىيىسىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، شۇنداقلا بېسىم تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇنداق رومانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى كۈلكىلىك بولىدۇ. گەپ بۇ يەردە بىزنىڭ رومانىنى قانداق يېزىشىمىز ۋە قانداق سەۋىيىدە يازالىشىمىزدا.

كېيىنكى چاغلاردا ئەدەبىياتىمىزدا كۆپلىگەن رومانلار مەيدانغا كەلدى. ئېيتىشلارچە، 50پارچىدىن ئاشتىمۇ ياكى قارا قويۇق ھەممىسى 50پارچىمۇ؟ بۇ تازا ئېنىق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بۇ سان ئادەمنى خېلىلا خۇشال قىلىدۇ. بىر يىللىرى «ئىز» بىلەن «ئويغانغان زېمىن»نى، ئۆتكەن يىللىرى «قۇم باسقان شەھەر» بىلەن «بەدۆلەت»نى ئوقۇپ چىقتىم. ھەر قېتىم رومانلىرىمىزدىن بىرەرسىنى ئوقۇپ چىقسام، كۆڭلۈم ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. مايسىنىڭ تارتىلغىنىنى سەۋەبىدىن سولۇشۇپ قالمىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلايمەن. ياخشى رومانلارنى ساناشقا، ئاتاشقا باشلىساق خېلى ئىش كېتىدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق. بۇنىڭغا ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسى بىرنېمە دېسۇن. ئەمما بىزدە رومانچىلىقنىڭ ياخشى بىر يۈزلىنىشكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى پاكىت. ئاندىن ھېلىقى كېلىش مەنبەسى نائېنىق بولغان ئۆلچەملەر بىلەن ئۆلچەنسىمۇ، بىز مەيدىمىزگە ئۇرالايمىز ياكى زەپە ئىشقىدا ناغرا چېلىشقا لايىقمىز. بۇنى ھېلىقى «ناخشا-ئۇسسۇلچى مىللەت»، «توي-مۇراسىمچى مىللەت» بولۇشقا قارىغاندا ياخشىراق ئىشمىكىن، دەپ قارايمەن.

سوئال: مەتبۇئاتلاردا كۆپلىگەن ھېكايە، پوۋېست، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە نەسرلىرىڭىز بېسىلدى. سىزدىمۇ رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇددىئاسى بارمۇ؟

جاۋاب: ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن ھېلىقى ئۆلچەم-مىزانلاردىن ئەڭ ئېغىر بېسىم ھېس قىلغان ئادەممەن. ھەتتا تونۇش-بىلىشلىرىمنىڭ: «سىزمۇ رومان چىقارسىڭىز بولاتتى» دېگەن تەكرار گەپلىرىدىن كېيىن كۆپ قېتىم: «يېزىۋاتىمەن» دەپ يالغان ئېيتقان چاغلىرىممۇ بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، رومان يېزىش خىيالىدا بولمىدىم، دېسەم، يېزىۋاتىمەن دېگىنىمگە ئوخشاشلا يالغان ئېيتقان بولىمەن. شۇ خىيالدا بولغانىمەن. ھەتتا پىلان تۈزگەن چاغلىرىممۇ بولدى. لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا توختاپ قالدىم. بۇ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىنلا ئەمەس، ئەلۋەتتە... شۇنداق قىلىپ، مەن ھازىرغىچە رومان يازالمىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن يېزىشىم ۋە يازالىشىممۇ ناتايىن. شۇنداق ئىكەن، مەندە رومانلىرىمىزنى ياخشى-يامانكەن، دەپ ئايرىشقا

نېمە سالاھىيەت بولسۇن؟! مەندىكى ھوقۇق زوقلىنىپ ئوقۇش، ھوزۇرلىنىش ۋە تەجرىبە توپلاش. ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە مېنى ئۇلاردىنمۇ ئېگىزرەك سەكرىتەلىسە، بۇ ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنىدىغان ئىش ئەمەس.

سوئال: بىزدە ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىڭ سانى جۇڭگودىكى گېزىت-ژۇرناللار ئىچىدە خېنىزۇ يېزىقىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردىن قالسىلا 1- ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزدە ئەڭ ياخشى چىقىرىلىۋاتقان ۋە باشقۇرۇلۇۋاتقان نەشرىي ئەپكارلارنى تىلغا ئېلىپ باقامسىز؟ بىزدىكى مەتبۇئاتچىلىقنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: «بىزدە ئەڭ ياخشى چىقىۋاتقان ۋە باشقۇرۇلۇۋاتقان نەشرىي ئەپكار» دېگەندە، سىزنىڭ ئاساسەن ژۇرناللارنى نەزەردە تۇتىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندىم. مەن ئاشۇ ژۇرناللاردىن ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىۋاتقان «بوستان» دىن باشقىسىغا ئىزچىل مۇشتەرى بولۇپ كېلىۋاتىمەن، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋىرىم بار. بۇنچە كۆپ ژۇرناللارنىڭ چىقىۋاتقانلىقى بىز مۇشۇ دەۋر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئامىتى. تەھرىر ئەپەندىلەرگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار تارتىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە تەڭقىسلىقنىڭ قەلەمكەشلەرنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە تەڭقىسلىقىغا قارىغاندا يۈز ھەسسە، ئوقۇرمەنلەرنىڭكىگە قارىغاندا مىڭ ھەسسە ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمىز. بەزى گەپلەرنى دېمەك ئاسان، لېكىن ئۇنى ئىش يۈزىدە ئەمەلگە ئاشۇرماق تەس. بىز تەھرىر ئەپەندىلەرگە قانچىلىك ياردەم بېرەلىدۇق، ئۇلارغا قانچىلىك ھەمدەم- ھەمدەرد بولالىدۇق؟ بۇ سوئاللار ئالدىدا كۆپلىگەن كىشىلەر قاتارى مەنمۇ خىجىللىق ھېس قىلىمەن. ئۇلار تەھرىرلا ئەمەس، ئەسەر ئۇيۇشتۇرغۇچى، ئەسەر تۈزەتكۈچى، ژۇرنال چىقىرىشقا مەبلەغ توپلىغۇچى، ژۇرنال باستۇرغۇچى، ھەتتا تارقاتقۇچى قاتارلىق روللارنى ئويناۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ جەرياندا قانچىلىك جاپا چەككەندۇ؟ بۇلارنى چۈشىنىشىمىزگە، ژۇرنال سەھىپىلىرىدە كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەرنى كەچۈرۈۋېتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، سىېنىڭ ژۇرنىلىڭ يامان دېيىشكە تىلىمىز بارامدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلار ئۆزىمۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئارتۇق گەپ قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. مەن باشقىلاردىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ» لارنى ياخشى چىقىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم. بۇنى ئاشۇ مەتبۇئاتلاردىكى تەھرىر ئەپەندىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىدىن باشقا، ژۇرنال ئەتراپىدىكى مۇھىتمۇ بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، يەنە ھەممىنى مۇھىتتىن كۆرۈۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ، مۇھىت ھامان ئادەم تەرىپىدىن

ئۆزگەرتىلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بىزدىكى مەتبۇئاتچىلىق بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق گۈللىنىدۇ. بۇ، دەۋرنىڭ، كەلگۈسىنىڭ تەقەززاسى...

سوئال: ئەسەرلىرىڭىزنى قولۇمغا چۈشسىلا ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇۋاتىمەن. «شاھ مەشرەپ خوتەندە» ھېكايىڭىز ماڭا بىرخىل مۇزىكىدارلىقتا ۋە ھېكمەتكە تويۇنغان ساپ بەدىئىي تارىخىي ئەسەر سۈپىتىدە كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ھېكايىدىكى تەپسىلاتلاردىن شاھ مەشرەپنىڭ ئىسيانكار ئۇلۇغۋارلىقى ۋە ھېكمەتكە تويۇنغان ۋۇجۇدىيىتى ھەققىدە روشەن ئەينەنلىككە ئېرىشەلەيمىز. بۇ ھېكايىنى يېزىپ چىقىشتىكى ئىلھام ۋە ئارقا كۆرۈنۈش ھەققىدە بىلىش مۇمكىنمىكىن؟

جاۋاب: «شاھ مەشرەپ خوتەندە» نى يېزىشىم بابارەھىم مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ گىگانت ئىنسانغا بولغان ھۆرمەت ئىخلاسىم ۋە ئۇنىڭ ئىسيانكار ئادىمىيلىكىگە ئابىدە تىكلەش ئۈچۈندۇر. 1969- ، 1973-يىللىرى يېزىدا «قايتا تەربىيە» ئېلىۋاتقىنىمدا بىر مەزگىل شەمسىددىن داموللام دېگەن ئۆلىما، شائىر ئادەمنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە ئولتۇرغانىدىم. ئۇ بەكمۇ پاراڭچى، ئۆتكۈر پىكىرلىك زات ئىدى. بىكار قالغان چاغلىرىمدا «دىۋان مەشرەپ» تىن غەزەللەرنى ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ چاغلاردا شائىرنىڭ يارقىن ئوبرازى ئۇنىڭ غەزەللىرى ئارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك بىرخىل تۇيغۇغا كېلەتتىم. دېمەك، مەن ئەنە شۇ چاغدا شاھ مەشرەپنى چۈشەندىم، ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم. ئۇنىڭ چىن ئادىمىي سىماسى روھىمنى ھەقىقەت مەشئىلىدەك يورۇتتى... ھېلىقى رىۋايەت ـ ئەپسانىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاشۇ مەرھۇم ئەينى يىللىرى سۆزلەپ بەرگەن. كېيىن ئەسەرنى باشلاش ئالدىدا خوتەن ۋىلايىتى قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش ـ رەتلەش ئىشخانىسىدىكى «دىۋان مەشرەپ» نى يەنە كۆردۈم. مەن ھېكايە قىلىش جەريانىدا بايان قىلدىم، خالاس. قارىشىمچە، ھېكايىدە ئەپسانە-رىۋايەت تۈسى كۈچلۈك، تورمۇش پۇرىقى ئاجىز، دىنىي تۈس بەكمۇ جۇلالىق بولۇپ قالدى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ ھېكايىنىڭ توپلىمىم «شەھلا كۆز» گە كىرگۈزۈلمەي قېلىشىمۇ شۇ سەۋەبتىنمىكىن دەيمەن.

سوئال: «شاھ مەشرەپ خوتەندە» ناملىق ھېكايىڭىزدىكى شاھ مەشرەپنىڭ ھېكمەتكە چۆمۈلۈشى بىلەن نەشە چېكىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

جاۋاب: ھېكايىدىكى شاھ مەشرەپنىڭ ئۆزىنى ئاللاغا بېغىشلىشى بىلەن نەشە چېكىشى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يوق. چۈنكى «قەلەندەرىيە» مەزھىبىدىكىلەر ئۆزىنى ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا بولغان دەپ قارىغاچقا، ھەرقانداق كەيپ بىلەن ئۆز دەردىنى

يېنىكلەتمەكچى بولىشىدىكەن .شاھ مەشرەپنىڭ 1678-يىلى يەكەنگە كەلگەندە نەشە چەككەنلىكى ۋە ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇخلىمىغانلىقى توغرىسىدا «دىۋان مەشرەپ»نىڭ تىنتولىدا خاتىرە بار .مېنىڭچە، بۇ دېتال ھېكايىنىڭ چىنلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ .چۈنكى قەلەندەرىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نەشە چېكىدىغانلىقى پاكىت .

سوئال :«چۆل ئوغلى» پوۋېستىڭىز مۇھەببەت بىلەن يېزىلغان ئاجايىپ تەسىرچان زوقلاندۇرۇش كۆچىگە باي بىر ئەسەر سۆيىتىدە مېنى يەنە بىر مەرتە سۆيۈندۈرگەن .مەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ بولۇپ، چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «ئاق پاراخوت» پوۋېستىدىكى گۈزەل مېلودىيىگە چۆمۈلگەندەك ھېسسىياتتا بولدۇم .ئىككى پوۋېستتىكى ئىككى بالىنىڭ ئىچكى تەشنالىقلىرى، سەبىي روھىنات قاتلاملىرى ئوخشاشلا ئادەمنى بىرلا خىل ھېسسىياتقا يەنى مۇھەببەت بىلەن پاكلىنىش كەيپىگە باشلاپ بارىدۇ .ئەلۋەتتە، ئىككىسى ئايرىم ئەسەر .مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەن شەخسەن بۇ پوۋېستىڭىزنى «ئاق پاراخوت» تىكىدەك يۈكسەك نۇقتىلارغا يەتكەن، دەپ قارايمەن .سىزدە مۇشۇ ئەسىرىڭىزنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا سادىر بولغان ساپ ۋە چىن كەيپىياتنى، مۇھەببەتلىك مەۋقەنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ .بۇلارنى ئەسلەپ بەرگەن بولسىڭىز ؟

جاۋاب :«چۆل ئوغلى»نى يېزىشىم ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن بولغان .1990-يىلىمۇ ياكى 1989-يىلىمۇ، بىر قوشنام يەنى خىزمەتدىشىم مەكتىپىمىزدىن يۆتكىلىپ تاغقا - نۇرى دېگەن يەرگە كۆچۈپ كەتتى .ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى .ئۇ ئەسلى دادامدىن خەۋەر ئالىمەن، دەپ يۆتكىلىپ كەتكەنىدى («قەنتتەك دادام، قەنتتەك بالام» دېگەن ھېكايەمگە قاراڭ) .كېيىن «كۆنەلمىدۇق» دەپ يېنىپ كەلدى .مەن : «دادا قوشۇلدىمۇ ؟» دەپ سورىسام، ئۇ : «دادام، تاغ دېگەن بەرىكەتلىك يەر، تىنچ، خاتىرجەم، تاغدا ياشىغۇچى جاپا كۆرمەيدۇ، كەتمىسەڭلار بولاتتى، دېدى» دەپ جاۋاب بەردى .شۇ گەپ نېمىشقىدۇر ماڭا بەكلا تەسىر قىلدى، مۇشۇنى چىقىش قىلىپ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىر ئەسەر يازاي، دېگەن يەرگە كەلدىم، ماۋزۇسىنى «تاغ ئوغلى» دەپ قويماقچىمۇ بولدۇم .كېيىن قولۇمغا رەسمىي قەلەم ئالغاندا تاغ توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيدىغانلىقىم ۋە ھېچقانداق تەسىراتىم يوقلىقى ئايان بولدى .شۇنداق قىلىپ، مۇھىتنى ئۆزۈمگە تونۇش بولغان چۆلگە يۆتكىۋەتتىم (مەن تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەۋەككۇل دېگەن يەردە تۇغۇلغان ۋە چوڭ بولغان) .شۇنداق قىلىپ «چۆل ئوغلى» ۋۇجۇدقا چىقتى .پوۋېستتا ھېسسىيات بىر قەدەر قويۇق، دەپ قارايمەن .«ئاق پاراخوت»قا ياندىشىپ تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن .بۇ ئېھتىمال غۇۋا ئەسلىمىنىڭ مەھسۇلى .10يىللارچە ئىلگىرى «ئاق پاراخوت»نى ئوقۇغانمەن . ئوخشاپ كەتكەن تەرەپلىرى بار، دەپ قارالسا ئەھۋال شۇنداق . ئوقۇغان نەرسەڭدىن ئەسلىمە قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس .

سوئال : «چۆل ئوغلى»پوۋېستىدىكى بالا بىلەن ئاھۇ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتلىك مۇناسىۋەتنى ئادەمنىڭ تەبىئەت بىلەن يۇغۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىدىن چۈشەنسەك، ئاھۇ ئانا پاجىئەسى بىزنى يۈرىكىمىزنى سىغۇرۇپ ئېلىۋاتقاندەك ئازابلىنىش كەيپىگە چۆمدۈرىدۇ . تراگېدىيىلىك گۈزەللىكنىڭ مەستخۇشلاندۇرغۇچى بۇ خىل ماھىيىتى بۇ پوۋېستىڭىزدا تېگىشلىك تەرىپلەنگەن، دېسەك توغرىمۇ ؟

جاۋاب : تراگېدىيە مەسىلىسىگە كەلسەك، جايىدا چىققان تراگېدىيىدە ئۆزىگە خاس گۈزەللىك بولىدۇ . چۆلنىڭ ئۆزى بىر تراگېدىيە .مەھمۇد قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»بىلەن شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلۈستان»ىدا تىلغا ئېلىنغان خوتەن ئىپار ئاھۇسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر تراگېدىيە .كىچىك بالىنىڭ ئانىسىدىن ئايرىلىشى، راۋۇرۇس ئەركەكنىڭ ئايالىدىن ئايرىلىشى، ئاققۇ چۆجىلىرىنىڭ ئانا ئاققۇدىن ئايرىلىشى، ئىپار ئاھۇسىنىڭ قاپقانغا دەسسىشى، سولاقخانىغا چۈشۈپ قېلىشى، زوراۋانلارنىڭ تىنچ چۆل قوينىنى پاراكەندە قىلىشى . . . ھەممىسى تراگېدىيە .ھاياتنىڭ ئۆزى تراگېدىيە بىلەن تولغان بولىدۇ . كېچە-كۈندۈز ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگەن مىللەت ھاياتىدا كۆلكىلا (كومېدىيىلا )بولىدۇ، دەپ قاراش ئەقىلغە سىغمايدۇ . . . شۇنداق قىلىپ، سالام تراگېدىيە ئىچىدە قالدى .ئالدىنقىسى تەبىئەت ياراتقان تراگېدىيە بولسا، كېيىنكىسى ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتقان تراگېدىيە .مەن سالامنىڭ كېيىنكى كەچمىشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنى ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇردۇم . ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭمۇ تراگېدىيە بىلەن رەڭلىنىدىغانلىقىنى ئۇلار ئەلۋەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ . . .

سوئال : «شەھلا كۆز» ، « يۇقۇملۇق كېسەل» پوۋېستلىرىڭىز ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تراگېدىيىلىك نەزەردە تۇرۇپ، يۈكسەك بەدىئىي نۇقتىدىن جاۋاب ئىزدەلگەن ئەسەرلەردۇر .مۇشۇ ئەسەرلەرنى چىقىش قىلىپ تراگېدىك سەنئەت گۈزەللىكى ۋە تراگېدىيە ئۈستىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز .

جاۋاب : مەن باشقا ئەسەرلىرىمدە بولۇپمۇ پوۋېستلىرىمدا تراگېدىيىنى ئاساس قىلدىم .تراگېدىيە بولمىسا خۇشاللىققا تەبىر بېرىش، كومېدىيىگە تەبىر

بېرىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، تراگېدىيە بىلەن كومېدىيە، ئازاب بىلەن شادلىق دائىم ياندىشىپ تۇرىدۇ. بۇلارنى ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. بىلىشىمچە، قەدىمىي گرېتسىيە ئەدەبىياتىمۇ تراگېدىيە بىلەن باشلانغان. تراگېدىيە قەدىمىي گرېتسىيە روھىنىڭ ئاساسىي مۇقامى بولغان. شۇڭا، ئۇلار ئەنە شۇنداق پارلاق مەدەنىيەت يارىتالىغان. بىزدە بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە تراگېدىيە ئېڭىدىن كومېدىيە ئېڭى كۈچلۈك بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىردە تېخىمۇ شۇنداق بولدى. مېنىڭچە، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنى ئالماشقان بولسا، تارىخىمىزدىكى پاجىئەلەر ۋە تېتىقسىزلىقلار ئازىيارمىدىكىن، دەپ ئويلايمەن. ئەمما ھازىرقى ھالىتىمىزدىن قارىغاندا، بىزنىڭلا خېلى ئۇزاق مەزگىل كومېدىيە ئېڭىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئايرىلىپ چىقالمىساق كېرەك. نۆۋەتتە تېتىقسىزلىقلارنىڭ ئازىيىشىدىن ئۈمىد ئاز. ئۈمىدىم، كۈلۈپ، تېلىقىپ كېتىپ تىنىقىمىزدىن قالمىساق دېيمەن...

سوئال: «خوتەندىن خەت» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىڭىز جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۆزىڭىز بۇ تۈپەيلى دۇچ كەلگەن بەزىبىر ئىجابىي ۋە سەلبىي كەچۈرمىشلەرنى بىلىپ باقساق بولامدىكىن؟

جاۋاب: ھازىرغىچە يەتتە پارچىدەك ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرەم بېسىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «خوتەندىن خەت» نىڭ غۇلغۇلىسى چوڭراق بولدى: دېھقانلاردىن 50پارچىدىن ئارتۇق خەت تاپشۇرۇۋال-دىم. كۆپ قېتىم دېھقانلارنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولدۇم. ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆزلىگەن نىشانغا يېقىنلاشتى: دېھقانلار ئورۇنسىز جەرىمانە تۆلىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدى، كادىرلار ئورۇنسىز جەرىمانە ئېلىشنىڭ قانۇننىڭ روھىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. دېمەك، ئارتۇقچە كەتمىدى... ئەمما ئەسەرنى بۇرمىلاپ چۈشەنگەن ۋە چۈشەندۈرگەن ئايرىم «دانىشمەنلەر»مۇ بولدى، سىرتتا گەپ بەك جىق. ئاغزىغا كەلگەننى دەيدىغانلارمۇ بولدى، ئەمما ھېچقانداق بىر تەشكىلىي ئورگان مېنى چاقىرتىپ، ئەسەر ھەققىدە كۆز قارىشىنى، باھاسىنى ئۇقتۇرمىدى. مەن بۇ نۇقتىنى دۆلىتىمىز دېموكراتىك ھاياتىنىڭ نامايان بولۇشى، ئاخبارات ئەركىنلىكىنىڭ ئىزچىللىشىشى، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ تۈزىتىشىمىزنىڭ باشلىنىشى، دەپ قارايمەن. بۇ يەردە كۆز-كۆز قىلغۇدەك ياكى دەرد ئېيتقۇدەك ھېچقانداق كەچمىش يوق، يۈز بەرمىدى ھەم يۈز بەرمەسلىكى كېرەك!

سوئال: ئۆزىڭىزنىڭ دائىملىق ئىجادىيەت ئادىتى ھەققىدە توختىلىپ باققان بولسىڭىز؟

جاۋاب: ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىم ھەققىدە توختالغۇدەك پەۋقۇلئاددە تەرەپلەر يوق. كەم ھوسۇللۇق يازغۇچى بولغانلىقىمغا خاس ئويلاپ، خىيالىمدا پىشقان نەرسىنى يەر تاللىماي، شارائىت تاللىماي يېزىۋېرىمەن. دىققىتىم مەركەزلەشكەندە، ھەرقانداق ۋاراڭ-چۇرۇڭمۇ ماڭا دەخلى قىلالمايدۇ. يېزىۋاتقاندا ئۆزۈمنى ۋۇجۇدۇمدىن تۆكۈلۈپ-تۆكۈ-لۈپ قانمايۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. بىر ئەسەرنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر مەزگىل سۈكۈتلۈك ئوي ئىچىدە يۈرىمەن. ھە، راست، بۇ گېپىم بىر تەرەپلىمە. شاھمات ۋە پۇتبول ھەۋەسكارى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىشتىن سىرتقى كۆپ ۋاقتىم شۇ ئويۇنلار بىلەن ئۆتىدۇ. ئەمما كىتاب ئوقۇشنى، ئاڭلىغان، كۆرگەن، ئوقۇغانلاردىن خاتىرە يېزىشنى ئۈزۈپ قويمايمەن. ئائىلە ئەھۋالىم ياخشى. ئايالىم مېنى ھەر جەھەتتىن تولۇق چۈشىنىدۇ ۋە قوللايدۇ. ئومۇمەن يېزىقچىلىققا ئولتۇرسىلا يېتەرلىك شارائىتنى ھازىرلاپ بېرىدۇ...

سوئال: يېزىۋاتقان ئەسەرلىرىڭىز ۋە يازماقچى بولغان ئەسەرلىرىڭىز ھەققىدە بىلىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

جاۋاب: ۋاقىت، شارائىت شۇنداقلا پۇرسەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھورۇنلۇقنى تاشلىسام، ئۆزۈمنى كونترول قىلالىسىلا يەنە بەزى نەرسىلەرنى يازالىشىمدىن ئۈمىد بار. مەسىلە، پەقەت مېنىڭ ئىشلىشىمدە. بۇ يەردە يازماقچى بولغان ۋە يېزىۋاتقان نەرسىلىرىم توغرىسىدا توختالغۇم يوق. مەن ئىلگىرى يازماقچى بولغان ۋە يېزىپ پۈتكۈزەلمىگەن نەرسىلىرىم-نى باشقىلارغا ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىپ باققان، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەك ناچار بولدى. ئاشۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى يازالمىدىم ۋە ئاخىرلاشتۇرالمىدىم. ھېس قىلىشىمچە، بىر قېتىم سۆزلەنگەندىن كېيىن خۇددى دەرد-ئەلەمنى سۆزلەپ، يۈرەكتىن چىقىپ يېنىكلەپ قالغاندەك، ئاندىن ئۇ نەرسىلەرگە بولغان قىزىقىش ياكى شۇ نەرسىنىڭ سىرلىقلىقى ئاجىزلايدىكەن. سۆزلىگۈچىگە قارىتا جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەنلەيدىكەن. بۇ، مەندىكى بىر چوڭقۇر تەسىرات. شۇڭا، بۇ ھەقتە توختالغۇم يوق. راست گەپنى دېسەم، مەندە چوڭراق نەرسە يېزىپ چىقىش پىلانىمۇ يوق. كىچىك نەرسىلەرنى سۆزلەپ يۈرۈش ئانچە ئەھمىيەتلىك بولماس.

سوئال: ئەينەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىڭىزدىن ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

جاۋاب: ئەسەرلىرىم بېسىلىۋاتقىنىغا ھەش-پەش دېگۈچە 15يىل بوپقاپتۇ. ئەگەر ئۇ ئەسەرلەر راستىنلا ئەدەبىياتقا تەئەللۇق نەرسە دەپ قارالسا،

مەن ئاشۇلاردا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل خاتاغا يول قويىدۇم :بىرى ، قەلەمگە ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەرگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلدۇم . سىياسىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغانلىقىم سەۋەبلىك يۈزەكى ھادىسىلەرنى يېزىپ ، ئىنسان ماھىيىتىگە ياتىدىغان يۈكسەك تېمىلارغا سەل قارىدىم .سىياسىي ساھە كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىلارنى كۆپرەك يېزىپ ، خەلق قەلبى مايىل نەرسىلەرنى ئازراق يازدىم . قەلەمگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان دوستلۇق ، ۋاپادارلىق ، ئېتىقاد ، ساداقەت ، باتۇرلۇق ، پىداكارلىق ، مېھىر-شەپقەت ، ئادالەت ، ئىنتىلىش ، ئارزۇ-ئۈمىد . . . ئۈستىدە كەم توختالدىم . ئىككىنچى خاتالىق ، بۇ ،يېزىقچىلىقنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە تەۋە مەسىلە بولۇپ ، ئەسەرلىرىمدە تەسۋىردىن بايان كۆپ ،بايانىدىن مۇھاكىمە كۆپ بولۇشتەك بىنورمال ھالەت داۋام قىلىپ كەلدى .بۇ خىل ھالەت ئەسەرلىرىمنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى ياكى پۇچەك كۆرسىتىپ قويىدى . . . ئەمما مەن ئىجادىيەت ھاياتىمدا تۇرمۇشنى بېزەپ كۆرسىتىش ،رەڭ بېرىش ، دورامچىلىق قاتارلىقلاردىن ئىلاجىمنىڭ بارىچە ساقلاندىم .تۇرمۇش ھەقىقىتىگە سادىق بولۇشقا تىرىشتىم . يېزىقچىلىقنى خۇشامەتچىلىك ۋاستىسىغا ، ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇشتىن ساقلاندىم . . . ئەسەرلىرىمدە گەرچە بىرتالاي يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردىن تۇرمۇشنىڭ شۇ بىر دەۋر كارتىنىسىنى ئانچە-مۇنچە پەرق ئەتكىلى بولىدۇ ،دەپ قارايمەن .ھېچ بولمىغاندا ئىجتىمائىيەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن شۇنداق !

سوئال : ئاخىرىدا ، قەلەمداش دوستلىرىڭىز ، سىزگە ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلىرىڭىز ، جۈملىدىن دەۋرىمىز ياشلىرىغا ئېيتىدىغان يۈرەك سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار .

جاۋاب : بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ھەممىدىن مۇھىمى ، ئېتىقادلىق ئادەم بولۇش . مەن قايسىبىر كىتابتىن :« يېزىقچىلىق - تىلدىكى چىۋەرلىك ئەمەس ، بەلكى بىر ئەقىدىنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت »دېگەن ھېكمەتنى ئوقۇغانمەن .يازغۇچى ئۆز قەلىمى ئارقىلىق ئۆز ئەقىدىسىنى سەممىيلىك بىلەن تاپشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالىسا ،ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ساپالىق يازغۇچى شۇنداقلا بەختلىك يازغۇچى بولۇشقا مۇناسىپ . . .

مەندە ياشلار ئۆگەنگۈدەك ھېچنەرسە يوق . مېنىڭچە ،باشقىلاردىن ئۆگەنگەندە ، ئەڭ ياخشىسى توغرا ، ھالال ، باتۇر ، مەردانە ، مۇھەببەتلىك ، بىرئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ، ئېتىقادلىق ئادەم بولۇشنى ئۆگەنگەن تۈزۈك . لۇشۇن ئەپەندىنىڭ :« تومۇردىن قان چىقىدۇ ، بۇلاقتىن سۇ »دېگىنى بويىچە قارىساق ، دۇرۇس ئادەم بولماي تۇرۇپ ، خەلققە پايدىلىق نەرسىلەرنى چىقىرالىشىمىز ناتايىن . ئەڭ ياخشىسى ، ئالدى بىلەن ئادىمىي كامالەتنى قوغلاشقان ئەۋزەل . . .

ئابدۇقادىر ھاشىم : رەھمەت ، ناھايىتى ياخشى سۆزلەپ بەردىڭىز ،ئاخىرىدا ئىجادىيىتىڭىز ئۇتۇق تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن .

نۇرمۇھەممەت توختى : رەھمەت !

---

ئابدۇقادىر ھاشىم : قەشقەر سۇ-ئېلېكتر مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى
نۇرمۇھەممەت توختى :خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (M2)

## ئاپتورلار سەمىگە:

ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك ئاپتورلارغا قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشنى سورايمىز.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئەدىبلەر ئارخىپىدىن



## مەمتىمىن هوشۇرغا خەت

سالام مەمتىمىن !

ياخشى تۇرغانسىز ؟ئۆي ئىچىڭىز تىنچلىقتۇ ؟ تۇرسۇنئايىنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ ؟بىزدىن ھەممىڭلارغا سېغىنىشلىق سالام .

ھەلىمە قىشتا غۇلجىدىن كېلىپ سالىمىڭىزنى يەتكۈزگەنىدى ؛يېقىنىدا ماڭا ئەۋەتكەن «بۇ چۈش ئەمەس »دېگەن كىتابىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم . ئاپتورنىڭ بېغىشلىمىسىدىكى «ئېغىر كۈنلەردە ھەمسۆھبەت بولغان بۇرادىرىمگە »دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇپ ،ئىختىيارسىز خىيالغا چۆكۈپ كەتتىم .ئۇ چاغلاردا بىز ياش يىگىت ئىدۇق . . . مانا قاراڭ ، تۇنۇگۇنلا مەن مەلۇم ئانكىتقا يېشىمنى 51 دەپ توشقازدىم .بېغىشلىمىغا قاراپ خىيال قىلا-قىلا ئاخىرى كىتابنى تاشلاپ قويدۇم .شۇ پېتى بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇنى قولغا ئېلىشقا پۇرسەت بولمىدى . ئاڭغىچە باللىرىم نۆۋەت بىلەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بېرىملاشتۇرۇپ قويۇپتۇ .«مەمتىمىن ئاكام يېزىپ قويىدىكەن-ھە . . . »دېدى، باللارنىڭ كىچىككى مەمتىلى .ئۆيدە كىتابنى تولا ئوقۇيدىغىنى شۇ ئىدى . ئەنە شۇ چاغدىلا مەن كىتابنى قايتا قولغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆردۈم .كىتابتىكى ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرىنى مەن بۇرۇن ئوقۇغانىكەنمەن .دەسلەپ « . . . ؟ »دېگەن ھېكايىنى ئوقۇدۇم .ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بىرسائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بەش قىسقا ھېكايىنى ئوقۇپ بولدۇم .نېمىشقىدۇ ،ئادەتتە يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ھېكايىلىرىنى بىرەرسى تەۋسىيە قىلمىسىلا ئانچە ئوقۇپ كەتمەيتتىم .بۇ ھېكايىلەرنى ئوقۇپ بولۇپ ،خېلىلا ھاردۇقۇم چىقىپ قالدى . ئەتىسى ئىشخانىدا ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىنى ئىشداشلىرىمغا سۆزلەپ بېرىۋىدىم ،ئۇلار : «ھېسامنىڭ يېڭى ئۇنئالغۇ لېنتىسى نەشر قىلىنغان ئوخشىمامدۇ »دېيىشتى .كىتابنى چولام تەگكەنچە باللار بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئوقۇپ تۈگەتتىم . «قىزنىڭ قەلبى »پۈتۈنلەي ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ . «بۇ چۈش ئەمەس» ، «ھەمسەپەر »لەر. ئاساسەن ئېسىمدە بار ئىكەن .قالغانلىرىنى تۈنجى قېتىم ئوقۇشۇم .

كىتابنى ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئۆزۈمنى خۇددى تۇرگېنىفنىڭ: «ئوۋچى خاتىرىلىرى»نى ئوقۇۋاتقاندەك روھىي ھالەتتە ھېس قىلدىم: جىددىيلەشمىدىم، بېسىم ھېس قىلمىدىم، مۇگدەكمۇ باسمىدى، يەڭگىل بىرخىل روھىي ھالەت ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلەپ تۇردى. شۇ چاغدا ماڭا سەپسالغان كىشى مەندىن مېيىقىمدا بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەشنىڭ ئىزناسىنى كۆرگەن بولاتتى. بەزىدە پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىدىغان چاغلىرىممۇ بولۇپ تۇردى. بۇنداق چاغلاردا كىتابنى تاشلاپ قويۇپ، ئازراق ئارام ئالغاچ كۆزلىرىمنىڭ چۈرىسىنى ئېرتىۋالاتتىم.

مەن ئەمدى كىتابىڭىز ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلاي:

كىتابنىڭ تىلى بەزىدە ماڭا زادىلا قاملاشمىغاندەك بىلىنەتتى: ئويلىسام بەزى جۈملىلەر لوگىكىغا زادىلا ئۇيغۇن ئەمەس تۇرىدۇ. لېكىن ھەرقانچە ئويلاپ كۆرسەم، ئۇ جۈملىلەرنى شۇ جايدا شۇنداق ئالمىسا بولمايدىغان بولۇپ چىقىدۇ. بەزى جۈملىلەرنى ئۆزۈمچە تۈزىتىپ كۆرىمەن، لوگىكىلىق قۇرۇلمىسىنى قانچە مۇكەممەل قىلغانچە، گەپ شۇنچە ئەزمىلىشىپ، ئوقۇش شۇنچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمەن. مەن ئىلمىي ماقالىلىرىمنى يازغاندا، جۈملىلەرنىڭ سىز ئىشلەتكەندەك قۇرۇلمىسىغا زادىلا يول قويالمايمەن. لېكىن سىز مېنى دوراپ قالسىڭىز، زادىلا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ مېنىڭ سىزگە دەيدىغان بىرىنچى گېپىم.

ئىككىنچى گەپ، ھازىر نەشرىيات ئورۇنلىرىدا كونا مۇھەررىرلەر ئازلاپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، «ئىدىيۋىلىك»نىڭ روشەن بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئۇ پېشقەدەملەر ھېكايىڭىزنى ئوقۇپ بولۇپ، قولىيازمىڭىزنى ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بەرگەن بولاتتى.

ئۈچىنچى گەپ، ئەگەر سىز بىرەر مەقسەتنى ئۇقتۇرماقچى بولسىڭىز، گەپنى بەكلا يىراقتىن باشلايدىكەنسىز. گەپ قانچە يىراق، ئالاقىسى يوق ئىشتىن باشلانسا، مەقسەتكە شۇنچە تېز يېقىنلاشقىلى بولىدىغانلىقى، بۇ بىر ئاجايىپ ئىش ئىكەن.

تۆتىنچى گەپ، سىز كۆز قاراشلىرىڭىزنى ۋەقەگە سىڭدۈرۈش يولىدا كۆچ چىقارمايدىكەنسىز. كۆز قاراش ئىستىخىيىلىك ھالدا ۋەقەنىڭ ئۆزىدىن ئۈنۈپ چىقىدىكەن. سىز يازغاندا ۋەقەلىكنى مەقسەتكە مۇۋاپىق قىلىپ توقۇماي، مەقسەت ئۇنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرۇدىغان ۋەقەلىكلەرنى تاللاپ يازىدىكەنسىز.

بەشىنچى گەپ، جۈملىلىرىڭىز (ھەجمى جەھەتتىن) ئۆزى ئىپادىلىگەن مەنىگە قارىغاندا، خېلىلا قىسقىدەك تۇرىدۇ. جۈملىلەر ۋە ھەربىر ھېكايە ئەمدى يەنىمۇ قىسقارتىشقا بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغان. بەزى جۈملىلەردە ئىككى ئىگە، ئۈچ پېئىل، تۆت خەۋەر باردەك تۇرىدۇ (مەن سۈپەت، رەۋىشلەرنى ياقتۇرمايمەن، ئۇلارنى ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلىۋالىمەن). بىر جۈملىنى بىرەر ئابزاسنىڭ ئورنىغا يېزىپ قويغان يەرلىرىڭىزنىمۇ كۆردۈم.

شۇنىڭغا قارىغاندا، جۈملىلەرنى كېسىپ قىسقارتىپ، قايتا-قايتا ئۇلاپ يۇرۇشكە ۋاقتىڭىز يېتەرلىك ئوخشايدۇ.

ئالتىنچى گەپ، ھېكايىلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ ئەڭ ياخشى ھېكايە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئۇلار خۇددى زىياپەت ئۈستىلىدىكى ھەرخىل سەيلەرگىلا ئوخشايدىكەن. بۇ ئۈستەلدە پەرمۇدە، زىخ كاۋاب، قورۇما بېلىق، ياغدا پىشقان خاسىڭ، ئاچچىق-چۈچۈككە چىلاپ يۇمغاقسۇت ئارىلاشتۇرۇلغان فىنتوزا-قېرىن سەيلەرنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. ئىشىنەمسىز، زىياپەت ئارىلىقىدا، تولا چاغلاردا مېنىڭ كۆڭلۈم ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەشتەكتىكى زەنجىۋىل پۇراپ تۇرىدىغان پالەك شورپىسىغا بەكرەك تارتىپ تۇرىدۇ.

ئاخىرقى گەپ، مەن كىتابنى ئوقۇۋېتىپ پات-پاتلا بۇرادىرىمىز مەتتىمىن شەھەردە چوڭ بولغان زىيالىي بالا بولىدىغان، يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن باشقا بىر مەتتىمىن دېگەن يازغۇچى بارمۇ، قانداق؟! دەپ گۇمانلىنىپ تۇردۇم. ئەگەر گۇمانىم توغرا بولسا، بۇ يازغۇچى ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان يەرلەرنى، مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنى، تۇرمۇشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

«قىزنىڭ قەلبى»نى ئوقۇغان چېغىمدا ئېپىلوگدىكى «A»ھەرپىگە ئايرىمچە دىققەت قىلدىم. تاللاپ ئوقۇشقا توغرا كەلسە، كۆڭۈلنى غەشلىك باسقاندا «ھاراق توغرىسىدا»نى، مىللىتىمە توغرىسىدا ئويلانغاندا «بۇ چۈش ئەمەس»نى، ھېچنېمىنى ئويلىمىغاندا «ساراڭ»نى، ئاياللارنى چۈشىنىش توغرا كەلسە «گۈللىگەن 'دالا»نى زېرىككەندە «ھەمسەپەر»نى ئوقۇسا بولغىدەك. ئارقا كوچىدىكى «مۇساپىرلار قاۋىقىدا»دىن شۇنچىۋالا پەلسەپىلىك ئىدىيىنىڭ چىقىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ئىلاج قانچە، ئەمەلىيەتتە ئۇ چىقتى. ئەگەر بىرەر چەت ئەل مەملىكىتىدە «دۇنيا ئەدەبىياتى» دېگەن ژۇرنال نەشر قىلىنىپ تۇرۇلۇۋاتقان بولسا، ناۋادا بۇ ژۇرنال بىزدىن بىرەر ھېكايە ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۇلارغا «ئايخان»نى ئەۋەتىپ بەرسەك بولغىدەك. «سەۋىيە»نىڭ سەۋىيىسى ھەممىدىن يۇقىرى ئىكەن. مەن كەنجى ئوغلۇم مەمتىلىدىن قايسى ھېكايە ئەڭ ياخشى ئىكەن، دەپ سوراپ باقسام. ئۇ: «مۇساپىرلار قاۋىقىدا»، يەنە «ساراڭ»مۇ بار، دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇ ھېكايىلەرنى تاللىغانلىقىنى دەپ بېرەلمىدى. ئەگەر بىلگىڭىز كەلسە، كىتابىڭىزدىكى قىزىق گەپلەر ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقى كىتابنىڭ 206-بېتىدىكى: «ۋاي شەرمەندە! يەنىچۇ؟» دېگەن سۆز ئىكەن. ئوقۇپ شۇ جايغا كەلگەندە ھەلىمە بىلەن ئىككىمىز بىراقلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. «مۇشۇ غۇلجىنىڭ بىكارچى خوتۇنلىرىزە» دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى ھەلىمە ۋە ماڭا قاراپ: «ھەئە . . . سىزمۇ ئوخشاپ قېلىۋاتامسىز نېمە؟بېشىنى قايتا ئوقۇماي ئاخىرىنى ئوقۇۋېرىڭ» دەپ قولىدىكى پايپاق توقۇۋاتقان زىخنى مەڭزىمگە سانجىپ قويدى. كەسپىم باشقا بولغانلىقتىن، ئەدەبىي

ئەسەرلەردىن خەۋەرسىز قالىدىكەنمەن. ئەسەرلىرىڭىزنى ماڭا ۋاقتىدا تەۋسىيە قىلىپ تۇرۇڭ. باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ تونۇشتۇرۇڭ.

ئەمدى مەن سىزدىن سوراپ كۆرەي: سىز قايسى ئەسىرىڭىزنى ئەڭ ئۇتۇقلۇق چىققان، دەپ ھېسابلايسىز. يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئەڭ مەمنۇن بولغان ئەسىرىڭىز قايسى بولدى؟ سىز ماڭا شۇ ئەسىرىڭىز ھەققىدە تەپسىلىيرەك باھا يېزىپ ئەۋەتسىڭىز. مەن ئەسەرگە باھا يېزىشنى ئۆگىنىپ باقسام قانداق بولار، دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدىم.

خەت يېزىپ تۇرارسىز، خەير-خوش.

مەھمۇت ئىلياس
1992-يىل 22-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

---

مەھمۇت ئىلياس (ئىدىقۇتلۇق): شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە فىزىكا ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى، ھازىر پېنسىيەدە (ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى).

# مەھمۇت ئىلياسقا جاۋاب خەت

سالام مەھمۇت!

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالغىنىمغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان بولسىمۇ ۋاقتىدا جاۋاب خەت يازالمىدىم. ژۇرنالنىڭ («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ يىللاردا يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدى - مۇھەررىردىن) 3-، 4-سانلىرىنىڭ ماقالىلىرىنى تەييارلاش ئىشى ماڭا يۈكلىنىپ قېلىپ ئالدىراش بولۇپ قالدىم.

خېتىڭىزنى بۈگۈن قولۇمغا ئېلىپ، يەنە قايتا ئوقۇدۇم. خۇشال بولدۇم. ئەسەرلىرىمگە زېرىكمەي تەپسىلىي باھا يېزىپسىز. سىزمۇ بىلىسىز، ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىگە باشقىلارنىڭ قانداق باھا بېرىدىغانلىقىغا بەكمۇ قىزىقىدۇ...

ھازىرقى ئوقۇرمەنلەر 1950-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئوقۇرمەنلەرگە ئوخشىمايدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرىمىزنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چەتئەللەرنىڭ ھەرخىل ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇپ تۇرۇۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئىشتىھاسى باشقىچەرەك. ئۇلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، مەن ئەسەرلىرىمنى ھەرخىل ئۇسلۇبتا يېزىپ باقتىم. باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ قويۇشتىنمۇ ئىلاجى بار ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. چۈنكى دوراش ئىجادىيەت ئەمەس... چەت ئەل يازغۇچىلىرى بەزى غەيرىي ئۇسۇللارنى قوللانغاندا، ئىپادىلەشتە ئەركىن بولىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. شۇڭا، بەزى چاغلاردا ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يېزىش ئۇسۇلىمىزدىن چىقىپ كەتكەن يەرلىرىممۇ بولدى. ماڭىدىغان يولنىڭ كەڭ بولغىنى ياخشى-دە، ئەلۋەتتە. «ساراڭ»نى ئوقۇغاندا سىز بۇنى بايقىدىڭىز. «ساراڭ»نىڭ ئۇسلۇبىدا يەنە «بۇرۇت ماجراسى» («تارىم» ژۇرنىلى 1991-يىل 1-سان)، «قىرلىق ئىستاكان» («تارىم» ژۇرنىلى 1991-يىل 8-سان) قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازدىم. كۆرۈپ باقسىڭىز ياخشى بولاتتى. مەكتەپ قىرائەتخانىسىدىن ئەلۋەتتە تاپقىلى بولىدۇ.

خېتىڭىزنى ئوقۇپ: «مەھمۇت ئەسەرلەرگە باھا يازسا ئوبدان بولغىدەك!» دەپ قالدىم. بەزى ئوبزورلارنى ئوقۇسام ئىچىم پۇشىدۇ. قارىسىڭىز: كۆتۈرۈپ چىققان كۆز قارىشى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرغان نەرسىلەرگە يېزىلغان باھا كۆپ. چۈنكى مۇنداق ئەسەرلەرگە باھا يازماق ئوڭاي؛ بەدىئىيلىكى ياخشى، ئىپادىلىگەن يوشۇرۇن مەنىسى چوڭقۇرراق نەرسىلەر ئۈستىدە تۈزۈكرەك بىر نېمە دەيدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق. چۈنكى مۇنداق ئەسەرلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يېڭىچە گەپ قىلىشقا، ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنە بەزى ئوبزورلاردا بولسا سەممىمي، چىن گەپلەر يوق. خۇددى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات كونسپېكتىغا ئوخشاش قۇرۇق نەزەرىيە گەپلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن.

مەھمۇت، سىز بۇجەھەتتە ئۆزىڭىزنى بىر سىناپ باقسىڭىز بولغىدەك. ھازىرغىچە مېنىڭ 30 پارچىغا يېقىن ھېكايەم خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ھېكايىلىرىمگە خەنزۇلارمۇ ئازراق دىققەت قىلىپ قالغان ئوخشايدۇ. خەنزۇچە «مىللىي يازغۇچىلار» (民族作家) ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىلقى 2-سانىغا «مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلەر دۇنياسى» دېگەن بىر ماقالە بېسىلدى. پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆرۈپ باقسىڭىز بولاتتى.

قايسى ئەسىرىمنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن. «ساراڭ»نىڭ يېزىش ئۇسلۇبى ياشلارغا ناھايىتى ياقتى. «ئايخان» توغرىسىدا ئوبزورچىلار كۆپ غۇلغۇلا قىلىشتى. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ كۆپى «مۇساپىرلار قاۋىقىدا»نى «قالتىس ئەسەر بوپتۇ!» دەپ يۈرۈشىدۇ. مەنمۇ «ئايخان»نى بەدىئىيلىك جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر، دەپ قارايمەن. سىز ئېيتقاندەك، «مۇساپىرلار قاۋىقىدا» چوڭقۇر بىر پىكىر يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. «بۇرۇت ماجراسى» ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

خەت يېزىپ تۇرۇڭ. قالغان گەپلەرنى كېيىنكى خېتىمدە يازىمەن. مەندىن ھەلىمە ۋە بالىلىرىڭىزغا سالام ئېيتارسىز.

ھۆرمەت بىلەن: مەمتىمىن
1992-يىل 26-ماي، غۇلجا

---

مەمتىمىن ھوشۇر: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى (ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى) (M2)



# ئەخلاق باغچىسىدىن گۇلدەستە

## «تۈركىي گۈلىستان ياخۇد ئەخلاق» ۋە ئابدۇللا ئەۋلانىي

قەيەردە ئەدەب-ئەخلاق، دىيانەت، نومۇس بولمىسا ياكى بۇزۇلغان بولسا، يەنى ئادەملەرنىڭ ئەپئال، كەيپىيات، مىجەز-قىياپەتلىرىدە غەيرىيلىك، بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى ئاشكارا ئۆرلەپ تۇرسا، ئۇ هالدا شۇ يەرنىڭ، شۇ ئەلنىڭ بەختى-ئىقبالى، مىللىي شۆھرىتى زەبۇنلۇققا بۇرۇلىدۇ، دەيدۇ ئاتا-بوۋىلار.

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاق نەمۇنىلىرىدىن بەھرىلەندۈرۈش مەقسىتىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ «ئەخلاق باغچىسىدىن گۇلدەستە» سەھىپىسىدە ئابدۇللا ئەۋلانىينىڭ 1913-يىلى يازغان «تۈركىي گۈلىستان ياخۇد ئەخلاق» ناملىق دىداكتىك ئەسىرىنى ئۆز ئىمكانىيىتىمىزگە كۆرە سەل-پەل قىسقارتىپ هوزۇرى ئېتىبارىڭىزلارغا سۇنىدۇق. بۇ ئەسەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە ئۆزبېكلەرنىڭ، جۈملىدىن 30-يىللاردا قەشقەرنىڭ بەزى يېڭىچە مەكتەپلىرىدە ئەخلاق دەرسلىكى قىلىنغان.

ئەسەر ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت تۈپەيلى بەزىبىر دىنىي ۋە تەسكىرىي قاراشلاردىن خالىي بولالمىغان. ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ئەينەك قىلىشتا «مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى تاشلاش»،

«قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش» پرىنسىپى بويىچە، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئۇشبۇ ئەسەردىن «تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش» ئاساسىدا پايدىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئەسەرمۇئەللىپى ئابدۇللا ئەۋلانىي (1878 – 1934) ئۆزبېكىستان شائىرى، دراماتورگى، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى. ئەمگەك قەھرىمانى (1925)، پروفېسسور (1930). كونا مەكتەپ ۋە مەدرىسىدە ئوقۇغان (1890-1884). تاشكەنت شەھىرىدە يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرغان (1904)؛ «تۇران» (1913-يىلدا، 1914-يىلدىن تارتىپ «تۈركىستان») تىياتىر تروپپىسىنى، «نەشرىيات» (1914)، «مەكتەپ» (1916) ناملىق نەشرىياتچىلىق شىركەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان؛ «شۆھرەت» (1907)، «تۇران» (1917) گېزىتلىرىنى نەشر قىلغان. 1918-يىلى بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرگەن. «ئىشتىراكىيىيۇن» (كوممۇنىست) گېزىتىنى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭ مۇھەررىرى بولغان (1918). «كەسەبەچىلىك ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى (1921)، تاشكەنتنىڭ كونا شەھەر رايونلىرىدىكى خوتۇن-قىزلار ۋە ئەرلەر مائارىپ بىلىم يۇرتلىرىدا (1929-1922) مۇدىر، تاشكەنت كونا شەھەر مائارىپچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى (1923) بولغان. تۈركىستان ھەربىي رايونى قارىمىقىدىكى مىللىي ھەربىي مەكتەپتە (1929-1924)، ئوتتۇرا ئاسىيا كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا (1929-1925)، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا (1934-1930) ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئابدۇللا ئەۋلانىي يېڭىچە مەكتەپلەر ئۈچۈن بىر قاتار دەرسلىكلەر يازغان ۋە نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، «تۈركىي گۈلىستان ياخۇد ئەخلاق» شۇلار جۈملىسىدىندۇر. ئۇلاردىن تاشقىرى ئۇنىڭ شېئىر توپلاملىرى، دراما ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

— مۇھەررىردىن

# تۈركىي گۈلىستان ياخۇد ئەخلاق

### ئابدۇللا ئەۋلانىي

مەن بۇ ئەرزىمەس ئەسىرىمنى يېڭى مەكتەپلىرىمىزنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدا تەلىم بەرمەككە ۋە شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئەدەبىيات سۆيەرمەنلىرى ھەم ئەخلاق ھەۋەسكارلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەر نەزەرلىرىگە تەقدىم قىلدىم.

ھەر كۈنى بولۇرمەن شامغىچە مەن غەمگە گىرىپتار،
ھەر كېچە كۆيۈرمەن ئاتەشكە پەرۋانە كەبى زار.
ھېچكىم بىلمەس بۇ مېنىڭ دەردۇ ھالىمنى،
مەن كېسەل-خەستەمەنۇ، مىللىتىم بولمىش نىگەبىمار؟!

2-بېسىلغان يىلى: ھىجرىيە 1336، مىلادىيە 1917، تاشكەنت.

## ئەخلاق

ئەخلاق-ئىنسانلارنى ياخشىلىققا چاقىرغۇچى، يامانلىقتىن قايتۇرغۇچى بىر ئىلىمدۇر. ياخشى خۇلقلارنىڭ ياخشىلىقىنى، يامان خۇلقلارنىڭ يامانلىقىنى دەلىل ۋە مىساللار بىلەن بايان قىلىدىغان كىتاب ئەخلاق ئىلمى دېيىلۇر.

ئەخلاق ئىلمىنى ئوقۇپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، جانابىھەق نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ياراتقانلىقىنى، يەر يۈزىدە نېمە ئىش قىلماق ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى بىلۋالۇر. بىر كىشى ئۆزىنى چۈشەنمىسە، ئىلىمنى، ئىلىم ئەھلىنى، ياخشى كىشىلەرنى، ياخشى نەرسىلەرنى، ياخشى ئىشلارنىڭ قەدىر – قىممىتىنى بىلمىگەي. ئۆز ئەيىبىنى بىلىپ، ئىقرار قىلىپ، ئۇنى تۈزەتمەككە ئەستايىدىل كىرىشكەن ۋە جەزم قىلغان كىشى چىن باھادىر ۋە پەھلىۋان كىشىدۇر. رەسۇلىئەكرەم نەبىيىي مۆھتەرەم ئەپەندىمىز: «مىزان تارازىسىغا قويۇلىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە ياخشى خۇلقتىن ئېغىرراقى يوقتۇر....» دەيدۇ.

سۆزلىمەك سۆزلە ياخشى سۆزلەردىن،
بولمىسا جىم تۇرمىقىڭ ئېرۇر ياخشى.
ئويلىساڭ ياخشى پىكىرلەر ئويلا،
بولمىسا تىلسىز بولمىقىڭ ئېرۇر ياخشى.
ئىشلىسەڭ ئىشلە ياخشى ئىشلارنى،
بولمىسا بىكارلىقىڭ ئېرۇر ياخشى.

## خۇلق

ئىنسان ئىككى نەرسىدىن تۈزۈلمىشتۇر: بىرى تەن، ئىككىنچىسى نەپس. تەن كۆز ئارقىلىق بار نەرسىلەرنى كۆرۈر. ئەمما نەپس ئىدراك ئىلە

ياخشىنى ياماندىن ، ئاقنى قارىدىن ئايرۇر . تەنىنىڭمۇ ، نەپسىنىڭمۇ بىرەر سۈرىتى باردۇركى ،ئۇ يا ياخشى ، يا يامان بولۇر . تەنىنىڭ سۈرىتى ھەممىگە مەلۇم بىر نەرسىدۇركى ، ھەر ۋاقىت كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغاي . ئەمما نەپسىنىڭ سۈرىتى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ، ئەقىل بىلەن ئۆلچىنىدىغان بىر نەرسىدۇركى ، ئۇ خۇلق دەپ ئاتىلۇر . ئەگەر بىر كىشى ياشلىقىدا نەپسى بۇزۇلۇپ ، تەربىيىسىز ، ئەخلاقسىز بولۇپ ئۆسكەن بولسا ، تۈگەشكىنى شۇ . بۇنداق كىشىلەردىن ياخشىلىق كۈتمەك يەردە تۇرۇپ يۇلتۇزلارغا قول ئۇزاتماققا ئوخشاشتۇر . رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۇھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز ئېيتۇر :

«بىر تاغنىڭ ئورنىدىن كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئىشىتكەن بولساڭلار ، ئىشىنىڭلەر ، ئەمما بىر ئادەمنىڭ خۇلقى ئۆزگەردى دەپ ئىشىتسەڭلەر ، ئىشەنمەڭلەر» .

خۇلقى يامان يۈز-كۆزلۈكتىن نە پايدا ،
خۇيى يامان كىشىلەر باردۇر ھەر جايدا .
ئۆزگەرتمىكى بەسى مۈشكۈل خۇيىنى ،
«خۇيۇڭ ئۆزگەرت ئەي دوست» ، دېمەڭ مۇبادا .

يامان خۇلقنىڭ كەلتۈرگۈسى كۆپ زەرەر ،
ۋاقتى كېلىپ باشىڭغا كالتەك ئۇرار .
خۇلقى يامان كىشىلەردىن قىل ھەزەر ،
يامان خۇلق ھەر كىشىنى قىلۇر خارۇزار .

## ياخشى ۋە يامان خۇلقلار

ئەخلاق ئالىملىرى ئىنسانلارنىڭ خۇلقلىرىنى ئىككىگە بۆلمىشلەر : ئەگەر نەپسى تەربىيەت تېپىپ ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلەنسە ، ياخشىلىققا تەۋسىپ بولۇپ ، «ياخشى خۇلق» دەپ ، ئەگەر تەربىيەتسىز ئۆسۈپ ، يامان ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ قالسا ، يامانلىققا تەۋسىپ بولۇپ ، «يامان خۇلق» دەپ ئاتىلۇر .

جانابىھەق ئەسلىدە ئىنسانلارنى ئىستىبداتلىق ۋە قابىلىيەتلىك ، ياخشى بىلەن يامانى ، پايدا بىلەن زىياننى ، ئاق بىلەن قارىنى ئايرىيالايدىغان قىلىپ ياراتمىشتۇر . لېكىن ئىنسانلاردىكى بۇ قابىلىيەتلەرنى كامالىغا يەتكۈزمەك تەربىيە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقاي . «قوش ئۇۋۇسىدا كۆرگىنىنى قىلۇر» . ئىنسان قابىلىيەتلىك جەۋھەردۇر . ئەگەر كىمىكى ياخشى تەربىيەت تېپىپ ، بۇزۇق خۇلقلاردىن ساقلىنىپ ، گۈزەل خۇلقلارغا ئادەتلىنىپ چوڭ بولسا ، ھەممە كىشىگە ياقىدىغان ، بەختىيار بىر ئىنسان بولۇپ چىقۇر . ئەگەر تەربىيەتسىز ، ئەخلاقى بۇزۇلۇپ ئۆسسە ، ئاللادىن قورقمايدىغان ،قانۇن-قائىدىگە بويسۇنمايدىغان ،نەسىھەتنى ئاڭلىمايدىغان ، ھەر خىل بۇزۇق ئىشلارنى قىلىدىغان نادان ، جاھىل بىر رەسۋايى ئالەم بولۇپ قالۇر .

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۇھتەرەم ئەپەندىمىز : «ئىمانى كامىل بولغان كىشىلەر ياخشى خۇلقلۇق بولغاي ، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى خۇلقلۇقلىرىڭلار خوتۇنلىرىغا ياخشىلىق قىلغانلاردۇر» دەيدۇ .

خۇدانىڭ رەھمەتۇ پەيزى ھەممە ئىنسانغا بەكەردۇر
ۋە لېكىن تەربىيەت بىرلەيېتىشمەك شەرتى ئەكبەردۇر .
تۇغۇپ قويغانغىلا بولماس بالا ، بولغاي بالا سىزگە ،
ۋۇجۇدى تەربىيەت تاپسا ، بولۇر ئول رەھنەما سىزگە .
تەربىيەت تاپسا تۇمۇرچى ئوغلى بولغايلار ئالىم ،
بۇزۇلسا خۇلقى ،گەر بولسىمۇ لوقمان ئوغلى ،بولۇر
زالىم .
قوشۇلدى يامانلارغا نۇھنىڭ ئوغلى ئولدى بىئىمان ،
يۈردى كەھف ئىتى① خوپلار بىرلە بولدى ئاتى ئىنسان .

## تەربىيە

تەربىيە «پېداگوگىيە» يەنى بالا تەربىيىسى پەنى دېمەكتۇر .

ئەخلاق ئىلمىنىڭ ئاساسى تەربىيە بولغانلىقتىن ، شۇ توغرىسىدا بىر ئاز سۆزلەيمىز . بالىنىڭ تەن ساقلىقى ۋە سائادىتى ئۈچۈن ياخشى تەربىيە قىلىش - ئۇنىڭ تېنىنى پاك تۇتماق ، ياش ۋاقتىدىن باشلاپ مەسلىكىنى تۈزەتمەك ، ياخشى خۇلقلارنى ئۆگەتمەك ، يامان خۇلقلاردىن ساقلاپ ئۆستۈرمەكتۇر . تەربىيە قىلغۇچى گويا تېۋىپ كەبىدۇركى ، تېۋىپ كېسەلنىڭ بەدىنىدىكى كېسەلگە داۋا قىلغىنىغا ئوخشاش ، تەربىيە قىلغۇچىمۇ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جاھىللىق مەرىزىگە «ياخشى خۇلق» دېگەن داۋانى ئىچىدىن ، «پاكلىق» دېگەن داۋانى سىرتىدىن بېرىپ ئۆستۈرمىكى لازىمدۇر . چۈنكى «ھەسسىنۇ ئەخلاقەكۇم» (ئەخلاقىڭلارنى تۈزىتىڭلەر ! ) دېگەن بۈيۈك ئەمرى بويىچە خۇلقىمىزنى تۈزەتمەككە بۇيرۇلغانمىز . لېكىن خۇلقىمىزنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ نېگىزلىك تايانچى تەربىيىدۇر .

ئەخلاقىمىز بىناسىنىڭ گۈزەل ۋە چىرايلىق بولۇشىغا تەربىيىنىڭ زور تەسىرى باردۇر . بەزىلەر «تەربىيىنىڭ ئەخلاققا تەسىرى يوق ، ئىنسانلار ئەسلى يارىتىلىشىدا قانداق بولسا ، شۇنداق ئۆسىدۇ ، تەبىئىيتى ئۆزگەرمەس» ،

«يامان خۇي تۈزەلمەيدۇ دەرمان ئىلە ،
يىپەك بولماس يىپ ، رەڭگى ئەلۋان ئىلە .

① «كەھف ئىتى» «ئەسھابۇل كەھف» (غار ئەھلى )نىڭ ئىتىنى كۆرسىتىدۇ . — ت

قارالڭ ، بىر دەرەخكە يېمىشى يامان ،
بولۇر ياخشى ، ئۇلاق ۋە پەرۋىش ئىلە .
بىلىنگەيلەر ھەر نەرسە ئەسلى رەڭگىدىن .
ۋە ياكى ئۇلانغان ئۇلاق زەڭگىدىن »-دەرلەر .

لېكىن بۇ سۆز توغرا ئەمەستۇر . چۈنكى تەربىيىنىڭ ئەخلاققا ئەلۋەتتە تەسىرى بولىدۇ . خەلقىمىزدە مەسەل باركى : «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقۇر» ، مانا بۇ سۆز توغرىدۇر . رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز : «ئىلىم تەلەپ قىلىش (ئۆگىنىش )بۆشۈكتىن تا لەھەتكە كىرگۈنچە بولۇر» دېگەنىدى . بۇ ھەدىس شەرىفنىڭ مەزمۇنى بىزلەرگە دەلىلدۇر . ھۆكۈمالاردىن بىرى : «ھەر بىر مىللەتنىڭ سائادىتى ، دۆلەتلەرنىڭ تىنچلىقى ۋە راھىتى ياشلارنىڭ ياخشى تەربىيىسىگە باغلىقتۇر» دەيدۇ . ئىسلام شەرىئىتىدە ئۆز بالىلىرىنى ياخشى تەربىيە قىلماق ئاتىلارغا «فەرزى ئەين» ، ئۆز مىللىتىنىڭ يېتىم قالغان بالىلىرىنى تەربىيىسىگە ئالماق «فەرزى كىفايە»دۇر .

ھەر كىشىنىڭ دۇنيادا ئارامى جانى تەربىيەت ،
بەلكى ئاخىرىدا ئېرۇر دارۇلئامانى تەربىيەت .
تەربىيەت ھەمراھ ئېتەدۇر ھۇر ئىلە رىزۋانلارغا ،
گەر دېسەم بولماس خاتا جەننەت ماكانى تەربىيەت .
ئەي ئاتىلار ! جانىلىرىڭىزدىن تاتلىق پەرزەنتىڭىز ،
غەيرەت ئەيلەڭ ئۆتمەسۇن ۋاقىت-زامانى تەربىيەت .
مىسلى ھۇما قوش سايىسى تەربىيەتنىڭ سايىسى ،
بىزدە ئەنقا تۇخۇمدەك يوق ئاشيانى تەربىيەت .

## تەربىيىنىڭ زامانى

ئەمدى ئوچۇق مەلۇم بولدىكى ، تەربىيىنى بالا تۇغۇلغان كۈندىن باشلىماق ، ۋۇجۇدىمىزنى قۇۋۋەتلەندۇرمەك ، پىكرىمىزنى نۇرلاندۇرماق ، ئەخلاقىمىزنى گۈزەللەشتۇرمەك ، زېھنىمىزنى روشەنلەشتۇرمەك لازىم ئىكەن . تەربىيىنى كىملەر قىلۇر ؟ قەيەردە قىلىنۇر ؟ دېگەن سوئاللار تۇغۇلىدۇ . بۇ سوئاللارغا : «بىرىنچى ، ئۆي تەربىيىسى ، بۇ ئانا ۋەزىپىسىدۇر ؛ ئىككىنچى ، مەكتەپ ۋە مەدرىسە تەربىيىسى ، بۇ ئاتا ، ئوقۇتقۇچى ، مۇددەرىس ۋە ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىدۇر» دەپ جاۋاب بەرسەك ، بىر كىشى : «قايسى ئانىلارنى دەيسىز ، بىلمىسىز ، بېشى پاقماق ، قولى توقماق ئانىلارنىمۇ ؟ ئۆزلىرىدە يوق تەربىيىنى قەيەردىن ئېلىپ بېرۇرلەر» دەر . مانا بۇ سۆز كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزۇر ، باغرىنى ياندۇرۇر . ئاتىسىغا نېمە دەيسىز ، دېسەك ، «قايسى ئاتىنى ؟ تويچى-ئويۇنچى ، ئوغلاقچى ، بەزمىچى ، دۇتارچى ، كانايچى ، سۇنايچى ، ئىلىم قەدرىنى بىلمىگەن ، ئۈچۈن بىر تىيىننى قىيمىغان ، زاماندىن خەۋەرسىز ئاتىلارنى دەمسىز ؟ ئالدى بىلەن شۇ ئاتىلارنى ئوقۇتماق ، تەربىيە قىلماق لازىمدۇر »دەر . مانا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كىشىنىڭ روھى چۈشۈپ كېتۇر .

ھە ، بولمىسا ئوقۇتقۇچىچۇ ؟ دېسەك ، «قايسى ئوقۇتقۇچى ؟ مەقسىتى پۇل ، مەسلىكى شۆھرەت ، يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇمىغان ، «ئۇسۇلى تەلىم» كۆرمىگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئېيتامسىز ؟ ئۇلار ئاۋۋال دارىلمۇئەللىمىنلەردە ئوقۇماقلىرى ، سوڭرە دەرس بەرمەكلىرى لازىمدۇر » دەر . مانا بۇ سۆز كىشىنى ھەيرەت دەرياسىغا غەرق قىلۇر .

مۇدەررىسلەرنى نېمە دەرسىز ؟ دېسەك ، «قايسى مۇدەررىس ؟ تەلەپلىرى ئاش ، مەقسەدلىرى تون ، دەرسلىرى ئىمتىھانسىز ، ئىسلاھ دېگەننىڭ يېنىغىمۇ يولىمىغان مۇدەررىسلەرنى دەمسىز ؟ ئۇلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى بىلىپ ، نەپسلىرىدىن كېچىپ ، زامانغا مۇۋاپىق تۈردە دەرسلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ، ئىمتىھان بىرلە ئوقۇتماقلىرى لازىمدۇر » دەر . مانا بۇ سۆز ھەر كىمەرسىنى ئەلئىسلاھ ! دېمەككە مەجبۇر قىلۇر . بولمىسا ، ھۆكۈمەتچۇ ؟ دېسەك ، «خەير ، ھۆكۈمەت ھەممىنىڭ ئاتىسىدۇر . ئۆز پۇقراسىنىڭ بالىلىرىنى تەربىيە قىلمىقى لازىمدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ رۇسىيە ھۆكۈمىتى ھەر يەردە بىز ئۈچۈن مەكتەپلەر ئېچىپ ، بالىلىرىمىزنى ھەقسىز ئوقۇتۇر . لېكىن ئۆزىمىز ئىشنىڭ يولىنى بىلمىگەنلىكىمىز ، ھۇرۇنلۇقىمىز ، ئۆيدە ئانا تەربىيىسى ، ئاتىدىن مىھنەت تەربىيىسى ، ئوقۇتقۇچىدىن ئەخلاق تەربىيىسى ، مۇدەررىستىن ئىلىم-پەن تەربىيىسى كۆرمىگەنلىكىمىز تۈپەيلى ، ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدىنمۇ ئۆز ئۇلۇشىمىزنى ئالالمايمىز » دەر . مانا بۇ سۆز بىزنىڭ تەربىيىدىن مەھرۇم قالغانلىقىمىزنى ، ھوقۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتۇر .

قىسقىسى ، تەربىيە بىز ئۈچۈن يا ھايات ، يا مامات ، يا نىجات ، يا ھالاكەت ؛ يا سائادەت ، يا پالاكەت مەسىلىسىدۇر . رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز : «ئىنسانلارنىڭ كەرەمى دىنىدىدۇر ، مۇرۇۋۋەتى ئەقلىدىدۇر ، ھەسەبى ئەخلاقىدىدۇر» دېگەن .

قوش بالاسىنى باققىل ياش چاغىدىن ،
مەگەر بىر قۇشنى كۆندۈرمەك بولساڭ .
تەربىيەت قىلساڭ قانداق ، بولۇر شۇنداق ،
پەرۋاز قىلغاي ئېگىز ئاسماندا ، خاھلاساڭ ،
لېكىن ئۆگىتەلمەسەن ئاناسىنى ،
رام قىلساڭ ، ھەر قانچە تەربىيەت قىلساڭ .

دېمەككىم ، تەربىيەت كېرەكتۇر ياشلىقتىن ،
چوڭ بولغاندا بولماس ئۇنۇم تەربىيەتتىن .
ئەگكەيمىز ھېچ كۆچەنەي ياش نوتىنى ،
لېكىن ئەگمەك بەسي مۇشكۇل چوڭ دەرەخنى .
ئويلانغايلار ئاتا-ئانا ، قەۋم-قېرىنداش ،
سىزگە ئېيتتىم كىچىككىنە بىر مەسلىنى .

## بەدەن تەربىيىسى

بەدەننىڭ ساق ۋە قۇۋۋەتلىك بولمىقى ئىنسانغا ئەڭ كېرەكلىك نەرسىدۇر. چۈنكى ئوقۇماق، ئوقۇتماق، ئۆگەنمەك، ئۆگەتمەك ئۈچۈن ئىنسانغا كۈچلۈك، كېسەلسىز بەدەن لازىم. ساق بەدەنگە ئىگە بولمىغان ئىنسانلار ئەمەللىرىدە، ئىشلىرىدا، ئىبادەتلىرىدە ئاجىزلىق-يېتىشسىزلىك قىلىۋرلەر. مەئىشتىمىزنىڭ راھەتتە بولمىقى بەدىنىمىزنىڭ ساغلام بولمىقىغا باغلىقتۇر. بىز ساقلىقىمىزنى ساقلىماقىقا بويرۇلغانمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋۇجۇدىمىزنى ئۇنىڭ ساغلام ۋە پاكلىقىغا زىت بولغان يامان ئادەتلەر بىلەن چىرىتمەكتىن ساقلانمىقىمىز لازىمدۇر.

بەدەن تەربىيىسىنىڭ پىكىر تەربىيىسىگىمۇ ياردىمى بار. جىسىم بىلەن روھ خۇددى بىر چاپاننىڭ تىشى ۋە ئەستىرى كەبىدۇر. ئەگەر جىسىم تازىلىق بىلەن زىننەتلەنمىسە، يامان خۇلقلاردىن ساقلىنىلمىسا، چاپاننىڭ تىشىنى قويۇپ ئەستىرىنى يۇيۇپ ئاۋارە بولغانغا ئوخشاش ئىشتۇركى، تىشىدىكى كىرى ھەر ۋاقىت ئىچىگە يۇققۇسى. پىكىر تەربىيىسى ئۈچۈن ساغلام ۋە چىنىققان بىر ۋۇجۇد كېرەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بالىلىرى كېسەل بولۇپ قالسا، پەرۋاسىزلىق قىلماي دەرھال تېۋىپ ياكى دوختۇرغا كۆرسەتمىكى لازىم.

ئىمام شافىئىي ھەزرەتلىرى: «ئىلىم ئىككى خىلدۇر: بىرى بەدەن ئىلمى، ئىككىنچىسى دىن ئىلمى»، دېگەنىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەڭ ئاۋۋال تازىلىق-ھىفزى سىھھەت قائىدىلىرىنى بىلمەك، سالامەتلىككە زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن ساقلانماق بەك مۇھىمدۇر.

ھاراق-شاراب، كۆكنار، نەشە، ئەپيۇن، چىلىم، ناس، پاپىروس قاتارلىق تەن ساقلىقىغا زىيانلىق، زەھەرلىك، بەزىسى ھارام، بەزىسى مەكرۇھ، بەزىسى ئىسراپ ھېسابلىنىدىغان نەرسىلەردىن قاچماق ۋە ساقلانماق شەرىئەت، ئەقىل، ھېكمەت يۈزىسىدىن لازىمدۇر. رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۇھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز: «نىمە رسىكى كۆپ ئىچكەندە مەست قىلىدىغان بولسا، مەن سىزلەرنى ئۇنىڭ ئازراقىدىنمۇ نەھيى قىلىمەن» دېگەنلەر.

تېنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش مۇھىم ئىش،
گۇناھلاردىن ساقلا جىسمىڭ يازۇ قىش.
كېسەل بولساڭ، بولۇر دۇنيا قاراڭغۇ،
قىيىن بولۇر مەئىشىتىڭ ھەسرەت چېكىش.
ھارامۇ شۇبھەدىن پاك ئەت ئۆزۈڭنى،
بولسۇن ئىشىڭ ئەيش-ئىشرەتتىن قېچىش.
ئىشرەتچىلەر قىلىشتىلار كەيپ-ساپا،
بولدى ئىشى ئاخىرى نادامەت قىلىش.

ياشىماقتىن بۇ دۇنيادا مەقسەت نىمە؟
بىلگىن ئەي دوست! ئەمەس ھەرگىز يەپ-ئىچىش.
دېمەڭ ياخشى نامىم قالسۇن بۇ دۇنيادا،
ئۇنىڭ شەرتى شۇكى: قىلىش ياخشى ئىش!

## پىكىر تەربىيىسى

پىكىر تەربىيىسى ئەڭ كېرەكلىك، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تەقدىر قىلىنىپ كەلگەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىققىتىگە يۈلەنگەن، ۋىجدانلىرىغا يۈكلەنگەن مۇقەددەس بىر ۋەزىپىدۇر. پىكىر ئىنسانلارنىڭ شاراپەتلىك، غەيرەتلىك بولۇشىغا سەۋەب بولۇر. بۇ تەربىيە مۇئەللىملەرنىڭ ياردىمىگە زور دەرىجىدە موھتاجدۇركى، پىكىرنىڭ قۇۋۋىتى، زىننىتى، كەڭلىكى مۇئەللىملەرنىڭ تەربىيىسىگە باغلىقتۇر. دەرس بىلەن تەربىيە ئوتتۇرىسىدا ئازراق پەرق بار بولسىمۇ، ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، بىرىنىڭ ۋۇجۇدى يەنە بىرىگە باغلانغان جان بىلەن تەن كەبىدۇر.

مەسىلەن، بىسات-كۆرپە سېلىنمىغان ياخشى بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئولتۇرماق مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئىچىگە ھەر خىل يېڭى ئۆي جابدۇقلىرى تولدۇرۇلۇپ زىننەتلەنگەن ئەسكى ئىمارەتمۇ ئولتۇرۇشقا يارىمايدۇ. مۇبادا بۇنداق ئۆيدە ئادەم ئولتۇرسا، كىشىلەر: «ئەسكى ئۆيگە يېڭى زەدىۋال»، «كىر كۆڭلەككە مەشۇت جىيەك»، «مىس قازانغا لاي تۇۋاق»، دېگەنىدەك گەپلەر بىلەن ھەجۋ-كۈلكە قىلىۋرلار.

پىكىر ئەگەر تاپسا ياخشى تەربىيەت،
خەنجەر ئالماستىنمۇ بولغۇسى ئۆتكۇر.
پىكىر كۆزگۈسىنى مەگەر باسسا دات،
روھى روشەن كۆڭۈل بولۇر بىنۇر.

## ئەخلاق تەربىيىسى

ئەخلاق تەربىيىسى: ئىنسانلارغا ئەڭ مۇھىم، زور شەرەپ، يۈكسەك دەرىجە بەرگۈچى ئەخلاق تەربىيىسىدۇر. بىز ئالدىنقى دەرستە تەربىيە بىلەن دەرس ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، دېدۇق. چۈنكى دەرس ئالغۇچى بىلگۈچى، تەربىيە ئالغۇچى ئەمەل قىلغۇچى دېمەكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيە قىلغۇچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئىلمىلىرىگە ئامىل بولۇپ، شاگىرتلىرىغا بەرگەن دەرسلىرىنى ئەمەلىيەتكە سىڭدۈرۈپ ئۆگەتمەكلىرى لازىمدۇر. بۇ رەۋىشى تەلىم (ئوقۇتۇش ئۇسۇلى) ئارقىلىق بېرىلگەن دەرس ۋە مەلۇمات شاگىرتلارنىڭ دىلىغا تېز

ئورنىشىپ، موللايى بائەمەل (ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغان ئىلىم ئىگىسى) بولغايلار.

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيىي مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز: «ئەڭ يامان كىشىلەر ئىلمىگە ئەمەل قىلمايدىغان كىشىلەردۇر» دەيدۇ. ئەگەر تەربىيە قىلغۇچى مۇئەللىم ئۆزى ئالىم بولۇپ، ئەمەل قىلمىسا، بۇنىڭمۇ شاگىرتلارنىڭ ئەخلاقىغا زور تەسىرى بولىدۇ. «داموللامنىڭ ئۆزى پالان جايدا پۇستان ئىشنى قىلدى، ئەمما بىزلەرگە قىلماڭلار، هارامدۇر، دەپ ۋەز قىلىدۇ» دەپ شاگىرتلارنىڭ پىكىر ۋە خىياللىرىغا بۇنداق شەك-شۇبھە چۈشۈپ قالغايلەر.

بېيت:

مۇنبەرئۈزرە جىلۋەئەيلەپ ۋەز ئېتەرلەر: «قىلما!» دەپ،
ئۆزلىرىنى خىلۋەتتە كۆرسەڭ ئۇنى قىلماقتا ئىمىش.
ئىچمە سۇ دەر بىزلەرگە ئالتۇن-كۈمۈش ئەسۋابلاردا،
بىلمەك مەقسەتلىرى چۈنتەككە سالماقتا ئىمىش.

١

## ياخشى خۇلقلار

ياخشى خۇلقلار. بىر بۆلۈكنى ئۆز پىسىمىزگە، يەنە بىر بۆلۈكنى بىر-بىرىمىزگە شلەتمەك ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ياخشى خۇلقلار: اتانەت، دىيانەت، ئىسلامىيەت، نازاپەت، غەيرەت، رىيازەت، قانائەت، شىجائەت، ئىلىم، سەبر، مۇلايىملىق، ئىنتىزام، مىقياسى نەپس، ۋىجدان، ۋەتەننى سۆيمەك، ھەققانىيەت، نەزەرى ئىبرەت، ئىپپەت، ھايا، ئىدراك ۋە زاكا، ھىفزى لىسان، تېجەمكارلىق، ئۇلۇغۋارلىق، خەۋپ ۋە تىلەك، ئىتائەت، ھەقشۇناسلىق، خەيرىخاھلىق، مۇنىسلىق، ساداقەت، مۇھەببەت ۋە ئەپۇدۇر. مانا بۇ ياخشى خۇلقلار ئەقىل ۋە شەرئىي شەرىف (شاراپەتلىك شەرىئەت قائىدىلىرى) گە مۇۋاپىق بولۇپ، ئاللا تائالا ھەمدە بەندىلەر ئالدىدىمۇ مەقبۇل ۋە مۆتىۋەردۇر. ئەمدى بۇ ياخشى خۇلقلارنى قولغا ئالماق ئۈچۈن پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلىرىنىڭ، مۇئەللىم-ئۇستاز ھەزرەتلىرىنىڭ ھېكمەتلىك نەسىھەتلىرىنى جان-دىلى بىلەن تىڭشاپ، دائىم ئەستە تۇتماقلىرى، ئەخلاقى ياخشى كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇپ، ئەخلاقى بۇزۇق-يامان كىشىلەردىن قاچماقلىرى لازىمدۇر. ئىسلام شەرىئىتىدە «ئەخلاقى ھەسەنە» (ياخشى خۇلقلار) بىلەن خۇلقلانماق، ھەر نەرسىگە ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراپ، خۇلقىنى تۈزەتمەك ۋاجىبتۇر. رەسۇلى ئەكرەم نەبىيىي مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىسلامىيەتتە بۇزۇقلۇق يوقتۇر، بۇزۇقلۇقنى ئۈستىگە ئالماق ھەم يوقتۇر. ئىسلامىيەتتە ئەڭ مۆتىۋەر كىشىلەر ياخشى خۇلق ئىگىلىرىدۇر» دېگەن.

بېيت:

ياخشى بىرلە يۈرسە ھەركىم، مەقسۇدى ھاسىل بولۇر،
يۈرسە نادانلار ئىلە، ئاخىر بېرىپ قاتىل بولۇر.
چوڭلار قىلغان نەسىھەتنى كىچىكلەر ئالمىسا قۇلاق،
ئاقىۋەت خۇلقى بۇزۇق بىر ئەدەبسىزجاھىل بولۇر.

### پاتانەت

پاتانەت ئەقىل ئىگىسى بولۇش دېمەكتۇر. ئەقىل ئىنسانلارنىڭ كامىل پىرى، بىردىنبىر مۇرشىدى، ئۇستازىدۇر. روھ-ئىشلەمچى، ئەقىل باشلامچىدۇر. ئىنسان ئۆز ئەقلى ئارقىلىق دىنى ۋە ئېتىقادىنى مەھكەم قىلۇر. ئەقىلسىز، ساراڭ كىشىلەر بۇنىڭغا بويسۇنماس. جانابى ھەق ئىنساننى ھايۋانلاردىن سۆز ۋە ئەقىل ئىلە ئايرىمىشتۇر. ھايۋانلار ئۆزلىرىگە باشقىلار تەرىپىدىن كېلىدىغان زۇلۇم ۋە جەبرلەرنى مۈڭگۈزى، چىشلىرى، تۇمشۇقى، تىرناقلىرى ۋە قۇيرۇقلىرى ئارقىلىق قايتۇرۇر. لېكىن ئىنسان جانابى ھەق تەرىپىدىن بېرىلمىش ئەقلى ۋە ئىدراكى سايىسىدە، ئۆزىگە كېلىدىغان زەرەر ۋە زۇلۇملاردىن ساقلىنۇر. يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنى تۇتقۇن قىلىپ، بويۇنلىرىدىن باغلاپ، چۆلۋۇرلىرىنى ئىنسانلارنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزغان ئۇلارنىڭ ئەقلىدۇر.

ئىلىم ئىنسانلار ھاياتىنىڭ مادارى، نىجادلىقىنىڭ رەھبىرىدۇر.

ئىلىم ئۆگەنمەك، ئالىم بولماق ئۈچۈن مەكتەپكە كىرىش، ئوقۇتقۇچىلاردىن تەلىم ئېلىش لازىم. ئەقىلسىز كىشىلەر يا مەكتەپكە كىرمەس، يا ئوقۇتقۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلمەس.

ھۆكۈمالاردىن بىرى: «ئەگەر ئەقلىڭنىڭ قولى نەپسىڭنىڭ تىزگىنىنى تۇتسا، سېنى يامان يوللارغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىغاي. نېمە كۆپ بولسا، شۇنىڭ باھاسى ئەرزان بولۇر. لېكىن ئەقىل ئىلىم ۋە تەجرىبە سايىسىدە قانچە كۆپەيگەنسېرى شۇنچە قىممەتباھا بولۇر» دېگەنلەر.

ئەقىلدەك گۈزەل سۈپەتنى كۆردى ھەق ئىنسانغا ئەپ،
ئاقىل ئىنسانلار بىلەن بەردى جاھان-ئالەمگە زەب.
ئەقىل نۇرى بىرلە تولدى دۇنياغا ئىلمۇ ھۇنەر،
ئەقىلسىز ئىنسان قاچان بىلگۈسىدۇر پايدا-زەرەر.

### ئىسلامىيەت

ئىسلامىيەتنى رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئەپەندىمىزنىڭ بىر ئۆزى ياخشى خۇلقلىرى سايىسىدە دۇنيا يۈزىگە تارقاتتىلەر. ساھابىلەرمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، مەھكەم ئېتىقادلىرى، ياخشى ئەخلاقلىرى، پاك قەلبلىرى، ئۆتكۈر شىجائەتلىرى بىلەن يەر يۈزىنى تىترەتتىلەر. ئىسلامىيەتنىڭ شەۋكىتى ۋە قۇۋۋىتى كۈنسېرى ئاشتى. بۇنىڭ

سەۋەبى: ساھابىلەردىكى چاڭ ئېتىقاد، بۇزۇلماس ئىتتىپاق، ساپ قەلب، ياخشى ئەمەل، خالىس نىيەت، تۈگىمەس غەيرەت، گۈزەل ئەخلاق ئىدى. ھەر نەرسىنىڭ ئاپىتى بار بولغىنىدەك، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا كۆزتەگدى. مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تەپرىقە چۈشتى. ھېكمەت ئىگىلىرى، پەن-بىلىم ساھىبلىرى ئىسلامىيەتتىن قوغلاندى. ئىلىمۇ ھېكمەت خەزىنىلىرى قۇلۇپلاندى. جاھالەت، ئاداۋەت ھۆكۈم سۈردى-دە، بۇنداق بولدى:

ئەپسۇس، ئېكىنزارنى سۇ تاشقىنى ئېلىپتۇر،
دېھقاننى پالاكەت بېسىپ، ئۇيقۇدا قېلىپتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىغا ئىتتىپاق ئورنىغا نىپاق، ئادالەت ئورنىغا زۇلۇم، مۇھەببەت ئورنىغا ئاداۋەت، غەيرەت ئورنىغا ئاتالەت، مۇرۇۋۋەت ئورنىغا غەزەپ، ساخاۋەت ئورنىغا بېخىللىق، تەۋازۇ ئورنىغا كىبىر، ساداقەت ئورنىغا ئىپتىرا، شەپقەت ئورنىغا ھەسەت، ھىلىم ئورنىغا ھاماقەتلىك، ھۆرمەت ئورنىغا خۇسۇمەت، قانائەت ئورنىغا تەمە، سەبر ئورنىغا چوڭچىلىق، ئىقتىساد ئورنىغا ئىسراپخورلۇق، ئەپۇ ئورنىغا دەھشەت، سەئيى ئورنىغا ساپاھەت، غەيرەت ئورنىغا خۇراپات يەرلەشتى. مانا شۇ يامان خۇلقلار سەۋەبلىك، سائادەتلىك ئەسىرلەردىن كېيىن ئىسلامىيەت كەينىگە قاراپ كەتتى. بىچارە مىللەتنىڭ چىن خەلىپىلىرى، ئالىملىرى، ھۆكۈمالىرى تەختىدىن، مەنسىپىدىن، مەزھىپىدىن ھەيدەلدى. ئادىللار ئورنىغا زالىملار، ئالىملار ئورنىغا جاھىللار، بۇلبۇللار ئورنىغا قاغىلار، پاختەكلەر ئورنىغا ھۇقۇشلار، بىلىملىكلەر ۋە ھەكىملەر ئورنىغا ئاللىكىملەر ئولتۇردى. شۇ سەۋەبلەرگە كۆرە، ئىسلامىيەت دۇنياسى ئىنقىراز سەھراسىغا يۈزلەندى. ئىسلام مەملىكەتلىرى كەينى-كەينىدىن كۆزدىن غايىب بولدى.

يەتتە نۆۋەت ئولتۇرۇر ھۇقۇش سۇلايمان تامىغا،
ئۆمۈچۈكلەر ئىن قويۇر ئەفراسىياپ ئايۋانىغا.

## نازاپەت

نازاپەت دەپ ئەزالىرىمىزنى، كىيىملىرىمىزنى، ھەر خىل ئەسۋابلىرىمىزنى پاك ۋە تازا تۇتماقىقا ئېيتىلۇر.

پاكلىك زېھنىڭ ۋە ئىدراكىڭنى چوڭقۇر ۋە ئۆتكۈر قىلۇر. خەلق ئارىسىدا ئېتىبار ۋە شۆھرەتكە سەۋەب بولۇر. پاكلىق بىلەن ھەر خىل كېسەللىكلەردىن قۇتۇلۇپ، جىنىمىزنىڭ قەدرىنى ئوبدان بىلگەيمىز. پاك بولماق سالامەتلىكىمىز، سائادىتىمىز ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك نەرسىدۇر. پاك بولمىغان كىشى ھەر ۋاقىت سۆيۈمسىزدۇر. يىرتىق ۋە كونا كىيىملەرنى كىيمەك ئەيىب ئەمەس، بەلكى يېڭى كىيىملەرنى كىر قىلىپ، شۇپتۇر پۈرىتىپ يۈرمەك زور ئەيىب ۋە گۇناھ. چۈنكى بۇ شەرىئەتكە خىلاپ، بەدەن تەربىيىسىگە زىت، ئەجنەبىيلەر كۆزىگە ئىسلامىيەتنى چىركىن قىلىپ كۆرسەتمەكتۇر ۋە يەنە شۇ سەۋەبلىك بىر يىلغا يېتىدىغان كىيىملەر ئالتە ئايغا يەتمەي قىرقىلىپ، يىرتىلىپ تۈگىگەي. بۇ ئىسراپچىلىق بولۇپ، بايلىق قەدرىگە يەتمىگەنلىكتۇر. ئىپلاسلىق بالاسىدىن پاكلىق داۋاسى ئارقىلىق قۇتۇلماق كېرەك. بېلىقنىڭ ھاياتى سۇ بىلەن بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ سالامەتلىكى ھاۋا ئىلەدۇر. ئەگەر تەن يۇيۇلۇپ پاكلىنىپ تۇرمىسا، قولاق كىر بولسا ئاڭلىيالمىغاندەك، بەدەنمۇ ئۆزىگە كېرەكلىك ھاۋانى ئىچىگە ئالالمىغاي، ئىچىدىكى ھۆللۈكمۇ كىردىن ئۆتۈپ چىقىپ كېتەلمىگەي. چۈنكى بەدەن ئەلگەككە ئوخشاش ئۇششاق كۆزلۈكتۇر. ئەگەر كۆزلىرى كىرلىشىپ قالسا، ئۇن تۇرماق سۇ ھەم ئۆتمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن تازا بولمىغان كىشىلەر قورقۇنچلۇق كېسەللىكلەرگە ئوڭاي گىرىپتار بولۇپ قالۇر ۋە شادلىقلىرى غەمدە، ئالتۇندىنمۇ قەدىرلىك ئۆمۈرلىرى كېسەلخانىلاردا ئۆتۈر.

خەلقى ئالەم سۆيگۈسىدۇر تازىلىق، پاكنى،
پاكلىق ئارتتۇرغۇسىدۇر پەھىم ئىلە ئىدراكنى.
ھەر كىشىنىڭ كۆكسىدە پاكلىق نىشانى بولمىسا،
تازىلىق مەيدانىدىن قوغلىغاي ئول بىباكنى.

## تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت

تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت دەپ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە ۋە خىزمەتلەرنى ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلماقىقا ئېيتىلۇر. ئىش خۇشياقماسلىق ئىنساننى ھەر ۋاقىت خار قىلۇر ۋە تەمە بالاسىغا گىرىپتار قىلۇر. بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولغان كىشىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمەس، ھۇرۇن كىشىلەر ئۈچۈن بىرەر سائەتنى ئۆتكۈزمەك قىيامەتتىن قىيىندۇر. غەيرەت ۋۇجۇدىمىز سائادىتىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە بەختىيار بولۇشىمىزغا سەۋەبتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرىمىز تىرىشىپ، ئۆز كۈچىمىز بىلەن مەئىشىتىمىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىپ، باشقىلارغا موھتاج بولماي راھەت-پاراغەتتە ياشىمىقىمىز لازىم. ساقلىقىمىز، سائادىتىمىز، بايلىقىمىز، قانائىتىمىز، سەبرىمىز، پەزىلىتىمىز، قىسقىسى، پۈتكۈل ھاياتىمىز ھەرىكىتىمىز-تىرىشچانلىقىمىزغا باغلىقتۇر. تىرىشچان كىشىلەر مەقسەتلىرىگە تېز يېتۈرلەر. ھۇرۇن كىشىلەر ھەر نەرسىدىن مەھرۇم، دائىم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ، خارلىقتا ياشىغۇسى.

كىشى ياش ۋاقتىدا ئىلىم ۋە مەرىپەت، ھۈنەر ۋە سەنئەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمىسە، ئەلۋەتتە

خارلىقتا قالىدۇ . قانۇنغا زىت بولمىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلماق ئەيىب ئەمەستۇر . ئەگەر بۇ ئىشلارغىمۇ ئۇنىماي ، بۇ دېگەن كۆمۈرچىلىك ، ئۇ دېگەن تۆمۈرچىلىك ، ماڭا مۇناسىپ ئەمەس ، دەپ ئىشىياقماسلىق قىلىپ لاغايلاپ يۈرسە ، بۇ زور ئەيىب ، غەيرەتسىزلىكتۇر . «غەيرەتلىكتىن ئىمان قۇتۇلماس» دېگەن مەسەل بار . دېمەك ، بۇ دۇنيالىقىمىز ۋە ئاخىرىتىمىز ئۈچۈن غەيرەتنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىمدۇر . غەيرەت ئىمانغا ، سەلاپەتى ۋىجدان (ۋىجدان ئۇلۇغۋارلىقى ) غا دالالەت قىلىدۇ .

## رىيازەت

رىيازەت (جاپا چېكىش ) ئەدەبنىڭ كانى ، روھنىڭ دەرماندۇر . ئىنسانلارنى توغرا يولغا سېلىپ ، ئەگرى يولدىن قايتۇرغۇچى رىيازەتتۇر . شۇل سەۋەبلىك رىيازەت چەككۈچىلەر ئاقىل ۋە پازىل بولىدۇ . بۇنداق كىشىلەر ئاللا ۋە خالايىققىمۇ مەقبۇل ۋە مۆتىۋەر بولىدۇ . ھۇرۇنلۇق ۋە كۆپ ئۇخلىماق ، يامان ئادەملەر بىلەن بىللە يۈرمەك ، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەك ، ئەيش-ئىشرەت قىلماق ، كۆپ يېمەك-ئىچمەك ، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلماق ، چايخانا-ساماۋارخانىلاردا ، كوچىلاردا ئەزىز ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەك قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى رىيازەتكە زىت بولۇپ ، ئۆمۈرنىڭ ئىنىكى ، خۇدانىڭ غەزىپىدۇر .

ئەپلاتون ھەكىم : «مەن رىيازەتنىڭ لەززەتنى ھېچ نەرسىدىن كۆرمىدىم . سەۋەب شۇلكى ، ۋۇجۇدۇمنىڭ ساقلىقى ، روھىمىنىڭ سائادىتىنى رىيازەتتىن تاپتىم . شۇنىڭ ئۈچۈن رىيازەت سائادەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر ، دەيمەن . چۈنكى پىكىرنىڭ ، تىلنىڭ ئۆتكۈرلىشى-راۋاجى بەدەننىڭ رىيازىتىگە باغلىقتۇر» دەيدۇر .

ئىبنى‌سىنا ھەكىم ئېيتۇر : «تەن رىيازىتىدىن كۆپرەك روھ رىيازىتى لازىمدۇر . مەرد كىشى ئۆزىنى رىيازەت ۋە ئەدەب بىلەن كۆرسەتسۇن . ئىنسان بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت مەئىشەتتىلا ئەمەس ، بەلكى ياخشى ئەخلاق ئىگىلىمەكتىدۇر» .

رىيازەت مېۋىسىدۇر مىسلى بادام ،
تېشى قاتتىق ، ئىچى خۇددى ئىشتا ئىنئام .
كىشىنى مەقسەتىبرى باشلار رىيازەت ،
رىيازەتسىز ئىش بولغاي بىسەرەنجام .
ئەگەر سەبرۇ رىيازەت چەكسەڭ ، ئەي جان ،
پىشىپ ئالدىڭغا چۈشكەي مېۋە ئى خام .

## شجائەت

شجائەت دەپ باتۇر ۋە يۈرەكلىك بولماقتا ئېيتىلىدۇ . شجائەتلىك كىشى ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان باتۇر ۋە يۈرەكلىك بولىدۇ . تىرىشچانلىق ۋە غەيرەتنىڭ تەتۈرى ئىشىياقماسلىق ۋە ھۇرۇنلۇق بولغىنىدەك ئوخشاش شجائەتنىڭ زىتى قورقۇنچاقلىقتۇر .قورقۇنچاق سودىگەر پايدا تاپالماس .قورقۇنچاق كىشى ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈيدۇ ،ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا پېتىنالمايدۇ . كىشىلەر كۆپىنچە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچاقلىق تۈپەيلى مال-دۇنياسىدىن ،جانلىرىدىن ، ئەل-يۇرتىدىن ئايرىلىپ قالغاي .شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىشتا شجائەتنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىمدۇر . شجائەت - ئىنسانىيەتنىڭ ساپ كۆزگۈسى ،ئىپپەت ، غەيرەت كەبي ياخشى خۇلقلارنىڭ نۇرلىنىشىدۇر . شجائەتنىڭ ھەقىقىتى قەلبىنىڭ ماتانەتىدىن ،روھنىڭ سالامەتىدىن ئىبارەتتۇر .ھازىرقى زاماندا باتۇرلۇق بايلىقتا بولۇپ ، قايسى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ بايلىق-دۆلىتى بولسا ، شۇل ئۈستۈن بولماقتىدۇر . چۈنكى ھۆكۈمەت ئۈچۈن خەلق ،خەلق ئۈچۈن ھۈنەر ، ھۈنەر ئۈچۈن ئىلىم ،ئىلىم ئۈچۈن ئاقچا لازىمدۇر .

باي مىللەتلەر مىللىيەتلىرىنى يوقاتماس ،راھەت ۋە سائادەتتە ياشار .بۇگۈنكى كۈندە مەدەنىي مىللەتلەر ئۇرۇشلىرىنى تىجارەت ۋە سانائەتكە ئايلاندۇرۇشتى ھەم بۇ جەھەتتە بىر-بىرلىرىگە غەلىبە ۋە رىقابەت قىلىشقا باشلاشتى .ياۋروپا سېھرىگەرلىك ۋە جادۇگەرلىك بىلەن ئەمەس ،تىجارەت ۋە سانائەتگەرلىك يولىدا چېلىشىپ ،ئافرىقا ۋە ئاسىيانى ئەسىر ۋە بېقىندى قىلماقتىدۇر .

بۇ زاماندا پىل بىلەن جەڭ ئەيلىمەك ئەرلىك ئەمەس ،
ئەر ئۇشۇلدۇر تۇتسا كىم ئىلىم-ھۈنەرنىڭ پېشىنى .
بەشلەپ-ئۇنلاپ سوم تېپىشسا ئىلىم بىلەن ئەغيارلار ،
بىزلەر بولۇپ ئىشچى- ھامال ئالۇرمىز تىيىننى .
باشقىلار سەنئەت-تىجارەتلە تەرەققىي ئەيلىسە ،
بىزنى ئەل تارتارئاياغدىن سۆدرىگەن كەبي ئىتنى .

## قانائەت

قانائەت دەپ جانابى ھەق تەرىپىدىن ئېھسان بولغان ئەھۋالغا ،ئېرىشكەن نېمەت ۋە بايلىقلارغا شۈكرى قىلماققا ،بېشىمىزغا كەلگەن پەقىرلىك ، مۇسىبەت ، پالاكەتلەرگە چىداپ ،سەبر قىلماققا ئېيتىلىدۇر .

قانائەت-ھەسەت ،تەمە ،ھېرىس ،خارلىق كەبي ئىللەتلەرنىڭ داۋاسى ،نەپسىمىزنىڭ غىناسىدۇر .

قانائەت بىر خەزىنىدۇركى ، ئىچىدىكى بايلىقلار كۈنسېرى ئارتقۇسى ،بۇ خەزىنىگە ئېرىشكەن كىشىلەر ئۆمۈرلىرىنى شەۋق ۋە راھەتتە ئۆتكۈزگۈسى .شۇنىڭ بىلەن بىللە قانائەتسىزلىكتىن پەيدا بولىدىغان ھەسەتخورلۇقتىن - جاننىڭ ئەڭ زور دۈشمىنىدىن قۇتۇلۇر .چىن ئىنسانلار كىشىلەرنىڭ مېلىغا ،

مۈلكىگە، سائادىتىگە، مەئىشىتىگە ھەسەت قىلماس، قانائەتتىن ئايرىلماس ۋە ئۆمرىنى راھەتتە ئۆتكۈزگۈسى. ئىنسان ئۆز كۈچى يەتكۈچە ھېرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانماق، جانابىي ھەق تەقدىردىكى نەرسىدىن نېمىنى بەرسە، شۇنىڭغا قانائەت قىلماق لازىمدۇر. چۈنكى ئىنسان ئۆز مەئىشىتىنى، نومۇسىنى ساقلىماق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىش دەرىجىسىگە قەدەر تىرىشىش-كۆرىشىشكە بۇيرۇلمىشتۇر، لېكىن بۇنىڭ مەشرۇئى - شەرتى ھەربىر ئىشتا قانائەتنى قولدىن بەرمەسلىكتۇر. ئالەمدە قانائەتتەك دىلنى پاكلايدىغان نەرسە يوقتۇر.

ھەزرىتى ئەلى ئەپەندىمىز: «دۇنيادا تىرىشىش-تىرمىشىش بىلەن مەئىشەت ئۆتكۈزگەن قانائەت ئىگىسى خۇددى ھېچكىمگە موھتاج بولمايدىغان بايلارغا ئوخشاش راھەت ۋە سائادەتتە ياشىغۇسى» دېگەندى.

## ئىلىم

ئىلىم دەپ ئوقۇماق، يازماقنى ياخشى بىلمەككە، كېرەكلىك ھەر بىر نەرسىنى ئۆگەنمەككە ئېيتىلۇر. ئىلىم - دۇنيانىڭ ئىززىتى، ئاخىرەتنىڭ شاراپىتىدۇر. ئىلىم ئىنسان ئۈچۈن غايەت ئالىي ۋە مۇقەددەس بىر پەزىلەتتۇر. چۈنكى ئىلىم بىزگە ئۆز ئەھۋالىمىزنى، ئىش-ئەمەلىمىزنى كۆزگۈ كەبىي كۆرسىتۇر. زېھنىمىزنى، پىكرىمىزنى قىلىچ كەبىي ئۆتكۈر قىلۇر. ساۋابنى گۇناھتىن، ھالالنى ھارامدىن، تازىنى چىركىندىن ئايرىپ بېرۇر. توغرا يولغا باشلامچىلىق قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشىمىزغا سەۋەب بولۇر. ئىلىمسىز ئىنسان يېمىشسىز ياغاچقا ئوخشاشتۇر. ئىلىمنىڭ پايدىسى شۇنچىلىك كۆپكى، تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولماس. ئىلىم بىزلەرنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتقۇزۇر، مەدەنىيەت، ئىنسانىيەت، مەرىپەت دۇنياسىغا چىقىرۇر، يامان پېئىللاردىن، بۇزۇق ئىشلاردىن قايتۇرۇر، ياخشى خۇلق ۋە ئەدەب ئىگىسى قىلۇر. قىسقىسى، پۈتكۈل ھاياتىمىز، سالامەتلىكىمىز، سائادىتىمىز، بايلىقىمىز، مەئىشىتىمىز، ھىممىتىمىز، غەيرىتىمىز ئىلىمگە باغلىقتۇر.

ئىلىم بىر دەرياكى، ئىچى تولمىش دۇررۇ گۆھەر بىلەن،
قىممەتى-قەدرىن ئۇنىڭ قانداق بىلگەي جاھىل يىلان.

ئالىم كىشىلەر ھەر يەردە ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇماق، بىلمەك پۇرسەتلىرىنى قولدىن بەرمەي، ۋۇجۇدىمىزنىڭ دۈشمىنى بولغان جاھالەتتىن قۇتۇلماقىقا بارلىق كۈچ-غەيرىتىمىز بىلەن تىرىشمىقىمىز لازىمدۇر.

## ئىلىمنىڭ قىسىملىرى

ئىلىم دىنىي بىلىملەر ۋە پەننىي بىلىملەر دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈر.

دىنىي كىشى بولماق ئۈچۈن دىنىي بىلىملەرنى ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە ھېساب، ھەندەسە، تارىخ، ھېكمەت، كىمىيا، تىب، زىرائەت ئىلىملىرى كەبىي پەننىي بىلىملەرنىمۇ بىلمەك، چىن ئالىم بولماق لازىمدۇر. چۈنكى بۇ ئىلىملەرنىڭ ھەر ئىككى تۈرى ھەم بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيالىقىمىز، ھايات ۋە سائادىتىمىز ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىكتۇر.

ئۆتكەن زاماندىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەر بىر ئىلىمگە بار ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەنلىكتىن (ئىسلام ئۆلىماسى ئىمام غەززالىي ھەزرەتلىرى 900گە يېقىن كىتاب يازغانىدى)، ئوقۇدى، ئوقۇتتى. ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئىسلامىيەت تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىيەت تارقالدى، كىتابخانىلار، قىرائەتخانىلار، يېتىمخانىلار، كەمبەغەلخانىلار، كېسەلخانىلار ئېچىلدى. ھازىرقى مۇسۇلمانلار مۇتەئەسسىپلىقى ۋە جاھىللىقى بىلەن ماختانسا، ئاۋۋالقى زامان مۇسۇلمانلىرى ئىلىم ۋە مەرىپەت، كىتاب ۋە ئەسەرلىرى بىلەن ماختىنار ئىدى. قىسقىسى، ھەر بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلمىقى ۋە يۈكسەلمىكى شۇ مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپىتىگە، ھۈنەر ۋە سەنئىتىگە باغلىقتۇر.

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئەپەندىمىز: «ئىلىم ئۆگەنمەك ھەر بىر ئەر، ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر» دېگەندى. ئەجەبا، قۇرئانىمىز، پەيغەمبىرىمىز ئۇقۇڭلار، ئۆگىنىڭلەر، دەپ ئەمر قىلغان تۇرسا، بىز نەئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايمىز، قىمىرلىمايمىز؟! باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، يازنى ياز، قىشنى قىش دېمەي، ئىلىم يولىدا جانلىرىنى تىكىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى ئەگىشىپ-ئىز بېسىشىپ، كۆزلىرىمىزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان بىر زاماندا، بىز نېمە ئۈچۈن ھامان ئۇيقۇدىن، غەپلەتتىن، جاھالەتتىن بېشىمىزنى كۆتۈرمەيمىز، ئۆلگە ئالمايمىز؟!

پەيغەمبىرىمىز: «ئالىم بول، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى بول ياكى ئىلىمنى ئىشتكۈچى بول، ھېچ بولمىسا، شۇلارغا مۇھەببەت قويغۇچى بول، بەشىنچىسى بولما، ھالاك بولۇرسەن» دېگەنىدىغۇ!

تاپار ئىلىم بىلەن ئادەم ئوغلى كامال،
يەتكۈزمەس كامالغا جامال بىلەن مال.
كېرەك ئۆرتەنمەك ئىلىم ئۈچۈن شامدەك،
تونۇلماق جاھانغا ئىلىمسىز مەھال.

تەلەپكار بولۇر ئىلىمگە ئاقىل كىشى،
ساتار ئىلىم بازارى مالى ھالال.
تەلەپ قىلماق پەرزدۇر بىزگە ئىلىم،

بۇ ئەمر ئورتاقتۇر ئەر-خوتۇن ،ياش-چال .

## سەبر

سەبر دەپ بېشىمىزغا كەلگەن بالا-قازالارغا چىدامىلىق بولماققا ئېيتىلۇر .ھەرقانداق ئىشتا سەبر ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلماق لازىمدۇر .

ئىنسان ھەر قانداق ئىشتا سەبرچان ۋە چىدامىلىق بولسا ، مەقسىتىگە تىنچ ۋە راھەتتە يېتۇر ۋە ھەمىشە سائادەتتە ياشىغاي .

ئاستا بارغان كىشى مەقسىتىگە يەتكەي ،
سەبرسىزلەر ئالدىراپ كاج يولغا كەتكەي .
ئەگەر سەبرنىڭ بولسا نەپسىڭگە يولداش ،
سېنى تەڭرى ياردىمىگە ئۈلىتكەي .

نەپسىنى سەبر بىلەن بويسۇندۇرغان كىشى ھەر قانداق ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلماي ،ئەستايىدىل ھەرىكەت قىلۇر .نەپسىنى ھالاكەتتىن ،مەغرۇرلۇقتىن ساقلار .سەبر شۇنداق بىر كۈچلۈك نەرسىدۇركى ، شەھۋەتنى ئىپپەتكە ،غەزەپنى شجائەتكە ،قاتتىقلىقنى يۇۋاشلىققا ،چوڭچىلىقنى كەمتەرلىككە ،يامانلىقنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرماققا قۇۋۋىتى يېتۇر .

ئەرەبلەر :«ئەسسەبر مىفتاھ ھۇلفەرەھ» (سەبر ئادىلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر )دەيدۇ .

سەبرئىلە ھەر مۇشكۇل ئىش زائىل بولۇر ،
سەبر قىلغان مەقسىتىگە نائىل بولۇر .
ھەر كىشىدە بولمىسا سەبرى جەمىل ،
يۈرۈپ نەپس كويىدا سائىل بولۇر .
سەبر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىتەر ،
سەبرسىزلەر ئۆز ئاياغىدىن يىتەر .

## مۇلايىملىق

مۇلايىملىق دەپ بولار-بولماس ئىشقا ئاچچىقلانمايدىغان ،ئارسلان يۈرەكلىك ،يۇمشاق تەبىئەتلىك بولماققا ئېيتىلۇر .

مۇلايىملىق ئىنسانلارنىڭ مىجەزىدىن خۇسۇمەت ، ئاداۋەت ،غەزەپ ،قىزىققانلىق قاتارلىق ناچار خۇلقلارنى يوقىتىدىغان ،ھەركىمگە ماقۇل كېلىدىغان بىر سۈپەتتۇر .مۇلايىملىق ئەخلاق ئىلمى يۈزىسىدىن ئىنسانغا ئەڭ كېرەكلىك نەرسىدۇر .

نەپسنىڭ راھىتى ،قەلبنىڭ ماتانىتى ،پىكىرنىڭ سالامىتى ،ۋىجداننىڭ ھالاۋىتى مۇلايىم تەبىئەتلىك بولماق بىلەن ھاسىل بولۇر .چۈنكى مۇلايىم كىشىلەر ھەرقانچە قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت ئىگىسى بولسىمۇ ، ئۆزىدىن ئاجىز كىشىلەرگە قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلماس .پىكرى سالامەت كىشىلەرنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ،مىجەزى ئوبدان كېلۇر .چۈنكى ۋۇجۇدىمىزدىن پەيدا بولىدىغان قىلىقلىرىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنىڭ مەنبەسى ھەۋەس ۋە ئارزۇدۇر .بۇ ھەۋەس ۋە ئارزۇ ئۈستىدىن پەقەت مۇلايىملىق-يۇۋاشلىق بىلەنلا غالىب كېلۇرمىز ۋە بۇ ۋەسىلە ئارقىلىق توغرا يولغا كىرىپ ،ياخشى خۇلق ئىگىسى بولۇرمىز .دۇنيادا چىن ئىنسان بولماق ئۈچۈن ھەۋەسنىڭ قولىغا نەپسىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزمايدىغان ،بولار-بولماس ئىشلارغا ئاچچىقلانمايدىغان ،سوغۇققان ،يۇمشاق تەبىئەتلىك ،سىلىق سۆزلۈك ،مۇلايىم ۋە سەبرلىك بولۇشىمىز لازىمدۇر .

زاتىغا يۇۋاشلىقنى ئۆزلەشتۈرسە ھەر كىشى ،
ئىككى ئالەمدە بولۇر راھەت-ھالاۋەتتە ئىشى .

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۇھتەرەم ئەپەندىمىز ئېيتۇر :«ئەلھىلمۇ سەييىدۇل ئەخلاق» (مۇلايىملىق خۇلقلارنىڭ باشلامچىسىدۇر ) .

سوقرات ھەكىم ئېيتۇر :«قاتتىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشىلەرگە مەن ئۇلۇغۋارلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن قارشى تۇرۇرمەن .چۈنكى مۇلايىملىق قاتتىقلىقنى ،دۈشمەنلىكنى پەسەيتۇر . لېكىن كىشىنى ئاجىز ۋە خارلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرىدىغان مۇلايىملىقتىن بىزارمەن» .

بۇسۆزدىن چۈشىنىلىدۇكى ،چەكتىن ئاشقان قولى ئوچۇقلۇق بۇزۇپ-چېچىش سانىلىدىغىنىدەك ،ئورۇنسىز يۇۋاشلىق قىلماق ئىنساننىڭ غورۇرى ۋە ئېتىبارىنى ئاياغ ئاستى قىلۇر .شۇنىڭ ئۈچۈن مۇلايىملىق چەك-چېگرىسىدىن چىقماي ،غەزەپ ،ئاچچىقلىنىدىغان يەرلەردە مۇلايىملىق قىلىپ ، نەپسىنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتمەك كېرەك .لېكىن نەپسە تەۋرىمەس ،تۇرتسە مىدىرلىماس بولۇۋېلىپ ، غەيرەت-شجائەتلىك قىلىدىغان يەرلەردىمۇ يۇۋاشلىق قىلىش مۇلايىملىق چېگرىسىدىن چىقىپ ،بوشاڭلىق ، گالۋاڭلىق دۇنياسىغا غەرق بولغانلىقتۇر .بۇنداق مۇلايىملىقتىن قاچماق ، ھەزەر قىلماق كېرەك .

مۇلايىملىقنى قىلساڭ ئەگەر ئىختىيار ،
بولۇر خەلقى ئالەم ساڭا دوستۇ يار .
بولۇر يېمىشلىك شاخنىڭ باشى پەس ،
مۇلايىم بولغۇسى ئاقىلۇ ھۇشيار .

## ئىنتىزام

ئىنتىزام دەپ قىلىدىغان ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ، ئىشلىرىمىزنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەرتىپى بىلەن قىلماققا ئېيتىلۇر .ئەگەر يەر يۈزىدە ئىنتىزام بولمىغىنىدا ئىدى ، ئىنسانلار بىر دەقىقە ياشىيالمىغان بولۇر ئىدى .جانابى ھەق يەر-ئاسمانلارنى ،ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ،ئىنسان ۋە ھايۋانلارنى ،قۇرت ۋە قۇشلارنى شۇنداق بىر نىزام بىلەن تەربىيەت بېرىپ ياراتمىشتۇركى ، بۇنىڭغا ئەقىل بىلمەكتىن ،قەلەم يازماقتىن ،تىل سۆزلىمەكتىن ئاجىزدۇر .

ئەلھاسىل ، ھەر قانداق مىللەتنىڭ تەرەققىياتى

ۋە يۈكسىلىشى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى ۋاقتى قەرەلىدە نىزامدىن چىقارماي تەرتىپ بىلەن ئىشلىمىكىگە باغلىقتۇر. شاگىرتلار مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردىكى زامانغا لايىق رەۋىشتە قۇرۇلغان نىزام ۋە تەرتىپلەرگە بويسۇنماقلىرى لازىمدۇر. چۈنكى تەرتىپ ۋە نىزامغا رىئايە قىلمىغان كىشلەرنىڭ ئىشلىرى ھەر ۋاقىت پەلىپەتىش بولۇپ، ئۆزلىرى پەرىشان بولۇر. ئەمما ئىشلىرىنى تەرتىپ بىلەن يۈرگۈزۈۋاتقان كىشلەرنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئۆزلىرى تىنچ ۋە راھەتتە ياشىغاي. ھازىرقى زاماندا بىزنىڭ تۈركىستان بايلىرىنىڭ ئىشلىرى ئاقساپ، سۇنۇپ ۋەيران بولۇشلىرىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى ئىشلىرىنى ئەخلاقسىز، بىلىمسىز، ئىسراپچى، ھورۇن كىشلەرگە تاپشۇرغانلىقى بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئۆزلىرىنىڭ زامانغا مۇۋاپىق تەرتىپ ۋە نىزامدىن خەۋەرسىزلىكلىرىنىڭ يېمىشىدۇر. پەيغەمبىرىمىز: «كەسپلەرنىڭ ئۈستۈنرەكى خىيانەتسىز، يالغانسىز قىلىنغان سودا ۋە تىجارەت ھەمدە بەندىنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن ئىشىدۇر» دەيدۇ.

دۆلەتنىڭ كانى، مەنبەسى تەرتىپ- ئىنتىزام،
بايلىقنىڭ پايدارى ئېرۇر ئىقتىسادى تام.
موھتاجلىق يۈزىنى كۆرەر دەپ گۇمان قىلماڭ،
تەرتىپى بىرلە يۈرسە، كىشىنىڭ ئىشى مۇدام.

## نەپس ئۆلچىمى

مىقياسى نەپس (نەپس ئۆلچىمى) دەپ قىلىدىغان ئەمەللىرىمىزنى، ئىشلىرىمىزنى ئىنسانىيەت قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق تۇردە ئىشلەپ، ئۇلارنى ۋىجدانىمىز بىلەن ئۆلچەپ كۆرمەككە ئېيتىلۇر. نەپس ئۆلچىمى ھەقىقىي بىر ئۆلچەمدۇركى، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىگە لايىق كۆرمىگەن بىرەر ئىشنى باشقىلارغا راۋا كۆرۈشىگە يول قويماس، پىكىر ئىگىلىرى، ئىنساب ساھىبلىرى ھېچ ۋاقىت نەپس ئۆلچىمىدىن تاشقىرى ھەرىكەت قىلماس.

ئەگەر بىرەر سەۋەب بىلەن ئىنسانىيەت قانۇنلىرىدىن چەتلەپ كەتسە، بۇ قاباھەتنى نەپس ئۆلچىمى ئارقىلىق بىلىپ ئىككىنچىلەپ قىلماسلىقا نىيەت قىلىش بىلەن، ئىنسانىيەت سىزىقىدىن چىقماسلىققا تىرىشۇر ۋە غەيرەت قىلۇر.

قىسقىسى، نەپس ئۆلچىمى تىل بىلەن تەرىپلەشكە ئاجىز كېلىدىغان بىر بۈيۈك پەزىلەتتۇركى، ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ۋە ھەركىمگە مەقبۇل كېلۇر.

بۈيۈك ئىسكەندەر ئېيتۇر: «دۇنيادا ئەڭ ھەقىقىي توغرا ئۆلچەم نەپس ئۆلچىمىدۇركى، بۇ مىزاندا زەررىچە نۇقسان يوقتۇر».

ئىبنى سىنا ھەكىم ئېيتۇر: «ئىنساننىڭ پەزلۇ كامالىتىنىڭ ئۆلچىمى نەپسىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىنۇر».

دۇنيادا ھەر نەرسىنىڭ مەخسۇس ئۆلچىمى بولۇر،
بەندە ئەپئالىنى ۋىجدانى ئىلە تارتىپ كۆرۈر.
بىر ئىشنى ۋەزىندە كەلسە ئېغىر ئۆز نەپسىگە،
ئول ئىشنىڭ قانداق بۆلەكلەرگە راۋا، لايىق كۆرۈر.

## ۋىجدان

ۋىجدان دەپ روھىمىزغا، پىكرىمىزگە تەسىر قىلىدىغان ھېسسىيات، يەنى سەزمەك-تۇيماقتىن ئىبارەت مەنىۋى قۇۋۋەتكە ئېيتىلۇر. بىز ھەر ۋاقىت قىلىۋاتقان ئىش-ھەرىكىتىمىزنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى، پايدىلىق ياكى زىيانلىقلىقىنى ۋىجدانىمىز ئارقىلىق بىلۇرمىز. ۋىجدان ئىنسان ئەقلى ۋە پىكرىنىڭ ھەقىقىي تارازىسىدۇركى، بۇ تارازا بىلەن ئۆز كەمچىلىكلىرىنى ئۆلچەپ بىلىشتىن تاشقىرى يەنە ئۆزگىلەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنىمۇ سېزۇر. ئەگەر ئىشلىگەن ئىشى ئەقىل ۋە ھېكمەتكە مۇۋاپىق بولسا، مۇھەببەت قىلۇر، قاباھەت ۋە يامان ئىشلارنى قىلسا، نەپرەت قىلۇر.

ۋىجدان ياخشى خۇلقلارنىڭ مەنبەسى بولغانلىقىدىن، ۋىجدان ئىگىلىرى ھەر بىر ئىشنى غەرەزسىز، خالىس نىيەت بىلەن ئىشلەر. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ھەركىم نەزەرىدە مەقبۇل ۋە سۆيۈملۈك بولۇر.

ئەمما ۋىجدانسىز كىشلەرنىڭ ئىشلىرىدا، نىيەت ۋە ئەمەللىرىدە، دوست-ئاشنىلىقلىرىدا قانداقتۇر يوشۇرۇن غەرەزلىرى بار بولغانلىقىدىن، ئۇلار ھەر ۋاقىت ھەسرەت ۋە نادامەت چېكىپ، ۋىجدان ئازابىغا گىرىپتار بولۇرلەر.

ھەر بىر ئىنساننىڭ ھەقىقىي فائىلى ۋىجداندۇر،
مېۋىسى ياخشى ئەمەلدۇر، ھاسىلى ۋىجداندۇر.

ئەلھاسىل، ۋىجدان ھەركىمنىڭ ئەپئال ۋە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدىغان بىر سۈزۈك كۆزگۈدۇركى، بۇ كۆزگۈگە چىن نەزەر قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ ئەيىب ۋە كەمچىلىكلىرىنى تۈزەتمەك ھەرىكىتىدە بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئەيىب-قۇسۇرلىرىنى ئاختۇرماققا چولىسى تەگمەس.

ئەرەستۇ (ئارىستوتېل) ھەكىم: «روھىمىزنىڭ مەنىۋى قۇۋۋىتى بولغان ۋىجدانىمىز پىكرىمىزگە قۇۋۋەت بەرگۈچى بىر ۋاستەيى ئىدراكىيە (ئىدراك ۋاستىسى) دېيىلۇر، يەنى ھېسسىياتىمىزنىڭ روھىمىزغا تەسىر كۆرسەتكۈچى بىر رابىتەيى ئېلېكترىقىيەسى (ئېلېكترىك زەنجىرى) دۇر» دەيدۇ.

ئىبنى سىنا ھەكىم ئېيتۇر: «ۋىجدان روھ ۋە پىكرىمىزنى تۇيغۇن قىلماقنىڭ بىرىنچى ۋاستىسىدۇر».

ساپ ۋىجدان كەبي ھېچ كامىل مىزان بولماس،

كىشى ئۆز ئەيىبىنى بىلمەك كەبى ئىرپان بولماس.
شاد-مەسرۇر بولۇر ئىنساب ئىلە ۋىجدانلىق كىشى،
كىمكى ۋىجدانسىز بولسا، توغرا، چىن ئىنسان بولماس.

## ۋەتەننى سۆيمەك

ھەربىر كىشىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر ۋە مەملىكىتى شۇل كىشىنىڭ ۋەتىنى دېيىلۇر. ھەر كىم تۇغۇلغان، ئۆسكەن يېرىنى جېنىدىن ئارتۇق سۆيەر. ھەتتا بۇ ۋەتەن ھېسسى - تۇيغۇسى ھايۋانلاردىمۇ باردۇر. ئەگەر بىر ھايۋان ئۆز ۋەتىنىدىن - ئۆيۈرىدىن ئايرىلسا، ئۆز يېرىدىكىگە ئوخشاش ئەركىن-راھەتتە ياشىيالماس، مەئىشىتى قىيىنلىشىپ، ھەر ۋاقىت دىلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇھەببىتى تۇرۇر.

بىز تۈركىستانلىقلار ئۆز ۋەتىنىمىزنى جېنىمىزدىن ئارتۇق سۆيگىنىمىز كەبى ئەرەبلەر ئەرەبىستانلىرىنى، قۇملۇق ۋە ئىسسىق چۆللىرىنى، ئېسكىمولار شىمال يەرلىرىنى، ئەڭ سوغۇق قار ۋە سوغۇق يەرلىرىنى باشقا يەرلەردىن ئارتۇقراق سۆيەرلەر. ئەگەر سۆيمىگىنىدە ئىدى، ئۆز ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ، ھاۋاسى ياخشى، تىرىكچىلىك قىلماق ئاسان يەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن بولۇر ئىدى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئېيتۇر: «كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا چوپان بول».

مەن ئەيىبلىك ئەمەس ئەي ۋەتىنىم، تاغلىرىم،
بىۋاقىت تاشلاپ كەتتىم ئايا باغلىرىم.
ھىجران قىلۇر مېنى جۇدالىق-ئايرىلىش،
پاتتى غەمگە كۈندۈز-كېچە چاغلىرىم.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەڭ مۇقەددەس دىنىي يېرىمىز بولغان ئەرەبىستانغا باغلىرىنى، ھويلىلىرىنى سېتىپ ھىجرەت قىلغان ھاجىلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى يەنە ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىپ كېلىشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى يەنى ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ قايتۇرۇپ كەلگەن كۈچ ئۆز ۋەتىنىنىڭ تۇپرىقىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدۇر. رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز ئېيتۇر: «ھۇببۇل ۋەتەنى مىنەل ئىمان» (ۋەتەننى سۆيمەك ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر).

ۋەتەن، ۋەتەن دەپ جېنىم تەندىن بولسا راۋان،
ماڭا نە غەم، قالار ئەۋلادىمغا ئۆيۈ ۋەتىنىم.
چاڭغا ئايلانسا غېمىم يوق ۋۇجۇدۇم-جىسمىم،
يايلىقىم ئۆز ۋەتىنىم، خاكىدۇر گۆرۈ كېپىنىم.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىم ئۇشبۇ ۋەتەن ۋۇجۇدۇم خاك،
گەر ئەسلىگە قايتسام، نېگە بولاي مەن غەمناك؟!

## ھەققانىيەت

ھەققانىيەت دەپ ئىشتا توغرىلىق، سۆزدە راستلىقتا ئېيتىلۇر. ئىنسان سالامەتلىك بوستانىغا، سائادەتلىك گۈلزارىغا ھەققانىيەت يولى ئارقىلىق ئېرىشۇر. ئىنسانىيەتنىڭ يىلتىزى بولغان رەھىمدىللىك، ھەقشۇناسلىق، ئادىللىق قاتارلىق ياخشى سۈپەتلەرنىڭ ئانىسى ھەققانىيەتتۇر. ئەقىل ئىگىلىرى، ۋىجدان ساھىبلىرى ھەرۋاقىت كۆرگەن - بىلگەن ۋە قىلغانلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە توغرىسىنى سۆزلەر. ئىشتا توغرىلىق بىراۋنىڭ نەپسىگە، مىلىغا خىيانەت قىلماسلىقتۇر؛ سۆزدە توغرىلىق ھەر ۋاقىت راست سۆزلىمەكلىكتۇر.

راستلىق ھەقنىڭ رىزاسىنى تاپار،
توغرا يولدا يوق بولۇرمۇ ھېچ چاپار؟

بىزنىڭ ئىسلام شەرئىتىمىزدە ئەگەر بىر كىشىگە بوھتان چاپلىنىپ، قىلمىغان ئىشنى قىلدى دەپ سۆزلەنسە، ئۇنى بىلگەن كىشى راستىنى سۆزلەپ، شۇل كىشىنى ئاقلىماق ۋاجىبتۇر. رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز ئېيتىمىدۇ: «ئەننەجاتۇ فىسسىدقى» (نىجات راستلىقتىدۇر).

ھەقشۇناس بولماق شارايەتتۇر جاھاندا ئالەمگە،
ھەقنى ئىزھار ئەيلىمەك بىرلە كۆرك بار ئالەمگە.
يارىشۇر ئىنسانغا سىدقۇ توغرىلىق گەر كۆرسە كىرىھ،
توغرىنىڭ يارىدەمچىسىدۇر ھەق تائالا، غەم يېمە.
توغرىلارنىڭ مەسكىنى فىردەۋس ئايۋانى دادۇر،
ئەگرىلەر ئىككى جاھاندا غەم-ئەلەم كانىدادۇر.

## ئىبرەت كۆزى

نەزەرى ئىبرەت (ئىبرەت كۆزى بىلەن باقماق) دەپ ھەر نەرسىگە ئىنچىكىلەپ - دىققەت بىلەن بېقىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە بىر ئۆلۈش ئالماققا ئېيتىلۇر.

خۇلقلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىكى نەزەرى ئىبرەتتۇر. ئىنسان ئىبرەت كۆزى بىلەن بېقىپ دۇنيا كىتابىدىن ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىپ ئالمىقى لازىمدۇر. مەرىپەت ساھىبى بولماق ئۈچۈن ئالەمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولماق كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل ساھىبلىرى، پاتانەت ئىگىلىرى ئۆزلىرىگە پايدىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، دىققەت بىلەن قارىغان نەرسىلىرىدىن بىرەر ئۆلۈش-ھەسسە ئالماي قويماس. ھازىرقى زاماندىكى تەرەققىيلەشكەن مىللەتلەرنىڭ ھۈنەر-سەنئەتلىرىنىڭ بارچىسى ئىلىم ۋە نەزەرى ئىبرەت ئارقىلىق نامايان بولۇپ ئالەمنى نۇرلاندۇرغان ۋە ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرغاندۇر.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتۇر: «دۇنيادا ئەڭ مۇنتىزىم دارۇلئولۇم نەزەرى ئىبرەتتۇر. ئىبرەت كۆزلىرىنىڭ پەردىسى ئېچىلمىغان كىشىلەر دۇنيا كىتابىدا يېزىلغان ھەقىقەتنى

كۆرەلمىگەيلەر. كائىناتتىكى ھەر مۇكەممەل ئىبرەت سەھنىسىدىن پايدىلىنالمىغان كىشى ھېكمەت مۇئەللىمىدىن ھېچقاچان بەھرىمەن بولالمىغاي».

بىر قارىغۇ لوقمان ھەكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەگەر كۆزۈمنى ئاچسىڭىز، مەن سىزگە قۇل بولىمەن» دېدى. ھەكىم كورنىڭ مەرىپەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ: «تەقسىر، كۆزلىرىنىڭ پەردىسىنى ئاچماق مۇمكىن، لېكىن نەزەرى ئىبرەتنى ئاچماق قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دېدى. كور: «ئەي لوقمان! سىزنىڭ شۆھرىتىڭىز پەقەت پەردە ئاچماقتىن ئىبارەت بولسا، سىزنى ‹ھەكىم› دېمەي، ‹تېۋىپ› دېمەك لازىم ئىكەن» دەپ ھەزرىتى لوقماننىڭ ئىبرەت كۆزىنى ئاچمىشتۇر.

ئاچ كۆزلىرىڭنى، بەس، بۇ قەدەر غەپلەت، ئەي كۆزۈم،
ئۆمرۈڭ غەنىيمەت، ئاچ نەزەرى ئىبرەت، ئەي كۆزۈم!
ئىبرەت كۆزۈڭنى ئاچمىساڭ، ئەتراپىڭغا باقمىساڭ،
بىر-بىر كېتەر قولۇڭدىن ئۇچۇپ دۆلەت، ئەي كۆزۈم!
مىلىڭ بولسا بارچە ھەمدەمۇ يارۇ بۇرادەرىڭ،
قاچقاي تۇغقانلىرىڭ يوق ئىسە سەرۋەتىڭ، ئەي كۆزۈم!
ھاسىلى زاماندا ئىلىم ئىلە دۆلەتتە ئېتىبار،
سەرمايەئى سائادەت ھەر مىللەت، ئەي كۆزۈم!

## ئىپپەت

ئىپپەت دەپ نەپسىمىزنى گۇناھ ۋە بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلىماققا ئېيتىلۇر. بىزلەرنى گۇناھ ۋە مەئسىيەتتىن ساقلىغۇچى، نەپسىمىزنى ھارام-ناپاكلىقتىن ئاسرىغۇچى پەقەت ئىپپىتىمىزدۇر.

ئەخلاق ساھىبى، ئىپپەت ئىگىسى قەلبىنى، ۋىجدانىنى پاكلاپ، تىلىنى يالغان، غەيۋەت، بوھتان، ئېتىقسىز سۆزلەردىن ساقلار. چۈنكى ئىنسانغا نەپس ئىپپىتىدىن كۆرە تىل ئىپپىتى كۆپرەك لازىمدۇر. بېشىمىزغا كېلىدىغان كۆلپەت ۋە زەخمەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يامان تىلىمىزدىن، قېلىپتىن چىقىپ كېتىپ ئوشۇقچە سۆزلىگىنىمىزدىن كېلۇر.

ئويلىماي سۆزلىگەن ئاغرىماي ئۆلەر،
پىكىر ئىلە سۆزلىگەن يىغلىماي كۈلەر.

ئىپپەت ئەرلەردىن كۆرە خوتۇنلار ئۈچۈن ئالماستىن قىممەت، ئۈنچىدىن قەدىرلىك زىننەت ۋە پەزىلەتتۇر.

ئىپپەتلىك كىشى ھەر ۋاقىت نەزەرى ئىبرەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارۇر. پىكرى، زىكرى كېچە-كۈندۈز ۋەتەنداشلىرىغا، قېرىنداشلىرىغا ياخشىلىق، خەيرىخاھلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇر. سۆزىدە، پېئىلىدە سادىق بولۇپ، ۋىجدانىغا قارشى، ئىنسانىيەتكە كېلىشمىگەن مۇئامىلىدىن ھەزەر قىلۇر.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئېيتۇر: «ئىپپەت خوتۇنلارنىڭ ئەڭ مەھكەم يۆلەنچۈكىدۇر. نەپسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئەنە شۇ كۈچ ئارقىلىق قارشى تۇرۇلۇر».

ئەپلاتون ھەكىم ئېيتۇر: «ئىپپەت خوتۇنلاردىن كۆرە ئەرلەرگە كۆپرەك يارىشىدىغان بىر سۈپەتتۇر. خوتۇن كىشىلەرنىڭ ئىپپىتى ئەدەب ۋە نومۇسىنى ساقلاشتۇر. ئەرلەرنىڭ ئىپپىتى بولسا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئەدەبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. ئىپپەتسىز ئىنسان يالىڭاچ بەدەنگە ئوخشاشتۇر».

زاتىڭغا زىننەت بولمىش ئىپپەتنى دىلدا ساقلىغىل،
شەھۋەت نەپسىڭ سېنىڭ بولغۇسىدۇر ئەقلىڭگە قۇل.
ھەر كىشىنىڭ دۇنيادا يىرتىلسا ئىپپەت پەردىسى،
نەپسى شەيتاندەك ئۇنىڭ بىر كۈن سالۇر بويىنىغا غۇل.

## ھايا

ھايا دەپ ئىشتا، سۆزدە ئەدەبكە رىئايە قىلماققا ئېيتىلۇر. ھايا دىلنى روشەن قىلىدىغان بىر نۇردۇركى، ئىنسان ھەر دائىم شۇل مەنىۋى نۇرنىڭ زىياسىغا موھتاجدۇر. شەرىئەت بۇيرۇمىغان، ئادەملەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى ئىشلىمەك، كىشىلەرنىڭ نەپسىگە، ئىپپىتىگە تېگىدىغان غەيۋەت ھەجۋ، سەپسەتە، سۆكۈش كەبى ئەدەبسىز سۆزلەرنى سۆزلىمەك زور ھاياسىزلىقتۇر. ئىپپەتنىڭ پەردىسى ۋىجداننىڭ نىقابى ھايادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ھەرىكىتىمىزدە، سۆزىمىزدە ھايانى قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم. ھايا پەردىسى بىلەن ئورالغان ئىنسانلارنىڭ ئىپپەت پەردىسى ھەرگىز يىرتىلماس. ۋە بۇ پەردە شۇنداق مۇبارەكدۇركى، ئانچە-مۇنچە سەۋەن-خاتالارنى يوشۇرۇپ يوق قىلۇر.

ئىبنى سىنا ھەكىم ئېيتۇر: «ئىنساندا مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان ھۆسۈن ۋە لاتاپەت ھايا ۋە ئىپپەتتۇر. ھاياسىز ئادەم جانسىز تەنگە ئوخشاشتۇر».

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم ئەپەندىمىز ئېيتىدۇر: «ئەلھەيائۇ مىنەلئىمان» (ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر).

مۇھەممەدىن ئەرەبى ئېيتۇر: «ئىنساننىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق ئاستا-ئاستا كېتۇر، ھايا قىزىللىقى ئەسلا كەتمەس. ياشلىق ھۆسنىنىڭ قىزىل رەڭگى ھايا ئارقىلىق زىننەت- لاتاپەتكە ئىگە بولۇر».

سوقرات ھەكىم ئېيتۇر: «خوتۇنلارنىڭ ئەڭ گۈزەلى ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىگە ئورالغانلىرىدۇر».

ھايا-نومۇس ئىمانغا دەلىلدۇر،
ھاياسىز دائىما خارۇ زەلىلدۇر.
ئۇيالما مەرىپەت ھاسىل قىلۇردىن،
مائارىپسىز كىشىلەر مۇردا دىلدۇر.

## ئىدراك ۋە زەكا

ئىدراك ۋە زەكادەپ ئۇچۇق پىكىرلىك ،خۇش تەبىئەت ،زېرەك بولماققا ئىنتىلىدۇ .ئىدراك ۋە زەكاياخشى خۇلقلارنىڭ رەۋزەئىرىزۋانى (جەننەت بېغى ) ،ئىبرەت كۆزلىرىنىڭ نۇرى رەھمانىدۇر . چۈنكى ئىدراكلىق كىشىلەر ھەر بىر مەقسەتنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇنغان ئوي-پىكىرلەرنىڭ مەنىلىرى نېمىلىكىنى بىلۇر .ئىلىم ۋە مەرىپەت ئىگىسى بولماق ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت كېرەك بولغىنىغا ئوخشاش ،زېھىن ۋە ئىدراكنىڭمۇ سالامەت بولمىقى شەرتتۇر .شۇڭا ،ياشلىقىمىزدىن تارتىپ زېھىن ۋە ئىدراكىمىزنى قۇۋۋەتلەندۇرمەك ئۈچۈن ئەزىز ئۆمرىمىزنى ئويۇن-كۈلكە ،سەپسەتە ،تېتىقسىز بىھۇدە سۆزلەر بىلەن ئۆتكۈزمەي ،ھەرخىل كىتاب ،گېزىت ، ژۇرناللارنى ئوقۇپ ،پىكرىمىزنى ئاچمىقىمىز ۋە زېھنىمىزنى قۇۋۋەتلەندۈرمىكىمىز لازىم .زېھنىسىز كىشىلەرنىڭ ئۆلچەمسىز سۆزلىرى ئۆزلىرىنى ئويالدۇرۇش بىلەن بىللە ئاڭلىغۇچىنىمۇ زېرىكتۈرۈر .

ھەر كىشىنىڭ پىكىر ،ئىدراكىن سۆزى بىلدۈرگۈسى ،
مېغىزسىز پىستە ئەگەر لەب ئاچسا رەسۋا بولغۇسى .

ئىدراك ساھىبى ئۆزىنى پازىل ۋە ئۇلۇغ بىلىپ ، ھەمجىنسلىرىگەھاقارەتكۆزى بىلەن بېقىپ : «بىلەمسەن ،مەن قانداقباي ۋە ئابرويلۇق كىشىمەن ؟ !» دەپ ماختىنىپ ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتمەس .ئۇستىگە يۆكلەنگەن دىنىي ،مىللىي ۋە مەئىشىي ۋەزىپىلىرىنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ۋاقتى-قەرەلىدە ئادا قىلۇر .مانا شۇنداق كىشىلەر ئىككى دۇنيا ئابرويلۇق بولۇپ ، ۋاپات قىلغانلىرىدىن سوڭ كىشىلەر تەرىپىدىن : «پالانى خوپ ياخشى زات ئىدى ،خۇدا رەھمەت قىلسۇن .مىللەتكە كۆپ خىزمەت قىلدى ، خەلققە پايدا يەتكۈزدى »دەپ ماختىلۇر .ھوشيار ۋە زېرەك كىشىلەر كۈچ-قۇۋۋەتلىرى بار ۋاقتىدا كېلىدىغان زامانىنى چۈشىنىپ ، پۇل ۋە ماللىرىنى ئورۇنسىز يەرلەرگە سەرپ قىلماس ،توي ۋە نەزىر-چىراغلارغا ھەددىدىن ئارتۇقچە ئىسراپ قىلماس .ئۆزلىرىنىڭ راھىتى ،بالا-چاقىلىرىنىڭ سائادىتى ئۈچۈن كېرەكلىك يەر ۋە باغلىرىنى ساتماسلار .باللىرىنى زامانغا لايىق كىشى قىلماق ئۈچۈن ئوقۇتماق ،تەربىيە قىلماق يولىدا ئاقچىلىرىنى ئەسلا قىزغانماسلار .

ئىدراك ھەم ئەقلىڭ ئىلە ئايرى ياخشى-يامانىنى ،
بىھۇدىگە سەرپ ئەتمە شۇ قىممەتلىك زامانىنى .
تىرىشقىن-تىرماشقىن ،ئىلىم-پەنگە يۈرۈشكىن ،
باق ئۆزگىلەر نەيلەدى ھېكمەت ئىلە ئۇشبۇ جاھانىنى .

## تىلنى ساقلىماق

ھىفزى لىسان (تىلنى ساقلىماق )دەپ ھەر بىر مىللەتنىڭ ئانا تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ساقلىماققا ئىنتىلىدۇ .ھەر بىر مىللەتنىڭ دۇنيادا بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھايات ئەينىكى تىلى ۋە ئەدەبىياتىدۇر . مىللىي تىلنى يوقاتماق مىللەتنىڭ روھىنى يوقاتماق دېمەكتۇر .ھەيھات ! بىز تۈركىستانلىقلار مىللىي تىلىمىزنى ساقلىماق بۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى ئۇنى ئۇنتۇماق ۋە يوقاتماقتىدۇرمىز .تىلىمىزنىڭ يېرىمىگە ئەرەبىي ،پارسىي سۆز -ئىبارىلەركىرگىنى ئازدەك ، ئەمدى بىر چېتىگە رۇسچە سۆزلەرنى يېپىشتۇرماقتىمىز .توغرا ، بىزلەرگە ھۆكۈمىتىمىز تىلى بولغان رۇس تىلىنى بىلمەك ھايات ۋە سائادىتىمىز ئۈچۈن خۇددى ئاش-نانده‌ك كېرەكلىكتۇر .لېكىن ئۇنى ئۆز يېرىدە ئىشلەتمەك ۋە سۆزلىمەك لازىم .زىغىر يېغى سېلىپ ماش-گۇرۇچ شويلىسى قىلىپ ئارىلاش-قۇرىلاش قىلماق تىلنىڭ روھىنى بۇزىدۇ . ئايھاي ! بىزلەرگە نېمە بولدى ؟ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتتۇق . «ياخشى قوشناڭدىن ئالغۇنچە ، يامان ئۆيۈڭنى قەدىر »دېگەن ھېكمەت بارغۇ ! ئۇرۇق-ئەجدادلىرىمىزغا يېتىپ ئاشقان ۋە يارىغان تىل-ئەدەبىيات بىزلەرگە ھېچ كەملىك قىلماس . ئۆز ئۆيىمىزنى قەدىرساق ۋە ئاختۇرساق يوقاتقانلىرىمىزنىمۇ تاپۇرمىز . «يوقالسا يوقالسۇن ، ئۆزى بېشىمغا تار ئىدى »دەپ ياۋروپا قالپىقىنى كىيىپ كۈلكە بولماق زور ئەيىب ۋە ئۇياتتۇر . پەيغەمبىرىمىز : «ئەرلەردە جامال -لىسان ۋە تىلدۇر » دېگەنىدى .

ئەي ئانا تىل !ئەزىز قەدىردانىم ،
ئىلتىپاتى روھىم ،رەھمانىم .
تۇغۇلغىنىمدىن ئەيلىدىڭ ئۈلپەت ،
ئۆلگۈچە ئايرىلما ، ئەي جانىم .
ماڭا ئىلمۇ ئەدەب سەن ئۆگەتتىڭ ،
چىن ئەدىب ،مۇئەللىم شانىم .
مىللىتىم روھىنى كۆتۈرگۈچى سەن ،
ئەڭ مۇقەددەس كەرەملىك سۇلتانىم .

ئومۇمىي مىللىي تىلنى ساقلىماق بىلەن بىر قاتاردا خۇسۇسىي ئېغىز ئارىسىدىكى تىلنىمۇ ساقلىماق لازىم .چۈنكى سۆز ئىنساننىڭ دەرىجە ۋە كامالىنى ،ئىلىم ۋە پەزلىنى ئۆلچەپ كۆرسىتىدىغان تارازىسىدۇر .ئەقىل ئىگىلىرى كىشىنىڭ دىلىدىكى پىكىر ۋە نىيىتىنى ،ئىلىم ۋە قۇۋۋىتىنى ،قەدىر ۋە قىممىتىنى ئۇلارنىڭ سۆزلىگەن سۆزىدىن بىلۇرلار .

بېشىمىزغا كېلىدىغان قاتتىق كۆلپەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇمشاق تىلىمىزدىن كېلىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن «كۆپ ئويلا ،ئاز سۆزلە »دەيدۇ .

تىللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۆزگە ئۇستا تىل ، سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى چۈشىنىپ ۋە ئاخىرىنى ئويلاپ سۆزلەنگەن سۆزدۇر .

گۈزەللىك يۈزدە ئېرمەس ئەي بۇرادەر ،
سۆزى شېرىن كىشى ھەركىمگە ياقار .
سۆزۈڭ ئاز بولسۇن ،مەنىلىك بولسۇن ،

ئىشتىكەنلەر قۇلاقى دۇرغا تولسۇن،
سۆزۈڭ بولسا كۈمۈش، جىم تۇرماق ئالتۇن،
مىسى چىققاي سۆزۈڭ كۆپ بولسا بىركۈن.
كۆپەيگەن سۆزنى بۆلگەي توغرىسى ئاز،
ئىشكەرنىڭ كۆپىدىن ئازى بولۇر ساز.

## تېجەمكارلىق

تېجەمكارلىق دەپ پۇل ۋە مال كەبى نېمەتلەرنىڭ قەدرىنى بىلمەككە ئېيتىلۇر. مال-بايلىق قەدرىنى بىلگۈچى كىشىلەر بىر تىيىننىمۇ ئورۇنسىز سەرپ قىلماس، ئورنى كەلگەندە سومنى ئايىماس. ساخاۋەتنىڭ زىتى بېخىللىق بولغىنىغا ئوخشاش، تېجەمكارلىقنىڭ زىتى ئىسراپچىلىقتۇر. ئاللاتائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى سۆيمەس. تېجەمكارلىققا رىئايە قىلغان كىشىلەر ھەممە ۋاقىت تىنچ ۋە راھەتتە ياشىغۇسى. ھەرىلەر قىش كۈنىدە يېمەك ئۈچۈن بال يىغقىنىدەك، ئۇلارمۇ باشلىرىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان قارا كۈنلەرنى ئويلاپ پۇل-تەڭگە يىغۇرلار. «تاما-تاما كۆل بولۇر» دەيدۇ ئاتا-بوۋىلار. دېمەك ھەر نەرسە ئازدىن كۆپىيۇر.

ھازىرقى زاماندا مەقسەتكە يەتمەك، ئۆز مىللىتىگە خىزمەت قىلماق، خەلققە مەقبۇل بولماق ئۈچۈن ئىلىم ۋە بايلىق لازىم. ئالەمدىكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ھال ۋە قۇدرىتى ئۇلارنىڭ مال ۋە بايلىقلىرى بىلەن ئۆلچىنۇر. ھەر بىر يەردە باي مىللەتلەر ئېغىر كېلىپ پەللىنى بېسىپ خوجا بولغىنىدەك، پېقىرلىرى يەڭگىل كېلىپ قۇل ۋە ئەسىر بولۇپ قالىدۇ. مال ۋە بايلىق تاپماقنىڭ ئەڭ بەرىكەتلىك يوللىرى: ھۈنەرۋەنچىلىك، ئېكىنچىلىك، چارۋىچىلىق، سودىگەرلىكتۇر. بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ھەم بۇ زامانىمىزدا بىلىم لازىم. بوۋىلىرىمىزنىڭ: «بولسا بولۇر، بولمىسا ئىز پۇلى» دېگەن زامانلار ئۆتۈپ، ئەمدى «بىلگەن پۇتەر، بىلمىگەن يۇتەر» دېگەن زامان كەلدى. ئامېرىكىلىقلار بىر دانە بۇغداي تېرىپ 20 قاداق بۇغداي ئالۇر. ياۋروپالىقلار بىزدىن ئالغان بەش تىيىنلىك پاختىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۆزىمىزگە 25 تىيىنگە ساتۇر. ئەمما بىز ئاسىيالىقلار، بولۇپمۇ تۈركىستانلىقلار قويرۇق ماي سېتىپ پەي چاينايمىز، قايماق بېرىپ كۆك سۈت ئىچىمىز، نان ئورنىغا كېسەك چىشلەيمىز. سۆزنىڭ قىسقىسى، ھازىرقى زامانغا لايىق كىشى بولماق ئۈچۈن ئىلىم ۋە مەرىپەت كېرەك بولۇش بىلەن باراۋەر ئىقتىساد، ئىنساب، پۇتمەس تېرىشچانلىق، چەكسىز غەيرەت لازىم. رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز: «كېيىنكى زامانلاردا دىنىنى ساقلىماق بايلىق ئارقىلىق بولۇر. تېجەمكارلىق بىلەن ئىش يۈرگۈزۈۋاتقان كىشىلەر پېقىر بولماس» دەيدۇ. يەنە: «ھەر نەرسىدە ئوتتۇرىچە ئىقتىساد يولىنى تۇتماق لازىم. چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە تولىمۇ تۆۋەنلىكتىن ساقلانماق كېرەك. ھەتتا دىن ئىشلىرىدىمۇ بىر ئادەم ئارتۇق سوپىلىق قىلسا، ئاخىرىدا ئۆزى مەغلۇب بولۇر» دېگەنىدى.

خەلق ئىچىدە مۇتىۋەر بىر نەرسە يوق دۆلەت كەبى،
بولمىغاي دۆلەت جاھاندا قۇۋۋىتى سىھھەت كەبى.
ئىقتىساد، ئىنساب زىنىنەتتۇر ۋۇجۇدى ئادەمگە،
ياخشى نېئمەت يوق كىشىگە سەئيى ئىلە غەيرەت كەبى.

## ئۇلۇغۋارلىق

ئۇلۇغۋارلىق دەپ كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقتىن، مەنمەنلىكتىن ئۆز نەپسىنى ساقلىماققا ئېيتىلۇر. ئۇلۇغۋارلىق شەرىئەت قائىدىلىرى ۋە ھېكمەت يۈزىسىدىن ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك ياخشى خۇلقلارنىڭ بىرىدۇر. چوڭچى ئادەم ئېتىبارسىز بايغا، كىبىرلىك كىشى ئىللەتلىك پېقىرگە ئوخشايدۇ. ھەر كىمنىڭ قەدىر-ئېتىبارى نەپس ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن ئۆلچەنگەي. ئۇلۇغۋارلىقنى كەسپ ئەتكەن كىشىلەر تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇققا ئەسلا يېقىن يولىماس. چۈنكى مەغرۇرلۇق، مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق كىشىنى خار، خەلق ئارىسىدا بىئېتىبار قىلۇر. مۇنداق كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەر ھەرقانچە ئىلىم ۋە دۆلەت ساھىبى بولسىمۇ، بىر پۇلچە قەدىر-قىممىتى بولمىغاي. «مېنى بىلەمسەن؟ مەن دېگەن مۇنداق قىلۇرمەن، ئۇنداق ساخاۋەت قىلۇرمەن» دەپ ئۆزىنى ئۆزى ماختىماقلىق، رىياكارلىق زور ئەيىب ۋە ئىللەتتۇر. ئۇلۇغۋارلىقنى كەسپ ئەتكەن كىشىلەر يامان خۇلقلاردىن نېرى، ئادالەتلىك، ئىشىدا ۋە سۆزىدە توغرا، شەپقەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك، ئۆز قېرىنداشلىرىغا خەيرىخاھ، مىللەت پايدىسى يولىدا تىرىشقۇچى، ساپقەلبلىك، ئارسلان يۈرەكلىك بولۇر، ھەزرىتى ئەلى: «ئۇلۇغۋار كىشى كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقتىن پاك بولۇر. ئۇلۇغۋارلىق ئادىمگەرچىلىكنىڭ مادارى، ئىپتىخارى، ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىبارلىق ھامىيسىدۇر. لېكىن ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ھەقىقىي دەرىجىسىگە يەتمەك ئۈچۈن ئىلىم ۋە مەرىپەت لازىمدۇر» دەيدۇ.

ئەپسۇس بۇ زاماندا بىزدە ئېتىبار يوق،
ياش ۋە قېرىدا غەيرەت، نامۇسۇ ئار يوق.
پىسقى پۇجۇر ئىلە گىرىپتار بارچە جان،
ئىلمۇ ئەمەلگە بىزدە چىدام، سابات يوق.
ئۆتمەكتە ئۆمۈر ھاۋايى ھەۋەس بىرلە سورۇلۇپ،
خەلقنىڭ غېمىنى قىلغۇچى ھوشيار زات يوق.

## ئىتائەت

ئىتائەت دەپ بويسۇنماققا ئېيتىلۇر. ئاللا

تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ، ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلماق پەرزى ئەيندۇر. ئاتا-ئانا ،ئۇستاز ،ئوقۇتقۇچى قاتارلىق ئۆزىدىن ئۇلۇغ كىشىلەرگە بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلماق ئەڭ ياخشى سۈپەتلەردىندۇر .بۇ سۈپەتكە ئىگە بولماق ئۈچۈن ،ئۇلارنىڭ پايدىلىق كېڭەش ۋە مەسلىھەتلىرىنى ھەر ۋاقىت ئاڭلاپ ، بۇيرۇقلىرىنى مەھكەم تۇتماق لازىم .چۈنكى ئۇلار دۇنياغا بىزدىن ئىلگىرى كەلگەن بولۇپ ، بىزدىن كۆپ تەجرىبە-ساۋاق ھاسىل قىلغان ۋە ۋەتەن-مىللەتنىڭ ھالىغا ئاشنا بولغاندۇر .تېۋىب دەردلەرگە داۋا ھازىرلىغاندەك ، ئۇلارمۇ تۇرمۇش ۋە ياشىماقنىڭ ئاپىتى بولغان پەقىرلىك ، ھورۇنلۇق ، نادانلىق قاتارلىق ۋۇجۇدىمىزنى چىرىتىدىغان مەرەزلەرگە داۋا ھازىرلىغاندۇر .شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان خالىسانە ، غەرەزسىز نەسىھەتلىرى ھازىر قارىماققا قاتتىق ۋە ئاچچىق تۇيۇلسىمۇ ، ئاخىرى راھەت ۋە تاتلىق يېمىش بېرىدۇ .

نەسىھەت بولسا خالىي گەر غەرەزدىن ،
ئاچچىق دورا كەبى ساقلار مەرەزدىن .
بىزگە لازىم ئېرۇر بىلمەك-چۈشەنمەك ،
زىياندىن باشقا بىر شەي يوق غەرەزدىن

## ھەقشۇناسلىق

ھەقشۇناسلىق دېمەك بىركىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇماسلىقتا ئىپتىلۇر .پۈتكۈل ئالەمدىكى ئىنسانلار ھەقشۇناسلىق ۋە دوستلۇق ئارقىسىدا ياشايدۇ . «چاۋاك ئىككى قولدىن چىقۇر» . ھۆكۈمالار يامانلىق قىلغان كىشىگىمۇ ياخشىلىق قىلماق كېرەك ،دېيىشىدۇ .قىسقىسى ، ياخشىلىقتىن زىيان تارتقان ،بېشى يېرىلغان كىشى يوق . ياخشىلىقتىن دوستلۇق ، مېھرىبانلىق تۇغۇلۇپ ، ئىككى كۆڭۈل ئارىسىدا ئۇلپەت ۋە مۇھەببەت چوجۇقلىرى يۈگرۈشۇر ۋە بىرلىشۇر .بۇ دوستلۇقنىڭ جامالى ۋە كامالى ھەقشۇناسلىقتۇركى ، بىراۋدىن كۆرگەن ياخشىلىقنى ئۇنتۇماي ،شۇنىڭ باراۋىرىگە بىزمۇ ئۆز ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلمىقىمىز لازىم .ھېچ بولمىغاندا دوستلۇق ۋە بۇرادەرلىك ھۆرمىتىنى ئادا قىلمىقىمىز لازىم. چۈنكى مۆمىنىنىڭ بۇرادىرى مۆمىندۇر .

دىلدىن دىلغا ئېچىلۇر ئىككى خىل يولى ،
مېھرگە مېھر يولى ، كەككە كەك يولى .

مەلۇمدۇركى ، ھەر بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسەلمىكى ئۆز مىللىتى يولىدا جانلىرى ، مال-بايلىقلىرى ، قەلىمى بىلەن ئىشلىگەن كىشىلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى تەقدىرلەپ -ئۇلۇغلاپ ، ئۇلارنى ۋەزىپىلەر ،ھەيكەللەر ، قەلەملەر بىلەن ياد ئېتىپ ، ئۆتۈپ كەتكەن باھادىر ،ئالىم ۋە شائىرلىرىنىڭ روھلىرىنى شادلاندۇرۇپ ئىشلىگۈچى كىشىلەرنىڭ غەيرەت ۋە جاسارەتلىرىنى زىيادە قىلمىشىغا باغلىقتۇر .ئەپسۇس ، بىزلەر ئۇنداق كىشىلەرنى تەقدىرلەش -تارتۇقلاش ئورنىغا تەھقىرلەش ،مەسخىرە قىلىش ۋە ھەتتا تەكفىرلەش بىلەن قارشى ئالۇرمىز .

ياخشى ئىشتۇر ھەقنى تەقدىر ئەيلىمەك ھەر خىزمەتتە ،
ھەقشۇناس بولماق ھەقىقىي بىر قۇۋۋەتتۇر مىللەتكە .
ھەقشۇناس بولماقلە مەشھۇر ئەردىلەر پەيغەمبىرىم ،
توغرا يولنى تاشلىماق ئەسلا ياراشماس ئۈممەتكە .

## خەيرىخاھلىق

خەيرىخاھلىق دېمەك ھەرقانداق نەرسە بىلەن بولسۇن بىر-بىرىمىزگە پايدا يەتكۈزمەككە ئىپتىلۇر . خەيرىخاھلىق ئۆزئارا ئىشلىتىلىدىغان بىر ئىنسانىي بۇرچتۇركى ،كىشى ئۆز نەپسىگە لايىق كۆرمىگەن ئىشنى باشقا بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا مۇناسىپ كۆرمەسلىكى ۋە ئۇلارنى ئەگرى يوللاردىن ،يامان ئىشلاردىن كۈچى يەتكۈنچە قايتۇرمىقى ھەم ياردەم قىلمىقى لازىم .جانابى ھەق ئىنسانلارنى بىرىنى باشقا بىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج قىلىپ ياراتقاندۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار زامانىنىڭ قۇرغان مىزانى ۋە قانۇنى بويىچە بىرى ئىككىنچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈر . كىشى ھەر قانچە باي ۋە ئېتىبارلىق بولسىمۇ ، ھېچقاچان موھتاجلىق بالاسىدىن قۇتۇلالماس .

ھامالنىڭ ئېغىر بولسا يۈكى ، ئارتۇر مېھنەتى ،
ھەركىمكى ئۇلۇغ بولسا ، بولۇر ئاسان كۆلپەتى .

باي پېقىرگە ، پېقىر بايغا ، مۇئەللىم شاگىرتقا ، شاگىرت مۇئەللىمگە ،ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرىگە ، پەرزەنتلەر-ئاتا-ئانىغا موھتاجدۇر .شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىم ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەن بۇرچىنى توغرىلىق ۋە خەيرىخاھلىق بىلەن ئادا قىلمىقى كېرەك .

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيىي مۇھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز : « ئاللاتائالاغا ئىمان كەلتۈرگەندىن سوڭرەكى ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى بەندىلەرنىڭ بىر-بىرىگە مۇھەببەت قىلمىقىدۇر » دېگەنلەر .

خەيرىخاھلىق خالىسانە بولمىسا بىكاردۇر ،
مەنپەئەت يوق ئەيلەگەن نەزرۇ نىيازىڭدىن سېنىڭ .
بىر كۆڭۈلنى شاد قىلماق نېئمەتۇ ئېھسان ئىلە
ياخشىدۇر ھەردەمدە مىڭ رەكئەت نامازىڭدىن سېنىڭ .

## مۇنىسلىق

مۇنىسلىق دېمەك ھەركىم ئۆز تەڭدىشى ، مەسلەكدىشىنى تېپىپ ئۇلپەت بولماققا ئىپتىلۇر . دۇنيانىڭ لەززىتى سادىق دوستلار بىلەن سۆھبەت قىلماقتىن ئىبارەت .

ئەخلاق ئىلمى يۈزىسىدىن چىن دوستلۇق ۋە سادىق يار ئىلە ئۈلپەت قىلماق لازىمدۇر. چۈنكى بەزى كېسەللىكلەر يۇقىدىغىنىغا ئوخشاش، نادان، ئەخمەق كىشىلەرنىڭ ئۈرپ-ئادەتلىرى ۋە يامان خۇلقلىرىنىڭ تەسىرى باشقىلارغا يۇقۇشى ۋە ئۆتۈشى مۇقەررەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوست سۈرىتىدە كۆرۈنمىش بەزى ئىككى يۈزلىمە، مۇناپىق دۈشمەنلەرمۇ باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق كىشىگە سىنىماستىن، بىلمەستىن دوستلۇق قىلماق، سىر ئېيتماق زور ئەقىلسىزلىقتۇر. چىن دوست بولغان كىشى بېشىڭغا كۈلپەت ۋە قايغۇ كەلگەن ۋاقىتلاردا سەن بىلەن بىرگە قايغۇرىدۇ. خاتىرەڭدىكى قايغۇنى تەڭ تارتىشىدۇ. بۇنداق دوست سىرىڭنى نائەھلى ۋە نادان كىشىلەرگە ئېيتماس، ئەيىبىڭنى ئارقاڭدىن سۆزلىمەستىن يۈزۈڭگە ئېيتۇر، شادلانساڭ سېنىڭ بىلەن بىرگە شادلىنۇر. يالغان دوست سېنىڭدىن بىرەر پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش ئۈمىدىدە ياكى ئۆز بېشىغا كەلگەن زىياننى قايتۇرماق غەرىزىدە مۇناپىقانە دوستلۇق قىلۇر، سىرىڭنى نائەھلى كىشىلەرگە سۆزلەپ، قەدىر-ئېتىبارىڭنى پايمال قىلۇر. بۇنداق كىشىلەر بىلەن دوستلاشقاندىن كۆرە دوستسىز يۈرگەن ياخشىراقتۇر.

ياخشى دوست ئەيىبىنى دوستۇ يارىنىڭ،
كۆزگۈدەك يۈزتۇرانە سۆزلەر.
يامان يولداش بىر ئەيىبىنى دوستىنىڭ،
ئارقىسىدىن مىڭ قىلىپ بىر-بىرلەپ سۆزلەر.

## ساداقەت

ساداقەت دېمەك كىشىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى توغرىلىق بىلەن ئىشلىمىكىگە ئېيتىلۇر. سادىق كىشى مىللىتىگە، ۋەتەن ۋە دۆلىتىگە توغرىلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئابرويغا ئېرىشۇر ۋە مۇكاپاتلار ئالۇر. ساداقەت سالامەتلىك گۈلشەنى، نىجاتلىق بوستانىدۇر. سەدەپتىن ئۈنچە، يىلاندىن زەھەر ھاسىل بولىدىغىنىغا ئوخشاش، راستلىقتىن پايدا، خىيانەتتىن زىيان ھاسىل بولۇر.

جانابى ھەق سادىقلارنى سۆيۈر، يالغانچىلارنى سۆيمەس. توغرىلىقتىن يوقالغان كىشى يوق، خىيانەتتىن يوقالغانلار كۆپتۇر. راستلىق بىلەن خىيانەت ئىككىسى جەم كەلمەس. ئەگەر بىر كىشىنىڭ دىلىغا توغرىلىق ئۇرۇقى ئېكىلگەن بولسا، ھەرقانچە ئاچ ۋە سۇسىز بولسىمۇ توغرىلىق ئۆسەر، خىيانەت كۆكەرمەس. ئەخلاق يۈزىسىدىن قارىغاندا توغرا پېقىر يالغانچى بايدىن ئېتىبارلىقتۇر. چۈنكى سادىق كىشى ئەھدىگە ۋاپا قىلۇر، يالغانچى بولسا ۋەدىسىدە تۇرماي ئۆزىنى خىجالەت، باشقىلارنى ئاۋارە قىلۇر.

ساداقەت بىر مەنىۋى پەيزدۇركى، ئول پەيزدىن تېگىشلىك ئۈلۈشنى ئالماق ھەر بىر كىشىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر.

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۇھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز: «توغرىلىقنى ئىختىيار قىلىڭلار، گەرچە ھالاكەت كەبي كۆرۈنسىمۇ نىجات توغرىلىقتىدۇر. ھەر قانچە نىجات كەبي كۆرۈنسىمۇ، يالغاندىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئاقىۋەتى ھالاكەتتۇر» دېگەندى.

سىدقۇ سەفايى راستلىق بولسا قەرابەتىڭ،
شۇلدۇر جاھاندا راھەت، پەيز، سەئادەتىڭ.
توغرىلىقتەك ئۆز زىننەت يوق ئادەمگە ئالەمدە،
قەلبىڭ ئىلىپتەك بولسا گەر، دېمەك ئۇ شەرافەتىڭ.

## ئادالەت

ئادالەت دېمەك باشقىلارنىڭ مېلى ۋە نومۇسىغا رىئايەقىلماقتا ئېيتىلۇر. ئادالەت ياخشى خۇلقلارنىڭ پائىلى، زۇلۇمنىڭ مۇقابىلىدۇر. ئادالەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك كىشىلەر ئۆزىگە لايىق كۆرمىگەن بىرەر ئىشنى ئۆزگىلەرگە راۋا كۆرمەس. كىشى ئادالەت ۋە ئىنسانىيەت ۋەزىپىلىرىنى بىر ئۆزى بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەنلا ئادا قىلغان سانالماس بەلكى يەنە ئۆز جىنسداشلىرىنىڭ خاتا ۋە كەمچىلىكلىرىنى تۈزەتمەككە ۋە ياخشى يولغا سالماققا تىرىشىش، ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىقلا ئادا قىلغان بولۇر. ئادالەتكە ئەمەل قىلغان كىشىلەر ھېچ بىر كىشىگە جەبرۇ زۇلۇم خاھلىماس، جانلىقلارغا بىكاردىن ئازار بەرمەس ۋە بەلكى ئەقىل ۋە شەرىئەتكە مۇۋاپىق رەۋىشتە ھەرىكەت قىلۇر. جەبر ۋە زۇلۇم بىلەن باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار بەرگەن كىشىلەرنىڭ ياقىلىرى جازا قولىدىن قۇتۇلالماس. چۈنكى جانابى ھەقنىڭ ئادالىتى زالىملارنىڭ جازا ۋە سازاسىنى بەرمەكتىدۇر. رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئەپەندىمىز: «ئاللا رىزاسىنى ئىستىسەڭىزلەر، بالىلىرىڭىزلارغىمۇ ئادالەت قىلىڭىزلار»، يەنە «مەزلۇم كىشىنىڭ دۇئاسىدىن، گەرچە ئۇ كاپىر بولسىمۇ، ساقلىنىڭىزلار! چۈنكى مەزلۇمنىڭ دۇئاسى ھەر دائىم مەقبۇلدۇر» دېگەن.

ھەر بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشى، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۇزۇن ياشىمىقى ئادالەتكە باغلىقتۇر. ئادالەتتىن ئايرىلغان پادىشاھلارنىڭ دۆلەتلىرى يوقىلىپ، تارىخ بەتلىرىدە ئۇلارنىڭ پەقەت ناملىرىلا قالغانلىقى ھەممىگە ئاياندۇر.

## مۇھەببەت

مۇھەببەت دېمەك بىر نەرسىنى سۆيمەككە ئېيتىلۇر. دۇنيادىكى ئىنسانلار مېھىر-مۇھەببەت سايىسىدە ياشايدۇ، ھەر بىر ئىشنى مۇھەببەت

ئارقىسىدا ئىشلەيدۇ. مۇھەببەتسىز كىشى ھېچبىر ئىشنى ئىشلىمەككە غەيرەت ۋە جاسارەت قىلالماس، دۇنيا نېمىتىدىن لەززەت ئالالماس. ئەگەر بىر شاگىرت ئىلىم ۋە ئۇستازنى سۆيمىسە، ئىشتىياق بىلەن ئوقۇمىسا، مەقسىتىگە يېتەلمىگەي. يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى ئۇرۇش-تالاشقا سالىدىغان، سىنەلىرىنى دۈشمەن ئوقىغا نىشان قىلىدىغان نەرسە دىن ۋە مىللەتلەرنىڭ، ۋەتەن ۋە دۆلەتلەرنىڭ مۇھەببىتىدۇر. كىشىلەرنى كېچە-كۈندۈز تىنچىتماستىن قولغا ئوخشاش مېھنەت ۋە مۇشەققەتلەرگە چىداپ ئىشلىتىدىغان نەرسە ۋەتەن ۋە بالا-چاقىلىرىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ئەمەسمۇ؟! قۇش ياخشى كۆرگەن دان-يەمگە قىزىقىپ توزاققا چۈشۈپ قالغىنىغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ سۆيۈملۈك نەرسىگە باغلىنىپ ئەسىر بولۇپ قالمىقى تەبىئىي ھالدۇر. رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز ئېيتۇرلەر: «ئۆز نەپسىڭ ئۇ چۇن قايسى نەرسىنى ياخشى كۆرگەن بولساڭ، شۇل نەرسىنى باشقا كىشى ئۇچۇن ياخشى كۆرگىن»، «ئاتا مۇھەببىتىنى ساقلا! ئەگەر سەن ئاتاڭغا بولغان مۇھەببەتنى ئۈزسەڭ، ئاللاتائالا سېنى ھەر تۈرلۈك پەيز- ساخاۋەتلەردىن مەھرۇم ملۇر».

مۇھەببەتلىك باھارنىڭ كۆز ھوسۇلى ھېچ ئاز بولماس،
مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلى قىشتۇر، ئەسلا ياز بولماس.
سۆيۈپ ئىلمۇ فۇنۇن تەھسىل ئەتكەن ئۇچقاي كۆكلەردە،
قايسى بەختى قارا جاھىل قالۇر، دەستى داراز بولماس.

## ئالىي ھىممەت

ئالىي ھىممەت دەپ ۋەتەن ۋە مىللەتكە پايدىلىق ئىشلارنى بايلىقى - مېلى ۋە جان- تېنى بىلەن ئىشلىمەككە ئېيتىلۇر. ھىممەت شۇنداق بىر ئالىيجاناپ پەزىلەتتۇركى، ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ كانى، ياخشى خۇلقلارنىڭ پاسبانى دېمەك جائىزدۇر. ھىممەت ساھىبلىرى ئۆز جىنىسداشلىرىدىن ياردىمىنى ھەر زامان ئايىماس، خەيرۇساخاۋەتلىك ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتماس. پۇل ۋە مېلىنى مىللەت يولىدا سەرپ قىلىشتىن قىزغانماس. ئالىي ھىممەتلىك كىشى سايىسى چىرايلىق، يېمىشى تاتلىق بىر دەرەخكە ئوخشاشتۇركى، ئۇنىڭغا يېقىن بولغان كىشىلەر ھەر ۋاقىت مەنپەئەت ئالۇرلەر. ھىممەتلىك ئىنسان لۇتفۇ مەرھەمىتى بىلەن دۇنيا يۈزىدە جىلۋىگەر بولۇر. ئالەمنى روشەن قىلغۇچى قۇياشنىڭ قۇۋۋەت ۋە ساخاۋىتىگە زەرەر يەتمىگىنىگە ئوخشاش، ھىممەت ئەربابىنىڭمۇ مال-بايلىقىنى سەرپ قىلمىقىدىن ئۇنىڭ شەنى ۋە بايلىقىغا قىلچە زىيان يەتمەس. ئىنساننىڭ ماھىيىتى ۋىجدانىدىن بىلىنگەي. ھالبۇكى، ۋىجدان پەقەت ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەردىلا تېپىلۇر. قىسقىسى، ھىممەت ئىنساننىڭ كامالىتى، تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئالامىتىدۇر. ھەر قانداق ئىش ھىممەت سايىسىدە ۋۇجۇدقا چىقۇر. ئالىي ھىممەت ۋە خالىس نىيەت بىلەن ئىش قىلغان كىشىلەر تەڭرىتائالانىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل ۋە رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولۇر.

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئەپەندىمىز ئېيتۇر: «ئۇلۇۋۋۇل ھىممەتى مىنەل ئىمان» (ئالىي ھىممەت ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر).

نۇشىرۋان ئېيتۇر: «ئىنسان ئالىي ھىممەت ۋەزىپىسى بىلەن بۇرچلانمىشتۇر. بىر ئالىيجاناب ھەكىم ئۆز بىمارىنى ھىممەت داۋاسى بىلەن دەرمانلىغاي. جاھاننىڭ تىرىكچىلىكى ئالىي ھىممەتلەر سايىسىدىدۇر».

ئىبرەت كۆزىڭىزنى ئېچىڭىز، «يا ئۇلىل ئەبسار»①،
ھىممەتلە تىكلەنمىش شۇ گۈزەل مەسچىدى دىلدار.
جۇرئەتلە بېزىنۇر ئالەم، ياشار ئىنسان-ئادەم،
ھىممەتلىك قولۇڭنى سۆيگەي ھەر يەردە خېرىدار.

## ئەپۇ

ئەپۇ دەپ كەچۈرمەككە ئېيتىلۇر. بىر كىشى كەمچىلىكلىرىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئۆكۈنۈپ، كەچۈرمەكنى سورىسا، ئەپۇ قىلماق لازىم. چۈنكى ئەپۇ ياخشى خۇلقلارنىڭ ئەۋزىلى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەكمەلىدۇر.

جانابى ھەق «قۇرئان كەرىم»دە ئەپۇنى ماختاپ-مەدھ قىلمىشتۇر. ئالىيجاناب كىشىلەر ئۆزرىنى قوبۇل قىلۇر. بىر كىشى قۇسۇر ۋە قاباھىتىنى بويىنىغا ئېلىپ ئۆزرە ئېيتسا ئەپۇ قىلۇر، كەچۈرۇر. بۈيۈكلۈك ۋە ئۇلۇغۋارلىقنىڭ لەززىتى باشقىلاردىن ئۆچ ئالماقتا ئەمەس، بەلكى ئەپۇ قىلماقتىدۇر. مەسىلەن، ئەھمەد مەھمۇدقا بىر يامان ئىش قىلىپ دىلىنى ئاغرىتتى، مەھمۇد ئۆچىنى ئالدى. خوش، يامانلىق قىلىشتا بۇلار ئارىسىدىكى پەرق قەيەردە بولدى؟ ھالبۇكى، ھەر ئىككىلىسىمۇ بىر-بىرىگە يامانلىق قىلدى، ھەر ئىككىلىسى غەملىك ۋە پەرىشان بولدى. بىر يامانلىق ئىككى بولدى. ئەگەردە ئەھمەدنىڭ قاباھىتىگە مەھمۇد ئەپۇ مۇكاپاتىنى بەرسە ئىدى، ھەر ئىككىلىسىمۇ شاد ۋە خۇرسەنت بولۇر ئىدى.

جانابى ھەق ئەپۇ قىلغۇچىلارنى سۆيەر. ئۆزىمۇ ئەپۇ ۋە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. نۇشىرۋان ئېيتۇر: «بىر گۇناھكارنى ئەپۇ قىلماقتىن قانچىلىك

① ئەي (تەپەككۇر كۆزى بىلەن) كۆرگۈچىلەر.

لەززەتلەنگىنىمنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن» .

ئۇلۇغلارنىڭ ئىشى ئەپۇ ئەيلىمەكتۇر ،
كىچىكلەر ئۇززە ئۈچۈن بەل باغلىماقتۇر .
مۇسۇلمانلىقتا يوق كىن ۋە ئاداۋەت ،
دىلغا ئەپۇ ،ئادالەت جايلىماقتۇر .
بىزدىكى ئىش پەقەت ھەسەت-خۇسۇمەت ،
چەكتىن ئېشىپ ئۆزگىلەرنى پايلىماقتۇر .
پۈتۈن ئەپئالىمىز بىر-بىرىگە زىدلىق ،
ئۇرۇپ تارتىپ ، ئاغزىنى مايلىماقتۇر .

# يامان خۇلقلار

ئىنسانلارنى مەڭگۈلۈك سائادەتتىن مەھرۇم قىلىدىغان ،جانابى ھەق ئالدىدا ۋە خەلق نەزىرىدە نەپرەتلىك ،دائىملىق ھاياتىمىز ئۈچۈن زەھەرلىك بولغان يامان خۇلقلار : غەزەپ ، شەھۋەت ، جاھالەت ، ساپاھەت ،ھاماقەت ،ئاتالەت ،خاساسەت ،راخاۋەت ، ئانانىيەت ،ئاداۋەت ، نەمىمەت ،غەيۋەت ،ھاقارەت ، جىبانەت ، نىپاق ، تاما ، زۇلۇمدۇر .

بۇ سانىغان يامان خۇلقلارنىڭ يارىماسلىقىنى ، يۇقىرىدا ئاتىغان ياخشى خۇلقلارنىڭ گۈزەللىكىنى ئىنساب تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ ،ۋىجدان مۇھاكىمىسى بىلەن تەھقىقلەپ ، ياخشىلىرىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلماق ، يامانلىرىنى ئاڭلاپ ھەزەر قىلماق لازىمدۇر .چۈنكى ئىنساننىڭ ئىززىتى ، دۇنيانىڭ لەززىتى ياخشى سۆزلەررنى ئىشىتىپ ۋە چۈشىنىپ ئۇلاردىن ئۆلۈش ئالماق ،يامان ۋە زەرەرلىكنى ئۇقۇپ ، بىلىپ ئۇلاردىن ئۆزىنى تىيماق ، مىللەت ۋە خەلق پايدىسى يولىدا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشماق ۋە بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادىن ياخشى نام ئېلىپ كەتمەكتۇر .

ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇقى ئىسراپتۇر .لېكىن ياخشىلىق ۋە ياخشى سۈپەت قانچە كۆپ بولسا ،شۇنچە ياخشى ۋە ماختاشقا لايىقتۇر . رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۇھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز : «بەندىلەرنىڭ ياخشىراقى بەندىلەرگە پايدىلىق بولغانلىرىدۇر» دېگەن .

ياخشىلىق بازاردۇر دارۇلئامان ،
ياخشىلىق قىل ، ياخشىلىق قىلماس زىيان .
ياخشىلىق ،ئەدلۇ ساخاۋەتلەر سېنىڭ بولسا يارىڭ ،
ھەۋەس قىلۇر ساڭا ئىنسۇ مەلەك ،ھۇرى جىنان .

## غەزەپ

غەزەپ بىر كىشى ئىككىنچى بىر كىشى بىلەن قاتتىقلىق ۋە ئىتتىكلىك ئىلە مۇئامىلە قىلىشماققا ئېيتىلۇر .غەزەپ ئىنسانغا مەخسۇس بىر قوغدىنىش قۇۋۋىتىدۇركى ، تەبئىيىتىدە مەۋجۇد بولغان غەزەپ تۇيغۇسى ئارقىلىق باشقىلار تەرىپىدىن كېلىدىغان زەرەر ۋە ھالاكەتلەردىن ئۆز نەپسىنى پەقەت شۇنىڭ بىلەن ساقلار .لېكىن غەزەپنى جەبر ۋە زۇلۇم يولىدا ئىشلەتمەكتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلماق لازىم . نەپسىنىڭ غورۇرىدىن پەيدا بولغان غەزەپ ئىنسانلارنى ئەلەملىك ئازابلارغا گىرىپتار قىلىدۇ .چۈنكى بۇ خىل قاتتىقلىق ۋە ئىتتىكلىكنىڭ تەسىرى كىشى ۋۇجۇدىدىكى قاننى بۇزۇپ ،ھەرىكەت قىلدۇرۇپ ، دىمىقىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئەقلىنى پەرىشان قىلىدۇ-دە ، كىشى ئىختىيارىنى قولىدىن ئالۇر . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىنى ياكى باشقا بىر كىشىنى ھەسرەت ۋە نادامەتكە دۇچار قىلۇر .غەزەپلىك كىشىلەر ھەرقانچە ئەقىل ۋە ئىدراك ئىگىسى بولسىمۇ ،غەزەپ قېنى قوزغالغان چاغدا ئۆزىنى تۇتالماي ،ئەقىل-ئىدراكىدىن ئايرىلىپ بىرەر يامان ئىشنى قىلىپ قويىدۇ-دە ، سوڭ پۇشايمان قىلۇر .

سوقرات ھەكىم ئېيتۇر : « غەزەپنىڭ بېشى ساراڭلىق ، سوڭى نادامەتتۇر» .

ئىمام شافىئىي ھەزرەتلىرى ئېيتۇر : «قىلىچ ۋە نەيزە ئارقىلىق. ھاسىل بولمىغان كۆپ ئىشلار يۇمشاقلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن ھاسىل بولۇر . غەزەپنىڭ زىيىنى ئىگىسىگە قايتۇر» .

ئەپلاتون ئېيتۇر : « ھاياجان بىلەن پەيدا بولغان بىر ھال ، ئەلۋەتتە پۇشايمانلىق بىلەن تامام بولۇر . غەزەپ غەزەپ قىلىنغۇچىدىن كۆرە غەزەپ قىلغۇچىغا كۆپرەك زىيان قىلۇر .ئەقلىنى غەزەپكە سالغۇچى ئىنسان نەپسىنى ھارارەتلىك ئوتقا ياقمىشلەر نادامەتتىن ئاۋۋال ماتانەتنى ئىختىيار قىلغۇچىلا بولسا ھېچبىر تەھلىكە ۋە ئازابقا دۇچار بولمىغايلەر» .

سۇيۇتى ئېيتۇر : «غەزەپ ۋە قەھر ۋۇجۇد ئىقلىمىنىڭ دەھشەتلىك ئاپىتىدۇر .بۇنى توسۇشنىڭ ۋە توگىتىشنىڭ چارىسى تېپىلمىسا ، ئۇ ئىقلىمنى خاراب قىلۇر .غەزەپ ھالاك قىلغۇچى بىر ئىللەتتۇركى ، ئۇنىڭ بىردىنبىر داۋاسى سەبر ۋە چىدامدىن ئىبارەتتۇر . داۋاسى قىلىنمىغان بىر كېسەل ئىنساننىڭ ھاياتىنى ۋەيران ۋە بەربات قىلۇركى ، ھەزەر قىلماق لازىمدۇر» .

غەزەپلىك بولمىغىل ،بولغىل مۇلايىم ؛
بولۇرسەن شادۇخۇراملىقتا دائىم .
غەزەپ ئوتتۇر ، كۆيدۈرگۈسى جىسمۇ جانىڭ ،
غەزەپ بەربات قىلغۇسى خانۇمانىڭ .
غەزەپلىك ئوتنى بوش سۇ پەس قىلغاي ،
غەزەپنى بىھۇش ياكى مەست قىلغاي .

## شەھۋەت

شەھۋەت ـ نەپسىنىڭ ياشىماق ئىستىشى ۋە زورىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر قۇۋۋەتتۇر .تەبئىي ھېكمەت قانۇنلىرىنىڭ ئەزەلىي كۆرسەتمىلىرىگە كۆرە ، شەھۋانىي ھېسسىيات دائىملىق ھاياتقا خاس بىر تۇغما قۇۋۋەتتۇر .شەھۋەت ئىنساننىڭ قىممەتلىك خەزىنىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ،شەرىئەت قانۇنلىرىغا

ئۇيغۇن رەۋىشتە سەرپ ئېتىلسە ، ئۇ ۋۇجۇدنىڭ زاكاتى (ئىلتىپاتى ) ،بەلكى ئىنسان نەسلىنىڭ ھايات مادارى بولىدۇ .ھەرقانداق ئىشتا ھەددىدىن ئېشىش ۋە قېلىپتىن چىقىش ماقۇل كۆرۈلمىگىنىگە ئوخشاش ، بۇ خۇسۇستىمۇ خەسىسلىك ۋە ئىسراپتىن ساقلانماق لازىمدۇر .ئەگەر شەھۋەت غەيرىي شەرئىي بىر يولدا سۇيىئىستېمال قىلىنسا ،ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ .بۇ خۇددى يېمەك ئۈچۈن يارىتىلغان بىر نېمەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلمەستىن خارلاپ ، ئورۇنسىز يەرلەرگە تاشلاپ ئاياغ ئاستى قىلماق چوڭ نېمەتتى كۇپرانلىق بولغىنىغا ئوخشاشتۇر .ياخشى خۇلقلارنىڭ ئىچىدە پەرىشتىلەرنىڭ ئارزۇلايدىغىنى شەھۋەتنى شەرئىيەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يەرگە ئىشلەتمەككە رىئايە قىلماقتىن ئىبارەتتۇر . شەھۋەت ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلمىش بىر ياخشىلىقتۇركى ،ئورنىغا ئىستېمال قىلىنسا ، ۋۇجۇدىمىزنى ھەر خىل تەئەررۇزلاردىن ساقلىغۇسى . ئەگەر ئورۇنسىز يەرلەرگە سەرپلەنسە ئىستېمال قىلىنسا ،ئىنساننىڭ ئىپپىتىنى بەربات قىلىپلا قالماي ،بەلكى ھاياتىنى خاراب قىلغۇسى .بىركىشى قولىدىكى ئەسۋابىغا مەغرۇرلىنىپ ،ئۇنى ناباپ يەرگە ئۇرسا ئۇتەمەس قىلغىنى كەبىي ،مەسئۇلىيەتتىن نەپسىنى ھەم قۇتقۇزالماس .ئەپسۇس ،بىزنىڭ ياشلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى شەھۋەت ئۈستۈنلۈككى بىلەن بۇزۇق نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ ، زەھەم (سىفىلس )قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولماقتا .قانچىلىغان مېھنەت ۋە مۇشەققەت بىلەن تاپقان ئالتۇن-كۇمۇشلىرىنى،ئۆزلىرىنى باققۇزماققا سەرپ قىلىپ ،ئالتۇندىن قەدىرلىك ئەزىز ئۆمۈرلىرىنى كېسەلخانىلاردا ئىسراپ قىلماقتا . ئۆلىمالاردىن بىرى :«ھايات ئىنسانىيەتنىڭ ئەسۋابى بولغىنىغا ئوخشاش ،شەھۋەتمۇ بەندىلىك خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ ۋە بۇ ۋەزىپىلەر ھەققىي ئادا قىلىنمىسا ،ئىنسانىيەت بىلەن ھايۋانات ئارىسىدا نېمە پەرق بولىدۇ »دەيدۇ .

ئەگەر شەھۋەتكە دىل بەرسەڭ ،بولۇرقەلبىڭ قارا كەم-كەم ،
كېتەر نەسلىڭ ئوقى ،بەل قۇۋۋىتى ،كۆزدىن زىيا كەم-كەم .
يامان نەپس ئىلكىگە بەرسەڭ پۈتۈن ئىختىيار-ئەركىڭ ،
مەرەزلەرگە دۇچار ئەيلەر ،بولۇر رەڭگىڭ پەنا كەم-كەم .
بۇزۇق يوللارغا ئەيلەسەڭ ئىسراپ مىلىڭنى-جېنىڭنى ،
قولۇڭدىن دىنۇ دۇنيا ،ئىش كېتەر ،شەرمىڭ ،ھايا كەم-كەم

## جاھالەتنىڭ بۆلۈملىرى

جاھالەت ئىككى بۆلۈمدۇركى ،بىرى «ساددا جاھىللىق » ،ئىككىنچىسى «مۇرەككەپ جاھىللىق » دېيىلۇر .ساددا جاھىللىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان كىشىلەر بىر نەرسىنى بىلمىسە ،بىلمەيدىغانلىقىنى ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ داۋاسى ئاسان بولىدۇ ،بىلمەك ۋە ئۆگەنمەك يولىدا ئەستايىدىل تىرىشسىلا بولىدۇ .مۇرەككەپ جاھىللىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر بىر نەرسىنى بىلمەس ،بىلمىگىنىنىمۇ بىلمەيدۇ ،دەپ دەۋا قىلىدۇ . بىزدە مۇنداق كىشىلەرگە :«ئۆز بېشىمچى»ۋە «ئۆز بىلەرمەن »نامى بېرىلىدۇ .بۇ داۋاسى يوق دەردنىڭ ئىلاجى جانابىي ھەقنىڭ لۇتپى ۋە ئىنايىتى بىلەن ھەل قىلىنمىسا ،ئۇنىڭ تۈزەلمىكى مۇشكۈل ۋە قىيىندۇر .

## جاھالەت

جاھالەت دەپ ئوقۇمىغان ،بىلىمسىز ،ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان نادانلىققا ئېيتىلىدۇ .جاھالەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى ۋە يامان خۇلقلارنىڭ باشلامچىسىدۇر .مائارىپتىن ، ئىلىم-پەن ،مەدەنىيەتتىن مەھرۇم قالغان خەلق جاھالەت پەنجىلىرى ئارىسىدا خۇددى خېمىر كەبىي ئېزىلىپلا قالماستىن ،بەلكى تېخى يامان قىلىق-يامان ئىشلاردىن ئۆز نەپسىنىڭ ياقىسىنى بوشىتالماس . ئىلىم ۋە مەرىپەت ئىگىلىرى پەزىلۇ كامالىلىرى سايىسىدە ھەربىر ئىشنى تەتقىقلەش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق قىلىدۇ .ئەمما جاھىللارنىڭ بولسا بىرەر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى كۆزىتىشكە ئەقىل ۋە پاراسەتلىرى يەتمەس .چۈنكى نادانلىق مەنمەنچىلىك ۋە مەسىلىگە يۈزەكى قاراشتىن ئىبارەتتۇر .ھەر بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەك ئەقىل ۋە ئىرپان ، ئىلىم ۋە بىلىم ئىگىلىرى ئۈچۈن خاس بىر پەزىلەت بولسا ،جاھىل ۋە نادانلار ئۈچۈن زور ئەزىيەتتۇر . جاھالەت ئەربابلىرى نەدىلا بولسۇن ئېتىبارغا لايىق بولماق شەرىپىدىن مەھرۇمدۇر ،ماددىي جەھەتتىن ھەرقانچە باي ۋە دۆلەتمەن بولسىمۇ ، مەنىۋى جەھەتتىن شۇنچە پېقىر ۋە زەلىل سانىلىدۇ .چۈنكى جاھالەت ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان پېقىرلىك ۋە موھتاجلىقتىنمۇ كۆپ دەھشەتلىك بىر مۇسىبەتتۇر . ئەقىل ۋە ئىلىمنىڭ ياخشىلىقى ۋە پەزىلىتى قانچە يۇقىرى بولسا ،جاھالەتتىن تۇغۇلىدىغان يامانلىقنىڭ بالالىرى شۇنچە ئاستىن ۋە خار بولىدۇ .

ھەزرىتى ئەلى ئېيتىدۇ :«پەزىلەت ۋە كامالەت ئەربابى جاھىلدىن قانچە ئىزا ۋە جاپا چەكسە ،جاھىلمۇ ئەقىل ۋە ئىرپان ئىگىسىگە قارىغاندا شۇنچە كۆپ قايغۇلۇق بولىدۇ » .

بېيىت :

سۆيمىگەي پەزىل ئىگىسى جاھىلنى ،
جاھىل ئەھلى ئىلىمگە دۈشمەندۇر .

سوقرات ھەكىم ئېيتىدۇ :«دۇنيادا ئەڭ ھەزەر قىلىنىدىغان ئىللەت جەھلىدۇر .مەن جاھىلغا ئېچىنغىنىمدەك كورغا ئېچىنمايمەن .چۈنكى جاھىلنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان ھەرىكەتلىرى قارىغۇنىڭ ئىختىيارسىز قىلغان ھەرىكەتلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ خۇنۇكتۇر » .

ئەرەبلەر : «ئەلجاھىلۇ مەييىتۇلئەھيائى» (نادان كىشى تىرىك ئۆلۈكتۇر ) دەيدۇلەر . بىز بولساق : «نادان دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى» دەيمىز . بەزى ئاقىل دۈشمەنلەر باركى ، ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن زىيانلىرى نادان دوستلارنىڭ كەلتۈرگەن پايدىلىرىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغاندا ياخشى ۋە پايدىلىق بولۇپ چىقىدۇ .

ئەپلاتون ھەكىم ئېيتۇر : «جاھىلنىڭ ياخشى نىيىتى پازىلنىڭ خۇسۇمىتىدىن زەرەرلىكرەكتۇر . ئىنسان خۇددى بىر ئەڭ يۇقۇملۇق كېسەلدىن قاچقاندەك جاھىلدىن ھەزەر قىلمىقى لازىمدۇر » .

ئەلھاسىل ، جاھالەت ئىنسانىيەت نامىغا ياراشمايدىغان بىر قىلىق بولغانلىقىدىن ، ھەممە ۋاقىت ئىلىم يولىدا ھەرىكەت قىلمىقىمىز ، ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ئۆلۈشلەنمىكىمىز ، ئەزىز جېنىمىزدىنمۇ تاتلىق ئەۋلادلىرىمىزنى جاھالەت ۋە نادانلىق بالالىرىدىن قۇتقۇزماق ئۈچۈن جېنىمىزنىڭ بارىچە ، كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە چېلىشمىقىمىز لازىم ۋە زۆرۈر .

ئەي جاھالەت ئوتى بىرلەياندى جىسمى پاكىمىز ،
ئىلمىسىز قالدۇق ئاياغ ئاستىدا مىسلى خاكىمىز .
ئۈستى ئىلمۇ مەرىپەتلە باشقىلار ئەرئەر كەبى ،
تەربىيەتسىز-پەرۋەرىشسىز خۇددى بىر قارا تاكىمىز .
جىسمىنى ، ئەخلاقىنى تۈزەتتى ئۆزگە مىللەتلەر ،
كىر چاپان ، كۆكرەك ئوچۇق ، يەكتەك ياقاسى چاكىمىز .
غەيرىيلەر تاشلاپ جاھالەت بادەسىن غەمدىن خالاس ،
بىزلەر بولساق مەستى جاھالەت كۆكنارى ، تەرياكىمىز .
ئەيش-ئىشرەت بولسا ھەرقانچە قىلۇرمىز بىمالال ،
ساۋابلىق ئىشتىن ، ئىبادەتتىن قاچار بىباكىمىز .
ئالەم ئۆيى ئىلىم بىلەن نۇرغا تولغان بىر چاغدا ،
نادانلىقنىڭ پاتقىقىدا ياتقان خوتۇن ، ئەركەكىمىز .
ئويلىماق لازىم ئەمەسمۇ ئەي مۇھەممەد ئۈممىتى !
پەرزۇ سۈننەتتىن چىقىپ ، بىزلەر قايان كەتمەكىمىز ؟
نادان-جاھىل بىلگەيمۇ پايدا ، نەپ نەيەردىدۇر ،
نەكەمگىچە يەتمىگەي ياخشى-يامانغا ئىدراكىمىز ؟
ئىلىم ياخشىمۇ ، جاھالەتمۇ ؟ چۈشەنمەيمىز بىز پەقەت ،
ئەقلىمىز يوقمۇ بىزنىڭ ، مەجنۇنمۇ يا تەنتەكىمىز ؟
ئىچكۈلۈك – «ئۇممۇل خەبائىس» [1] دېدىلەر پەيغەمبىرىم ،
كېچە-كۈندۈز خوپ ئىچەرمىز ، جاھىلى ناپاكىمىز .
بەس ، ئەي «ھىجران» ، جاھالەتتىن سۆزلىدىڭ شۇنچىلىك ،
توغرا سۆز قۇلاققا ياقماس-بۇ بىزنىڭ ئۆرنەكىمىز .

## ساپاھەت بالاسى

ساپاھەت دەپ كىشى ئۆمرىنى ۋە بايلىقىنى شەرىئەت قانۇنلىرىغا خىلاپ يەرلەرگە ۋە بۇزۇق ئىشلارغا سەرىپ قىلماقنى ئېيتىلۇر . ساپاھەت ئەڭ يامان خۇلقلاردىن سانالغان بىر يارىماس سۈپەتتۇركى ، كىشىنى ئۈمىدسىزلىك ۋە نادامەت بالاسىغا دۇچار قىلماقتىن تاشقىرى ئۇنىڭ شۆھرىتى ۋە ئېتىبارىنى يەر بىلەن يەكسان قىلۇر . شۇنىڭدەك ئورۇنسىز يەرگە سەرپ قىلىنغان نەرسىنىڭ قىممىتىنى قايتۇرۇپ ئالماق مۇمكىن بولمىغىنى كەبى ساپاھەت دۇنياسىغا ئىسراپ قىلىنغان ئەزىز ئۆمۈر ۋە ھاياتنىمۇ ياندۇرۇپ ئېلىشنىڭ ئىمكانى يوقتۇر . ئەگەر ئىنسان ھەر ھالدا ئۆز نەپسىنى تىزگىنلەپ ، بەختىيارانە بىر مەئىشەتكە قادىر بولسا ، ئىنسانىيلىق مەسئۇدىيەتكە ئېرىشكەن سانىلۇر . ساپاھەت يالغۇز بىر ئائىلىنىڭلا ئەمەس ، پۈتكۈل بىر قەۋمنىڭ مال ۋە بايلىقىنى سورۇۋەتمەككە قادىردۇر ، ھەتتا نومۇس ۋە پەزىلەتكە خاس بولغان ھۆرمەت ۋە رىئايىتىنى يوق قىلۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان يوتقىنىغا بېقىپ پۇت سوزمىسا ، كىرىمىگە قاراپ چىقىم قىلمىسا ، تېجەمكارلىققا رىئايە قىلمىسا ، نەپسىنىڭ ياقىسىنى ساپاھەتنىڭ قولىدىن قۇتقۇزالماس . بۇنداق كىشىلەر ھايات ۋە بايلىق قەدرىنى بىلمىگەن ۋە تۇزكورلۇق قىلغان بولۇر . ساپاھەت بالاسىغا مۇپتىلا بولغان كىشىلەرنىڭ باشلىرىغا شۇنداق بىر قارا كۈنلەر كېلۇركى ، ئۇ چاغدا : «ئاھ ، ساپاھەت ، دەھشەتلىك ئاپەت ، مال-دۇنيانىڭ بالاسى ئىكەنسەن !» دەپ پىغان قىلماق پايدا بەرمىگەي . ئەپسۇسكى ، بىزلەر ۋۇجۇدىمىزنىڭ مەنبەسى ياكى ھەقىقىي ئانىمىز بولغان ۋەتىنىمىز يەنى تۇپرىقىمىزنى تۆۋەن باھا سېتىپ پۇچەك پۇل ئالغىنىمىزغا ئاسار-ئەتىقىلىرىمىزنىڭ بەدىلىگە ساختا ئەشيالارغا ئېرىشكىنىمىزگە ئوخشاش ، ئىلكىمىزدە بار ئىلىم ۋە مەرىپىتىمىزنى ، مال ۋە بايلىقىمىزنى ھاۋايى نەپسانىيىتىمىز ئۈچۈن «دەتتىكەم !» دەپ تىكىپ ئۆتتۈرغايمىز ھەم كۆزىمىزگە چىرايلىق كىيىملەر بىلەن ياسانغان پاھىشە خوتۇن كەبى جىلۋىگەر بولۇپ كۆرۈنگەن ساپاھەت بازىرىدىن بۇزۇق ۋە چىركىن ئىشلارنى سېتىپ ئالۇرمىز .

گەپنىڭ قىسقىسى ، ئىنسان ئۆمرىنىڭ بىر دەقىقىسىنى ، بايلىقىنىڭ بىر تىيىنىنى ئورۇنسىز يەرلەرگە ۋە شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا ئىشلەتسە ، بۇ دۇنيادا خار ، ئۇ دۇنيادا ئەلەملىك ئازابقا دۇچار بولۇشىدا شۇبھە يوقتۇر .

ساپاھەت ئاپەتجاندۇر جاھاندا ،
ساپاھەت بىزدەدۇر ئۇشبۇ زاماندا .
يۇقۇملۇق بىر مەرەزدىندۇرساپاھەت ،
يۇقۇپ ئاندىن تۇغۇلۇر ھەر پالاكەت .
ساپاھەت يوق قىلۇرئۆمرۈڭ ، ھاياتىڭ ،
ئۈمىد ئەتمە ساپاھەتتىن نىجاتىڭ .
ساپاھەت ئەيلىگەي مالىڭنى تاراج ،
بولۇرسەن ئاخىرى نامەردكە موھتاج .

[1] بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئانىسى ، كۆچمە مەنىدە ھاراقنى كۆرسىتىدۇ .

بىرىپتۇ ھەق ساڭا كۆپ ئىختىيارىي ،
رىزا ئەمەس بۇزۇق ئىشىڭغا بارى .
ئەزىز ئۆمرۈڭنى غەپلەتتە كەچۈرمە ،
ساپاھەت جامىنى نەپسكە ئىچۈرمە .
چۈشەن ، جانى ئەزىزنىڭ ئېھتىيات ئەت ،
مۇسەپپا يول پەيغەمبەر ئارتىدىن كەت .
ساپاھەت ئويلىما ئارامىجاندۇر ،
پۈتۈن ۋىجدان-ئىلە جانغا زىياندۇر .
پەقىرلىكنى پۇلغا سېتىپ ئالۇرسەن ،
چۈشەنگىل ،دۈشمەنگە موھتاج قالۇرسەن .
ساپاھەت دۈشمەنى نامۇسۇ شانىڭ ،
بۇيۇك بىر ئاپەتى روھى راۋانىڭ .
قاباھەتتۇر ،ساپالەتتۇر ساپاھەت ،
نە «ھىجران»لىق پالاكەتتۇر ساپاھەت .

## ھاماقەتلىك

ھاماقەتلىك ئەقىل ۋە مەرىپەتنىڭ كەملىكىدىن ھاسىل بولىدىغان ئەڭ يامان خۇلقلارنىڭ بىرىدۇر . «ھاماقەت»نىڭ سۆزلۈك مەنىسى بالاھەت سۆزىگە يېقىن بولغانلىقتىن ،بەزى ھۆكۈمالار ئەخمەقلەرنىڭ جەھلى مۇرەككەپلىككە ئىگىدۇر ،دەيدۇ .ئەخمەق كىشىلەرنى بىرەر ئىشتا ئەقلىي ۋە نائەقلىي دەلىللەر بىلەن كۆندۈرۈپ بولماس ،ئۇلار ھامان ئۆز ملەرمەنلىكىدىن ئايرىلماس .

ئىبنى سىنا ھەكىم ئېيتۇر : «ئوچۇق ۋە ماددىي دەلىل ئارقىلىق ئىسپات قىلىنمىغان بىرنەرسىنى ئىنكار قىلماق ھاماقەتلىك بەلگىسىدۇر .ئاقىل ئىنسان بىر مەسىلىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئويلار ، تەتقىق ۋە تەپتىش قىلۇر ،قەتئىي ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرىماس ،مەنىۋى جەھەتتىنى ھەم چۈشۈنۈر ،دەلىلسىز ،ھۆججەتسىز بىر جۈملىنىڭ قىياسىنى رەت ياكى مەقبۇل قىلماق ئەخمەقلىق سانىلۇر» .

ئەخمەقلىق داۋاسىنى تاپماق مۇشكۇل بولغان بىر ئىللەتتۇر .لوقمان ھەكىم : «مەن ھەر قانداق كېسەللىكنىڭ دەپىئىنى ۋە چارىسىنى. تاپتىم ،پەقەت ئەخمەقلىقنىڭ داۋاسىنى تاپالمىدىم» دەيدۇ .

ھەر بىر كېسەلنىڭ باردۇر داۋاسى ،
ئەخمەقلىق كېسىلىنىڭ يوق داۋاسى .

سوقرات ھەكىم ئېيتۇر : «ئەخمەق كىشى سۈكۈت ساقلاش بىلەن ئەخمەقلىقىنى ياپسا ئىدى ،ئوتتۇرىچە ئاقىللاردىن سانىلۇر ئىدى .لېكىن ئەخمەقلىق بىلەن سۈكۈت بىر ئادەمدە جەم بولماس» .

ئەخلاق ئۆلىمالىرى نەزەرىدە ھاماقەتلىك جاھالەتتىن يامانراقتۇر .چۈنكى جاھىلدا بىر جەھىل بار ،ئەخمەقتە بولسا بىرنەچچە ئەقىل ئىگىسىنى ئالداپ كېتىدىغان يالغان-ياۋىداق سۆزلەر بولۇركى ، كۆپ كىشىلەرنى ئالداپ يولدىن چىقىرىدۇ .

جاھالەتنىڭ داۋاسى ئىلىم بولغىنىغا ئوخشاش ، ھاماقەتلىكنىڭ دەرمانى ئەقىل ۋە پىكىردۇر .ئىنسان ئۆز نەپسىگە جەبىر قىلىپ بولسىمۇ دىققەت نەزەرى بىلەن ئىبرەتكۆزىنى ئاچماق ئۈچۈن تىرىشسا ۋە غەيرەت قىلسا ،ئەخمەقلىق بالاسىدىن قۇتۇلغۇسى . تەربىيە ،نەزەرىيىدىن مەھرۇم بولغان ئىنسان ھەر ۋاقىت پالاكەت ۋە ھەسرەت تۇزىقىغا چۈشكۈسى .

دورىسى يوق ،دېدى ھۆكۈمالارھاماقەتنىڭ ،
پايدا-زىياننى بىلمىگەي ئەبلەخ قىياپەتنىڭ .
ھەركىم ئۆزىنى بىلمىسە ،بىلگەيمۇ ئۆزگىنى ،
قايغۇسىنى چۈشەنمىگەي يېتىم مىللەتنىڭ .
جاھىللىق بىر بالا ،ئەخمەقلىققە يوق داۋا ،
ھەر ئىككىلىسىدۇر سەۋەبچى ئازاب-غۇربەتنىڭ .
ئەخمەق بىلۇرمۇ ئىلىم-ئىرپاننىڭ قەدرىنى ،
ئەبلەخ بىلۇرمۇ قىممەتى مېھرۇ مۇھەببەتنىڭ

## ئاتالەت

ئاتالەت دەپ ھورۇنلۇق ۋە ئىشياقماسلىققا ئېيتىلۇر .ئاتالەت ئىنسان سائادىتىنىڭ زور ئاپىتىدۇر .غىزاخورلۇقتىن پەيدا بولىدىغان يامانلىق مەئىشەت جەھەتىدىن نەسلىگىمۇ تەسىر قىلۇر . ھەرخىل ساخاۋەت ۋە كامالەتتىن مەھرۇم قىلىپ ، كىشىنى خار ۋە زەلىل قىلىپلا قالماستىن ،بەلكى يەنە ئۆمۈرنى ساپالەت ئورنىغا ئىتتىرۇر .كىشى جېنى بارىچە ،كۈچى يەتكۈنچە چېلىشماققا بۇرچلۇقتۇر . لېكىن بىلمەك كېرەككى ،دۇنيادا تىرىشچانلىقتىن ئېرىشىلىدىغان يېمىش دەرھال ھاسىل بولمايدۇ . «ھالۋا» دېگەنگە ئېغىز تاتلىق بولماس .شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچان ۋە غەيرەتلىك كىشىلەر ھەر ۋاقىت جىددىي ھەرىكەتتە بولۇپ شەرىئەت يولىدا چىدام ۋە بەرداشلىق بىلەن ،زەۋق-شەۋق بىلەن ئىزچىل يۈرۈرلەر . ھەرقانداق تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسى ۋە مۇكاپاتىنى كۆرمەك مۇمكىن بولسىمۇ ،ئول مۇكاپاتقا ئېرىشمەكنىڭ ۋاقتى-سائىتى باردۇر .مەسىلەن ، مېۋىلىك دەرەخنى 4-5-يىل پەرۋەرىش قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ يېمىشىغا ئېغىز تەككۈزگىلى بولغىنىدەك ،بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپ ،مەدرىسىدە 8-10-يىل ئىزچىل تىرىشىپ ئوقۇغىنىدىلا ئاندىن تەربىيىنىڭ ھاسىلاتى - يېمىشى كۆرۈلۈر .شۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىر ئىشنىڭ سەمەرىسى بىر مەزگىل چېلىشماق ۋە تىرىشماق ئارقىسىدىلا زاھىرۇئاشكار بولۇر .

قىسقىسى ،ھورۇنلۇق ۋە ئىشياقماسلىقنى خۇي قىلغان كىشىلەر ئىككى ئالەمدە ئىنسانىي سائادەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلىرىدىن مەھرۇم ۋە بىبەھرە قالۇرلار .

ئاتالەت دۈشمەنى جاندۇر ،ياماندۇر ،
چاقار جىسمىڭنى بىر زەھەرلىك يىلاندۇر .

چۈشۈن پالاق يېگەي مۈرۈنلۈقىدىن ،
بال ھەرە مېھنەت قىلۇر ئارامىجاندۇر .
بۇ دۇنياغا كىشى ئىشلەشكە كەلگەن ،
تۈزۈك تىكمىسە كاسىپقا زىياندۇر .

## خاساسەت

خاساسەت دەپ تەمە ۋە زىللەتنى بويىنغا يۈكلەپ ئېلىپ ،مال-دۇنياغا ئارتۇقچە ھېرىس قويماققا ئېيتىلۇر .ھېرىس ۋە تەمەگە ھەددىدىن ئوشۇق بېرىلگەن بېخىل ھەرقانچە شان -شەرەپ ئىگىسى بولسىمۇ ،ئۆزىنى پېقىرلىكتىن ئىبارەت پەسلىك ، خارلىقتىن قۇتقۇزالماس .پېقىرلىك ۋە موھتاجلىقتىن ساقلانماق نىيىتى بىلەن بېخىل ۋە خەسىسلىك يولىنى تۇتقان كىشىلەر ئەقىل ۋە ئىرپان ساھىبى سانالماس . خەسىس ئىنسان مىڭبىر جاپامۇشەققەت ۋە پەسكەشلىك بىلەن يىغقان بايلىقىدىن زاكات ۋە ئۆشرىنى ئاجراتماقتىن ئاجىز ،ئىنسانىي سائادەتتىن بەھرىلەنمەكتىن مەھرۇم بولۇپ ،مەڭگۈلۈك جازاغا مەھكۇمدۇر .يىپەك قۇرتى پىلەئىچىدە ئورىلىپ ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇر ،قانچىلىغان مېھنەت ۋە مۇشەققەت بىلەن ھاسىل قىلغان يىپىكىدىن باشقىلار پايدىلىنۇر .خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش خەسىس ئىنسانمۇ مال-دۇنيا يىغماق بىلەن ئورىلىپ ، ئاۋارە-سەرگەردان بولۇپ ،ئەزىز جېنىنى باشقىلارغا سېلىپ بېرۇر .دۇنيا ئىززىتىدىن ،ھايات لەززىتىدىن بىبەھرە كەتكىنىگە ئوخشاش ،جان بېرەر چاغدىكى نادامىتىدىن ھەم پايدا يوقتۇر .

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز ئېيتۇر : «بايلىقى بار تۇرۇقلۇق ،ئۇنىڭدىن بالا-چاقىلىرى ۋە ئائىلىنى قىسقان كىشىلەر يامان كىشىلەردۇر » .

خەسىسلىك بىزلە يىغقان مۈلكۈ مالىڭ ،
ئاچكۆزدەك توپلىغان ئەشيا ،مەنالىڭ .
لەھەت كىرسەڭ ،قالۇر ۋارىسلىرىڭغا ،
نىچۈك كەچكەي سېنىڭ ئول كۈندە ھالىڭ ؟
كىتابىڭدىن ھېسابىنى سەن بېرۈرسەن ،
خالاس بولماق قىيىن ئېھتىمالىڭ .

## راخاۋەت

راخاۋەت دەپ غىزاخورلۇق ۋە غەيرەتسىزلىككە ئېيتىلۇر .ئۈمىد ۋە تىرىشچانلىقنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى راخاۋەتتۇركى ،ئۇ غەيرەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتىمىزنى يوق ۋە بەربات ئېتۇر ۋە بىرمۇنچىلىغان مەيۇسانە پىكىر ۋە خىياللارغا دۇچار ۋە گىرىپتار قىلۇر .

ئىبنى سىنا ھەكىم ئېيتۇر : «تىرىشچانلىق ۋە ئىش -ئەمەل بىلەن ئۆلگۈچىلەر جىسمانەن ئۆلسىمۇ ناملىرى قالۇر ،راخاۋەت بىلەن جان بەرگۈچىلەرنام -نىشانسىز ئۆلۇر .غەيرەتسىزلىك تىرىك ئۆلۈكتىن ئىبارەتتۇر .ئۆلۈكلەرنىڭ ماكانى تىرىكلەر ئارىسىدا ئەمەس ،تۇپراق ئارىسىدىدۇر » .

لوقمان ھەكىم ئېيتۇر : «غىزاخورلۇق ئۈمىد ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قۇۋۋىتىنى كېسىدىغان بىر مەرەزدۇر .ئىنسانىي بەختتىن مەھرۇم بولۇپ ، مەيۇسانە ياشىماق راخاۋەت ،غەيرەتسىزلىك تەسىرىدىندۇر » .

كىشىگە ئىشيافماسلىق ئاتاق-ئابروي بېرۈرمۇ ؟
ھۇرۇن ئىنساندىن كىشىگە خەيرساخاۋەت يېتۇرمۇ ؟
«بىلمىغۇرغا بولۇشما »دېگەن ئىكەن بوۋىلار ،
غەيرەتسىز ،ئارسىزكىشى مىللەتكە خىزمەت قىلۇرمۇ ؟ !

## ئانانىيەت

ئانانىيەت دەپ مەنمەنلىك ،تەكەببۇرلۇق ، ئۆزۈمچىللىككە ئېيتىلۇر .مەنمەنلىك جاھىلانە كىبرۇ غورۇردىن پەيدا بولىدىغان ئەڭ يامان خۇلقلارنىڭ بىرىدۇركى ، كىشىنى ھەريەردە مەيۇس قىلۇر ۋە يېتىم قالدۇرۇر .كېرەكلىك ئىنسان ئۆزىنى ئالەمگە تونۇتمىسۇن ،كېرەك بولسا ئالەم ئۇنى تونۇۋالسۇن . بۇخىل سۈپەت يامان خۇلقلاردىن ھەزەر قىلغاز كىشىلەرگىلامۇيەسسەر بولۇر .كېرىلىپ بوي تارتىپ ئۆسۈپ كەتكەن دەرەخ ياخشى يېمىش بەرمىگىنىگە ئوخشاش ،كىبىر- مەنمەنلىكتىن پەزىلەت ھاسىل بولماس .ئەخلاقى ياخشى ئىنسانلار ئۆزلىرىدىكى پەزىلۇ كامالەت بەلگىلىرىنى خالايىققا خۇش خۇلۇقلۇق ۋە تەۋەززۇ بىلەن كۆرسىتۇرلەر .

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز : «ئىبادەتنىڭ ئەۋزىلى تەۋەززۇدۇر »دەپ بىزلەرگە مەنمەنلىكنىڭ نەقەدەر پەسلىك ۋە خارلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندۇر . ئەلھاسىل ،كىبرۇ مەنمەنلىك بالاسىغا گىرىپتار بولغان كىشىلەر ھەممىلا يەردە ئاجىزلىق ۋە ھاقارەتكە ئۇچرىغۇسى .

ئەزازىل كىبىر قىلدى بولدى شەيتان ،
تەكەببۇرلۇق قىلۇرمۇ ئاقىل ئىنسان ؟ !
تەۋەززۇ پېشە قىل ،ئەسلىڭنى قىل ياد ،
ۋۇجۇدۇڭ خاك ئېرۇر ،ئەي ئادىمىزات !

## ئاداۋەت

ئاداۋەت دەپ بىراۋغا خۇسۇمەت ۋە دۈشمەنلىك قىلماققا ئېيتىلۇر .ئاداۋەت ۋىجداننى بىھۇزۇر قىلىدىغان ئەڭ يامان خۇلقلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىنسان بىلگىنىدە ئىدى ،ھېچ ۋاقىت ئەزىز جېنىنى ئەلەملىك ئازابقا گىرىپتار قىلماس ئىدى .

سوقرات ھەكىم ئېيتۇر : «مەن ماڭادۈشمەنلىك قىلغان ئادەمگە ئاداۋەت قىلمايمەن .چۈنكى مېنىڭ

ئاداۋىتىم دۈشمىنىمنىڭ خۇسۇمىتىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. مەن ئاداۋەتكە دوستلۇق بىلەن قارشى تۇرۇپ، خۇسۇمەتنى مۇھەببەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق دۈشمەن كىشىلەرنى ئۆزۈمگە ئەل قىلىمەن».

ئەپلاتون ھەكىم ئېيتۇر: «دىلدىكى ئاداۋەت تۆمۈردىكى داتقا ئوخشايدۇ. دات تۆمۈرنى يېگىنىگە ئوخشاش ئاداۋەت قەلبنى ئازابقا سالىدۇ».

ھەزرىتى مۇھەممەدىن ئەرەبىي ئېيتۇر: «خۇسۇمەت ۋە ئاداۋەتتىن قۇتۇلماق بىراۋغا جەبرۇ زۇلۇم بولمىغان ئىشلاردىن ئېھتىيات بولماق، دۈشمەنلىك تۇغدۇرۇدىغان قىلمىشلاردىن ساقلانماق بىلەن بولۇر. مەن ھېچكىمگە ئاداۋەت قىلماقنى لازىم كۆرمىدىم. شۇڭا، ھازىرغىچە ھېچ دۈشمەنگە ئۇچرىمىدىم».

ئەلھاسىل، يامان خۇلقلارنىڭ يامىنى بولغان ئاداۋەت شۇنداق بىر يامان سۈپەتتۇركى، بارچە بۇزۇق ئىشلارنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولىدىغان يېرى ئاداۋەتتۇر. ئاداۋەت نەپسانىيەتتىن تۇغۇلۇر. نەپسانىيەت بولسا پەرىشتىلەرنىڭ ئۇستازى بولغان ئەزازىلگە «شەيتانۇر رەجىيم» (لەنىتى شەيتان) نامىنى بەرگەنكى، ئۇ، ساقلانماققا تېگىشلىك بولغان يامان سۈپەتتۇر. ئاداۋەت ۋە نەپسانىيەت تەربىيىسىز دىلدا ھاسىل بولىدىغان جىسمانىي ئىللەتتۇركى، بۇنىڭ بىرىنچى ئىلاجى ۋىجدان ۋە ئىنساب ئۇزرە قىلىنىدىغان ھەكىمانە تەدبىر ۋە ھەرىكەتىمىزگە باغلىقتۇر. ھەممىگە ئوچۇق ۋە ئايدىڭدۇركى، ئاداۋەت دەرىخى خۇسۇمەت يېمىشىنى بېرۇر. ئەگەر ئاداۋەت دەرىخى كېسىپ تاشلىنىپ ئورنىغا سەمىمىيلىك كۆچىتى تىكىلسە، ئۇنىڭدىن مۇھەببەت ۋە ئۇلپەت مېۋىسى نىشانە قىلۇر.

ئاداۋەت بالاسى بىزلەرنى نەتدى،
ئاداۋەت قىلما دەپ ھەق بىزگە ئېيتتى.
زىنلىق قىلدۇق، مالۇ دۆلەتلەر كەتتى،
مالدىن ئۆتۈپ، ئاخىر جانلارغا يەتتى.

## نەممەت

نەممەت دەپ كىشىلەر ئارا گەپ توشۇماق-چېقىمچىلىققا ئېيتىلۇر. چېقىمچىلىق بۇزۇق ئەخلاقتىن تۇغۇلىدىغان خۇلقلارنىڭ بىرىدۇر. چېقىمچىلىق ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ئۆسەك - ئىغۋانىڭ نېگىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يامان سۈپەتنى ئۆزىگە مەسلەك قىلغان كىشىلەر خەلق نەزەرىدە مۇناپىق سانىلۇر. ئىككى مۆمىن ئارىسىدا گەپ توشۇپ بىرىنى بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، ئىككى ئوتتۇرىغا ئىناقسىزلىق ۋە ئاداۋەت ئوتلىرىنى يېقىپ، بىر-بىرىدىن جۇدا ۋە خانىۋەيران قىلماقنى زەررىچىلىك ئىمانى ۋە ئىنسانىيىتى بار كىشىلەرنىڭ ۋىجدانى ئەسلا قوبۇل قىلمىسا كېرەك. بەزى ئاداۋەتچى ۋە ھەسەتچى كىشىلەر باشقىلارغا ئۇلارنىڭ شەنىدە يوق سۆزلەر بىلەن تۆھمەت ۋە بۆھتان قىلىپ، ئول كىشىنىڭ قەدرى ۋە ئابروينى تۆكمەك، ئېتىبارىنى چۈشۈرمەك قەستىدە ھەر كىمگە سۆزلەپ يۈرۈر. مۇنداق كىشىلەرنىڭ شەرىئەتتە شاھادەتلىرى مەقبۇل ئەمەستۇر ھەمدە ئۇلارنىڭ ئويدۇرما سۆزلىرىنىڭ تېگى ئاشكارىلىنىشى بىلەن ئۆزگىلەرگە قازغان ئورىغا ئۆزلىرى يېقىلىپ، خەلق ئارىسىدا چېقىمچى نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئابروي-ئېتىبارىدىن تېزلا ئايرىلۇر. قەلبى ياكى ۋىجدانى سالامەت بولغان ئىنسان بۇ كەبى ھىيلە ۋە ئالدامچىلىقتىن تىلىنى تىيۇر. چۈنكى مۇنداق بۇزۇق ئەخلاققا مۇپتىلا بولغان ئىككى يۈزلىمچى ئادەم خەلق ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە جانابىي ھەق نەزەرىدىمۇ سۆيۈمسىزدۇر.

چېقىمچى ۋە غەيۋەتچى كىشىلەر خۇددى دەرەخ يىلتىزىغا چۈشكەن موزايىېشىغا ئوخشاش، خەلق ئارىسىدا ئىتتىپاق ۋە ئۇلپەتنىڭ كاۋىكىنى كېمىرىپ، ئومۇمىي خەلق ۋە مىللەتنىڭ ياشىمىقى ئۈچۈن لازىم بولغان مۇھەببەت دەرىخىنى يىقىتۇرلار. بىراۋنى يامانلىماق، يالغان سۆزلىمەك، ھەقىقەتنى يوشۇرماق، مۇناپىقلىق يولىغا ماڭماق شەرىئەتتە ھارام بولغان غەيۋەتتىن ئىبارەت يامان ئىش قىلغانلىق بولۇر. شەخسىي غەرەز ياكى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن بىركىمدىن ئىشىتكەن سۆزنى ئۆز مەقسىتىگە مۇۋاپىق بىر نەچچە تۈرلۈك مەنىلەر بىلەن بۇزۇپ سۆزلىمەك زور ئەيىب ۋە گۇناھتۇر.

دېمەك، ئۆز جىنسىغا يامانلىق قىلماق ۋە يامان سۆزلەر بىلەن غەيۋەت قىلماقنى ئادەت قىلغان كىشىلەردىن قاچماق ۋە ھەزەر قىلماق لازىم.

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز ئېيتۇرلەر: «ساھابىلىرىمدىن بىرى ئىككىنچىسىنىڭ سۆزىنى ماڭا توشۇپ كەلمىسۇن. چۈنكى مەن سىزلەرگە سەدرىم سالامەت، قەلبىم راھەت ھالدا ئۇچرىماقنى ياخشى كۆرىمەن».

ھۆكۈمالاردىن بىرى دەرلەر: «مال ۋە نەرسە ئوغرىلىرىدىن كۆرە ئادەملەر ئارىسىدىن دوستلۇق، ئۇلپەتچىلىك، سۆيۈشمەنچىلىكنى ئوغرىلايدىغان كىشىلەردىن كۆپرەك ساقلانماق لازىم».

بېيىت:

چېقىمچىلار بۇزار ئۇلپەت ھېسارىنى،
نىپاقلىققا ئېلىپ بارار مىللەت كارىنى.
چېقىمچى تىلى يامان ئەجدەر تىلىدىن،
سالۇر جانغا ئەلەملىك زەھىرى مارىنى.
يامان تىل مىڭ تىلىم بولغىنى ياخشى،
ساچۇر ئۈممەت ئارا كىن-نىقارىنى.
يامان تىل ساھىبىنىڭ دۈشمىنىدۇر،
يوقاتقاي شان-شەۋكەت، ئېتىبارىنى.

## غەيۋەت

غەيۋەت دەپ بىر كىشىنىڭ كەمچىلىكى ۋە قۇسۇرىنى ئارقىسىدىن سۆزلىمەككە ئېيتىلىدۇ. غەيۋەت قىلماق هارام بولغىنى كەبى، ئۇنى ئىشتمەكمۇ هارامدۇر. كىشى ئۆز نەپسىگە لەززەت ئۈممىدى بىلەن بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئېيتىنى چاينىماق گۇناھ هەم ئىنسانىيەت نامىغا ياراشمايدىغان ئەڭ يامان، ناچار خۇلقلاردۇر. ئىنسان باشقا گۇناهلارنى نەپسىنىڭ لەززىتى ئۈچۈن قىلىدۇ. ئەمما غەيۋەت قىلغۇچى لەززەت ئورنىغا ئۆز بېشىغا ياكى باشقا بىر كىمنىڭ بېشىغا بالا هازىرلار. چۈنكى سۆز بېرىپ غەيۋەت قىلىنمىش كىشىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ، غەزەپ قېنى قىمىرلىماققا باشلارۋە غەيۋەتچىدىن ئۆچ ئالماق پۇرسىتىنى كۈتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، غەيۋەت تۈپەيلى ئىككى مۇسۇلمان ئارىسىغا زور دۈشمەنلىك چۈشۈر ۋە هەتتا ئاخىرى ئۆلۈمگىچە بېرىپ يېتىدۇ. شۇل تەرىقە غەيۋەتتىن تۇغۇلغان ئاداۋەت سوزۇلۇپ، دۈشمەنلىك زورىيىپ، ئىككى ئارىدىكى خۇسۇسىي جاڭجاللار بىلەن ئەزىز ئۆمۈرلىرىنى سورۇۋېتىش نەتىجىسىدە ئومۇمىي خەلق پايدىسىغا ئىشلىنىدىغان ئىشلاردىن مەهرۇم بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئائىلە ئارىسىدىن ئىتتىپاقلىقنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولۇر.

قىسقىسى، قايسىبىر مىللەتنىڭ ئارىسىدىن بىرلىك كۆتۈرۈلۈپ، نىپاق ۋە ئاداۋەت هۆكۈم سۈرگەن بولسا، ئۇل قەۋمنىڭ ئىنقىراز دۇنياسىغا يۈزلەنگەنلىكى تارىخ بەتلىرىدىن مەلۇمدۇر.

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆهتەرەم سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز ئېيتۇر: «غەيۋەتتىن ساقلىنىڭلار، غەيۋەت زىنادىنمۇ يامانراقتۇر».

ئەگەر جۇرمۇ گۇناھ بولسۇن دېسەڭ ئاز،
تىلىڭنى ساقلا غەيۋەتتىن قىشۇ ياز.
قۇلاققا پاختا تىق، غەيۋەت ئىشتمە،
شىكايەتچى كىشىگە بولما دەمساز.

## هاقارەت

هاقارەت دەپ كىشىنىڭ قەدرى ۋە ئېتىبارىنى چۈشۈرمەك نىيىتىدە ئۇنىڭ نەپسى ۋە ئىپپىتىگە تېگىدىغان سۆزلەر بىلەن يامان مۇئامىلە قىلماققا ئېيتىلۇر. نۇئتلماھالا دىنىي دىكتىلاردا! بىراۋنى هاقارەت قىلماق چوڭ گۇناهلاردىندۇر، دەيدۇلەر. لېكىن بىزلەردە قىز-كېلىن سوراپ بېرىشىپ، بىر-بىرىمىزنى هاقارەت قىلماق ئادەت هۆكمىگە كىرمىشتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى ئەخلاقسىزلىق، گۇناھ ۋە ساۋابنى پەرق قىلمىغانلىقىمىزدىندۇر. هاقارەت كەمسىتىلگەن كىشىنىڭ دىلىغا ئورنىشىپ، شۇنداق يامان جاراهەتلەرنى پەيدا قىلۇركى، پۇرسەت كۈتۈپ ئۆچ-ئىنتىقام ئالمىغۇچە تۈزەلمەيدۇ.

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆهتەرەم سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز: «ئىككى ئادەم بىر-بىرىنى سۆكسە، گۇناهى باشلىغۇچىغا بولۇر. مەگەر قارشى بولغان كىشى ئارتۇق كەتسە، هەر ئىككىلىسىمۇ گۇناهتا ئورتاق بولۇرلەر»، يەنە «مۆمىننىڭ ئۆز قېرىندىشىنى سۆكمىكى پاسىقلىق، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمىقى كۇپۇردۇر» دېگەن ئەردى.

شۇل خۇسۇستا مىرزا بىدىل:

زى هەرفى نا مۇلايىم زەهمەتى دىلها مەشەۋ بېدىل،
كى هەرجا جىنسى سەنگى هەست، باشەد دۈشمەنى ئەينا.

مەنىسى:

يامان سۆزلەر بىلەن دىللارغا زەخمەت بەرمىگىل بېدىل،
نە يەردە تاش جىنسى بولسا، بولغاي شىشىگە دۈشمەن.

دەپ ئىنسانلارنىڭ دىلىنى شىشىگە، هاقارەت ۋە يامان سۆزلەرنى تاشقا ئوخشىتىپ، يامان سۆز كىشىنىڭ شىشە كەبى نازۇك دىلىنى پارچە-پارچە قىلۇر، دەيدۇ.

## ئۆتنە دۇنيادۇر بۇ

مال - دۇنياسىغا مەغرۇرلىنىپ هەر كىمگە هاقارەت كۆزى بىلەن قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ تېزلا خارلىق ۋە هاقارەتكە دۇچار بولغۇسى. بىراۋنى هاقارەتلىمەك ۋە خارلىماق سۆز ۋە ئىش بىلەن بولغىنى كەبى قەلەمۋە يېزىق بىلەنمۇ بولۇر. بەزى ئەدەب ۋە تەربىيەدىن مەهرۇم مۇهەررىر، شائىرلارباركى، ئۇلار كۆڭۈللىرىگە كەلگەن نەرسىلەرنى قايتۇرماستىن، ئەخلاق ۋە ئەدەب قائىدىلىرىگە رىئايە قىلماستىن، خەلقتىن هېيىقماستىن، بەچچە ۋە جۇۋانلارشەنىگە قانداقتۇر مۇۋەششەھ دەمدۇ ياكى بىرمۆمىن بۇرادىرى توغرىسىدا هەجۋ ۋە ئىستېهزا دەمدۇ بىرنېمىلەرنى يېزىپ، مەتبۇئات ۋە ئەدەبىيات دۇنياسىنى ئىپلاس ۋە چىركىن قىلىشماقتىلەر. بۇنداق قىلمىش ئۇلارغا سۆهبەتداش بولىدىغان ياشلار ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلمىقىغا سەۋەب ۋە ئۈلگە بولۇپ قالغۇسى.

كۆپ ئولتۇرما يامانىنىڭ سۆهبىتىدە،
گەر پاك بولساڭ سېنى قىلۇر ئىپلاس.
كۆر نىچۇك ئاپتاپ رۆشەندۇر،
خىرە قىلسا بۇلۇت، كۆرۈپ بولماس.

## جىبانەت

جىبانەت دەپ قورقۇنچاقلىق ۋە يۈرەكسىزلىككە ئېيتىلۇر. قورقاق كىشىلەر ۋەهىمە ۋە خىيالات ئەسىرى بولۇپ، بىر ئىشنى ئىشلىمەككە جاسارەت قىلالمىغاي. قورقاقلىق ئەڭ يامان خۇلقلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى قورقاق كىشىلەرنىڭ سۆزى ۋە ۋەدىلىرىگە ئىشەنگىلى بولمىغىنىدەك، ئۇلار بىلەن يول ۋە سەپەردە هەمراھ بولماقمۇ خاتادۇر. سەۋەب شۇلكى، يۈرەكسىز كىشىلەردە سەبىر ۋە چىدام،

جۇرئەت ۋە ماتانەتكە ئوخشاش ياخشى سۈپەتلەر بولمايدۇ .قورقۇنچاقلىقنىڭ بىشى تەربىيىسىزلىك بولغىنى كەبىي سوڭى ئۆلۈمدۇر .بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپ قالىدىغان قورققاقلارمۇ باردۇر .بۇنىڭغا بىز تۈركىستانلىقلار ھېچ بىر ئەھمىيەت بەرمەيمىز ،باللىرىمىزنى ياخشى تەربىيە قىلمايمىز ،« ئەنە قارا ، ئالا بۆجى كېلىۋاتىدۇ »دەپ قورققاق ۋە يۈرەكسىز قىلىپ ئۆستۈرىمىز .شۇڭا ،بىزلەرنىڭ باللىرىمىز ھېچ نەرسىگە تۇغۇچ قىلالمايدىغان ،كېچىسى ئۆيدىن تالاغا چىقالمايدىغان ،ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن قورقىدىغان يۈرەكسىزلەردىن بولۇپ ئۆسىدۇ .بۇلار چوڭ بولغاندىمۇ پايدىلىق ئىشلارنى ئىشلىمەكتىن ئاجىز بولۇپ ، پېقىرلىك ۋە موھتاجلىقتا ياشىغۇسى . بەس ، قورققاقلىق ئاقىۋىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان كىشىلەرنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەتكە مەنپەئەت يەتكۈزمىكى مۇمكىن ئەمەستۇر .

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز ئېيتۇر :«ئەر كىشىلەردە مال-دۇنيا يىغدۇرۇپ ئاھ-ۋاھ چەكتۇرۇپ قايغۇغا سالىدىغان بېخىللىقتىنمۇ ئېغىر ،يۈرىكى يېرىلغۇدەك دەرىجىدىكى قورققاقلىقتىنمۇ يامان سۈپەت يوقتۇر » ، يەنە «قورقاق سودىگەر ھەر زامان پايدىدىن مەھرۇم بولۇر ؛جاسارەتلىك ، باتۇر سودىگەرلەرنىڭ رىزقى دائىما ئارتۇر » .

## ھەسەت

ھەسەت دەپ بىركىمگە نېسىپ بولغان نېمەت ۋە دۆلەتنىڭ زاۋالىنى تىلىمەككە ئېيتىلۇر .غەيۋەت ، بۆھتان ،بۇزۇق ئوي قاتارلىق يامان خۇلقلار ھەسەتتىن تۇغۇلۇر .

ھەسەت ناچار ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ زەرەرلىكىدۇر . جانابى ھەق «قۇرئان كەرىم »دە :« ۋەمىن شەررى ھاسىدىن ئىزا ھەسەد» ( ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن )دېگىن دەپ ھەسەتخورنىڭ يامانلىقىدىن ئۆزىگە سىغىنماققا بۇيرۇمىشتۇر .ھۆكۇمالار ھەسەتنى ئوتقا ئوخشىتىشىدۇ :« ئوت ئۆزلۈكىدىن يېنىپ كۈل بولغىنى كەبىي ھەسەتخورلارنىڭ تەنلىرى ھەسەت ئوتنى، ئېرىپ يېيىپ تۈگەتكىنى » .

ھەسەتنىڭ يامانلىقىنىڭ سەۋەبى ئاللا تائالاغا قارشى ئېتىرازدا بولغانلىقتىندۇر .چۈنكى ھەسەتخورنىڭ :« ئاھ ،پالانچىدىكى مال ۋە دۆلەت ، ئىززەت ۋە سائادەت مېنىڭدە بولسىچۇ ،راھەت ۋە ساپانى مەن سۈرسەم ئىدى »دېگەندەك ئاچكۆزلەرچە خىيالاتى جانابى ھەقنىڭ بەرگەن رىزقىغا قانائەتسىزلىك قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر .

قىسقىسى ، ھەسەتخورلار ھەر دائىم ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈر . ئۇلار ھەرقانچە مال ۋە بايلىققا ئىگە بولسىمۇ ، ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلى پاراغەت ۋە راھەت يۈزىنى كۆرمەستىن دۇنيادىن كېتۇر .

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز :« مۆمىن غىبتە قىلۇر ،مۇناپىق بولسا ھەسەت قىلۇر »دېگەن .

غىبتە دەپ بىركىمنىڭ دەرىجىسى ۋە بايلىقىنىڭ زاۋالىنى ئارزۇ قىلماي ،« كاشكى مەنمۇ شۇنداق بولسام ئىدى »دېگەن ئارزۇدا بولماققا ئېيتىلۇر .غىبتە يامان قىلىق ئەمەس ،بەلكى ماختاشقا لايىق بىر سۈپەتتۇر .

ئىنسان دۇنيادا ياخشى ئىشلارغا غىبتە قىلىپ ئۆرنەك ئالسا ،مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشكەي .

ھەزرىتى ئەلى ئېيتۇر :«ھەسەت ھەسەتخورنىڭ ئاداۋىتىدىن ،كىبىر ۋە شاقاۋىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان ناچار ئەخلاقتۇر .شۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەتخور دائىما روھىي ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ .بىركىمنىڭ بەختىنى كۆرگەن زامان ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلىنۇر . ھەسەتخورغا بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق جازا بولۇرمۇ !؟»

سوقرات ھەكىم ئېيتۇر :«ھەسەتخور كىشى بىردەممۇ راھەت ۋە پاراغەت يۈزىنى كۆرمەس .دۇنيادا قانچە مېھنەت ۋە مۇسىبەت بولسا ،شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇل بىچارىنى ئوراپ ئالمىشتۇر » .

ئەرەستۇ ھەكىم ئېيتۇر :«دۇنيادا ھەسەتخورنىڭ يۈكى ھەممىدىن ئېغىردۇر .چۈنكى ئۇل بىچارە پۈتكۈل دۇنيادىكى شاد ۋە خۇشھال ئادەملەرنىڭ قايغۇلىرىنى ئۆز ئۈستىگە يۈكلەپ ئالغاندۇر » .

بېيىت :

پۈتۈن بولماس ھەسەتخورنىڭ پارچە نانى ،<br>
كۆيەر ھاسىدنىڭ دائىم جىسمۇ جانى .<br>
ھەسەتخور خاھ پېقىر بولسۇن ۋە يا باي ،<br>
ھەسەت ئوتىلە يانغاي ئۇستىخانى .<br>
دائىم كۆيۈپ غەرەز يولىدا ھاسىد ،<br>
چىقار تەندىن ئەزىز روھى راۋانى .

## كىزب

كىزب دەپ يالغان سۆزگە ئېيتىلۇر .يالغانچى كىشىلەر كاززاپ دېيىلۇر .پەيغەمبىرىمىز :«ئەلكىزبۇ لا يۇئمىنۇن» (يالغانچى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەستۇر )دەيدۇ .جانابى ھەق «قۇرئان كەرىم »دە : « يالغاننى ئىمانى يوق كىشىلەر سۆزلەر »دېگەن . ئاقىل ۋە دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ يالغان سۆزلەردىن تىللىرىنى تىيماق بىلەن بىللە ،يەنە ئەۋلادلىرىنى يالغانچىلىققا ئادەت قىلدۇرماستىن ،تەربىيىلىمەكلىرى ئەڭ مۇقەددەس ئىنسانىي ۋەزىپىسىدۇر .

ئوغرىلىققا ئادەتلەنگەن بەزى ئوغرىلار بولۇر ئىمىشكى ،ئۇلار باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ئوغرىلىماققا

قادىر بولالمىسا ،ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى ئوغرىلارغىمىش .شۇنىڭغا ئوخشاش ،كىچىككىدىنلا يالغانچىلىققا خوي قىلغان ۋە يالغانچىلىقتىن لەززەت ئالىدىغان كىشىلەر باشقىلارنى ئالدىماقنىڭ گۇناھلىقىنى بىلمەسمۇ ، «تەركىي ئادەت ئەمرى مەھال» (ئادەتنى تاشلىماق مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر )دېگەن مەزمۇن بويىچە تىللىرىنى يالغاندىن تىيالمايدۇ .بەزى چاغلاردا ئۆز ئائىلىسىنىمۇ پەرىشان ۋە ۋەيران قىلماقتىن تارتىنمايدۇ .ھېچ بولمىغاندا چىقىمچىلىق ۋە مۇناپىقلىق يوللىرىنى تۇتۇپ ،ئىككى مۆمىن ئارىسىغا نىپاق ۋە ئاداۋەت سېلىپ ،ھەتتا پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولۇرلەر .

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز : «يالغاندىن ساقلىنىڭلار ،چۈنكى يالغان ئىماندىن يىراقتۇر» دېگەنلەر .پەيغەمبىرىمىز پەقەت ئۈچ يەردە يالغاننىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «بىرى ،ئۇرۇش ۋاقتىدا ؛ئىككىنچىسى ، ئەر-خوتۇننى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشتا ؛ئۈچىنچىسى ، ئىككى مۆمىن ئارىسىنى تۈزەتمەكتە يالغان سۆزلىمەك جائىزدۇر» .

بېيىت :

ئەگەر كىشى قىلسا يالغانغا ئادەت ،
رەزالەتتە ياشاپ چەككەي نادامەت .
خالايىق ئىچرە بولماس ئېتىبارى ،
تېگەر باشىغا كۆپ تاشى مالامەت .
كىمنىڭ بولسا ئەگەر يالغانچى ئىسمى ،
بۇ ئىسمى ئۆزگە بولماس تا قىيامەت .
ئىشەنمەس ئەل يالغانچىنىڭ سۆزىگە ،
گەر بولسىمۇ سۆزى كەشپۇ كارامەت .

## نىپاق

نىپاق دەپ كىشىنىڭ ئالدىدا بىرخىل ، ئارقىسىدىن يەنە بىرخىل سۆزلىنىدىغان سۆزگە ئېيتىلۇر .مۇنداق سۆزلەرنى سۆزلىگۈچى ئىككى يۈزلىمە كىشىلەر مۇناپىق دېيىلۇر .

بەزى ھىيلىگەر ،تۈزكور ،يالغانچى مۇناپىقلار بولۇركى ،شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن سىزنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ .ئۇنداقلار ئاش-نېنىڭىزنى .يېمەك ئۈچۈن ئالدىڭىزدا دوستلۇق ئىزھار ئېتىدۇ ۋە مىننەتدارلىق قىلىدۇ .ئارقىڭىزدىن دۈشمەنلىرىڭىزگە .سىر-ئەسرارىڭىزنى ئېيتىپ ، غەيۋەت - شىكايىتىڭىزنى قىلىپ ،ئۇلاردىنمۇ ئۆز نەپسىگە بىر ئۈلۈش چىقىرۇر .بۇنداق مۇناپىقلار دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ دۈشمىنى بولغانلىقتىن ، بۇ دۇنيادا ئىززەت ،ئۇ دۇنيادا راھەت يۈزىنى كۆرمىگەيلەر .ھەر زامان ئىنسانلار ئارىسىدا توغرا سۆزلۈك ، ئاق كۆڭۈل ياخشى كىشىلەر بولغىنىغا ئوخشاش ، مۇناپىق ،ئىككى يۈزلىمە كىشىلەرنىڭ بولۇشىمۇ تەبىئىي ھالدۇر .شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل ۋە تەجرىبىمىزنى ئىشقا سېلىپ ، ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلماق ،ئاق بىلەن قارىنى ،ياخشى بىلەن ياماننى ،دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىماق ،قەلبى پاك ،خۇلقى تازا ،ئەخلاقى ياخشى كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولماق ،ئىككى يۈزلىمە ،ئەخلاقسىز ، ھالال-ھارامنى پەرقلەندۈرمەيدىغان مۇناپىقلاردىن ھەزەر قىلماق ۋە يىرگەنمەك لازىمدۇر .

بېيىت :

مۇناپىق دەپ ئاتالسا ئىسمى پاكىڭ ،
جاھان بولغاي سېنىڭ جەھىم ھەۋلناكىڭ .
ھاياتىڭ رەنجىشۇ كۆلپەتتە ئۆتكەي ،
تۈزەلمەس تا قىيامەت باغرى چاكىڭ .
كېزەرسەن ھەر تەرەپتە سەرسان-سەرگەردان ،
تىزىڭدىن ئاشمىغاي تونۇڭ ئېتەكىڭ .

## تەمە

تەمە دەپ باشقىلاردىن بىر نەرسە ئۈمىد قىلماققا ئېيتىلۇر .تېنى ۋە بەزالىرى ساق ،كۈچ-قۇۋۋەتلىك كىشىلەرگە تەمە قىلماق ھارام ،ئاجىز ۋە ناتاۋان ، كۈچسىز كىشىلەرگە مۇباھتۇر .

تەمە بالاسىغا مۇپتىلا بولغان كىشىلەردە نومۇس ۋە ھايا دېگەن ياخشى سۈپەتلەر بولمايدۇ .ھازىرقى زاماندا ئارىمىزدا تەمە نېنى بىلەن قارنىنى تويغۇزىدىغان كىشىلەر سانسىز .ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسىدىن : « بۇرادەر ، سېنىڭ پۇت-قوللىرىڭ راۋۇرۇس ، تېنىڭ ساق تۇرۇقلۇق تەمە قىلماق ساڭا ھارام ئەمەسمۇ ؟ »دەپ سورالسا ، ئۇ : « قانداق قىلاي ، ئاتا -بوۋىلىرىمنىڭ كەسپى تىلەمچىلىك ئىدى ، مەنمۇ تەمە ئارقىسىدىن ئوقەت قىلۇرمەن »دەپ تەمە كەسپىگە دەلىللەر كەلتۈرۈپ ، تۈرلۈك-تۈمەن باھانىلەر بايان قىلۇر .شەرىئەتتە مۇنداق كىشىلەرنىڭ تەمە-تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلماقلىرى چەكلەنگەندۇر .

ئەلھاسىل ، تەمە نېنى بىلەن سۆڭىكى قاتقان ، ئىش ۋە كەسپكە كۆڭۈل قويماي ،ھورۇنلۇق ۋە بىكار تەلەپلىككە ئۆگەنگەن ۋە ئادەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن ياخشىلىق ئۈمىدى بولمىغىنىغا ئوخشاش ، بالىلىرىدىن ھەم ياخشىلىق كۈتكىلى بولماس .

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپەندىمىز : « كىشى قولىدىكى نەرسىگە قىزىقما !تەمەدىن ساقلان !چۈنكى تەمە كۆز ئالدىڭدىكى پېقىرلىكتۇر .نامىزىڭنى ئادا قىل ! سوڭىدىن ئۆزرە قىلىشقا توغرا كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلان »دەيدۇ .

بېيىت :

بولمىغىل مۇپتىلا-دۇچار تەمە ،

ئەيلەر ئىنساننى خارۇزار تەمە .
يوق قىلىپ ھىممەتۇ قانائەتنى ،
ئالغۇسى قولۇڭدىن ئىختىيار تەمە .
نانى مىننەت ئۈچۈن ئېگەر بويۇنۇڭنى ،
قىلغۇسى كۆزنى ئىنتىزار تەمە .
كەتكۈزگەي كۆزۈڭدىن ھايا-شەرمىڭنى ،
غەيرىتىڭنى كۆيدۈرۈر نارى تەمە .
ھىرسى دۇنيا قىلغايلەر قارۇندەك ،
ھاتەم ئىسمىڭنى يۇتار مارى تەمە .

## زۇلۇم

زۇلۇم دەپ باشقىلارنىڭ جېنىغا ياكى مېلىغا زەرەر يەتكۈزمەككە ئېيتىلۇر. جانابى ھەق يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى تەڭ-باراۋەر قىلىپ ياراتمىشتۇر. مەنسەپ ۋە دۆلەتكە، كۈچ ۋە قۇۋۋەتكە مەغرۇرلىنىپ، بىراۋنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا تەئەررۇز ۋە تاجاۋۇز قىلماق زۇلۇمدۇر.

چوڭلۇقنىڭ ئىززىتى زۇلۇم ۋە تەئەددىدە ئەمەس، شەپقەت ۋە مەرھەمەتتىدۇر. كىچىكلىكنىڭ ئىززىتى نەپرەت ۋە قارشىلىقتا ئەمەس، ساداقەت ۋە ھۆرمەتتىدۇر. شۇل خۇسۇستا شەيخ سەئدىي :

غەمى زىبرى دەستان بەخور، زىنھار ،
بەترس ئەز زەبەردەستىيە رۇزگار .

تەرجىمىسى :

قۇۋۋەتسىزلەر غەمىن يەپ يۈر ھەمىشە ،
قۇۋۋەتلىكلەردىن ئەتكىل خەۋپ پىشە .

دەپ، كىچىكلەرنى ئىززەت قىل، چوڭلارنى ھۆرمەت قىل مەزمۇنىدىكى ھېكمەتلىك ۋە ئىبرەتلىك يېتۈك شېئىرنى سۆزلىگەنلەر .

دۇنيادا ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئاھىدىن ئۆتكۈر نەرسە يوقتۇر. ئېزىلگۈچىنىڭ دۇئاسى ئىجابەتكە يېقىندۇر. ئۇنىڭدىن قورقماق ۋە ھەزەر قىلماق لازىم. ئاتىلار ئېيتۇر : «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە» .

بىر كىشى زۇلۇمنىڭ يامانلىقىنى بىلمەك ئۈچۈن باشقا بىر ئادەم تەرىپىدىن ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلىنسا تارتىدىغان ئازابىنى ئويلىسىلا، ئۇنىڭ نەقەدەر يامانلىقىنى ئۇچۇق تونۇغاي .

ئۆتكەن زامانلاردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ بەرپاسى ئادالەت بىلەن مۇستەھكەملەنگىنى كەبي ئۇلارنىڭ ئىنقىراز ۋە بەربادى ھەم زۇلۇم بىلەن بولۇپ، تاجۇ تەختى گۇمران بولغانلىقى ۋە ئول زالىم ھۆكۈمەتلەرنىڭ تارىخ بەتلىرىدە پەقەت ناملىرىلا قالغانلىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر .

بېيىت :

ئادالەت ئابى ھاياتۇ، ستەم ئېرۇر زۇلۇمات ،
بۇ زۇلمەت ئىچرە كىرگەنلەرگە يوقتۇر ھاياتۇ نىجات .
خازان زامانى كەلسە، گۈلىستان يوق بولغاندەك ،
نەيەردە ھۆكۈم سۈرەر زۇلۇم، يوق بولۇر بەرەكات .
خارابىزارغا ئايلىنۇر زۇلۇم ئىلە بىلاد ئاباد ،
ياشار ئۇ مەنزىلى ۋەيرانىدە بايقۇش، ھاشارات .
ئەگەرچى شاھۇ گاداي ئىككىسى ئالۇر بىر گۆر ،
كېيىندىن ئۆزگىگە يەتمەس پۈتۈن كۈچۈ ھەرەكات .
ئۆزۈڭدىن ئاجىز-كۈچسىزلەرگە ستەم قىلما ،
كىمىكى زالىم ئېرۇر، كۆرمىگەي ئۇلۇغ دەرەجات .
ھەزەر قىل ئاھىدىن، ئەفغانىدىن مەزلۇملارنىڭ ،
بىر ئاھ بىرلە سالۇر باشىڭغا پۈتۈن ئەرەسات .
خۇدانى يادىڭدا تۇت، بولمىغىل دىل ئازارى ،
يۈزلەن ئاللاھىڭغا «ھىجران»، تەلەپ قىلىپ ھاجات .

**كاتىب : ئابدۇلمەننان ئابدۇلمەجىد ئوغلى**

# بىر-ئىككى سۆز

مەن بۇ ئەرزىمەس ئەسىرىمنى بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى بۇرادەرلىرىمنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن يازماق ۋە نەشر قىلماققا غەيرەت ۋەجاسارەت قىلغانىدىم. ئاللاغا ماختاشلار ۋە شۈكرىلەر بولسۇنكى، مانا ئىككىنچى نەشرىگە مۇۋەپپەق بولدۇم. چۈنكى تۈركىستان مەكتەپلىرىدە ئۆز تىلىمىزدا يېزىلغان مۇكەممەل «ئەخلاق» كىتابىنىڭ يوقلۇقى، يېتىم بىچارە مىللەتنىڭ شۇنداق بىر ئەسەرگە تەشنا ۋە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى، ئۆزۈم ئوقۇتقۇچىلار جۈملىسىدىن بولغانلىقىمدىن ماڭىمۇ ئوچۇق مەلۇم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت سىناق قىلغاندىن سوڭ مۆھتەرەم ئەدىب شەيخ سەئدىي ئۇسۇلىدا يازماق گەرچە ئېغىر ئىش بولسىمۇ، بۇ ئىشنى ئۆزۈمگە مۇقەددەس بىر بۇرچ دەپ بىلىپ، بۇ كەمچىلىكنى ئارىدىن كۆتۈرۈۋەتمەكنى مۇناسىپ كۆردۈم .

شۇ مەقسەتكە كۆرە ھەر بىر ماۋزۇنىڭ ئاخىرىغا ئىككى-ئۈچ بەند شېئىر ھەم يازدىم. شۇنىڭدەك بۇ يازغان شېئىرلىرىمنىڭ ئارىسىدا بەزىبىر ئەرەبي، پارسىي شېئىرلارنىڭ تەرجىمىسى ۋە مەزمۇنىمۇ كۆرۈلۇر .

مائارىپپەرۋەر ئوقۇتقۇچى بۇرادەرلىرىم مېنىڭ بۇ ئاجىزانە ئەسىرىمنى ئىلتىپاتسىز قالدۇرماي، بۇ ئەرزىمەس خىزمىتىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پېقىرنىڭ قەلىمى بىلەن نەشر قىلىنغۇسى كىتابلارنى مەكتەپ-مەدرىسلىرىمىزدە مەرھەمەت قىلىپ قوللىنىشنى ھەمدە كىتابلاردا كۆرۈلگەن نۇقسان-كەمچىلىكلەر توغرىسىدا تەنبىھ ۋە تەنقىدلىرىنى مائارىپپەرۋەرلىك روھلىرى بىلەن مېنىڭدىن ئايىماسلىقلىرىنى سورايمەن .

**تاشكەنت، ئابدۇللا ئەۋلانى**
**تەخەللۇسى «ھىجران»**

# سۆزلۈك

## ئا

ئاب ـ سۇ ،سۇيۇقلۇق : ئابى ھايات ـھاياتلىق سۈيى ،ئۆلمەسلىك سۈيى .

ئاباد ـ گۈللەپ-ياشنىغان ،ئاۋات .

ئاتالەت (ئەتالەت ) ـ بوشاڭلىق ،ھورۇنلۇق .

ئاسار («ئەسەر »نىڭ كۆپلۈكى ) ـ بەلگىلەر ، نىشانىلەر ؛ئاسارى قۇدرەت ـ ھەق كۈچ-قۇدرىتىنىڭ بەلگە ـ نىشانلىرى .

ئاشيان :① قۇش ئۇۋىسى ،چاڭگا ؛ئىن .② (كۆچمە مەنىسى ) ئۆي ،ئائىلە ،ئائىلىۋى ھايات :ئاشيانى تەربىيەت ـ تەربىيە ئۆيى ، مەكتەپ .

ئالات (ئالەت )نىڭ كۆپلۈكى ـ قورال-جابدۇقلار ،ئەسۋابلار .بۇ يەردە «ۋاستە »مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن .

ئالۋان (ئەلۋان ) ـ ① رەڭ ،بوياق ② تۈر ،خىل ،③رەڭدار ، رەڭگارەڭ .

ئامىل : ①پىششىق ،پۇختا ،②ئەمەلدە ئىشلىتىلىدىغان .

ئانانىيەت ( ئەنانىيەت ) ـ ①مەنمەنلىك ،ئۆزۈمچىلىك ، شەخسىيەتچىلىك .②مەغرۇرلۇق ،چوڭچىلىق ،ھاكاۋۇرلۇق .

## ئە

ئەپئال (ئەفئال ؛«فىئىل »نىڭ كۆپلۈكى ) ـ ئىش-ھەرىكەتلەر ، قىلمىشلار .

ئەپغان (ئەفغان ؛«فىغان »نىڭ كۆپلۈكى ) ـ يىغا ،نالە ، ،پەرياد .

ئەرئەر ـ ئارچا .

ئەرەسات ـ ① مەيدان ،سورۇن .② ھويلا ،قورۇ .③ (كۆچمە مەنىسى )مەھشەرگاھ ،سوراق مەيدانى .

ئەزىيەت ـ زىيان-زەخمەت .زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەك ، زىيان-زەخمەت تارتماق ،زىيان ـزەخمەتكە ئۇچرىماق .

ئەغيار («غەير »نىڭ كۆپلۈكى ) ـ ① ياتلار ،چەت ئەللىكلەر .② باشقىلار ،③ (شېئىرىيەتتە ) ـ رەقىب ،قارشى تەرەپ ؛ رىقابەتچى .

ئەكمەل ـ ئەڭ تولۇق ،ئەڭ يېتۈك ،ئەڭ كامىل .

ئەلھاسىل ـ قىسقىسى ، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ،ئومۇمەن (قىلىپ ئېيتقاندا ) .

ئەلئىسلاھ ـ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ،ئىسلاھ قىلىش.

## ب

باتىل ـ ① كۈچكە ئىگە ئەمەسلىك ،ئىناۋەتسىزلىك .②پايدىسىز ، كېرەكسىز ،يارامسىز ، بىكار .③ساختا ، يالغان .

بادە ـ مەي ،شاراب ،ھاراق .

بالاھەت ( بەلاھەت ) ـ① ئەخمەقلىق ، دۆتلۈك ،نادانلىق .② قاشاڭ ،ئۆتمەس .

بەرەكات ـ ①بەخت ، نېمەت .②مولluq ،باياشاتلىق .

بىباك ـ ①ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان ،ھېيىقمايدىغان ، قورقۇمسىز ،تۇغۇچلۇق .② ھەرقانداق بولمىغۇر ئەسكى ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان .

بىلاد («بەلەد »ۋە « بەلدە »سۆزلىرىنىڭ كۆپلۈكى )ـ شەھەرلەر ، ئەللەر ، مەملىكەتلەر .

بىنۇر ـ نۇرسىز .

## پ

پاتانەت (فەتانەت ) ـ ①ھاردۇق ،دەم .②ئارامخۇدالىق ،راھەت ، خاتىرجەملىك .

پازىل (فازىل ) ـ ئالىم ،دانا كىشى ، پەزىلەتلىك كىشى .

پاسىق (فاسىق ) ـ گۇمراھ ،توغرا يولدىن ئازغان ،پاھىشۋاز ، يامان ـ گۇناھلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى ،ئەخلاقسىز .

پائىل (فائىل ) ـ قىلغۇچى ، ئىشلىگۈچى ،بېجىرگۈچى .

پايدار ـ ① پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان ،مۇستەھكەم ،بەر قارار② مەڭگۈلۈك .

پەنا (فەنا ) ـ يوقىلىش ، تۈگەش ،ئۆلۈش ،باقاسىزلىق .

پەرزى ئەين (فەرزى ئەين ) ـ ھەر بىر مۇسۇلمان جەزمەن ئورۇندىشى لازىم بولغان پەرزلەر : ئىمان ، بەش ۋاقىت ناماز ،روزا ، زاكات ، ھەج قاتارلىقلار .

پەرزى كىپايە (فەرزى كىفايە ) ـ جامائەتتىن بىر ياكى بىرنەچچە كىشىنىڭ ئورۇندىشى بىلەن باشقىلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرز :جىنازا نامىزى كەبي .

پەيز ( فەيز ) ـ ① ياخشىلىق ،مەنپەئەت ،پايدا .②مەردلىك ، سېخىيلىق ،قولى ئوچۇقلۇق .③مول ،باياشات ،يېتەرلىك ، كەڭ-كۇشادىلىك .

پۇنۇن (فۇنۇن ؛«فەن »نىڭ كۆپلۈكى ) ـ ①ئىلىم-پەنلەر ، بىلىملەر .②سەنئەت .③تېخنىكا ؛ مەخسۇس كەسپ .

پېشە ـ ① ھۈنەر-كەسپ .② ئادەت .

پىردەۋس (فىردەۋس ) ـ جەننەت ،ئۇچماق / ئۇجماق .

پىسق-پۇجۇر ـ بۇزۇقلۇق ،پاھىشىۋازلىق ،يامان يولغا مېڭىش .

پىقھە (فىقھە ) ـ شەرىئەت ئەھكاملىرى ،قائىدە-قانۇنلىرى توغرىسىدىكى ئىلىم .

## ت

تائەت ـ بويسۇنۇش ، ئىتائەت قىلىش ؛خۇداغا سىغىنىش .

تاك ـ تەك ،ئۈزۈم تېلى .

تام ـ تولا ،تولۇق ؛پۈتۈنلەي ،تامامىلە ،مۇكەممەل : بايلىقنىڭ پايدارى ئېرۇرئىقتىسادى تام ـ ئىقتىسادىي مۇكەممەللىك بايلىق باياشاتلىقنىڭ پۇختا ئاساسىدۇر .

تەئەددى ـ ①زۇلۇم قىلىش ، ھەددىدىن ئېشىش ، تاجاۋۇزقىلىش ؛ ②كۆچمە مەنىسى : دۈشمەنلىك ؛دوق قىلىش ،تاپا-تەنە قىلىش .

تەئەررۇز ـ ①چېقىلىش ،دەخلى قىلىش ،تاجاۋۇزچىلىق ، ئارىلىشىش .②قارشىلىق كۆرسىتىش .

تەئەسسۇب ـ (بىرەر نەرسىگە ياكى غايىگە )قارىغۇلارچە ، ئەسەبىيلەرچە ئىشىنىش ،جاھىللىق ،تەرسالىق ،ئۆزۈمنىڭ توغرا دەپ تۇرۇۋېلىش .

تەپرىقە (تەفرىقە ) ـ بۆلۈنۈش-ئايرىلىش ،ئىتتىپاقسىزلىق ، پاراكەندىچىلىك .

تەرياك ـ ئەپيۇن .

تەقۋادارلىق ـ ① پەرھىزكارلىق ،ئۆزىنى تىيىش-چەكلەش ،يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇش .②چىڭ دىنىي ئېتىقاد ،دىندارلىق ـ خۇداگويلۇق .

تەكپىر (تەكفىر ) ـ دىندىن چىقىرىۋېتىش ،كۇپۇرلۇق قىلدى دەپ

ئەيىبلەش .

تەۋەززۇ - كىچىك پېئىللىق ،ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش ،كەمتەرلىك .

تەۋپىق (تەۋفىق ) - ياردەم ،مەدەت ؛تەۋپىقى رەببانى - تەڭرىنىڭ ياردىمى ،مەدىتى .

تەۋسىپ (تەۋسىف ) - ①سۈپەتلەر .②سۈپەتلىمەك ،ماختىماق ، تەسۋىرلىمەك .

## ج

جاھالەت (جەھالەت ) - جاھىللىق ،نادانلىق ،بىلىمسىزلىك .

جايىز - رۇخسەت قىلىنغان ،يول قويۇلغان ،دۇرۇس ،جايىز .

جەمىل - چىرايلىق ،گۈزەل ؛سەبرى جەمىل - چىرايلىق سەبر .

جەھىل - بىلمەسلىك ، بىلىمسىزلىك ،نادانلىق .

جەھىم - جەھەننەم ،دوزاق .

جۇرم - گۇناھ ،جىنايەت .

جىبانەت - قورققاقلىق ،توخۇ يۈرەكلىك ،قەتئىيەتسىزلىك .

جىنان («جەننەت»نىڭ كۆپلۈكى ) - جەننەتلەر ،بېھىشلەر .

## چ

چوجۇق - بالا ،پەرزەنت .

چوق - كۆپ ،جىق ،نۇرغۇن ،تولا .

## خ

خاساسەت (خەساسەت ) - پەسكەشلىك ،رەزىللىك ؛پىخسىقلىق .

خاك - ①توپا ،تۇپراق .② يەريۈزى ،دۆلەت تېۋپرىقى ، تېررىتورىيە .

خانۇمان - ①ئۆي-جاي ،ئۆي ۋە ئۆي جابدۇقلىرى ،مال-مۈلۈك . ② ئائىلە ،ئائىلە كىشىلىرى .

خەستە - كېسەل ،بىمار .

خەسىس - ①پەسكەش ،رەزىل ؛پەسكەشلىك .② قىزغانچۇق ، قىزغانچۇقلۇق .③ بېخىل ،پىخسىق .

خەير - ياخشىلىق ،ئېزگۈلۈك .

خۇسۇمەت - ①دۈشمەنلىك ،زىتلىق ،ئۆچلۈك .②جاڭجال ، ماجىرا ،جېدەل .

خىيالات («خىيالەت»نىڭ كۆپلۈكى ) - ①ئوي-پىكىرلەر ، خىياللار ،تەسەۋۋۇرلار .②بىھۇدە ئوي ئويلاش ،گۇمانخورلۇق .

## د

دار - ئۆي-هويلا ،خانا ،ساراي ،تۇرالغۇ :دارۇلئامان - تىنچ-خاتىرجەم ماكان ؛دارۇلئۇلۇم - ئۇنىۋېرسىتېت ،ئاكادېمىيە .

داراز (دەراز ) - ئېگىز ،ئېگىز بويلۇق ،ئۇزۇنتۇرا ،ئۇزۇن .

دەپنە - ① قايتۇرۇش ،ياندۇرۇش ،چېكىندۇرۇش . ② يوقىتىش ، تۈگىتىش .

دەرەجات («دەرەجە»نىڭ كۆپلۈكى ) - دەرىجىلەر ،مەرتىۋىلەر .

دەربەدەر - قاڭقىپ يۈرگۈچى ،سەرسان ،ساياق .

دەرمان - ① دورا .②داۋالاش .③چارە-ئامال .

دەست - قول : دەستى داراز - قولى ئۇزۇن ،كۈچلۈك ، قۇدرەتلىك .

دەمساز - ئۈلپەت ، ھەمدەم ،ماسلاشقۇچى ،ئۇيغۇنلاشقۇچى .

## ر

رازالەت ( رەزالەت ) - پەسكەشلىك ،رەزىللىك ،يىرگىنچلىك ،پەس تەبىئەتلىك .

راخاۋەت (رەخاۋەت ) - ئىشياقماسلىق ،بوشاڭلىق ،غەيرەتسىزلىك ، ھۇرۇنلۇق ،غىزاخورلۇق .

رەھنەما - يولباشچى ،يول كۆرسەتكۈچى ،يېتەكچى ؛يول بەلگىسى .

رەۋزە - ①باغ ،باغچا ،رەۋزەئى رىزۋان - جەننەت بېغى ؛يايلاق ، ئوتلاق .② جەننەت .③ (كۆچمە مەنىدە )قەبرە ،قەبرىستانلىق .

روھى رەۋان - جان ئارامى ،كۆڭۈل خۇشلۇقى .

رىئايەت - رىئايە ،ئېتىبار ،ھۆرمەت-تەزىم ئەتمەك ؛ئېتىبارغا ئېلىش .

رىزۋان - جەننەت ،بېھىش ،ئۇچماق / ئۇجماق .

رىيا - ساختىلىق ،بىر ئىشنى كىشىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلەش ،ئۆزىنى يالغاندىن ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش .

رىيازەت - ① نەپس خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرمەي راھەت-پاراغەتتىن ئۆزىنى تارتىش ،ئۆزىنى ئەتەي قىيناش . ②جاپا چېكىپ روھىي - ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش .

## ز

زاكات (زەكات ) - مال-بايلىقنىڭ يىلدا بىر قېتىم موھتاجلارغا سەدىقە قىلىنىدىغان قىرىقتىن بىر بۆلۈكى .

زاھىر - ① سىرت ،سىرتقى تەرەپ ،سىرتقى كۆرۈنۈش .② ئوچۇق-ئايدىڭ ،كۆرۈنۈپ تۇرغان ،ئاشكارا .

زائىل - يوق بولغان ،تۈگىگەن ؛تۈگىگۈچى ،يوق بولغۇچى .

زەب - ① بېزەش ،ياساندۇرۇش .②گۈزەل-چىرايلىق .

زەكا - زاكاۋەت ،زېرەكلىك ،ئۆتكۈر ئەقىل-ئىدراك .

زەڭ - دات .بۇ يەردە ئۇسۇملۇكلەردىكى داتلىشىش كېسىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

زەلىل - خار ،كۆڭلى سۇنۇق .قەدىرسىز ،ھەقىر ،كۆڭلى سۇنۇق .

زىللەت - خارلىق ،پەسلىك .

زىيا - يورۇقلۇق ،ياغدۇ ، نۇر ،شولا .

زىننەتئارا - زىننەتلەنگەن .

## س

سابات (سەبات ) - ئۆز سۆزىدە ،مەسلىكىدە چىڭ تۇرۇش ، يۈكۈلمەس ئىرادە ،تىرىشچانلىق .

سابىر - سەبرلىك كىشى ،سەبر قىلغۇچى .

ساپالەت (سەفالەت ) - ①خورلۇق ،ئابرويسىزلىق ،تۆۋەنلىك .② پەسكەشلىك .

ساپاھەت (سەفاھەت ) - ①ھاماقەتلىك ،نادانلىق ،گالۋاڭلىق ، ئەخمەقلىق .②شاللاقلىق ،يەڭگىلتەكلىك .

سازا (سەزا ) - ①مۇناسىپ ،لايىق .②جازا ،قىساس .③مۇكاپات ، تارتۇق .

ساھىب - ئىگە ،ئىگە بولغۇچى ؛ھەمراھ ،يولداش .

سائىل - تىلەمچى ،دىۋانە .

سەخا - قولى ئوچۇقلۇق ،كۆكسى كەڭلىك ،مەردلىك ،سېخىيلىق .

سەدر - ① باشلىق ،رەئىس .② كۆكرەك ،كۆكس .③مەركەز .

سەرۋەت - بايلىق ،مال-مۈلۈك ؛باياشاتلىق .

سەفا - تازا ،تازىلىق ،غۇبارسىزلىق ،مۇسەپپالىق .

سەمەرە - ① يېمىش ،مېۋە .② نەتىجە .③ئۈنۈم .

سەئىي - ①تىرىشچانلىق ،ئىشلەمچانلىق .②ئىشلەش ،خىزمەت ،

ئەمگەك ،ئۇرۇنۇش ،تىرىشىش .

سىتەم - زۇلۇم ،جەبىر ،جاپا ،ئېزىش .

سىدق - ساداقەت ،سادىقلىق ؛راست ،چىن .

سىنە - كۆكرەك .

سىھھەت - تەن ساقلىق ،سالامەتلىك .

## ش

شاپائەت (شەفائەت) - ۋاستىچىلىك ؛گۇناھلىق كىشىنىڭ گۇناھىنى ئارىغا چۈشۈپ تىلىۋېلىش ؛ھامىيلىق ،قوللاپ-قۇۋۋەتلەش .

شاراپەت (شەرافەت) - ئېسىل بولماق ،ئالىيجاناب بولماق ؛ئابروي ،شەرەپ ،قەدىرلىكلىك ،ئېتىۋارلىقلىق .

شاقاۋەت (شەقاۋەت) - بەختسىزلىك ،يارىماسلىق .

شاھادەت (شەھادەت) - شاھىدلىق ،گۇۋاھلىق .

شايەد - مۇمكىن ،ئېھتىمال ،ئەجەب ئەمەس .

شەي - شەيئىي ،بۇيۇم ،نەرسە .

## غ

غەمناك - غەملىك ،غەمكىن .

غۇل - ئەيىبدارنىڭ بوينىغا ،ئاياغلىرىغا كىيگۈزۈپ قويۇلىدىغان جازا قورالى ،تاقاق ،كىشەن .

غىبتە - خۇشاللىق ،شادلىق .

غىنا - بايلىق .

## ق

قاباھەت (قەباھەت) - ①قەبىھلىك ،ئىپلاسلىق ،رەزىللىك .②بەك يامان .

قارابەت (قەرابەت) - قېرىنداشلىق ،تۇغقانلىق ،تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت .

قارۇن - «قۇرئان كەرىم»دە زىكىر قىلىنىشىچە ، مۇسائەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى بولۇپ ،ناھايىتى باي-دۆلەتمەن شەخس ئىدى .شۇنداقلىقىغا قارىماي ،ئۇ ئۆتە بېخىل-ئاچكۆز بولۇپ ،پېقىرلارنى ئېزىپ يىغقان بايلىقى بىلەن تولىمۇ مەغرۇرلىنىپ كەتكەنىدى ،كەمبەغەللەرگە قىلچە خەير-ئېھسان قىلمايتتى .ئۇ مۇسائەلەيھىسسالامنىڭ دەۋتىگە قۇلاق سالماي،پىرئەۋن تەرەپدارى بولۇپ ،مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرغانلىقتىن ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئايىبەت قىلىشى ئارقىسىدا ، پۈتۈن مال-مۈلكى ۋە تەۋەلىرى بىلەن قوشۇپ يەر يۇتقانىدى .

## ك

كار - ئىش ،ئەمگەك ،خىزمەت .

كەرەم - ① مەردلىك ،سېخىيلىق .② ئۇلۇغلۇق ،ئالىيجانابلىق ، بۈيۈكلۈك .③ رەھىم-شەپقەت ،ئەپۇ ،مېھرىبانلىق ،شەپقەتلىك .

كەك - ئۆچلۈك ، دۈشمەنلىك ؛ئاداۋەت ،ئۆچ ،گىنە ،ئىنتىقام .

كەم-كەم - ①ئاز-ئاز ،كەم-كەم .② كۆپلەپ-كۆپلەپ ؛نەقەدەر .

كىمىيا - خىمىيە .

كىن - گىنە ، دۈشمەنلىك ،كۆرەلمەسلىك ، ئاداۋەت ،يوشۇرۇن زىتلىق .

## گ

گىرىھ - ①تۈگۈن ، چىگىك ، تۇقۇناق .②مۇشەققەت ، قىيىنچىلىق .

## ل

لەھەت - قەبرىنىڭ جەسەت قويۇلىدىغان ئىچكى بۆلۈمى ،گۆر .

لۇتف - مەرھەمەت ، ئىلتىپات ؛ ئالىيجانابلىق .

## م

ماتانەت (مەتانەت) - ① قاتتىق بەرداشلىق ،ئېگىلمەس - سۇنماسلىق ، قەتئىيلىك ،سەبىر ،چىدام .② ئېغىر بېسىقلىق .

مار - يىلان .

مالامەت (مەلامەت) - ئەيىبلەش ،يامانلاش ،كايىش ،قارىلاش .

مەرگ - ئۆلۈم ،ئەجەل .

مەسرۇر - خۇرسەن بولۇش ،شادلىنىش ؛خۇشھال بولۇش .

مەسكەن - تۇرالغۇ ،ئۆي ،ئىمارەت ،قورو

مەسئۇدىيەت - بەخت ،سائادەت ،تەلەي ،ئامەت .

مەشرۇئ - شەرىئەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇنلۇق .

مەغپىرەت (مەغفىرەت) - كەچۈرۈش ،گۇناھلارنى كەچۈرۈش .

مەقبۇل - ① ماقۇل كۆرۈلگەن ،قوبۇل قىلىنغان . ② كىشىگە ياقىدىغان ، سۆيۈلگەن .

①مەقسۇد - مەقسەت ،ئىستەك ،نىيەت ،مۇراد ؛مەقسەت قىلىنغان نەرسە ،ئارزۇ ئېتىلگەن نەرسە .

مەكرۇھ - پاسكىنا ،چىركىن ،يىرگىنچلىك .②ئىسلام شەرىئىتىدە قىلمىسا ساۋاب بولىدىغان ،قىلسا كايىشقا ئۇچرىمايدىغان ئىش .

مەلەك - پەرىشتە ،مالائىكە .

مەنال - مال-مۈلۈك ،بايلىق .

مەئسىيەت - ①گۇناھ ،جىنايەت .② ئاسىيلىق ،يۈز ئۆرۈش .

مەھال - مۇمكىن بولمايدىغان ،مۇمكىن ئەمەس .

مەئشەت - كۈندىلىك تۇرمۇش ،تىرىكچىلىك .

مۇباھ - شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنغان ،راۋا كۆرۈلگەن ،جائىز .

مۇدام - ھەمىشە ،ھەر دائىم ،ھەممە ۋاقىت ، توختاۋسىز .

مۇرشىد - توغرا يولغا سالغۇچى ،يول كۆرسەتكۈچى ،يېتەكچى ، ئۇستاز ؛( سوپىلىقتا )پىر ،ئىشان .

مۇرۇۋۋەت - ①مەردلىك ،جەسۇرلۇق . ② سېخىيلىق .③ ئالىيجانابلىق .④ئادىمىيلىك ،ئادىمگەرچىلىك .

مۇساۋات - تەڭلىك ،باراۋەرلىك .

مۇسەپپا (مۇسەففا)- پاك ،ساپ ،غۇبارسىز ؛تازىلانغان ، ناچارنەرسىلەردىن ئايرىلغان .

مۇستەپا (مۇستەفا) - سايلانغان ،تاللانغان ؛مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى .

مۇقابىل - ① قارشى ② تەڭ كېلىدىغان ،باراۋەر ،توغرا كېلىدىغان .③ قارشى تۇرغۇچى ،رەقىب .

مۇنىس - سىرداش دوست ، ھەقىقىي دوست ،چىن دوست .

مۇھىب - سۆيگۈچى ،ياخشى كۆرگۈچى ؛دوست ،يار .

## ن

ناتاۋان (ناتەۋان) - ئاجىز ،زەئىپ ،كۈچسىز .

نادامەت (نەدامەت) - پۇشايمان ،ئەپسۇسلۇق ،ئۆكۈنۈچ ؛ ئۆكۈنۈش ، ئەپسۇسلىنىش .

نار - ①ئوت ،يالقۇن .②دوزاخ .

نازاپەت (نەزافەت ) - پاكلىق ،تازىلىق ،ساپلىق .
ناس - كىشىلەر ،ئىنسانلار ،ئادەملەر ،خەلق .
نەمىمەت - چېقىمچىلىق ،تۆھمەتخورلۇق .
نەھىي - چەكلەش ،قايتۇرۇش ،مەنئىي قىلىش ،توسۇش .
نۇرى رەھمانى - ئاللانىڭ نۇرى .
نىپاق (نىفاق ) - ئىككى يۈزلىمىچىلىك ،مۇناپىقلىق ،ساختىلىق .
نىقار - ① كەك ،گىنە ،دۈشمەنلىك ،ئاداۋەت .② جېدەل ،ماجرا .

## ھ

ھاتەم - ئەرەبلەرنىڭ تەي قەبىلىسىدىن مەرد ،قولى ئوچۇقلۇقى بىلەن داڭق چىقارغان بىر شەخس .كېيىن مەرد ،سېخىيلىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان .
ھاسىد - ھەسەتخور ، ئىچى يامان ،كۆرەلمەس .
ھاماقەت (ھەماقەت ) - ئەخمەقلىق ،دۆتلۈك ،ئەقىلسىزلىق .
ھەرش - ناپاك ،تازا ئەمەس ،ئارىلاش .
ھەسەب - خىسلەت ،ئابروي ،پەزىلەت ؛ئەجدادلارنىڭ شان-شەرىپى ، تېگى-تەكتىنىڭ ئېسىللىقى .
ھەسەت - ھەسەتخورلۇق ،كۆرەلمەسلىك ،ئىچى تارلىق ، قىزغىنىش .
ھەسۇد - ھەسەتخور ،ئۆزگىلەرنىڭ ئۇتۇقى ۋە بايلىقىنى كۆرەلمەيدىغان كىشى .
ھەقشۇناسلىق - ① ھىننەتدارلىق ،ياخشىلىققا مىننەتدار بولماقلىق ،تەشەككۈر ئېيتماقلىق . ② ئىشنى ياكى سۆزنى ئۆزىولى بىلەن قىلماقلىق ،غەرەز ئۇقماقلىق .
ھەلىم - يۇمشاق تەبىئەتلىكلىك ،مۇلايىملىق .
ھەندەسە - گېئومېترىيە .
ھەۋلناك - قورقۇنچلۇق ،دەھشەتلىك .
ھېسار - قورغان ،قەلئە .
ھېكمەت - ① دانالىق ،ئەقىل-پاراسەت .② پەلسەپە .
ھىممەت - ① ياخشىلىق ،ساخاۋەت .② بىرەر ئىشقا چىن دىلىدىن ئۇرۇنۇش ،تىرىشقاقلىق ،ئىرادە .

## ئو

ئوشرە - ئىسلام قانۇنى بويىچە يەردىن چىققان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرى ھېسابىدا ئېلىنىدىغان سېلىق ،باج .

## ئۇ

ئۇممۇل خەبائىس - بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئانىسى : ئىچكۈلۈك .ئۇممۇل خەبائىس (هاراق-شاراب - بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئانىسىدۇر ) .

## ۋ

ۋاجىب - ① قىلىنىشى زۆرۈر ،مەجبۇرىي .② ئىسلام دىنىدا قىلىنىشى زۆرۈر ،مەجبۇرىي دەپ بەلگىلەنگەن ،لېكىن مەجبۇرىيلىق ئۇقتىسىدىن پەرزدىن كېيىن ،سۈننەتتىن ئىلگىرى تۇرىدىغان ئەمەللەر .مەسىلەن ،پىتىر سەدىقىسى بەرمەك ،قۇربانلىق قىلماق ، ھېيت نامىزى ئوقۇماق قاتارلىقلار .
ۋەزىپە (ۋەزىفە ) - ① خىزمەت ،ئىش .② ئىش ھەققى ،مائاش .
ۋەسىلە - ① يول ،ۋاستە .② سەۋەب ،بائىس .
ۋۇقۇر - چىدامىلىقلىق ،چىدامچانلىق ،بەرداشلىقلىق .
ۋىقار - ۋەزمىنلىك ،تەمكىنلىك ،ئۇلۇغۋارلىق ،ئېغىر بېسىقلىق : ئەھلى ۋىقار-ئۇلۇغلار ،چىدامىلىق ،ئېغىر بېسىق كىشىلەر .

## ئې

ئېرپان (ئېرفان ) - بىلىم ،تونۇش (تەپەككۇر بىلەن ) .

## ئى

ئىپتىرا (ئىفتىرا ) - بۆھتان چاپلىماق ،تۆھمەت چاپلىماق .
ئىستېھزا - مەسخىرەقىلماق ،زاڭلىق قىلماق .
ئىستىقامەت - رۇس بولماق ،توغرا بولماق ،رۇسلانماق ؛ مۇستەھكەملىك ،سۇنماس-پۈكۈلمەسلىك .
ئىستىھباب - ① ياخشى كۆرمەك ،مەمنۇنىيەت بىلدۈرمەك ، ئارتۇق كۆرمەك .② مۇستەھەب (شەرىئەتتە ياخشى ھېسابلانغان ئىش ، ساۋاپلىق ئىش ، مەمنۇن قىلىدىغان ئىش ) .
ئىنايەت - مېھرىبانلىق ،غەمخورلۇق ،مەرھەممەت ،ئىلتىپات ، ياخشىلىق .
ئىنىس - ئىنسان ،كىشى ،ئادەم جىنسى .
ئىنقىراز - مۇنقەرز بولۇش ،ھالاك بولۇش ،ئۆلۈش .

## ي

ياخۇد - ياكى ،ۋەيا ،يا بولمىسا .
يەكسەر - ① پۈتۈنلەي ،پۈتكۈل ،ھەممە ،بىراقلا ،بىرنى قالدۇرماي .② بىۋاستە .

- سۆزلۈك تۈزگۈچى : يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق
ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

---

تاشكەنت «ئوقۇتقۇچى »نەشرىياتىنىڭ 1992-يىل ئۆزبېكچە نەشرىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : **يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق** (M1)

**بېكىتكۈچى: ھاجى خوجائابدۇللا ئوسمان (ئالىي مۇھەررىر، تەكلىپ قىلىنغان)**



مەرسىيە ۋە تەسەللىي

# ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ۋە پاتەم قۇربانغا مەرسىيە


## مىجىت ناسىر

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)


ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلىغان كۈنى ئائىلىسىگە تېلېفون بېرىپ ھال سورىغان بولساممۇ، پاتەم قۇربانىنىڭ يەتتە نەزىرىنىڭ باغىقىنى قولۇمغا ئالغىنىمدىلا مەرھۇمەنىڭ بىر شەھەردە - يېنىمىزدا تۇرۇپ ئاغرىپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ھايات ۋاقتىدا يوقلىيالمىغانلىقىم، كۆز يۇمغان ماتەملىك كۈنلەردە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ئەھۋال سوراپ، قائىدىمىز بويىچە يېقىن كىشىلىرى قاتارىدا كۆڭۈل سۆزلىرى ئېيتىپ تەسەللىي بېرەلمىگەنلىكىمدىن كۆڭلۈم يېرىم بولدى.

يېرىم ئەسىر مابەينىدە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى، تارىم بويلىرى، ئىلى ۋادىسىدىكى ھايات قاينىغان بوستانلىقلاردا بىر ئۆمۈر توختىماي خوش ناۋا قىلغان، بولۇپمۇ خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشتا راساۋايىغا يەتكۈزۈپ، مىللىي پۇراقنى پۇخانىمىزغا تەگكۈزۈپ يۈرەك تارىمىزنى تىترىتىپ كەلگەن ئەل سۆيگەن شۆھرەتلىك ئۇستاز ناخشىچىلىرىمىز، بىر ئۆمۈر ئىلى، تۆمەن دەريا بويلىرىدا ئۆتكەن، ناخشا-ئۇسسۇل، مېۋە-چېۋە ماكانى سېخىي يۇرتىمىزغا ياراشقان تەڭرىتاغ بۇلبۇللىرى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف، پاتەم قۇربانلار باشلىغان يېڭى ناخشىلىرىنىڭ تېخى ئاخىرى چىقمايلا بىزگە ئەڭ كېرەكلىك ۋاقىتتا خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك كەينى-كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇلارنىڭ ئاۋازى - ئۇزاق ئۆتمۈشتىن ئاتىلار ئېيتقان ئۆلمەس ناخشىلارنىڭ داۋامى، كامالىغا يېتىشى، بۇ گۈزەل، قۇياشلىق دىيارىمىزنىڭ ئېزگۈلۈك كۈيى، ئاتا-ئانا مېھرىدىن سۆيۈنگەن پەرزەند - نەۋرىلەرنىڭ بىغۇبار كۈلكىسى، چىن سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ ئىزھارى، بىز ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ مۇزىكا تىلىدىكى ساداسى ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئاۋازى - كۆرەشچان ھايات، مۇرەككە تۇرمۇش، رەڭگارەڭ دۇنيادا، ياشاش ئۈچۈن كۆرەشتە جاپا-مۇشەققەتنى يېڭىپ ئىستىقبال سەپىرىگە كېتىۋاتقان خەلقىمىزگە مەنىۋى ھەمراھ، روھىي مەدەت، ئۈمىد مەشئىلى، ياخشىلىق - ئېزگۈلۈككە چىللايدىغان مۇزىكىلىق پەرىشتىلەر تىلى ئىدى.

ھەيھات، بۇ ھاياتلىق سىمفونىيىسى، زېمىن مېلودىيىسى، ئېزگۈلۈك ساداسى، يۈرەكنىڭ خۇمارىنى يەشكۈچى، ئۆلگەن سەزگۈلەرنى ئويغاتقۇچى بۇلبۇل ئاۋازلار ئەمدىلىكتە مەڭگۈگە ياڭراشتىن توختىدى. ناخشا-سازخۇمار خەلقىمىز ئۆزىنىڭ روھىيەت بۇلبۇللىرى، تەڭداشسىز-يېتۈك سەنئەتكارلىرىدىن ئايرىلغىنىغا قاتتىق ھەسرەت چېكىپ، ماتەم-مۇسىبەتتە يۈرەك-باغرى چاك-چاك بولدى.

ئەل سۆيگەن ناخشىلار ئەل بىلەن تەڭ ياشايدۇ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدۇ. ئەلۋىدا، ئەلنىڭ ئەل سۆيگەن، شانۇ-شەۋكەتلىك، خەلق قەلبىگە دەپنە قىلىنغان سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى، تىنچ يېتىڭلار. خەلقىمىز سىلەرنى مەڭگۈ سېغىنىپ ياد ئېتىدۇ.

1999-يىل 4-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

(M2) رىشات ئەزىزى فوتوسى



# ئۇنتۇلماس سەپەر

- ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن ئۇستاز يازغۇچى، مەرھۇم زۇنۇن قادىري ئاكا ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقى خاتىرىسىگە

## تۇردى هاشىم

1985-يىلى ئاۋغۇستتا «تارىم» ژۇرنىلى بىلەن خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى بىرلىكتە خوتەندە هېكايە ئىجادىيىتى مۇهاكىمە يىغىنى چاقىردى. مەن گەرچە يازغۇچى بولمىساممۇ، بۇ كاتتا يىغىلىشقا چاقىرىلغانلىقىمدىن بەكمۇ هاياجانلاندىم. چۈنكى مەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشۋالىرى بىلەن دىدارى مۇلاقەت بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنتىم.

1985-يىلى 16-ئاۋغۇست ئۆمۈر خاتىرەمدىكى ئەڭ ئەهمىيەتلىك بىركۈن بولدى. مەن شۇكۈنى زۇنۇن قادىري ئاكا بىلەن بەكمۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىپ، ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان بەش كۈنلۈك سەپەرنى باشلىغانىدىم. مانا، ئارىدىن توپتوغرا 14 يىل ئۆتۈپ ، بۈگۈن شۇ قېتىمقى ئەهمىيەتلىك سەپەردىن قالدۇرغان خاتىرەمنى رەتلەپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئىشىنىمەنكى، ئوقۇرمەنلەر بۇ ئەسلىمنى ئوقۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ مۇبارەك ئاتا يازغۇچىسىنى يەنە بىر قېتىم ياد ئەتكۈسى.

* * *

16-ئاۋغۇست ، ئۈرۈمچى نەنزىگو (خۇمدان مەهەللىسى) ئاپتوبوس بېكىتىدىن خوتەنگە ماڭىدىغان يولۇچىلار ئاپتوبوسى يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. بەستلىك كەلگەن بىر يىگىت بىر بوۋاينى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاپتوبوسقا چىقىرىپ، دەل مېنىڭ يېنىمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا خوشلىشىپ، ئاپتوبوستىن چۈشۈپ كەتتى. بوۋاي بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا يوللۇق رەختتىن يارىشىملىق كاستوم-بورۇلكا كەيگەن، كەڭ قىرلىق كۆزەينەك تاقىغان، قولىدا نەقىشلىك هاسا تۇتۇۋالغانىدى، پات-پات كۆزەينىكىنى ئېلىپ، بىر كۆزىدىن ئېقىپ تۇرۇدىغان يېشىنى ياغلىق بىلەن ئېرتىپ تۇراتتى. بوۋاي:

- بالام، سەپەر خوتەنگىمۇ؟- دەپ سورىدى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن مەندىن.

- هەئە خوتەنگە، ئۆزلىرىمۇ شۇ ياققا بارامدىلا؟

- دەپ ياندۇرۇپ سورىدىم بۇ يولۇچى بوۋايدىن.

- شۇنداق، شەهىدانە خوتەنگە،- دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي يەنە ياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

شۇ ئەسنادا ئارقا رەتتە ئولتۇرغان، يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالغان بىر مويسىپىت كىشى قېشىمدىكى

بوۋايغا:

– ھە، زۇنۇنكا، زىلەيخان ھەدەم بىلەن خوشلىشىش تەس كەلدىمۇ، نېمە؟ كۆزۈڭدىن ياش قۇرۇمايدىغۇ؟ – دەپ چاقچاق قىلدى. بۇ چاقچاق بىلەن ئاپتوبوستىكى يولۇچىلار كۆزلىرىنى ھۆرمەت نەزەرىدە بۇ بوۋايغا تىكىشتى. مەن ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. «ھە، بۇمۇبارەك زات مەن ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان، دراممىلىرىنى كۆرگەن، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى، يېزىقچىلىق دەرسلىرىدە پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بېرىدىغان شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىري ئاكا ئىكەن-دە!» خاتالاشمىسام، يازغۇچىمىزنىڭ تەرجىمىھالىدىن بىلىشىمچە، ئۇنىڭ يېشى شۇ چاغدا 73تە ئىدى. بۇ ياشتىكى ئادەم ئاۋغۇستنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا بەش كۈنلۈك سەپەرگە قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلەر؟ ئاپتوبوس ئۈرۈمچى – خوتەن تاشيولىدا يېنىك تەۋرىنىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ:

– ئاكا، ئۆزلىرىمۇ خوتەندە ئېچىلىدىغان ھېكايە ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىغا ماڭدىلىمۇ؟ – دەپ سورىدىم تولىمۇ ئەدەب بىلەن.

– بالام، نېمىسىنى دەيسەن، مەن تارىم بويىدا ئىدىيە ئۆزگەرتىپ قايتىپ كەلگىنىمگىياقى بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈشكە ھېچبىر پۇرسەت بولمىدى. بۇ قېتىم قەلەمداشلار مېنى قەلەم قوۋۋىتىدىن قالدى، ماغدۇرىدىن كەتتى، دېمەي بۇ يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ قىپتۇ. شۇنىڭ ئۆزى غەنىمەت. ھەر نېمە بولسا، قەلەم مېنى ئۇنتۇلدۇرماپتۇ. تارىم بويىغا سۈرگۈن قىلىنغىنىمدا ئىككى كۆزۈم ساق ئىدى، قايتىشىمدا بىر كۆزۈمدىن ئايرىلدىم. ھازىر گېزىت، رادىئو-تېلېۋىزورلاردا بۇ تەرەپلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئاجايىپ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. بىزدە: «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن گەپ بار، مانا ئەمدى بۇ بىر كۆزۈمنىڭ كۆرۈدىغان ۋاقتىدا بولسىمۇ بۇ يۇرتلارنى يەنە بىر كۆرۈۋالاي، دېگەن ئۈمىد بىلەن كېتىۋاتىمەن، – دېدى زۇنۇن قادىري ئاكا خۇددى بوۋاي نەۋرىسىگە سۆزلىگەندەك كۆڭۈل قويۇپ.

بىلدىمكى، بايا ئاپتوبوستا زۇنۇن ئاكامغا چاقچاق قىلغان ئىسسىق چىراي مويسىپىت كىشى يازغۇچى تۇردى سامساق ئاكا ئىكەن. ئاپتوبوستا يەنە بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ماڭغان يازغۇچى – شائىردىن روزى نىياز، مۇھەممەت شاھنىياز، ھېلىمنىياز قادىري، ئابدۇكېرىم ھاشىم ئاكىلارمۇ بار ئىكەن. بىردەمدىلا تونۇشۇپ، ئىچەكىشىپ كەتتۇق. شۇنداق قىلىپ، ئاپتوبوس پېشىن بىلەن ئارغۇبۇلاقتىكى بىر ئۆتەڭگە كېلىپ توختىدى. ئاپتوبوستىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر توپ ئادەملەر ھالقا بولۇشۇپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ سۆرەن سېلىشماقتا ئىدى. قارىساق، ئۇلار «ئۇچ قارتا» قىمار تاۋىكاسى قۇرغانىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدىن يۇرتى قاراقاشقا قايتىپ كېتىۋاتقان بىر يىگىت ھەش-پەش دېگۈچە يېنىدىكى يول خىراجىتى ۋە قول سائىتىنى ئۇتتۇرۇۋەتتى . ئارقىدىن بىر خەنزۇ يىگىت خۇددى بۇھىيلىنىڭ سىرىنى ئوقۇدىغاندەك ئەلپازدا قارتىغا قول ئۇزاتتى. ئۇنىڭ يانچۇقىمۇ بىردەمدىلا قۇرۇقدىلىپ قالدى. يەنە بىر سەپەردىشىمىز سودا قىلارمەن دەپ تامبىلىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا تىكىپ چىققان دەسمايىسىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋېدى، يېنىمىزدا زۇنۇن ئاكام پەيدا بولدى. ئۇ، بۇ سەپەردىشىمىزنى چەتكە تارتىپ:

– ھوي ئۇكا، شەيتاننىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ. ساڭا ئۇتتۇرۇدىغان قىمارۋاززە خۇدانىڭ سۈيىنمۇ پۇلغا ئېلىپ ئىچىدىغان بۇ چۆل-باياۋاندا ئەخمەق بولۇپ يولۇڭنى توسۇپ ئولتۇرامدا؟ – دېدى ئۇنىڭغا سەل خاپا بولغان ھالدا.

– ياق، ئاكا، قارتىچىلارنىڭ ئۇتتۇرغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، – دېدى ھېلىقى سەپەردىشىمىز.

– ئۇلار دېگەن تىلى بىر چۆپقەتلەر. بىلسەڭ يالغاندىن ئۇتتۇرغان بولۇپ، ساڭا ئوخشاش شەيتىنى بارلارنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قىلغان كۆز بويامچىلىقى بۇ. ماڭە، سېنى بۇ يەرنىڭ سوغۇق سۈيى بىلەن بىرسەگىتىپ كېلەي، – دېدى زۇنۇن ئاكام ۋە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئاشخانە تەرەپكە ماڭدى.

بىز ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇلازىم بالىغا سوغۇق چاي بۇيرۇۋېدۇق، ئۇ، سوغۇق چېيىنىڭ تۈگەپ كەتكىنىنى ئېيتىپ بىزگە سوغۇق سۇ كەلتۈردى. قايتىشىمىزدا ھەر ئاپقۇر سوغۇق سۇغا ئىككى مودىن پۇل ئالدى. زۇنۇن ئاكام دېگەندەك، سەپەردىشىمىز سوغۇق سۇغا پۇل تۆلىگەندىن كېيىن خېلى سەگىدەپ قالدى. ئاپتوبوس قوزغىلىش ئالدىدا:

– قارا ئاۋۇ ھارامتاماقلارغا، – دېدى زۇنۇن ئاكام ماڭا يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىرقانچە ئادەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. قارىسام بايىقى چۆپقەتلەر تاپقا چۈشكەن قوزغۇندەك ئولجا بۆلۈشىۋاتقانىكەن.

* * *

قارا شەھەر سەپىرىمىزنىڭ تۇنجى كۈنىدىكى قونالغۇمىز بولدى. شوپۇر بىزنى زەيىنىڭ دەستىدىن تامىلىرىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن، تامغا

چۈشلارنىڭ قانلىرى روشەن ئىز سالغان بىر تاشلاندۇق ئەمما خېرىدارى كۆپ «ساراي» غاپاپىرىپ تاشلىدى. بىز تاماقتىن كېيىن زۇنۇن ئاكامنىڭ: «تۆت تامغا قاراپ ئولتۇرغىچە، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ بويىنى بىر ئايلىنىپ كەلمەيلمۇ» دېگەن تەكلىپى بىلەن سىرتقا چىقتۇق. زۇنۇن قادىرىي ئاكا بىلەن تۇردى سامساق ئاكا ئالتە شەھەرنىڭ بىرسى بولغان قاراشەھەرنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ باراتتى. دەل دەريا كۆۋرۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قارىسام، زۇنۇن ئاكامنىڭ مەڭزىگە يوغان بىر پاشا قونۇۋاپتۇ. ئەمما زۇنۇن ئاكام ھېچ ئىرەن قىلماي كېتىپ باراتتى.

— زۇنۇنكا، قېنىڭىز بەك تاتلىق ئوخشىمامدۇ؟ پاشىلار سىزنى چۆرگىلەپ نېرى كېتەلمەيدىغۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلىۋېدىم، زۇنۇن ئاكام مانىلىك قىلىپ:

— ئۇنى بىر دېمە بالام، قېنىمنىڭ تاتلىقلىقىدىن پاشا ھېچبىر ئارامىمنى قويمىغان ئادەممەن. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئەمدى يۈزۈمگە قونغان پاشىنىمۇ قورۇيالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

مەن زۇنۇن ئاكامنىڭ جايىدا ئېيتقان بۇ جاۋابىدىن كۈلۈشنىڭ ئورنىغا ئويلىنىپ قالدىم.

زۇنۇن ئاكام 60 - يىللارنىڭ بېشىدىلا خاتا سىياسەتنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچراپ 20 يىللاپ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولدى. بۇ 20 يىل ئۇنىڭ قىران چاغلىرىنى، تولۇپ ۋايىغا يېتىپ ھوسۇل بېرىدىغان مەۋسۇمىنى نابۇت قىلىۋەتكەنىدى. زۇنۇن ئاكام كۆكسى - قارنى كەڭ، كەمتەرىن، خۇش پېئىل ئادەم بولغاچقا، مەن ئۇنىڭغا بەكلا ئىجىل بولۇپ قالدىم ھەم شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تاكى خوتەندىكى 20 كۈنلۈك پائالىيىتىمىز ئاخىرلاشقىچە زۇنۇن ئاكىنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم.

* * *

ئەتىسى بىز توقسۇ ناھىيە بازىرىغا قونالغۇغا چۈشتۇق. ياتاققا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، سۇيۇق - سەلەڭ تاماققا كۆڭلىمىز تارتىپ، زۇنۇن ئاكامنى ئارىغا ئېلىپ چوڭ يول بويىدىكى ئاۋات ئاشخانىغا كىردۇق. سالقىنراق، دەپ ئىشىك تۈۋىدىكى شىرەگە جايلىشىپ، مۇلازىم بالىغا ئۆگرە بۇيرۇتتۇق. بىردىنلا كۆزىمىز تۆردىكى سۇپا ئۈستىدە ئولتۇرغان ياشقا چوڭراق ئايالغا چۈشتى. بىز ئاشخانىنىڭ خوجايىنى شۇ بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدۇق. ئارىمىزدىن بىرسى زۇنۇن ئاكامنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قويغان چېغى، بۇ خەۋەر بىردىنلا خوجايىن ئايالنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

— سىلىنى قانداق شامال بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلدى زۇنۇنكا، سىلىنىمۇ كۆرۈدىغان كۈنلىرىمىز بولىدىكەن - ھە، - دەپ يېنىمىزغا كەلدى.

سالام - سەھەتتىن كېيىن تۇردى سامساق ئاكا ھېلىقى ئايالغا ئولتۇرغانلارنى تونۇشتۇردى. خوجايىن ئايال ئۇنىمىغىنىمىزغا قارىماي بىزنى تۆر تەرەپتىكى خالىي بىر شىرەگە يۆتكىدى. ئۆز قولى بىلەن ناۋات چاي دەملەپ ئالدىمىزغا ئەكەلدى. خوجايىن ئايال زۇنۇن ئاكامنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ زۇنۇن ئاكامنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا باشلىۋېدى، زۇنۇن ئاكام سۆز تېمىسىنى دەرھال خوجايىن ئايالنىڭ تىجارەت ئەھۋالىغا يۆتكىۋەتتى. زۇنۇن ئاكام ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن خەلق ئىچىدە ھۆرمەت تاپقان شەرەپ ئىگىسى بولسىمۇ، ئەمما ھەرقاچان ماختاش ۋە ماختىنىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. خوجايىن ئايالنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ، بازار قويۇۋېتىلگەن دەسلەپكى يىللاردا ئوقەتنى لەڭپۇڭچىلىقتىن باشلىغانىكەن. ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ مانا بۈگۈن ئۇ ناھىيە تەۋەسىدە سودىسى ئەڭ ئېقىۋاتقان بۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپتۇ. ئاشخانىدا بىرقانچە نامرات ئائىلىنىڭ بالىلىرى ئىشلەيدىكەن. ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلارغا ھەمىشە ياردەم قولىنى سۇنۇپ تۇرۇدىكەن. قولىدا نەچچە 10 مىڭ سوملۇق دەسمايىسى بار ئىكەن. قايتىشىمىزدا، تاماق ھەققىنى تەڭلىسەك خوجايىن ئايال:

— بۇنداق قىلساڭلار خاپا بولىمەن، ماڭا پۇل ئەمەس، زۇنۇنكامنىڭ دىدارىنى كۆرۈۋېلىشنىڭ ئۆزى غەنىيمەت. لايىقىڭلاردا كۈتەلمىدىم. ھەرقايسىلىرى-نىڭ قايتىشلىرىدا خانىمىزغا چۈشۈپ بىرقانچە كۈن مېھمان بولۇپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، - دەپ پۇلنى زىنھار ئالغىلى ئۇنىمىدى. بىز ئۇزاپ چىققاندىن كېيىن زۇنۇن ئاكام:

— ھە، تۇرداخۇن، مەن بىلەن سەپەرداش بولمىغان بولساڭ، پۇلىسىز مانتىدىن قۇرۇق قالاتتىڭ. بىكارغا يەيدىغانلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا، — دەپ چاقچاق قىلدى. بىز پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

بىز ياتاققا كەلگەندىن كېيىن زۇنۇن ئاكام ماڭا:

— بالام، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بۈگۈن ئوبدان بىر تۇرمۇش ئۆگىنىش پۇرستى بولدى. ئەگەر سەن دېگەندەك ئايروپىلاندا ماڭسام، ھۆكۈمەتنىڭ بىرمۇنچە پۇلىغا زىيان سالغاندىن باشقا، تۇرمۇش ئۆگىنىش پۇرستىدىن قۇرۇق قالاتتىم. ئەگەر پىكاپتا ماڭغان بولسام، چۈشكۈن قىلغان ناھىيىدىكى بىر كاتتا مېھمانسارايدا بىرنەچچە مەنسەپدارنى ئەتراپىمغا ئولاشتۇرۇپ، دوكلاد ئاڭلايمەن، دەپ ئۇيغۇدىنمۇ

قورۇق قالاتتىم، - دەپ ياستۇققا باش قويدى. مەن تونۇگۇن سورىغان سوئالىمنىڭ جاۋابىنى ئەمدى ئاڭلىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

* * *

سەپەرنىڭ 3-كۈنى نامازشام بىلەن پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شېكەركۆل بازىرىغا كېلىپ چۈشتۇق. بۈگۈن بۇ يەردە بىز بىلەن قېرىشقاندەك توك توختاپ قالغانىكەن. ياتاققا بىرتالدىن شام تارقىتىپ بەردى. زۇنۇن ئاكامغا بىر پىيالە ئاچچىق چاي دەملەپ بېرەي، دەپ چايداننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، قونالغۇدىن قايناقسۇ تاپالماي قايتتىم. تۇردى سامساق ئاكا ئىككىمىز زۇنۇن ئاكامنى سىرتقا چىقىپ بىر نەرسە يەپ كېلەيلى، دەپ زورلىساق، زۇنۇن ئاكام:

- بۈگۈن ھالىم تازا ياخشى ئەمەس، تالاغا چىققۇدەك ماجالىم قالمىدى. بالام، ئېغىر كۆرمەي ماڭا بىر چىنە قايناقسۇ تېپىپ بەرسەڭ، ھەدەڭنىڭ يوللۇق توقچى بىلەن قورساقنى بىر ئاز ئەستەرلىۋېلىپ ياتاي، - دېدى.

بىزنىڭ زۇنۇن ئاكامنى بۇ ھالدا تاشلاپ قويۇپ سىرتقا چىققىمىز كەلمىدى. مەن بىر ئاشخانىدىن بىر چايدان قايناقسۇ تېپىپ كەلدىم. بىز ئولتۇرۇپ بىرگە چاي ئىچتۇق. زۇنۇن ئاكام ئاپتوبۇستا سىلكىنىپ، چايقىلىپ ھارغان چېغى، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ سۇنايلىنىپ ياتاتتى. قارىسام، ئۇنىڭ سۇنئىي چىشى كۆرۈشكىنىڭ ئاغزىدا تۇراتتى، بۇ ئادەتتە ئۇنىڭ ئۇيقۇغا باش قويغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بىزمۇ ياتايلى، دەپ تۇراتتۇق ئىشىك يېنىك چېكىلدى. ئېچىپ قارىسام، كارىدوردا 40 ياشلار چامىسىدىكى بىرەيلەن تۇرۇپتۇ. ئۇ بىر ئاز قورۇنغان ھالدا ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

- مەن مۇشۇ بازارلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيمەن. ھېلىراقتا بىر ئاشخانىدا زۇنۇن قادىرى، تۇردى سامساق ئاكىلارنىڭ بۇ يەرگە قونغىلى چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بازارلىق ھۆكۈمەتتىكى بىرقانچەيلەن باش قوشۇپ، ئەگەر ئۇلارقوبۇل كۆرسە، ھال-ئەھۋال سورىغاچ بىردەم-يېرىمدەم پاراڭلىشىپ چىقساق، دېيىشكەندۇق، مەن ئالدىن ئىجازەت سوراپ كىردىم، -دېدى.

مەن ئەھۋالنى زۇنۇن ئاكامغا ئېيتىۋېدىم، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆزى چىقىپ ياتاققا باشلىدى. قارىسام، كىرگەنلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ قولىدا ئىككىدىن قوغۇن بار ئىكەن. سالام-سەھەتتىن كېيىن ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش بولۇپ ئۆتتى. زۇنۇن ئاكام:

- مەن سىلەرگە يەنە بىر قانچە يازغۇچى - شائىرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، -دەپ ماڭا، - بالام، يان ياتاقتىكى ئۈچ نىياز (روزى نىياز، مۇھەممەت شاھنىياز، ھېلىمنىياز قادىرى) بىلەن ئابدۇكېرىمنى چاقىرىپ كىر، - دېدى.

ئۇلارنىڭ كىرىشى بىلەن ياتىقىمىزدا رەسمىي بىر سۆھبەت سورۇنى ھازىرلاندى. زۇنۇن ئاكام بۇ يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، ھەتتا بۈگۈنكى توك توختاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىدى. ئارىدىن بىرەيلەن بۇ سوئاللارغا ئىنىتلىق جاۋاب بەردى. يەنە بىرەيلەن ئۆزلىرى ئېلىپ كىرگەن قوغۇننى پىچىپ، ئالدى بىلەن زۇنۇن ئاكامغا بىر تىلىم قوغۇننى ئىككى قوللاپ سۇندى. زۇنۇن ئاكام دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىپ ئالدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، ئۇلار زۇنۇن ئاكامنىڭ ھېكايىلىرىنى ۋە «غۇنچەم»، «گۇلنىسا» دراممىلىرىنى ناھايىتى ياقتۇرۇدىكەن. تۇردى سامساق ئاكىنىڭ يېڭى نەشر قىلىنغان «تيانشان باغرىدا» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئوقۇپ سۆيۈنۈپتۇ. ئۇلار: «مۇشۇنداق كاتتا يازغۇچىلارنى كۆرسەك-ھە!» دەپ ئارمان قىلىشقانىكەن. پاراڭ بىلەن ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇلا قايتىشىدا:

- ھەرقايسىلىرى يىغىندىن يانغاندا بولسىم خانىمىزدا بىرنەچچە كۈن مېھمان بولۇپ بېرىشسىلە، - دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار زۇنۇن ئاكامغا قانمىغاندەك قىلاتتى. زۇنۇن ئاكام جاۋابەن ئۇلارنى مېھمانخانە دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

قايتىپ كىرىپ قوغۇنغا باشقىدىن تۇتۇش قىلدۇق. بۇنى كۆرگەن زۇنۇن ئاكام:

- ئىككى تۇردى، ئۈچ نىياز يىغىلىپ قاپسىلەر، تارتىنماي ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆيىدىكىدەك ئېلىڭلار، قوغۇن دېگەننى تېرىغان ئادەمنىڭ قولىدىن يېسە، مانا مۇشۇنداق شەربەت تېتىيدۇ، -دەپ چاقچاق قىلدى.

زۇنۇن ئاكام خېلى روھلىنىپ قالغانىدى. مېنىڭ بۇ سەپەر ۋە خوتەندىكى پائالىيەتلىرىمىز جەريانىدا بىۋاستە ئالغان تەسىراتىم شۇ بولدىكى، خەلقىمىز ئەدەبىيات-سەنئەتكە بەكمۇ ھېرىسمەنىكەن، ئۆزى سۆيگەن يازغۇچى - شائىرلارنى ئاجايىپ قەدىرلەيدىكەن. مەن زۇنۇن ئاكام بىلەن بەش كۈنلۈك سەپەر، 20 كۈنلۈك پائالىيەتلەر جەريانىدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى، ئىناۋىتىنىڭ تەڭداشسىز ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. زۇنۇن ئاكام ھەقىقەتەن

ئۆزىنىڭ كاتتا شان-شۆھرىتىگە يارىشا خۇشپېئىل، كەمتەرىن ، لەۋزى ھالال، تەمەدىن خالىي، سەبر-تاقەتلىك، تېپىلغۇسىز ئېسىل پەزىلەت ئىگىسى ئىدى.

* * *

1989-يىلى مايىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باش كاتىب سەيپۇل يۇسۇپتىن زۇنۇن ئاكامنىڭ كېسەللى ئېغىرلىشىپ قېلىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق «خەلق» دوختۇرخانىسىغا كىرىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەھۋالنى بۆلۈممىزنىڭ مەسئۇللىرىدىن لى كاڭنىڭ، ئابلىز داۋۇت، تۆلەۋقانلارغا دوكلات قىلدىم. ئۇلار بۇ پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، دەرھال قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ دوختۇرخانىغا ماڭدى. زۇنۇن ئاكام بۇ دوختۇرخانىنىڭ يېڭى بىناسىدىكى كادىرلار كېسەلخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. مەسئۇل ختۇر كېسەل بىلەن كۆرۈشۈشكە بولمايدىغانلىقىنى يتتى. مەسئۇللىرىمىز كارىدوردا زۇنۇن ئاكامنىڭ مۇر يولدىشى زىلەيخان ھەدە ۋە بالا-چاقىلىرىدىن ال-ئەھۋال سوراپ، مەسئۇل دوختۇرنى چاقىرىپ زۇنۇن ئاكامنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى قايتا-قايتا تاپىلىدى. شۇ ئارىدا مەن زۇنۇن ئاكام ياتقان ئايرىم خانىنىڭ ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ ياتاق ئىچىگە قارىدىم. ئۇ، سۇنئىي نەپەسلەندۈرۈلگەن ھالەتتە كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ئارام ئېلىۋاتاتتى. رەھىمسىز كېسەل ئاخىرى بۇ غەيرەتلىك بوۋاينى ھالسىرىتىپ قويۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا چىرا ناھىيىسىدە بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى:

خوتەندىكى پائالىيەتلىرىمىزنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىپ، چىرا ناھىيىسىنىڭ قۇم يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى كۆرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. زۇنۇن ئاكام، تۇردى سامساق ئاكام ئۈچىمىز بىر جىپ ماشىنىدا يولغا چىقتۇق. قۇملۇق يولدا كېتىۋېتىپ، بىردىنلا ماشىنىنىڭ ئارقا چاقى بىر ئىزدا چۆرگىلەپ تۇرۇپ قالدى. ئۈچىمىز ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتسەكمۇ، ماشىنا يەنە قوزغالمىدى. بۇنى كۆرۈپ زۇنۇن ئاكام بىزگە:

- ھەي ئىككى تۇردى، نېمىگە قاراپ تۇرۇسىلەر ، كېلىڭلار، ئارقىدىن ئىتتىرەيلى، - دېدى-دە، ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، مۈرىدىگىلى تۇردى. ئۈچىمىز ھە - ھۇ بىلەن ماشىنىنى ئورنىدىن قوزغىۋالدۇق.

دوختۇرنىڭ مۈرەمگە ئۇرۇشى بىلەن خىيالدىن ئۆزۈمگە كېلىپ، ئىتتىك ئىشىك پەردىسىنى قويدۇم. كۆزۈم لىققىدە ياشقا تولغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن زۇنۇن ئاكامنىڭ كېسەلى بىرئاز ياخشىلىنىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالما-ئاتا شەھىرىگە تۇغقان يوقلاشقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. زۇنۇن ئاكام شۇ تەرىقىدە بىز بىلەن ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ قەبرىسى چەت ئەلدە قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئابىدىسى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ قەلبىدە ئاللىقاچان تىكلىنىپ بولغانىدى.

- رەسسام: سابىر مەرۇپ

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات-سەنئەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى(M2)

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى كۆچكەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز تەھرىربۆلۈمى شىنجاڭ ئۇيغۇرئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ يېڭى خىزمەت بىناسىغا كۆچتى. ۋاقىپلىنىپ قېلىشىڭىزلارنى سورايمىز.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001، تېلېفون: 2856942، ئالاقىلاشقۇچى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



# مىڭئۆيلەر نالە قىلماقتا

## ـ شۆەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى مىڭئۆيلەرگە زىيارەت

**جاۋخەيجۇ**

كۇچادا جۇڭگو گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتى تەشكىللىگەن يىپەك يولىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىكىلەر بىز ـ خۇنەن ئۆلكىسى قەرەللىك ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنىمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سەنئىتىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ـ بىزدە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئىككى مىڭئۆي بار: بىرى، جۇڭگودىكى ئەڭ قەدىمىي سىم-سىم مىڭئۆيى، يەنە بىرى، تاڭ راھىبى شۆەنزاڭ ساياھەت قىلىپ ئۆتكەن قۇمتۇر مىڭئۆيى، ـ دېدى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

مىڭئۆي. بىرسى ئەڭ قەدىمىي، بىرى مەشھۇر. ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى بۇ ئىككى ئۆمەكتىكىلەر تەشۋىقات بۆلۈمى باشلىقىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ كەتتۇق.

سادا

كۇچا مەدەنىيىتى پەقەت قەدىمكى كۇسەن ناخشى ـ ئۇسسۇلىنىڭ مەشھۇرلۇقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى ئىلگىرىلا بۇ يەردە پورەكلەپ ئېچىلغانلىقى بىلەنمۇ داڭلىق ئىدى.

كۇچا ئەسلىدە غەربىي دىياردىكى كۇسەن دۆلىتى ئىدى. كۇسەن دۆلىتىنىڭ پادىشاھسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ مىڭدى دەۋرىدە بۇددا دىنى شىنجاڭغا تارالغان. كۇسەن دۆلىتى ئاۋۋال نۇرغۇن ھەشەمەتلىك ساڭرام، مىڭئۆيلەرنى ياسىغانىدى. مىلادى 7-ئەسىرگە كەلگەندە كۇسەندىكى ساڭراملار 100دىن، راھىب-بېكسونلار 5مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

ماشىنا قاقاس چۆللۈكتە چايقىلىپ يۈرۈپ، 2سائەت ماڭغاندىن كېيىنلا ئاندىن 48كىلومېترلىق ئوڭغۇل-دوڭغۇل تاغ يولىنى بېسىۋدۇق، ئېقىن بويىدىكى سىم-سىم مىڭئۆيى كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولدى.

نامدا مىڭئۆي دېيىلگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاران 52لا كېمىر قاپتۇ. ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىسام، 9كېمىر شالاڭ ئۆسكەن ياۋاگىياھ ۋە يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىدا يوقىلىش گىرداۋىدا مۆكۈنىپ يېتىپتۇ.

بۇ كېمىرلەر مىلادى 2-ئەسىردىن 4-ئەسىرگىچە ـ جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قېزىلغان.

ئۇلاردىكى رەڭلىك تام رەسىملىرى قالدۇقلىرى، رەسىملەرنىڭ قۇرۇلمىلىرى ئىپتىدائىي شەكىلدە بولۇپ، سىزىقلىرى شوخ، پېرسوناژلىرى ئەركىن ئىدى. رەسىملەردىكى يالىڭاچ ئاياللار بىلەن قۇياش ئىلاھى، ھەرخىل بۇددا بېزەكلىرى، يارالمىش قىسىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا قەندىھار مەدەنىيىتى بىلەن كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

ھايت-ھۇيت دېگۇچە6كېمىرنى ئايلىنىپ بوپتۇق. بىراق مۇكەممەل ساقلانغان تام رەسىملىرىدىن بىرسىمۇ ئۇچرىمىدى. خىيال بىلەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئېگىز ھەم يوغان بىر تاشقا ئېگىزلىكى تەخمىنەن بەش جاڭ، كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى جاڭ كېلىدىغان بىر تاش تەكچە ئويۇلغان بولۇپ، ئىچى قۇپقۇرۇق، ھەممىلا يېرىدىن چېپىلغان زەخمە ئىزلىرى چىقىپ تۇرۇپتۇ.

شۇ يەرلىك كىشىلەردىن سورىۋېدىم، ئۇلار:

- گېرمانىيىلىك لىكوكلارنىڭ ئىشى بولمامدۇ،

- دېدى كەيپى ئۇچقان ھالدا.

تونۇگۇنكى خۇشاللىقىم غايىب بولغانىدى. ئەتىسى مەملىكەت بويىچە 1-تۈركۈمدىكى نوقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى - قۇمتۇرمىڭئۆيىگە بارماقچىدۇق. بەلكى ئۇ يەردىكى ئەھۋال كىشىنى خۇشال قىلىدىغۇ ھەقچان، دەپ ئويلىدىم.

بۇددا دىنى غەربىي يۇرتقا تارالغاندا، كۇسەن دۆلىتىنىڭ پادىشاھىسى ئۆگەن دەريا ۋادىلىرىغا ساڭراملارنى سالدۇرۇپ، مىڭئۆيلەرنى قازدۇرغانىدى. بايدىكى قىزىل مىڭئۆيمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئاپىرىدە قىلىنغانىدى.

شۆەنزاڭنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»دە، كۇسەندە بىرخارابە شەھەر بارلىقى تىلغا ئېلىنىپ: «خارابە شەھەرنىڭ شىمالىدىن 40نەچچە چاقىرىم نېرىدا بىر دەريا بار. دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە سامگارامالار بار بولۇپ، نامى جاۋخۇسى، شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. بۇتلار كىيىم-كېچەك ۋە زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن جابدۇنغان بولۇپ، بۇنى ئادەملەرنىڭ قىلغىنىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. بەزى ئالىملار شۆەنزاڭ تىلغا ئالغان جاۋخۇسى ساڭرامى قۇمتۇر مىڭئۆيى شۇدۇر، دەپ قارايدۇ. «لياڭ دەۋرىدىكى راھىب-كالانلار تەزكىرىسى. كۇماراجىۋانىڭ تەرجىمىھالى»دىكى چۆل ساڭرامى بىلەن «دەرياتەپسىراتى ئىزاھلىرى»دىكى چۆل ساڭرامى تاشكېمىر ساڭراملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىرخىل نامنىڭ ھەرخىل شەكىلدە تەرجىمە قىلىنىشىدۇر.

قۇمتۇر خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچىدا ئوخشاشلا «قۇملۇقتىكى تۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. بىز پاراڭ بىلەن ئۆگەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان تار ھەم ئۇزۇن جىلغىدىكى تاشكېمىرلەرگە كېلىپ قالغانىدۇق. بۇ يەردە نە شۆەنزاڭ تەسۋىرلىگەن دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سامگارامالار، نە قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇر دېگەنلەر كۆزگە چېلىقمايتتى.

بۇگۇنكى كۇندە دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ساقلىنىپ قالغان تاشكېمىرلەردىن ئاران 58لا قاپتۇ. نومۇر سېلىنغان 110تاشكېمىرنىڭ يېرىمى قالماپتۇ.

يىمىرىلىپ چۈشكەن كېمىرلەرنىڭ تاملىرى ئۆگەن دەرياسىنىڭ شەرقىي، غەربىي قىرغاقلىرىدا ھە دېسىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار قاقاسلىشىپ ئەسلى ھالىتىنى يوقىتىپتۇ. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ چوڭ توسمىسىدىكى دەريا سۈيى توسۇۋالمىغاندا ئىدى، زەڭگەر مەيىن دولقۇنلارنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغىنىنى كۆرگىلى بولار ئىدى. سىز ھازىر بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى راھىبلار كۆپ، ساڭراملار گۈللەپ ياشنىغان كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس ماكانى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالىسىز.

جىلغا گاھ كېڭىيىپ، گاھ تارىيىپ باراتتى. جىلغىنىڭ ئەڭ تار بىر بۆلىكىدىكى تىك ياردا پەقەت بىرلا يول قاپتۇ. يولنىڭ كەڭرەك يېرىگە چىققاندىن كېيىن كۆڭلىمىز خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. بىرقىسىم كېمىرلەر جىلغىنىڭ ئېغىزىغا، يەنە بىر قىسىم كېمىرلەر جىلغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇلار تاڭ سۇلالىسى گۈللىنىشتىن بۇرۇن قېزىلغانىكەن.

ئۆگەن دەرياسىنىڭ بۇ بۆلىكى قۇرۇپ، دەريا ئورنىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ چوڭ توسمىسى دەريانى قاپ بېلىدىن بوغۇۋالغاچقا، سۇ ئورنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دەريا سۈيى ئىككى قىرغاققا سىڭىپ، جىلغا ئېغىزىدىكى 1-نومۇرلۇقىچە بولغان مىڭئۆيلەرنى زەيدىتىۋەتكەنلىكتىن، مىڭئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى بىر قەۋەت شور قاپلاپ كېتىپتۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە باشقىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 4مىليون 800مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، مىڭئۆيلەرنىڭ سىرتىغا كەلكۈندىن مۇداپىئە

كۆرۈش تومىسى ياساتقان ھەم 1-دىن 11-نومۇرلۇق-قىچە بولغان مىڭئۆيلەرنى توسما ئىچىگە ئېلىپ قوغدىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە تەپسىلىي كۆزەتسىڭىزلا بۇ تەدبىرنىڭمۇ تازا ئۈنۈملۈك ئەمەسلىكىنى سېزىۋالايسىز. گەرچە ھەر كۈنى سۇ چىقىرىش ماشىنىسىدىن ئۇنى دائىما ئىچىدىكى سۇنى چىقىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئۆيلەر دەريا سۈيىنىڭ تەسىرىدىن زەيلىشىپ، مۇخلار بىخ سۈرۈپ، ياۋا ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ كېتىپتۇ. ئاشۇساپ تام رەسىملىرىنىڭ رەڭگى قارىيىپ، بىرقىسىملىرى سويۇلۇپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى تاق ھۇجرىلىق بولۇپ، پۈتكۈل تەكچىلەردە بۇتلار بار. تۆت تېمىدىن تارتىپ تورۇسلىرىغىچە رەڭلىك رەسىملەر سىزىلغان. قۇمتۇر ۋە سىم-سىم مىڭئۆيلىرى بولسا، گۈمبەز شەكىللىك بولۇپ، ئىچكىرى-تاشقىرى ئىككى ھۇجرىلىق ئىكەن. پۈتكۈل تاملارغا بۇت تەكچىلىرى ياسالغان. بۇت تەكچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىچكىرى ھۇجرىلارغا كىرگىلى بولىدىكەن. تاشقىرىقى ھۇجرىغا ئىشىكتىن نۇر چۈشۈپ، ئاز-تولا يورۇسىمۇ، لېكىن ئارقا ھۇجرا قاپقاراڭغۇ تۇرىدىكەن.

بىزگە يول باشلاپ بېرىۋاتقان مۇھەممەت مۇسا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەخسۇس خادىمى ئىكەن. ئۇ، بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ تورۇسقا قارىشىمىزنى ئېيتتى. تورۇستىكى نۇرغۇن رومبا شەكىللىك رەسىملەر گۇرۇپپىسى بىر مۇكەممەل رەسىملەر گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈرگەنىكەن. ھەربىر رومبا ئىچىدە بىر پارچىدىن رەسىم بار بولۇپ، مايتىرىنىڭ ئالۋاستىنى تۇتۇشى ۋە ساكيامۇنىنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ھېكايە قىلىنغان. بۇنىڭدا رومبا ئىچىدىكى يارىمىش قىسسىلىرىنىڭ ئەڭ نەپىس ۋەقەلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ پۈتۈن بىر ۋەقەلىك سىزىپ چىقىلغان. دۇنخۇاڭدىكى تام رەسىملىرىدە بولسا، بىر يارىمىش قىسسە ئوخشىمايدىغان بىرنەچچە كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈنۈپ، بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ تەسۋىرلەنگەن.

— كۇسەن ئۇسلۇبى قالتىسكەن!

بىز ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا شۇنداق دەپ ماختاپ كېتىشتۇق.

ئۆگەن دەرياسى خۇددى قورۇپ ئۆلگەن لايىپەك (لايدا ياشايدىغان بىرخىل جانىۋار) دەك ئەگرى-بۈگرى جىلغا ئىچىگە قاراپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىز چاك-چاك يېرىلىپ كەتكەن دەريا قىنىنى بويلاپ، ئالاھەزەل بىر كىلومېتىردىن ئارتۇقراق ماڭغاندىن كېيىن يول باشلىغۇچى بىزنى بىر تۆپىلىككە باشلاپ چىقتى. بۇ «46-كېمىر» بولۇپ، قاغجىراپ كەتكەن تاملىرىدا خەت بار ئىكەن.

بۇ بىرتام رەسىملىرى ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان كېمىر ئىكەن. تاشقىرىقى ھوجرىسىنىڭ گۈمبەز شەكىللىك تورۇسىدا قۇياش، ئاي ئىلاھى ۋە تۆت تېمىنىڭ ھەممىسىدە يارىمىش قىسسىلىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن پېكىرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، سىزىقلارنىڭ شوخلۇقى ۋە رەڭلەرنىڭ نەپىسلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. بۇ، شىمالىي ۋېي دەۋرىگە مەنسۇپ يەنە بىر ئۆزگىچە كۇسەن ئۇسلۇبى ئىكەن.

كېمىردىن چىقىپ شېغىللىق تۆپىلىكنى بويلاپ پەسكە قاراپ ماڭدۇق. ئايىغىمىزدىكى شېغىللار توختىماي شاراقلايتتى. بۇ چاغدا مەن خۇددى تۆگىلەرنىڭ كولدۇرما ئاۋازىنى، قەدىمكى بۇتخانىلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان نامازشامدىكى دۇمبا ئاۋازىنى، خۇلار (قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدا ياشىغار ئۇيغۇرلار) نىڭ قىلىچ ئاۋازىنى، ئۇستىلارنىڭ تاغنى تېشىۋاتقان چاغدىكى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تۇكۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. يەنە بەدەنلىرىدىن شور ئۆرلەپ كەتكەن ئارزۇلۇق ئادەم سۈرەتلىرىنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. بەدەنلىرىنى جاراھەت ئىزى قاپلاپ كەتكەن مەبۇدلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى:

— بىزنى قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ ھارغىن ئاۋازدا توۋلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

---

«يىپەك يولى» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىل 3-سانىدىن

**ئۆمەرجان ھەسەن** تەرجىمىسى (M2)

**بايانات**

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە

# بىزدىكى ئىللەتلەر



**جاڭ پىڭجى، ياڭ جىڭلۇڭ**

## مۇقەددىمە ئورنىدا

ئادەملەر تاشقى دۇنيا توغرىسىدا جاپالىق ئىزدەنگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قىزىقىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىگە بۇرۇلدى. ئادەمنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى تونۇش بۈگۈن پۈتكۈل دۇنياغا يامرىغان بولۇپ، ئۇ، ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەسى ۋە بارچە ئىلىم ئەھلىنى ئۆزىگە جەلپ ئېتىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.

راست، ئادەمگە ھەممىدىن قىيىن كېلىدىغان ئىش ئۆزىنى تونۇش. بۇ، شەخسكىمۇ شۇنداق، بىر مىللەت، بىر دۆلەتكىمۇ شۇنداق. بىزگە نىسبەتەن جۇڭگولۇقلارنى تەتقىق قىلىش ھەممىدىن مۇھىم ھەم جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. جۇڭگولۇقلارنى تەتقىق قىلىش — ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان بىر تېما، شۇنىڭدەك مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك قىزىقارلىق مەسىلە.

جۇڭگولۇقلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىشقىمۇ ياكى مەلۇم بىر تەرەپتىن، مەلۇم بىر بەلگىلىك نۇقتىدىن تەتقىق قىلىشقىمۇ بولىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىقلىرىنى، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ غايىلىك، قورقماس-باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك، دوستانە، قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇشتەك خىسلەتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تۈرلۈك-تۈرلۈك كەمچىلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇپ، ئىللەتلىرىنى تۈزىتىپ، ئەركىن-ئازادە ئىلگىرىلىشىگە ياردەملىشىشىمىز لازىم.

ئۇشبۇ كىتاب كېيىنكى مەسىلىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئومۇمەن ھازىرقى جۇڭگولۇقلارنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن كەمچىلىك — ئىللەتلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ. يەنى خۇددى لۇشۈن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش» مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يۇقىرى ساپالىق كامىل-ساغلام ئادەملەردىن بولۇپ يېتىلىشىگە سەمىمىي - ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن مەسلىھەت بېرىلىدۇ.

### ئۆزىنى تونۇش توغرىسىدا

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەسىلىگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە ئىلمىي قاراپ، جۇڭگولۇقلارغا ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن كەمچىلىكلىرىنى تەڭ كۆرسىتىپ بېرىشىمىز لازىم، يەنە كېلىپ، ئارتۇقچىلىقلارنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز لازىم. ھازىر مۇنداق بىر ئۈمىدسىز قاراش بار: «جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر ئەۋلادى يەنە بىر ئەۋلادىغا يەتمەيدۇ. يامان قىلىق-ئىللەتلەر بارغانسېرى يامراپ كېتىۋاتىدۇ. ساپاسى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ چۈشكۈنلۈك دەرىجىسىگە يەتتى». بۇ، بىرتەرەپلىمە قاراش بولۇپ، توغرا ئەمەس. كەمچىلىك-ئىللەتلىرىمىزنى ئارتۇقچىلىق-ئۈستۈنلۈكلىرىمىزگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، شۇ نەرسە ئېنىقلىنىدۇكى، كەمچىلىك-ئىللەتلىرىمىز يەنىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، بىزنىڭ بۇ سەلتەنەتلىك چوڭ دۆلىتىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيىتىمىزنىڭمۇ ئۈزۈلمەستىن، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

ئادەملەر ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كەمچىلىك-ئىللەتلىرىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، بۇلار ھەر قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇش ناھايىتى قىيىن ئىش. تۆۋەندە بىز بىرنەچچە جەھەتتىنلا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز:

## 1. ئالدىدا چىرايلىق سالاملىشىپ، كەينىدە بىر-بىرىگە ئورا كولاش

### — يىرگىنچلىك ساختا چىراي

جۇڭگو يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئارقىدا قالدى. غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ كۈچلۈك جەڭ كېمىلىرى ۋە زەمبىرەكلىرىنىڭ تەھدىتىدە، توپا-چاڭ باسقان دەرۋازىسىنى زەئىپلىك بىلەن ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا «ئاكاڭ قارىغاي جاھاندا بىر» دەيدىغان تەمەننا سەپسەتىسىمۇ بەربات بولدى. بىر تۈركۈم مۇتەپەككۇرلار جۇڭگو خەلقىنىڭ نادان، قالاق، مۇنقەرىز بولۇشتەك ئېچىنىشلىق ئەمەلىيىتىدىن ئۇلارنىڭ ئارقىدا قېلىش سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەپەككۇر نۇقتىسىنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى بىلەن پۇقرالارنىڭ شەخسىيىتىدىكى ئىللەتلەرگە قاراتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تاپقانىدى.

ليالڭ چىچاۋ: جۇڭگونىڭ نامرات، ئاجىز، ئارقىدا قېلىشىغا جۇڭگولۇقلارنىڭ «نادان، زەئىپ، چېچىلاڭغۇ، ھارام تاماقلىقى»، يەنى ساپاسىنىڭ ناچارلىقى سەۋەب بولغان، دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ «جامائەت ئەخلاقى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «ئېلىمىز پۇقرالىرىدا بىزدىنبىر كەم بولىۋاتقىنى جامائەت ئەخلاقى. . . ھەممە ئادەم ئۆز غېمىنى يېسە، بۇ شەخسىي ئەخلاق بولىدۇ. ھەممە ئادەم ئەلنىڭ غېمىنى يېسە، بۇ جامائەت ئەخلاقى بولىدۇ. ھاياتلىقتا بۇ ئىككى نەرسە كەم بولسا بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ يەنە «يېڭىچە خەلق تەلىماتى»نى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ: «يېڭىچە خەلق بولغاندىلا يېڭىچە ھۆكۈمەت، يېڭىچە تۈزۈم، يېڭىچە دۆلەت بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. ئۇ نىمدېگەن ئاقىلانە پىكىر يۈرگۈزگەن-ھە.

ليالڭ چىچاۋ يەنە: جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ پەزىلىتىنى يوقىتىشى مۇنداق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئاجىز، ئىككىنچىدىن، مۇستەقىللىق قارىشى زەئىپ، ئۈچىنچىدىن، ئومۇملۇق قارىشى ئاجىز، تۆتىنچىدىن، ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى ئاجىز، شۇڭا ياتلارنىڭ «ئاختا قىلىۋېتىشى» بىلەن ئاجىز دۆلەت ئورنىغا چۈشۈپ قالغان. جۇڭگو قەددىنى رۇسلاپ قۇدرەت تاپىمەن دەيدىكەن، ھەممە ئادەم ھوشىنى تېپىپ، ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەپ، مۇكەممەل ئادەم بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان.

چېن دۇشيۇ مۇنداق قارايدۇ: جۇڭگونىڭ غەرب كۈچلىرىگە تېز پۈكۈشىدىكى توپ سەۋەب-ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان. بۇنى يەنىلا جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىپتىدائىي ئەنئەنىۋى ئەخلاق قائىدىلىرى، كۇڭزىنىڭ ئەدەب-تەرىقەت تەلىماتى، بۇددىزم ئەقىدىلىرى پۇقرالارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلاردا قارشىلىق كۈچى نېمە قىلسۇن! چېن دۇشيۇ ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىگە، خەلقنىڭ نادان-چېچىلاڭغۇ ھالەتلىرىگە قاراپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھەم ئۈمىدسىزلەنگەن.

خۇشى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدا ئىزدىنىپ: «ھازىر جۇڭگودىكى ئەڭ زور كېسەللىكنىڭ يىلتىزى مىلىتارىستلار، ئەمەلدار-تۆرىلەر بولماستىن، بەلكى تىرىكتاپلىق پىسخىكىسى. ‹ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش› دەيدىغان، مەھەللىگە ئوت كەتسە دۆڭگە چىقىۋېلىپ تاماشا كۆرىدىغان تۈرلۈك-تۈمەن ئىللەت-مەرەزلەر بىزنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز-دۇر. ئەگەر تۈپتىن پاكلىنىپ ئۆزگىرىپ، پۇقرالارنىڭ تەبىئىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئىللەتلەرنى تازىلاپ چىقارمايدىغان بولساق، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ» دەپ يەكۈن چىقارغان.

لۇشۈن تېخىمۇ كەسكىن ئىدى. ئۇ، ياش

ۋاقتىدىلا :پۇقرالارنىڭ تەبىئىيىتىدىكى كېسەللىك جۇڭگو بوھرانىنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنى ، جۇڭگولۇقلارنىڭ پەسكەشلىكىنى تۈگىتىش جۇڭگو مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ نېگىزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان.شۇڭا ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە مېدىتسىنا ئىلمىدىن ۋاز كېچىپ ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپ ،كىشىلەرنىڭ روھىنى داۋالاپ ساقايتىشقا بەل باغلىغان.ئۇ ئېچىنىپ تۇرۇپ : جۇڭگودا كونا نەرسىلەر بەك كۆپ ،بەك چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.ھەممىلا يەردە ئۆزلىرىنىڭ پۇت-قولىنى ئۆزلىرى چۈشىۋالىدۇ ،دەپ ئېيتقان.ئۇ «ئاQنىڭ تەرجىمىھالى»نى يېزىپ ،جۇڭگولۇقلارغا ئېنىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ ،ئاچچىق كۈلكىلىرى بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ تەبىئىيىتىدىكى كېسەللىكلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. لۇشۈننىڭ مەقسىتى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ تەبىئىيىتىدىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىش ئىدى.

قىسقىسى ، «4-ماي»نىڭ ئالدى-كەينىدىكى مۇتەپەككۇر پېشۋالار دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تەبىئىيىتىدىكى ئىللەت-نۇقسانلاردىن جۇڭگونىڭ نامراتى ،ئاجىز بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ :«دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش - خەلقنى روناق تاپقۇزۇشقا باغلىق ،مۇبادا كىشىلىك پەزىلەت تورغۇزۇلمايدىكەن ،جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ»دەپ كۆرسىتىشكەن.بۇ مۇتەپەككۇر-لارنىڭ توغرا ۋە دانا ھۆكۈمى شۈبھىسىزكى ،ئىجابىي ئويغىتىش خاراكتېرىنى ئالغان.ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ،ئۇلارنىڭ ياڭراق ئاۋازىدا :«دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئىشنى ئالدى بىلەن ۋەتەنداشلارنىڭ كىشىلىك تەبىئىيىتىنى ساغلاملاشتۇرۇشتىن باشلايلى»دەپ خىتاب قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولىمىز.

«كىشىلىك تەبىئەت»نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ ،ئۇ ، شەخسنىڭ بىر قەدەر مۇقىم پسىخىكىسى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنىڭ بەلگىلىك يىغىندىسىدۇر.كىشىلىك تەبىئەت شەخسنىڭ بەلگىلىك فىزىئولوگىيىلىك ساپاسى ئاساسىدا ،ئائىلە تەربىيىسى ،مەكتەپ تەربىيىسى ،شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدە تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ.ئادەمدە كىچىكىدىنلا بەلگىلىك كىشىلىك تەبىئەتنىڭ ھىمادىسى شەكىللىنىپ ، بالاغەتكە يەتكەندە ئۇنىڭ تەبىئىيىتى نىسپىي مۇقىملىشىدۇ ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ.

ئادەتتە كىشىلىك تەبىئەت ئادەمنىڭ مىجەزى ، ئىقتىدارى ،ئارزۇ-ھەۋىسى ،خاراكتېرى قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتتىكى پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.تار مەنىدىكى «كىشىلىك تەبىئەت» «مىجەز-خاراكتېر»نىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش.«كىشىلىك تەبىئەت»دېگەن سۆز يەنە شەخسنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.يەنە بەزىلەر : كىشىلىك تەبىئەت-سەزگۈ ،تونۇش ، كەيپىيات ،قىممەت قارىشى ،ئېتىقاد ۋە ئۇلارنىڭ بىئوخىمىيىلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت كۆپ خىل ئامىللارنىڭ يىغىندا ھاسىلاتى ،شەخسنىڭ ئىجتىمائىي جەرياندا شەكىللەنگەن ئىچكى مۇقىملىقى ۋە ئۆزلۈكسىز ھاياتلىقتا ئىگە بىرخىل قۇرۇلمىسىدۇر. ئۇ ئەڭ نېگىزلىكى روھىي دۇنيا ۋە ئۆزىنى ئۆزى تونۇشتۇر ،دەپ ھېسابلايدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ تەبىئىيىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىمىزدە ،بىز بۇ يەردە پەقەت سەلبىي تەرەپلەر ئۈستىدىلا توختىلىمىز ۋە ئۇلاردىكى روھىي ئىللەت-مەرەزلەر توغرىسىدا ئازراق تەھلىل يۈرگۈزىمىز.ئىقتىدارىمىزنىڭ ۋە سەھىپىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى ،نەزەرىيىۋى جەھەتتىن كۆزىتىپ پىكىر يۈرگۈزىمىز.بىزنىڭچە ،مۇشۇنداق قىلغاندا ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرئاسان قوبۇل قىلالايدۇ.تۆۋەندە ئالدى بىلەن ساختىپەزلىك توغرىسىدا توختىلىمىز :

ئادەم سەممىي ،رايىش ،راستچىل بولسا ،بۇ ھەقىقىي كىشىلىك پەزىلەت بولىدۇ.ئەكسىچە ،تىلى تۈزۈك ،دىلى بۇزۇق ،ئىككى يۈزلىمە ،نەپسانىيەتچى ، شۆھرەتپەرەس بولسا ،بۇ ،كېسەل تەبىئەت بولىدۇ.

ساۋشەنيۈەن ئەپەندى «ساختا چىراي»دېگەن رەسىم ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ :«ئىشكىنى تاقىۋېلىپ راست گەپ قىلىدۇ ،ئىشكىدىن چىققاندا يالغان گەپ قىلىدۇ.قولىدا ھارام پۇلنى كۆتۈرۈۋېلىپ ،كەينىگە قولاق كەستىلەرنى سىلىۋالىدۇ.ئاغزىدىن پاكلىق-دىيانەت دېگەننى چۈشۈرمەيدۇ.بىراۋنىڭ ئالدىدا چىرايلىق سالام-سەھەت قىلىپ ،كەينىدىن غېيۋىتىنى قىلىپ ئۇرا كولايدۇ.سىزگە ھاجىتى چۈشسە ئېچىلىپ كېتىدۇ.ھاجىتى چۈشمىسە تۈتۈلۈپ قالىدۇ.رەھبەر بار يەردە بىرخىل ،يوق يەردە يەنە بىرخىل بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئالدىدا بىرخىل ،كەينىدە يەنە بىرخىل بولىدۇ.يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئالدىدا بىرخىل ،پۇقرانىڭ ئالدىدا باشقا بىرخىل بولىدۇ».

ساختىپەز ئادەم بىلەن ئارىلىشىپ قالسىڭىز ، خۇددى يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان ئادەملەر بىلەن ئارىلاشقاندەك بولىسىز.ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشكەندە قول ئېلىشىپ ئىللىق چىراي بىلەن سالاملىشىدۇ ، لېكىن كەينىڭىزدىن سىزگە قانداق سۇيىقەستلەرنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.ئۇ ،سەممىي قىياپەتتە سىز بىلەن پاراڭلاشسىمۇ ،ئۇنىڭ تىلى باشقا ،ئۇ ئەسلىدىنلا سىزگە يالغان گەپ قىلىدۇ ، دوپپىڭىزغا جىگدە سالىدۇ.ئادەملەرنىڭ ساختىپەزلىكىنى بىر قاراپ بىلىۋالغىلى بولمايدۇ.

ساختىپەزلەر ھەمىشە ئۆزلىرىنى نىقابلىۋالىدۇ .

ئادەم سەممىي بولغان ياخشىمۇ ياكى ساختىپەز بولغان ياخشىمۇ؟ ئەلۋەتتە، ھەممە ئادەم سەممىي بولغان ياخشى ، دەيدۇ . لېكىن، بەزىلەر سەممىيلىك دۆتلۈكنىڭ بىرخىل ئاتىلىشى، ئادەم بەك سەممىي بولۇپ كەتسە، زىيان تارتىپ قالىدۇ . خەق چىرايىڭغا قاراپ ئىش تۇتىدۇ، قاقباشراق بولساڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق، بەلكى پايدىسى تېگىدۇ ، دەپ قارايدۇ .

ئاددىي كىشىلەرنىڭ ساختىپەزلىك قىلىپ قويۇشى تۇرمۇشنىڭ بېسىمىدىن بولىدۇ، بۇنى ھەرھالدا ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ . ئەگەر سىياسىيئونلار ساختىپەزلىك قىلىدىغان بولسا، دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن ئىنتايىن زور خەۋپ كەلتۈرىدۇ . بەزىلەر سىياسەت دېگەن سۇيىقەستچىلەرنىڭ جەڭ مەيدانى ، سىياسىي بىلەن ھەپىلەشكەندە ساختىپەزلىك قىلماي بولمايدۇ، دەيدۇ . بۇنىڭغا جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي سۇيىقەستچى لىن بياۋ تىپىك مىسال بولالايدۇ .

لىن بياۋ چوڭ سىياسىي قارانىيەتچى، تىپىك ئىككىيۈزلىمچى، ئۇتۇپ كەتكەن ساختىپەز . ئۇنىڭ «يالغان گەپ قىلمىساڭ چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسەن» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار . ئۇ ، پارتىيە ۋە ئارمىيىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قارانىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلابچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ھىيلە-مىكىر بىلەن شۇغۇللاندى . كېيىن سۇيىقەستى مەغلۇب بولۇپ ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلدى .

لىن بياۋ ۋەقەسى شۇنى چۈشەندۈردىكى ، سىياسىي ۋەزىيەت نورمال بولمىغان شارائىتتا ، ساختىپەزلىكنىڭ بازىرى چىقىدۇ . ساختىپەزلىككە تايىنىپ ئىلغار قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، بىرمەزگىل ھۆكۈم سۈرۈۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن ئاقىۋىتى بەرىبىر خەيرلىك بولمايدۇ .

«ساختا چىراي» بولۇۋېلىش ئەسلىدىلا جۇڭگولۇقلاردىكى ئىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن سول سىياسىي ئىدىيىۋى ئېقىم، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى . بۇ مەزگىلدە كىشىلەر ۋەزىيەتنىڭ تەلپىي بويىچە تولىمۇ كەسكىن - رادىكال بىرقىسىم ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ كەتكەندى . بولمىسا ئۆزىگە يا ئۇنداق ، يا مۇنداق بەختسىزلىك تېپىۋالاتتى . شۇڭا ، راست گېپىنى دېمەيدىغان، قورسىقى ئاچ تۇرسىمۇ مەيدىسىنى كېرىپ قورسىقىم توق ، دەيدىغان بولۇۋالغانىدى . باندىت-قاراقچىلاردەك بۇلاپ-تالاپ، ئۇرۇپ-چېقىشلارنى كۆرسىڭىز ، سىز ئۇلارنى ئىنقىلابىي ھەرىكەت دېيىشىڭىز كېرەك ئىدى . ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسىنى دوكلات قىلغاندا ، سىز ھەدەپ كۆپتۈرۈپ، بىرنى ئون ، مىڭنى تۈمەن دەپ دوكلات قىلىشقا مەجبۇر ئىدىڭىز . ئەكسىچە - ئەينەن دوكلات قىلسىڭىز ، ئوڭچىللىق قىلغان بولۇپ تەنقىدكە ئۇچرايتتىڭىز . بۇنداق ئىشلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى ، شۇڭا ساختىپەزلىك قىلىشقا مەجبۇر بولاتتىڭىز .

«سەممىيلىك» ئادەمنىڭ تۈپ پەزىلىتى . دۆلەتنىڭ ئىشلىرىدا ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ، ئەل-ئاغىنە ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا ، سۆيگۈ-مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدە سەممىيلىك نەقەدەر مۇھىم ، ساختىپەزلىك نېمىدېگەن يىرگىنچلىك-ھە ؟ !

## 2. ھەممە ئادەم سۆيۈپ يەيدىغان قوزا بولۇش

### - ئۆزىنى پەس كۆرۈش - كەمسىندۈرۈش پسىخىكىسى

ئۆزىنى ئۆزى كەمسىندۈرۈش - تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن چاغلاش ، خەقتىن بىرىپىرى كەم ھېس قىلىش ، قولىدىن بىرەر چوڭ ئىش كېلىشىگە ئىشەنمەسلىك ، بەزىدە بىراۋنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىدىن مەغرۇرلىنىش ، پەخىرلىنىش ، بىرەر قىيىن ئىشقا ياكى بېسىمغا ئۇچرىسا ، يۈرىكى گۇپۇلدەپ ، دەككە-دۈككىدە قېلىش ، جاھاندا بىربار بىريوق بوپ كېتىش پسىخىكىسىدۇر .

ئۆزىنى پەس چاغلايدىغانلار كۈچلۈكلەر ئالدىدا تېز پۈكىدۇ ، قىيىنچىلىق ئالدىدا تۈگۈلۈۋالىدۇ . بۇ سۆز ماڭا رۇس مەسەلچىسى ئى. ئا. كىرىلوفنىڭ : «بۆرە بىلەن قوزىچاق» دېگەن مەسەلىنى ئېسىمگە سالدى . بۇ مەسەلدە مۇنداق ۋەقە سۆزلىنىدۇ :

بۆرە ئېرىقتا سۇ ئىچىۋاتقان قوزىنى يېمەكچى بوپتۇ . ئۇنىڭ تاپقان باھانىسى : قوزا ئۇنىڭ سۈيىنى بۇلغىۋەتكەنمىش . قوزا :

- ئالىيلىرى ، مەن سىلى سۇ ئىچىدىغان جايدىن 100قەدەم تۆۋەندە سۇ ئىچتىم ، سىلى يۇقىرى ئېقىندا تۇرسىلا ، مەن قانداقمۇ سىلىنىڭ ئىچىدىغان سۇلىرىنى بۇلغىۋېتەي ، - دەپتۇ . بۆرە :

- بۇلتۇر يازدا سەن مېنى خاپا قىلغانىدىڭ ، - دەپتۇ . قوزا :

- ئانامنىڭ قورسىقىدىن چۈشكىنىمگىمۇ بىر يىل بولمىسا ، بۇلتۇر يازدا مەن سىلىنى قانداقمۇ خاپا قىلاي ، - دەپتۇ . بۆرە :

- ئۇنداق بولسا مېنى خاپا قىلغان سېنىڭ ئەجدادلىرىڭ ، ئىشقىلىپ ، ھەممىڭلار بىر قوي . ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن مەن سېنىڭدىن ھېساب ئالىمەن ، - دەپتۇ . قوزا :

- مەن نېمە گۇناھ قىلدىم ، - دەپتۇ . بۆرە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ :

- تولا باھانە كۆرسەتمە ، گۇناھ قىلدىڭ دېدىم ،

گۇناھ قىلدىڭ ،شۇڭا سېنى يەيمەن ،- دەپتۇ ۋە بۆرە ئاخىرى قوزىنى يەپتۇ .

بۇ مەسەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنىڭ ئالدىدا گېپىنى ئاقتۇرالمايدۇ ،كۈچلۈكلەر سېنىڭ گۇناھىڭ بار دېسە ،سەن گۇناھلىق بولىسەن ، ئۆزۈڭنى ئاقلىغىنىڭ بىلەنمۇ بىكار .قوزا ئۆزىنى كەمسىندۇرۇدىغان خاراكتېرگە كىرىدۇ .ئۇ ، ياۋۇز دۈشمەن ئالدىدا قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمايدۇ (قارشىلىق كۆرسەتكەنلىك نەتىجىسى قانداق بولۇشى ،بۇ باشقا گەپ .بىز غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇب بولۇش توغرىسىدا توختالمايمىز ،پەقەت بىرخىل روھنى تەكىتلەۋاتىمىز ) .دېمەك ،ئاجىزلار ئاسان بوزەك بولىدۇ .ئۆزىنى كەمسىندۇرسا ئاسان تېز پۈكىدۇ . بۇنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ چۈشىنىشلىك .بۇ مەسەلنى بىرقىسىم جۇڭگولۇقلارغا تەدبىقلايدىغان بولساق ،كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز .ئۆزىنى كەمسىندۇرۇش پسىخىكىسى دەل قوزىنىڭ پسىخىكىسىدۇر .

ئەنئەنىۋى جۇڭگو جەمئىيىتىدە كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار سامانىدەك .ئاۋام پۇقرالار يامۇلنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشى بىلەنلا قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتكۈدەك بولىدۇ .دېمەك ،ئۇلار ئالدى بىلەن روھىي جەھەتتىن مەغلۇب بولغۇچىلار .بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ كاتتىلارغا ئۆز گېپىنى ئۇقتۇرۇشى ۋە ئادىللىقتىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن ؟دەرىجە قارشى ئېغىر بولغان فېئودالىلىق جەمئىيەتتە كىشىلەر قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ،ھەتتا مىجەز-خاراكتېر جەھەتتىمۇ باراۋەر بولالمايدۇ .لېكىن مەيلى قانداقلا بولسۇن كۈچلۈك بولۇش ئۆزىنى كەمسىندۇرۇشتىن ياخشى .جۇڭگولۇقلاردا : «ئەبنۇس يېسەڭ يۇمشىقىنى يە »دېگەن مەسەل بار .بۇنىڭ مەنىسى :قانچىكى ئاجىز-بوشاڭ بولساڭ ،باشقىلار سېنى شۇنچە بوزەك قىلىدۇ ،دېگەنلىكتۇر .

ئادىللىق سىياسىي ھايات ۋە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلگەن تەرەققىيلەشكەن جەمئىيەتتىلا بار .لېكىن جەمەت نوپۇزى بىلەن مەنسەپ نوپۇزى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىدە ئادىللىقنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس .

زامانىۋى مەدەنىيەت ھالىتىگە كىرگەن بۈگۈنكى دەۋردە ئۆزىنى كەمسىتىش ،قورقۇنچاقلىق ، زەئىپ-زەيىپانلىق ئىللەتلىرىدىن .قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك .لېكىن بۇنى ئېغىزدا دېمەك ئاسان ،ئەمەلدە كۆرسەتمەك قىيىن .ئىللەتلىرىمىز يەتكىچەبار .خېلى نۇرغۇن ئادەملەر تەقدىرگە تەن بېرىپ ،دەرد-ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتۈۋاتىدۇ .مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى كەمسىندۇرۇش -پەس چاغلاش پسىخىكىسىنىڭ بەلگىلىرىدۇر .قەددىنى رۇسلاپ ،كۆكسىنى كېرىپ يۇرەلمەسلىكتىنمۇ ،روھى زەئىپلىك پاتقىقىغا پېتىپ ،جەسۇر ئىرادىلىك بولالماسلىقتىنمۇ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش بولامدۇ بۇ دۇنيادا ! ؟

جۇڭگو پۇقرالىرى يۇۋاش - رايىشلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى ،بەئەينى قوينىڭ قوزىسى ، بوغۇزلايمەن دېسە بويىنىنى تۇتۇپ بېرىدۇ .ئۇلارئۆز كۆڭلىگە شۈكرى قىلىپ ئۆتۈۋېرىدۇ .«ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ ئۆلۈشكە رازىكى ،ھەرگىز ئەرز قىلمايدۇ .» مەنسەپدارلار بىلەن دەۋالىشىدىغان ئىشنى زادى قىلمايدۇ .مەنسەپدارلاردىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ . مەنسەپدارلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ ،ئەدىپىنى يېيىشتىن قورقۇپ ،ئۇلارنىڭ چىرايىغا بېقىپ ئىش تۇتىدۇ .مانا بۇ ئاۋام-پۇقرالارنىڭ ئۆزىنى پەس چاغلاش پسىخىكىسى .

يېقىندا خېنەنلىك يازغۇچى چياۋدىيەنيۇڭنىڭ «قورقۇنچاقلىق »دېگەن ھېكايىسىنى ئوقۇدۇم . ئۇنىڭدا جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى چوڭقۇر مۇلاھىزە بىلەن ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ ،خۇددى بىرپارچە ئەينەككە ئوخشايدۇ .جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىش - پەس چاغلاشتىن ئىبارەت بۇ يارىماس پسىخىكىسىنى بىزنىڭ نەزەرىيىۋى جەھەتتىن دەلىللەپ يۈرگىنىمىزدىن كۆرە ،ھېكايە كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدۇ .ھېكايىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە : ۋاڭ لاۋۋۇ ناھايىتى يۇۋاش دېھقان بولۇپ ،قالدۇرۇق يېرىگە ئازراق كۆدە تېرىيدۇ .ئۇنىڭ1-ئورۇم كۆدىسى ناھايىتى يۇمران ۋە بولۇق ئۆسىدۇ ،ئۇنىڭ بۇنى يېيىشكە كۆزى قىيمايدۇ .لېكىن كۆدىنى كىمدۇر بىرى ئوغرىلىقچە ئورۇۋالىدۇ .ۋاڭ لاۋۋۇنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ ،قويقا چاچلىرى تىك تۇرىدۇ-دە ، ئوغرىنى بولۇشىغا تىللايدۇ ،تىللاپ بولۇپ ،ئۇنىڭ ئاچچىقى چىققاندەك بولۇپ ،پەسكويغا چۈشىدۇ .

كۆدىنى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لىنىڭ خوتۇنى ئوغرىلىۋالغانلىقى كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن دەيسىز .لى شۇجى ۋاڭ لاۋۋۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغان ۋە بەش يۈەن ھەق تۆلىگەندىلا ئاندىن ئۇ بۇ ئىشنى ئۇقىدۇ .ۋاڭ لاۋۋۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن باشقىلارنى بولۇشىغا تىللىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ ،چۈنكى بۇ لى شۇجىنى تىللىغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى .ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ ،قورققىنىدىن بەزگەكتەك تىترەشكە باشلايدۇ .گەرچە ئۇ بۇ ئىشتا سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەن بولسىمۇ ،بۇرۇنلاردا كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ ھە دېسىلا دەككىسىنى يەپ يۈرۈشىنىڭ

كادىرلارنى رەنجىتىپ قويغانلىقىدىن بولغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ چاغلاردا سەن قانچىلىك يوللۇق بولغانسېرى شۇنچىلىك كۆپ جازاغا تارتىلار ئىدىڭ. شۇڭا، ئۇ بۇلارنى ئويلىغانسېرى قورقىدۇ. ئۇ ئىچىدە: «قاراپ تۇر، ئەمدى ئەدىپىڭنى يېمىگىنىڭنى، هامان بىر كۈنى ئۇچۇقلىنىسەن» دەيدۇ.

شۇنىڭدىن بېرى ۋاڭ لاۋۋۇ كۈن بويى قورقۇپ تىترەپ يۈرىدىغان، هەممىلا ئىشتىن گۇمانسىرايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى كېچىلىرى قارابېسىپ، بىردەم ئاتىسىنى، بىردەم ئانىسىنى چاقىرىدىغان، بىر تۇرۇپلا تىزلىنىپ، بىر تۇرۇپلا يەرگە باش ئۇرۇپ چوقۇنۇپ تۇۋا قىلىدىغان هالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ راستىنلا ئېلىشىپ قالاي دېگەندى.

بۇ هالدىن ۋاڭ موماي قورقۇپ، دوختۇر تەكلىپ قىلىدۇ. دوختۇر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «يەرلىك رېتسېپ» يېزىپ بېرىدۇ. ۋاڭ موماي رېتسېپ بويىچە لى شۇجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇستى-ئۇستىلەپ يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ۋاڭ لاۋۋۇنى «ئۇچۇقلاپ قويۇش»نى سورايدۇ. لى شۇجى پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىشتىن كېيىن تەيىنلەنگەن ياش كادىر بولۇپ، خېلىلا ئادىل-كەڭ قورساق ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇنداق ئىشنى قىلىشقا ئۇنىمايدۇ. لى شۇجىنىڭ ئۇنىمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ۋاڭ موماي شۇ زامات ئۆزىنى تاشلاپ تىزلىنىپ، لى شۇجىغا: «ئازراق ساۋابلىق ئىش قىلىپ، ۋاڭ لاۋۋۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىڭ» دەپ يىغلىغىلى تۇرىدۇ.

لى شۇجى ئامالسىزلىقتىن ماقۇل بولۇپ، ۋاڭ لاۋۋۇنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ ۋە قاپىقىنى تۈرگەن هالدا ئۆزىگە سۈرلۈك تۈس بېرىپ، ئۇنى بىر پەس ئۇچۇقلاپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ لاۋۋۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ قالىدۇ.

بۇ هېكايە بىر خىل هەجۋىي ۋە يۇمۇرلۇق شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، كىشىدە ئاچچىق ئەلەم ۋە ئېچىنىش تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. ۋاڭ لاۋۋۇلارنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى ۋە قۇللۇق روھىي هالىتى، تەبىئىيكى بىر خىل كېسەل جەمئىيەت ۋە مۇدھىش سىياسىي مۇھىتتا شەكىللەنگەن. گەرچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتىسىمۇ، ۋاڭ لاۋۋۇدەك روھىي هالەتتىكى كىشىلەر قانداقمۇ دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرى بولالىسۇن! ئۇلاردىن قانداق قىلىپ مۇستەقىل ئادىمىلىك خىسلەتلەرنى يارىتىشنى ئۈمىد قىلغىلى بولسۇن! سۇبيېكت ئېڭى ۋە ساغلام ئادىمىلىك تەبىئىيتى كەمچىل كىشىلەر مۇقەددەس پۇقرالىق بۇرچىنىڭ هۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟! بۇ هالدىن قايغۇرماسلىقىمىز مۇمكىنمۇ!؟

لۇشۈن ئەپەندى «چىراغ تۈۋىدىكى ئويلار» دېگەن ماقالىسىدە، جۇڭگو تارىخىنى ئېچىنىپ تۇرۇپ ئىككى دەۋرگە بۆلگەن. بىرىنچىسى، قۇل بولاي دېسىمۇ بولالمىغان دەۋر؛ ئىككىنچىسى، ۋاقىتىنچە قۇل بولۇپ قالغان دەۋر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگولۇقلار باشتىن-ئاياغ قۇللۇق ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق باشتىن-ئاياق قۇللۇق ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن. كىشىلەر قۇل بولۇشقا كۆنۈپ كەتكەنىكەن، مۇقەررەركى، ئۇلاردا مۇستەقىل ئادىمىلىك تەبىئىيتى كەم بولىدۇ، ئۆزىنى پەس چاغلايدۇ. خۇددى ئاغۋات جىياگۇيگە ئوخشاش، خوجايىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ ئۆزىنى كەمسىندۈرۈپ قۇلچىلىق پسىخىكىسى بىلەن: «قۇللىرى ئۆرە تۇرۇپ كۆنۈپ قاپتىكەن، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ئۆرە تۇرۇشقا هەددىم ئەمەس» دەيدۇ.

بىزنىڭ سىياسىي - ئەخلاقىي تەلىم - تەربىيىلىرىمىزدە هەمىشە كوللېكتىۋىزملىقنىڭ ئۇلۇغلۇقى تەشۋىق قىلىنىپ، شەخسنىڭ رولى تۆۋەن مۆلچەرلىنىپ كەلدى. بۇنداق ئىدىيە ئەۋج ئېلىپ كەتسە، شەخس خاراكتېرىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا تەسىر يېتىدۇ-دە، شەخس كوللېكتىپتا بېقىندىلىق ئورنىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز هالدا كىشىدە قۇلچىلىق خاراكتېر پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

مەن بەزىلەرنىڭ «گىياھ تەبىئىيتى» توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ئويلىنىپ قالدىم. مەسىلە «مەن بىر تال گىياھ» دېگەن ناخشىنىڭ تېكىستىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق: «مەن خۇش پۇراق ئەمەس گۈلدەك، مەن ئېگىز ئەمەس دەرەختەك، مەن پەقەت نامسىز ئاددىي بىر گىياھ، ئەزەلدىن ئىچىم پۇشقان-ھەسرەتلەنگەن ئەمەس، دوستلۇرۇم بار جاھاننىڭ هەممە يېرىدە. قۇياش چاچقىن نۇرۇڭنى ماڭا، باھار شاملى مېنى سىيپاپ ئۆت، زېمىن سەن مېنىڭ ئانام، باس مېنى باغرىڭغا مەھكەم...»

بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى شېئىرىي تۇيغۇغا باي، مۇزىكىسىمۇ شۇنداق يېقىملىق. لېكىن تەرغىب قىلىنغان مەزمۇن كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. ناخشىدا زەئىپلىك، ئاجىزلىق، شۈكرى-قانائەت تەرغىب قىلىنغان. ئامېرىكا ۋە ياۋروپالىق زاتلار بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ بەك هەيران قالغان. جۇڭگولۇقلار نېمىشقا يوغان دەرەخ بولۇشنى خالىماي، «ئاددىي گىياھ» بولۇشتىن پەخىرلىنىدۇ؟ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، غەربنىڭ شەخسىيەتچىلىك قىممەت قارىشى بويىچە، بۇ كىشىلىك پەزىلەتنى سۇندۇرۇش هېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ ناخشىنى نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. چۈنكى بۇ خىل تەبىئەت مۇشۇ خىلدىكى

كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن روھىيىتىگە سىڭگەن .

بەزى ئوبزورچىلار مۇنداق دەپ قارىدى : «مەن بىرتال گىياھ »روھى دەل مەركەزلەشكەن سىياسىي ھوقۇق ،ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ،قالاق ،نامرات ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ مەھسۇلى .ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە مۇستەقىل كىشىلىك تەبىئىيتى ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ .سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمران سىنىپلار ھوقۇقنى ئىلاھىيلاشتۇرغانلىقىدىن كىشىلەر بىلەن ھوقۇقنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىدۇ ،شۇڭا بويسۇنماقتىن باشقا ئامال يوق .ئىقتىسادىي جەھەتتە كىشىلەر ئەڭ تۆۋەن چەكلىمىدىكى تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن تىرمىشىپ يۈرۈپ تىرىكچىلىكىنى قىلىدۇ .ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولسا ،باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىغا قاراپ تۇرقى - سىياقى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىنى ئوڭشاپ - تۈزۈپ تۇرىدۇ . . .قىسقىسى ،جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتى پۇقرالارنىڭ قۇللۇق خاراكتېرىنى ھەر قايسى تەرەپلەردىن يېتىلدۈرۈپ كۈچەيتىۋېتىدۇ

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »ئېلىپ بېرىلغان 10يىلدا سىنىپىي كۈرەش تۇتقا قىلىنىپ ،ھەر يىلى ، ھەر ئايدا ،ھەر كۈنى كۈرەش بولۇپ تۇردى .نۇرغۇن كىشىلەر ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالدى .شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنى كەمسىندۈرۈدىغان پسىخىكىسى تېخىمۇ كۈچەيدى .بالايى -ئاپەت ئالدىدا قۇلچىلىق پسىخىكىسى تېخىمۇ يامراپ كەتتى . كىشىلەر «جان ساقلاش »ئۈچۈن باشقىلار ئۆزلىرىنى ھەر نېمە قىلسا ،ئەلھۆكمىلىللا ،دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇردى .مۇشۇنداق ئەھۋالدا كىشىلىك تەبىئىيتى مەسىلىسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولامدۇ ؟

ئۆزىنى كەمسىندۈرۈدىغانلار نېمىدېگەن ئاجىز ، نېمىدېگەن بىچارە -ھە ؟

## 3.ئۇستاتلىق ۋە جانباقتىلىق

### - چاكىنا ھىيلىگەرلىك ئىستىلى

مۇنداق بىرخىل ئادەملەر «ھىيلىگەر »دەپ سۈپەتلىنىدۇ :ئۇلار كىشىلەر بىلەن مۇئامىلىلەشكەندە ، ئىش بىجىرگەندە ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۆزدە تۇتۇپ ،باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ ،خۇشامەت قىلىدۇ . مانا بۇ ،چاكىنا ياخشىچاقلىق پسىخىكىسى .تامدا ئۆسكەن گىياھ ھەر تەرەپكە ئىرغاڭشىيدۇ ،دېگەندەك يۇملاق تاۋۇز كېلىدۇ ،ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسەيدۇ .سالاچى ،مۇغەمبەر ،سەنمۇ ياخشى ،مەنمۇ ياخشى ،ھەممىمىز ياخشى دەيدىغان ياخشىچاق بولىۋالىدۇ .

ھىيلىگەر ئادەملەر «تالاغا چىققاندا ھاۋانىڭ رايىغا ،ئۆيگە كىرگەندە ئادەمنىڭ چىرايىغا باق» دېگەندەك ،ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتىدۇ . «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارسا بىر كۆزىنى قىسىۋالىدۇ» .ئادەمگە قاراپ داستىخان سالىدۇ . گەپ -سۆز قىلغاندا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەندەك ئويلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ .ئۇنداقلار ئاشكارا سورۇنلاردا كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلمايدۇ . پايدا -مەنپەئەتى ،ئارزۇ -ئارمانلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ . زۆرۈر تېپىلسا مەقسىتىنى ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سۆز -ئىبارىلەر بىلەن نىقابلاپ ،ئۆز ماھىيىتىنى يوشۇرىدۇ ،لېكىن خاس سورۇنلاردا ، مەسىلەن ،ئۇرۇق -تۇغقان ،ئەر -خوتۇن ئارىسىدا ئاشكارىلايدۇ .

كەسىپ قىلىدىغانلارنىڭ نام چىقىرىش ئىستىكى كۈچلۈك بولىدۇ ،لېكىن بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئىستىكىنى ئاشكارىلايدىغان بولسا ،سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ سۆز - چۆچەككە قالىدۇ .شۇنىڭ بىلەن يالغان گەپ قىلىشنى ،بولۇپمۇ قېلىپلىشىپ قالغان تەكەللۇپلۇق سۆز -ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ .ھەممە ئادەم شۇنداق تەكەللۇپلۇق سۆز -ئىبارىلەرنى دەيدىغان ،سەلتەنەتلىك ، ئېسىل سۈپەت ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ .بۇ خۇددى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادەم بولۇشتىكى بىر خىل سىرى بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ .

ئەگەر بىرەر كىنو چولپىنى تاماشىبىنلارغا : «مەن ۋەتىنىمىزنىڭ كىنو ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياشلىق باھارىمنى تەقدىم قىلىشقا رازىمەن» دېسە ،شۇئان گۈلدۈراس ئالقىشقا ئېرىشىدۇ . ئەكسىچە : «مەن نام چىقىرىش ،جىق پۇل تېپىش ، باياشات ياشاش ئۈچۈن كىنو ئارتىسى بولدۇم» دەيدىغان بولسا ،تىل -ئاھانەتكە قالىدۇ .

جۇڭگولۇقلارنىڭ مىجەز -خۇلقىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدۇ .ھەممە ئادەم خۇددى سىرلىق پسىخىكا ئوردىسىغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ ، شەكىلسىز ،رەڭسىز ،تەمسىز ،ئۇنسىز .بۇنىڭدىكى مەنىنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ .لېكىن ئىچىدىكىنى ئۆزئارا دېيىشمىسىمۇ كۆڭلىگە ناھايىتى ئايدىڭ ، جۇڭگولۇقلار مۇشۇنداق بولىۋېلىشقا ئامراق . جۇڭگولۇقلار ئۇزۇن مۇددەت كۆڭزىنىڭ ئەدەب -ئەخلاق تەلىماتى بىلەن ، «ئۆزۈڭنى تۇت ،ئەدەبكە قايت» پەلسەپىسىنىڭ پاسسىپ تەسىرىگە ئۇچرىغان . جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاتالمىش ئەپ بولۇپ ئۆتۈش ، بىرلىككە كەلگەن سىياسەت بولۇش قاتارلىق خاھىشلىرى پۈتۈنلەي ئۆز ماھىيىتىنى يوشۇرۇشنىڭ ئىپادىسى .لېكىن ئىش يۈزىدە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋېرىدۇ .خەققە ئىشىنىپمۇ كەتمەيدۇ ،ئىشەنمەيمۇ قالمايدۇ .

سايلام ئىشىنى ئېلىپ ئېيتساقلا جۇڭگولۇقلار بىلەن غەربلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقنى

بىلگىلى بولىدۇ. غەربلىكلەرنىڭ ئىستىلى شۇكى: «مەن ئەڭ مۇۋاپىق، مېنى سايلاڭلار» دەيدۇ. جۇڭگولۇقلار «جۇگې لياڭچە كەمتەرلىك قىلىدۇ» («ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دىكى ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارنىڭ جۇگې لياڭنى ئىزدەپ كەپىگە قىلغان ئۈچ قېتىملىق زىيارىتى ئەسكە ئېلىنسۇن ــ ئۇيغۇرچە تەرجىمە مۇھەررىرىدىن). ئەگەر بىر كىشى سىزنى چىن كۆڭلىدىن سايلىماقچى بولسا، سىز قوپۇپ ساختىپەزلىك قىلىپ يالغاندىن: «مېنى كۆرسەتكىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت، مەن لايىق ئەمەس» دەپ قويىسىز. ئەگەر ئۇ كىشى سىزنى راستىنلا سايلىمىغان بولسا، بۇنى ئۇقۇپ قالسىڭىز، ئۆمۈر بويى ئۇ كىشىگە نەپرەتلىنىسىز.

جۇڭگولۇقلار مۇناسىۋەتكە ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ چىرايىغا، گەپ-سۆزىگە قاراپ تاقابىل تۇرۇش سىياسىتىنى بەلگىلەيدۇ. زىيان تارتىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، جانغا ئەسقاتىدىغان بىر يۈرۈش سۆز-ئىبارىلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى: كەمتەر بولۇش، قۇرۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ھېلىگەرلىك قىلىش قاتارلىقلار. قۇرۇق مۇلاھىزە گەپلەر مانا مۇنداق: «ۋەزىيەت چوڭ ياخشى، نەتىجىلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشايلى. تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەيلى، ۋەھاكازا» لار. مانا مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن ئۆزىنى نىقابلايدۇ، باشقىلارنى ئالدايدۇ. كەمتەرلىك سۆزلىرى مانا مۇنداق: «كۆپچىلىك، مەن سىلەردىن ئۆگەنگىلى كەلدىم. ئادەم دېگەن سەۋەنلىكتىن ساقلىنالمايدۇ، كۆپرەك يول كۆرسىتىپ، ياردەم بېرەرسىلەر» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى مەغرۇر ــ چوڭچى دېيىشىدىن ساقلىنىش. ھېلىگەرلىك سۆزلىرى مۇنداق بولىدۇ: «گەرچە، لېكىن؛ ھەرقانداق ئىشقا شەيئىيلەرنىڭ بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە قاراش كېرەك؛ مەن پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلىمەن، لېكىن يەنىلا ئۆز قارىشىمنى ساقلاپ قالىمەن؛ جاھاندا كامالەتكە يەتكەن ئادەم يوق، ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كەتمەيدۇ». بۇنداق سۆز-ئىبارىلەرنىڭ رولى شۇكى، باشقىلارنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشىدىن ساقلانغىلى، ئۆز ئىدىيىسىنى يوشۇرغىلى بولىدۇ. باشقىلارغا قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئىككى بىسلىق خاراكتېر كىشىلەرگە ئورتاق مىجەز بولۇپ قالغانلىقتىن، سىز ئۇنىڭ ناچار ئىللەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايسىز، مانا بۇ، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ پاجىئەمىز. ئىككى بىسلىق خاراكتېر ــ ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان جۇڭگو كېسىلى، يەنە كېلىپ، داۋالاش تەس بولىۋاتقان جۇڭگو كېسىلى.

لىن يۇتاڭ ئەپەندى جۇڭگولۇقلارنىڭ «ھېلىگەرلىك» لىكىنى «جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىش» دەپ يەشكەن ۋە «جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىش خاراكتېرىنى غەربلىكلەر زادىلا چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى بۇ غەربلىكلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىدۇر. جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان ئادەمنىڭ نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلىرى بولىدۇ. ئۇنداق ئادەم ئەمەلىي مەنپەئەتنى كۆزلەيدۇ، باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئىلغار نەرسىلەرگە گۇمان بىلەن قارايدۇ. جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، مىجەزى مۇلايىم كېلىدۇ، باشقىلارغا سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلىدۇ» دەپ يازغانىدى.

ئۇ يەنە: لاۋزىنىڭ «ئەخلاق دەستۇرى» دە جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىش پەلسەپىسى شەرھلەنگەن؛ بۇ، شېئىر، نەسر، ماقال-تەمسىللەرىمىزدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان؛ مەسىلەن، «36 چارىدىن، پەشنى قېقىپ كېتىش ئەلا بارىدىن»، «ئەزىمەت كۆز ئالدىدىكى زىيانغا يىغلىماس»، «كەينىڭگە بىر قەدەم چېكىنسەڭ جاھان كەڭرى» قاتارلىقلار. ھەممە ئادەم تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرگە مۇشۇنداق قارايدىغان بولسا، جۇڭگولۇقلارنىڭ جانباقتى بولۇپ كېتىدىغىنى ئېنىق... دېگەنىدى.

ئۇ يەنە مۇنداق قارايدۇ: جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىش جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇنىڭ ئەڭ زور يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇ، غايىچىلىك ۋە ھەرىكەتچىلىككە قارشى تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ئىسلاھات ئىستىكىگە زەربە بېرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىنى مازاقلايدۇ ھەم ئۇنى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، دەپ قارايدۇ. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى بىلەن جاسارىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ، جۇڭگولۇقلارنى غايىسىز، مىدىرلىمايدىغان قىلىپ قويغان. جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىش ناھايىتى سىرلىق ھالدا كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىنى پەقەتكىنە قورساق بېقىش كويىدا ھەم باشقا ئاددىي تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىدىلا چەكلەپ قويۇپ، ئۇلارنى «تىنچ-خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈش» نى تىلەيدىغان قىلىپ قويۇپ، بىخەتەر قاپقاقلىق رولىنى ئوينىغان.

قىسقىسى، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالىدىغانلار: بىز ھەم ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇشىمىز ھەم ئۇنىڭ بىھۇدىلىكىنى تەن ئېلىشىمىز كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئومۇمىي روھىي ھالەت ئادەملەردە پاسسىپ مۇداپىئە تاكتىكىسى خاھىشىنى پەيدا قىلىپ قويغان. «تۆگىدەك ئىشنى تۈگمىدەك قىلىش، تۈگمىدەك

ئىشنى يوقىتىۋېتىش»تىن ئىبارەت پرىنسىپ بويىچە، جۇڭگودا ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى دەز-يېرىقلار يەملىنىدۇ. بارلىق پىلانلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ. ئىسلاھات لايىھىلىرىنىڭ قىممىتى چۈشۈرۈلىدۇ. ئۇلارچە، تىنچ-خاتىرجەملىك بولسىلا، ھەممە ئادەمنىڭ ئېغىزى ئاشقا تېگىدۇ.

جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغانلار «يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلاشما» دەپ قارايدۇ. بۇ، ئېنگلىزچىدىكى «جېدەل چىقارما» دېگەن بىلەن ئوخشاش، يەنى «جىم ياتقان ئىتقا چالما ئاتما» دېگەنلىك. شۇ سەۋەبتىن جۇڭگولۇقلار كۆرەش قىلىدىغان، قارشىلىشىدىغان ئىشنى ئاز قىلىپ ياشاپ كەلگەن. بۇ مەلۇم تىنچ روھىي ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، چىشىنى چىشلەپ ئۆتۈپ كەتكۈدەكلا بولسا، چىداپ ياشىغان. بۇمۇ بىرخىل مۇداپىئە تاكتىكىسىنى پەيدا قىلىپ قويغان. بۇنداق مۇداپىئە تاكتىكىسى ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىدىنمۇ بەك قورقۇنچلۇق.

غەربلىكلەردىكى بەزى يۈكسەك پەزىلەتلەر جۇڭگولۇقلاردا كەم. مەسىلەن، غەربلىكلەر ئوچۇق-يورۇق، خۇش خۇي، ئىرادىلىك، ئىسلاھاتچى، ھەممە ئىشقا ئارىلىشىدۇ، تەۋەككۈل قىلالايدۇ، باتۇر، يۈرەكلىك كېلىدۇ. جۇڭگولۇقلار جومولاڭما چوققىسىغا چىقىشقا، شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىشقا قىزىقمايدۇ. قىزىقىدىغىنى پانىي دۇنيادىكى ئۆرپ-ئادەت ئىشلىرى. غەربلىكلەر يۇمۇرلۇق، كۆكسى - قارنى كەڭ، ئېغىر - بېسىق، جاپا - مۇشەققەتلىك مۇھىتتىمۇ بەختتىن ھوزۇرلىنالايدۇ. مانا بۇ «قانائەتلىنىشتىن ھوزۇرلىنىش» روھىدۇر.

## 4. ئالدىغا قارىماي كېينگە قاراش

### ـ قالاق كونىلىقنى ساقلاش ئادىتى

جۇڭگولۇقلار ھە دېسە كېينگە قاراشقا ئامراق خەلق. جۇڭخۇا مىللىتى قەدىمگە چوقۇنىدىغان مىللەت. كۇڭزىچىلىق ئىدىيىسى ـ كېينگە قاراش ئىدىيىسى. كۇڭزى يېغىلىق يىللىرىدا ياشىغان. ئۇ، ھەر قايسى بەگلىكلەرنى ئايلىنىپ، 80دىن ئارتۇق ھۆكۈمدار بىلەن كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن. ئۇ، رېئاللىقتىن ئەلنى قۇتقۇزۇش يولىنى تاپالماي، ئۆتمۈش تارىخقا قايتىپ، كونا سەلتەنەتلىك دەۋرلەرنى سېغىنغان. كۇڭزى ۋە كۇڭزىچىلارنىڭ قارىشىدا قەدىمكى بەگ ـ پادىشاھلىقلار دەۋرى ھەممىدىن كۆڭۈللۈك دەۋرلەر ئىدى. تەرىقەتچىلەر قەدىمگە سېغىنىشتا كۇڭزىچىلاردىنمۇ بەكرەك ئاشۇرۇۋەتتى. تەرىقەتچىلەر مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتىكى ھەرخىل يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈپ، «توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، پۇقرالىرى بېرىش ـ كېلىش قىلمايدىغان» كىچىك بەگلىكلەر شەكلىدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشاشنى تەشەببۇس قىلغان. جۇاڭزىمۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى ھەممىدىن گۈزەل، غايىۋى ماكان، دەپ قارىغان.

جۇڭگولۇقلار قوبۇل قىلغان ئەنئەنىۋى ئىدىيىۋى تەسىر ئاساسەن كۇڭزىچىلىق بىلەن تەرىقەتچىلەردىن كەلگەن. كۇڭزىچىلار بىلەن تەرىقەتچىلەرنىڭ ئۆتمۈشكە سېغىنىش ئىدىيىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن جۇڭگولۇقلاردا قەدىمكىنى ئەلا بىلىپ ھازىرقىنى ياراتمايدىغان قاراش پەيدا بولغان. سىياسىي جەھەتتە «قانۇن ئاۋۋال پادىشاھدىن كېلىدۇ» دەيدىغان، كىشىلىك باھادا «قەدىمكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھازىرقىغا سەل قارايدىغان»، قىممەت ھۆكۈمىدە «ھازىر ئۆتمۈشكە يەتمەيدۇ» دەيدىغان قاراشلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكىنى ئەلا بىلىپ ھازىرقىنى ياراتماسلىق ئۇقۇمىنىڭ ئىپادىلىنىشى. شۇڭلاشقا كىشىلەر كونا ئۆرپ-ئادەتلەردە چىڭ تۇرىدۇ، ئەنئەنىۋى قائىدە-تۈزۈملەرنى قوغدايدۇ، ئەجدادلىرىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى جۇڭگولۇقلار مەنسەپدارلارنى، دۆلەتمەن كىشىلەرنى كۆرگەن ھامان باش ئۇرۇپ تەزىم قىلار ئىدى، باش ئۇرمىسا، قائىدىسىزلىك قىلغان بولار ئىدى. ھەتتا نىيىتى يامان، ئىسيان كۆتۈرۈش قارا نىيىتى بار، دېگەن گۇمانغا قالار ئىدى. ئۆتمۈش جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ پۇتى بوغۇلار ئىدى، بوغۇلمىسا ياتلىق بولالماس ئىدى. نىكاھقا ئاتا-ئانىلىرى ئىگە بولار ئىدى. مۇبادا بىرەرسى ئەركىن مۇھەببەت باغلىغان بولسا، گۇناھ ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىپ، تىرىك پېتى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلەر ئىدى. ئەنئەنىۋى كۈچلەر بەك قۇدرەتلىك بولغانلىقتىن، پۇقرالارنىڭ كونىلىققا ئېسىلىۋېلىش ئىدىيىسى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ كەتكەن. كىشىلەر كونا نەرسىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ يېڭىلىققا ئىنتىلمەيدىغان، ئىسلاھات قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. جۇڭگولۇقلار توقۇمدەك كونا كىتابلارنى نەچچە مىڭ يىل ۋاراقلاپ كەلدى. يەنە تېخى توختىماي تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈن بويىچە پال سالدۇرۇپ، قۇتلۇق كۈننى ئىزدەيدۇ. لۇشۈن ئەپەندى جۇڭگودا كونىنى بۇزۇپ يېڭىنى تىكلەشنىڭ، ئەقەللىيسى بىر ئۈستەل : ئورۇندۇقنى نېرى-بېرى قىلىپ يۆتكەشنىڭمۇ ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇرغانىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ قەدىمكىگە چوقۇنۇپ كونىلىقنى ساقلاش خاراكتېرىنى چەتئەللىكلەرمۇ كۆرۈپ يەتكەن. ھوللاندىيىلىك ئېتاس بىلەن گېرمانىيىلىك پولاند «رۇسىيە ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگودىكى زىيارەت خاتىرىسى» (1692-1695) دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «جۇڭگولۇقلار قەدىمىي قائىدە ـ يوسۇنلارغا خۇددى

دىنغا ئېتىقاد قىلىنغاندەك ئەمەل قىلىدىكەن . كىيىم-كېچەكنىڭ پاسونىنى زادى ئۆزگەرتمەيدىكەن . يېڭى قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورۇنلىمايدىكەن » .

كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى جۇڭگو ئالىملىرىنى قەدىمكى كلاسسىك ئەسەرلەرنى شەرھلەش ، دەلىللەش ، مەنە يېشىپ بايان قىلىش بىلەن قانائەت قىلىدىغان ، يېڭى تەلىمات ، يېڭى ئېقىمنى بەرپا قىلالمايدىغان قىلىپ قويغان . كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى جۇڭگونىڭ تارىخ پەنلىرىنى بەكمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان . جۇڭگودا قەدىمكىگە ئەھمىيەت بېرىش كەلگۈسىگە نەزەر سېلىشتىن ھالقىپ كەتكەن . كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى جۇڭگو ئەدەبىياتىنى تىل تەرەققىياتى ئەمەلىيىتى بىلەن ھېسابلاشماي ، چىن ، خەن دەۋرلىرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ جۈملە شەكلى ، تاق-سۆڭ دەۋرلىرىدىكى شېئىرلارنىڭ ۋەزنىگە ئەمەل قىلىدىغان قىلىپ قويغان . كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى جۇڭگولۇقلارنى پادىشاھقا ۋە پادىشاھلىق ھوقۇققا چەكسىز ھۆرمەت قىلىدىغان ، ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىدىغان قىلىپ قويغان . كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى جۇڭگودا قەدىمىي بۇيۇملارنى ساقلاش ساھەسىنى بەكمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان : جۇڭگودا قەدىمكى كىتابلار ، قەدىمكى خۇشخەتلەر ، قەدىمكى رەسىملەر ، قەدىمكى بۇيۇملار ، قەدىمكى چالغۇلارنىڭ باھاسى ئىنتايىن يۇقىرى ، ھەتتا قەبرىستانلاردىن چىققان - ئۆلۈك بىلەن قوشۇپ كۆمۈلگەن نەرسە-كېرەكلەرمۇ شۇنداق ئەتىۋارلىق سانىلىدۇ .

كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئەكس ئېتىۋاتىدۇ . كىشىلەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى جۇڭشەن فورمىسىدا ، ھەربىي فورمىدا كىيىم كىيىشكە ئادەتلىنىپ كەلگەنىدى . ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يېڭى باشلانغاندا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى بىلەن دۆلەتنىڭ زۇڭلىسى باشلامچى بولۇپ كاستيۇم-بۇرۇلكا كىيىش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا كاستيۇم-بۇرۇلكا كىيىش ئومۇملاشتى . يېقىنقى بىر مەزگىلدە ، چىرىكلىشىش تۈپەيلىدىن ئىجتىمائىي كەيپىيات ، جەمئىيەت ئامانلىقى جەھەتلەردە بىر مۇنچە مەسىلىلەر پەيدا بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە ئادەملەر 50-يىللارنى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى سېغىنىدىغان ، مەدھىلەيدىغان بولۇپ قالدى . بۇ خىلدىكى ئادەملەر ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن چېرىكلىك ، ناچار خاھىشلارغا قارشى كۆرەش قىلماي ، باياشات ، دېموكراتىك ، مەدەنىيەتلىك ، ئەركىن ، تىنچ ، مۇقىم بولغان زامانىۋى كەلگۈسىنى بەرپا قىلىشقا قىزىقماي ، ئالللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئۆتمۈشكە ھېرىسمەن بولۇپ قالدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ھەممە يەردە ئەلەم كۆرۈشى بولدى ، ئادەملەر خەۋپ-خەتەر ئىچىدە قالدى ، سۆز ئەركىنلىكى چەكلەندى ، ماددىي جەھەتتە نامراتلىق چېكىگە يەتتى ، مەنىۋى تۇرمۇشى بولسا شۇنداق ئاددىيلىشىپ كەتتى . كونىنى سېغىنىدىغان كىشىلەر بۇ ئىشنى ئۇنتۇپلا ئۇنتۇپ كەتتى . ھازىرقىدىن رازى بولمايدىغان ، ئۆتمۈشنى ماختاپ كەلگۈسىگە نەزەر سالمايدىغان مۇشۇنداق روھىي ھالەت يەنىلا جۇڭگولۇقلارنىڭ قەدىمكىگە چوقۇنۇپ ، كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى كۆچۈرۈلمىسى .

كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىدۇ . بۇ ، ئاڭنىڭ ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى . ئەل ئىچىدە قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇش ئادەم بولۇشنىڭ ئۇسۇلى ھەم تاكتىكىسى . جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىدە ، ئادەت كۈچلىرىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىدىن ، بىرەر ئادەم باشقىلارغا ئوخشىمىسا ، خاراكتېرى ئۆزگىچە بولسا ، يېڭىلىق ياراتسا ، ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن قارشىلاشسا ، ئەل-جامائەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ ئاغرىماي تۇرۇپ ئۆلىدۇ . شۇڭا ، قاقباش جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى يوشۇرىدۇ . «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە ، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» ، «يەكچەشىمنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسۋال» ، «ساراڭ ساراڭ چېغىدا ھېيتتا قوشنىسىغا قاراپ ھېيت قىلار» ، «خەق نېمە بولسا ، مەنمۇ شۇ» دەيدىغان سۆز-ئىبارىلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ ، ھەممە ئادەم ئەمەل قىلىدىغان ھېكمەتلىك سۆزلەر بولۇپ قالغان .

جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ، ئىش-ھەرىكەتتە ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغىچە ئەلگە بېقىپ ئىش تۇتىدىغان ئادەتلىرىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدۇ . ھەربىيچە كىيىم مودا بولغان دەۋردە پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى ماشرەڭ ، كۆلرەڭ ، كۆك ھەربىيچە كىيىملەرنى كىيدى . ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش باشلىنىشى بىلەن ھەممە ئادەم كاستيۇم-بۇرۇلكا كىيىدىغان بولۇۋالدى . ھەربىيچە كىيىم كىيىۋالغانلار تالا-تۈزدە ئاندا-ساندا ئۇچراپ قالسا ، كىشىلەر خۇددى يېڭى تېپىلغان ئاسارىئەتىقىگە ھەيران بولغاندەك قارىشىدۇ . ھەربىيچە كىيىم كىيىۋالغانلارمۇ ئوڭايسىزلىنىدىغان بولۇپ قالدى . بەزى مەنسەپدارلار چىرىكلەشكەن ، زوراۋان بولۇۋالغان بولسا ، نارازى بولغۇچىلار ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئەلنىڭ رايىغا بېقىش پسىخىكىسى بويىچە باشقىلار قارشى چىقمىسا ، پاش قىلمىسا ، نېمىدەپ قارشى چىقاي ، باشقىلار كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالسا ، مېنىڭ نېمە كارىم ، دەيدىغان

بولۇۋالدى . ئىدارە ۋە داشقازاندىن نۇرغۇن ئادەم نەپ ئالالمايۋاتقان بولسىمۇ ، بەزى ئادەملەرنىڭ مېھرى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ . باشقىلار داشقازاننىڭ تامىقىنى يەۋاتقان بولسا ، مەنمۇ داشقازاننىڭ تامىقىدىن قۇرۇق قالمايمەن ، ئىشلەپچىقىرىش توختىغان بولسا ، ھەممىمىز ئوخشاش دەم ئالايلى ، ئىش ئورنىدىن قېلىش توغرا كەلسە ، ھەممەيلەن ئوخشاش ئىشتىن قالايلى ، دەپ قارايدۇ . توي-تۆكۈن ، نەزىر-چىراغدا سوۋغا-سالام ئاپىرىش ، ھەشەمەتچىلىك قىلىشنى نۇرغۇن ئادەم ياقتۇرمىسىمۇ ، لېكىن ئەل قاتارى ئىش كۆرمەي ئامالى يوق . بولمىسا قائىدە-يوسۇن بىلمەيدىغان ، ئادىمىگەرچىلىكى يوق . . . دېگەندەك گەپ-سۆزلەرگە قېلىپ ، ئەل ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ .

باشقىلارغا قارىسىغا ئەگىشىش ، مودا قوغلىشىش - ئەلگە بېقىپ ئىش تۇتۇشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى . مەسىلەن ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ، باشقىلار ئىسيان كۆتۈرگەن بولسا ، مەنمۇ ئىسيان كۆتۈرىمەن ، باشقىلار «تۆت كونا»نى بۇزغان بولسا مەنمۇ بۇزىمەن ؛ باشقىلار «قارا يىپ»لارنى كۈرەش قىلسا ، مەنمۇ كۈرەشكە تارتىمەن ؛ باشقىلار «ياشىسۇن» دەپ توۋلىغان بولسا ، مەنمۇ توۋلايمەن ؛ باشقىلار «ئۇرۇپ-چاقسا» ،مەنمۇ ئۇرۇپ-چاقىمەن ؛ باشقىلار ئۆزىنى تەكشۈرگەن بولسا ، مەنمۇ ئۆزۈمنى تەكشۈرۈپ قويىمەن ، ۋەھاكازالار . ئىسلاھات جانلانغاندىن كېيىن يەنە يېڭى-يېڭى خاھىشلار ئوتتۇرىغا چىقتى . مەسىلەن ، كۆپچىلىك مېھمان چاقىرغان بولسا ، مەنمۇ مېھمان چاقىرىمەن ؛ كۆپچىلىك سوۋغا-سالام قىلغان بولسا مەنمۇ سوۋغا-سالام قىلىمەن ؛ كۆپچىلىك پاي چېكى سودىسى قىلغان بولسا ، مەنمۇ پاي چېكى سودىسى قىلىمەن ؛ كۆپچىلىك ئوقۇشتىن بىزار بولغان بولسا ، مەنمۇ ئوقۇمايمەن ؛ كۆپچىلىك تانسا ئوينىغان بولسا ، مەنمۇ ئوينايمەن ؛ كۆپچىلىك كاراOKئېيتقان بولسا ، مەنمۇ ئېيتىمەن ؛ باشقىلار قاش-كۆزىنى ياساتقان بولسا ، مەنمۇ قوش قاپاق قىلدۇرىمەن ؛ خەق ماجاڭ ئوينىغان بولسا ، مەنمۇ ئىككى قول ئويناپ قويىمەن ؛ كۆپچىلىك ئۆيلىرىنى زىننەتلىگەن بولسا ، مەنمۇ كەينىدە قالمايمەن ، ۋەھاكازالار .

يەنە «8» رەقىمى ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك ئېتىبارلىق بولۇپ كەتتى . مانا بۇمۇ ئەلگە بېقىپ ئىش تۇتۇشنىڭ تازا ئوبدان مودا پىسخىكىسى بولالايدۇ . خەۋەرلەرگە قارىغاندا ، ھەر يىلى 18-ماي ھەرقايسى جايلاردا توي مۇراسىمى ، ئىش باشلاش مۇراسىمى ، تىجارەت باشلاش مۇراسىمى ، ئۇل سېلىش مۇراسىملىرى شۇنداق كۆپ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن . چۈنكى نۇرغۇن ئادەم بۇ كۈننى «قۇتلۇق كۈن» ، روناق تاپقىلى بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ . گۇاڭدۇڭ تەلەپپۇزىدا «8» رەقىمىنىڭ تەلەپپۇزى «بېيىش» ( 发 )دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش . بۇساننىڭ خاسىيىتى جەنۇبتىن شىمالغا ، ئاندىن پۈتكۈل مەملىكەتكە تارالدى . بېيىشنى ئويلىغان جۇڭگو پۇقرالىرى «8»گە مەپتۇن بولۇپ قالدى . ئۇنداقلار «8» بار ماشىنا نومۇرى ، بىنا ، قەۋەت نومۇرى ، تېلېفون نومۇرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىڭىسىنى ئىشلىتىپ ، نۇرغۇن پۇل خەجلەشتىن يانمىدى . «8»رەقىمىنىڭ مودا بولۇشى ، ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ تىرىشچانلىقىغا سەل قاراپ ، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى مەۋھۇم ۋە كونىلىققا ئىشىنىش خاھىشىغا باغلىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن كونا نەرسىلەر جۇڭگولۇقلارنى ھازىرمۇ تۇمشۇقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇكتەك يېتىلەپ يۈرمەكتە .

بىر مىللەتتە كونا نەرسىلەر بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ، بىر ئىزدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ، ئالغا باسقىلى ئۇنىمايدۇ . ئارقىسىغا قارايدىغان ، ئۆز ئەنئەنىسىگە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن مىللەت ئىستىقبالى يوق مىللەتتۇر . جەمئىيەت تېز سۈرئەتتە تەرەققىيلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، بىز نەزەرىمىزنى ئالدىنقىلاردىنمۇ بەكرەك كەلگۈسىگە قارىتىپ ، يېڭى ئېرانىڭ رىقابىتىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم .

## 5.ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرگەن ئىشىغىلا ئىشىنىش

### - تەجرىبىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئەقىل-ئىدراككا سەل قاراش

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن تەجرىبىگىلا ئىشىنىش خاراكتېرىگە ئەنئەنىۋى يېتەكچى ئىدىيە ، يەنى كۇڭزىچىلىق ئىدىيىسى ئاساس سالغان . كۇڭزىچىلىقنىڭ پېشىۋالىرى ئادەملەرنىڭ تۇغما تەبىئىيتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنگەن . ئۇلار كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ئالدى بىلەن ئارزۇ-ھەۋەس ۋە رېئال بەخت -سائادەتكە ئىنتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن . كۇڭزىچىلار : «ھەممە ئادەمنىڭ باياشات ياشىغۇسى كېلىدۇ» دەپ قارىغان . كۇڭزى شاگىرتلىرى بىلەن دائىم ھاكىمىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە ئۇ : «مەنمۇ بېيىپ كېتەر ئىدىم ، لېكىن مەن مۇددەرسلىكنى تاللىۋالغانمەن» دېگەن . ئۇ ھەرقايسى بەگلىكلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ، شاگىرت تاللاپ ئۇلارنى مەنسەپدارلىققا كۆرسەتكەن . ئۇ يەنە شاگىرتلىرىغا مەنسەپدار بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتكەن . كۇڭزى سىياسىي جەھەتتىكى رېئال مەنپەئەتنى كۆزلەپلا قالماستىن ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىن لەززەتلىنىشكىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن . ئۇ ، يېمەك-ئىچمەككىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ : «ياخشى تاماق ئېشىپ

قالغىچە ، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن» دېگەن . ئۇ ، شاگىرتلىرىغا ئۈگەتكەن قائىدە-يوسۇن ، مۇزىكا ، ئوقيا ئېتىش ، مۇداپىئەدە تۇرۇش ، يېزىش-سىزىش ، ماتېماتىكىدىن ئىبارەت «ئالتە ھۈنەر»نىڭ ھەممىسى ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تەجرىبە خاراكتېرلىك بىلىملەردۇر . ئۇ ، بۇ بىلىملەرنى ناھايىتى پۇختا بىلەتتى . ئۇ ، «شاۋ» مۇزىكىسىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن ئاڭلاۋېرىپ «ئۈچ ئايغىچە گۆشنىڭ تەمىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان» ھالەتكە كېلىپ قالغان . ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشتىمۇ كۆڭزى ناھايىتى ئەمەلىي پوزىتسىيە تۇتقان . كۆڭزى ھەسرەت چېكىپ تۇرۇپ : «پېقىر پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ شەھۋەتپەرەس ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ باقمىدىلەر» دېگەن . ئۇ ئېھتىمال ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەسىراتىغا ئاساسەن مۇشۇ سۆزنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن . «كۆڭزىنىڭ نەنزى بىلەن كۆرۈشۈشى» بەكمۇ قىزىقارلىق . گەرچە بىز كۆڭزىنىڭ ۋىيلىڭ بەگنىڭ چىرايلىق ئاغىچىسى نەنزى بىلەن قانچىلىك ئىش-پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكى توغرىلىق يېتەرلىك پاكىت تېپىپ ئىسپاتلاپ بېرەلمىسەكمۇ ، لېكىن ئۇستازى كۆڭزى بىلەن ئەتىگەندىن كەچكىچە بىرگە بولۇپ ، ئۇستازىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئوبدان بىلىدىغان شاگىرتى زىلۇنىڭ ھېچبىر ئاساسسىزلا ئۇستازىدىن گۇمانلىنىشى مۇمكىن ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭزىنىڭ بۇ ئىشتا تەڭرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ : «ئۇنداق ئىش يوق» دەپ ئانت ئىچىشىمۇ ، مېزىنى باسساڭ ، تېزى چىقىپتۇ ، دېگەندەك بىر ئىش . دىنىي مەسىلىگە كۆڭزى : «جىن-مۇئەككەللەرنىڭ چىشىغا تەگمە» ، «ئىلاھ-مەبۇدلارغا ھۆرمەت قىلغىن ، لېكىن يىراق تۇر» دەيدۇ . دېمەك ئۇ دىنىي سىرلىق كۆرسەتمەي ، ئۇنىڭغا ئەمەلىي پوزىتسىيە تۇتقان .

كۆڭزىچىلىقنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇن تۇسىنى ئالغان تۇرمۇش يوسۇنامىلىرىنى ئاساس قىلغان جۇڭگوچە ئىلىم ساپ ، پىكرانىيلىك بىلىم ۋە ھەقىقەتنى نىشان قىلىپ تەرەققىي قىلماستىن ، بەلكى رېئال تۇرمۇشنى ، ئادەملەرنىڭ تىرىكچىلىكىنى ، ئەمەلىي مەنپەئەتنى ، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان جاھاندارچىلىق پەلسەپەسى بولۇپ قالغان . لياڭ چىچاۋ ئەپەندى : «جۇڭگودىكى كۆپلىگەن تەلىماتلار نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئۈستىدىن ئىزدىنىدىغان بىلىملەر بولماستىن ، بەلكى جاھاندارچىلىقنى ئۆگىتىدىغان ئىلىم بولغان» دەپ كۆرسەتكەنىدى («كۆڭزىچىلارنىڭ پەلسەپىسى»دىن) . ياڭ يۇجيۇڭ «جۇڭگونىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە : «ئېلىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىلىم ئىدىيىسى ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى قائىدە-يوسۇنلارنى تەتقىق قىلىشنى مەركەز قىلغان بولۇپ ، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى ۋە سىياسىي ئىدىيىسى بولۇپ قالغان . ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىلىم ئىدىيىسى خاھىشى ئەقلىي تەلەپنى ئاساس قىلماستىن ، رېئال تۇرمۇشتىكى ئىستەكلەرنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان» دەپ يازىدۇ . چيەن مو ئەپەندى «ھازىرقى جۇڭگوغا ئىلمىي باھا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ : «جۇڭگولۇقلار تىرىكچىلىككە ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۇلار : ئادەم ھەممىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ ، لېكىن بىلگەنلىرىنى تولۇق ئىشلىتىشى كېرەك ، دەپ قارايدۇ» . لىن يۇتاڭ ئەپەندى جۇڭگولۇقلارنىڭ جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىدىكى رېئاللىق تۇيغۇسىغا مۇنداق قارايدۇ : «بۇنداق رېئاللىق تۇيغۇسىنىڭ ئاساسلىق رولى – جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىدىكى زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ (جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىنىڭ) ئىنسانلار كانىيىدىن بوغۇۋېلىپ ، خىيال قاناتلىرىنىڭ ئۇنى (جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىنى) گۈزەل ، لېكىن خىيالىي دۇنياغا باشلاپ كېتىشىدىن ساقلاپ قېلىش . يەنە كېلىپ ، بىزدىكى ھاياتلىقنىڭ ئەقىل - پاراستى ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشۇنداق زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ، پەلسەپىدىكى مەسىلىلەرنى تولىمۇ ئاددىي ئورۇنغا ، يەنى ئائىلىنىڭ راھىتى (ئەر-خوتۇن ، ئوغۇل-قىز) ، تۇرمۇشنىڭ راھىتى تەبىئەتنىڭ راھىتى ، مەدەنىيەتنىڭ راھىتى قاتارلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش بىلەن بىرگە ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتتى بولمىغان ئىلمىي تەربىيە ۋە پىكىر يۈرگۈزۈدىغان بىلىملەرنى تۇسۇشتىن ئىبارەت . مۇشۇندا بولغانلىقتىن ، جۇڭگو پەيلاسوپلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بەك ئاددىيلىشىپ كەتكەن . شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ئەقىل-پاراستىمۇ تېتىقسىز نەرسىگە – بىرخىل مېتافىزىكىلىق پەلسەپىگە ئايلىنىپ قالغان» («تۇرمۇش سەنئىتى»دىن) . ئالىملارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ جاھاندارچىلىقتىكى يېتەكچى ئىدىيىسىنى ، يەنى جاھاندارچىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئىلىم خۇسۇسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە سەل قارايدىغان خاھىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

بۇنداق خاھىشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەب ، ئىرقشۇناسلار ئېيتقان ئاتالمىش «سېرىق تۇپراق مەدەنىيىتى» ياكى جەمئىيەتشۇناسلار ئېيتقان ئاتالمىش «ئۇششاق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى»نىڭ ئەمەلىي مەۋجۇدلۇقىدا . چۈنكى كىشىلەردە «تەڭرىنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈش» دەيدىغان ئۇقۇم بولىدىكەن ، ئۇلار چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشكە بولغان ئىنتىلىشىنى چەكلەيدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرىغا ئائىت ھېسسىي تەجرىبىلەرنى ئىگىلەپ ، قورساق

تويغۇزۇشتىن ئىبارەت تۆپكى ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالىسىلا كۇپايە قىلىدۇ .تولىمۇ راۋاجلانغان كىشىلىك مۇناسىۋەت جۇڭگولۇقلارنىڭ ناھايىتى زور زېھنىي قۇۋۋىتىنى خورىتىۋەتتى ،نەزەر دائىرىسى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ ، ئىدىيە ۋە بىلىمنىڭ چەكسىز بوشلۇقىغا كېڭىيەلمىدى .جۇڭگولۇقلار پۈتلىرىنى قاتمال رېئاللىق زېمىنىدىن قوزغىيالمىدى .ئۇلار رېئاللىقتىن ئانچە شېرىن خىياللارنى كۆتۈپ كەتمەستىن ، كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن قورساق تويغۇزۇش ،كىيىنىش - يېپىنىش ،ئۆيلۈك - ئوچاقلىق ،بالا - چاقىلىق بولۇش ۋە مۇشۇ ئىشلارغا مۇناسىپ تۈردە كېلىپ چىقىدىغان كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەت ،ھېسسىيات ،پايدا-مەنپەئەت ،ئابروي -نومۇس ،رەسىم - يوسۇن قاتارلىق رېئال مەسىلىلەردىن ئىبارەت ،شۇنداق ئىكەن ،يۇقىرىدىكى كوندىلىك ئۆزگەرمەس قانۇن ھېسابلانمىش ئەمەلىي مەسىلىلەردىن تاشقىرى ،باش قاتۇرۇپ كەتكۈدەك يەنە قانداق ئىش بارئىدى ،دەپ قارايدۇ .

تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ،مەنپەئەتكە مۇشۇنداق ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى-دىن ،جۇڭگولۇقلار ئاخىرەتلىك ئىشلارغىمۇ سەل قارايدۇ .جۇڭگولۇقلار روھقا ،جەننەتكە ،باقىي ئالەمگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ .ئۇلاردا دىنغا قارىتا ھەقىقىي چوڭقۇر ئېتىقاد كەمچىل .جۇڭگولۇقلار «ئادەتتە كۆجە ياقمايدۇ ،بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا بۇتقا باش ئۇرىدۇ» .تەڭرىگە پۈتۈنلەي ئەمەلىي پوزىتسىيە تۇتىدۇ . كىشىلەر ئادەتتىكىدەك باش ئۇرۇش ،كۆجە يېقىش بىلەنلا تىلەكلىرىنىڭ دەرھال ئىجابەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ .بۇنى خرىستىئانلارنىڭ ھەر كۈنى غىزا يېيىشتىن ئىلگىرىكى دۇئا قىلىشىغا ،مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشى ۋە ھەج قىلىشىغا سېلىشتۇرغاندا ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەرقانچە كاتتا ئۆتكۈزگەن نەزىر-چىراغ مۇراسىملىرىمۇ «تەڭرىدىن پايدا-مەنپەئەت ئېلىش»نى ئاز-تولا بولسىمۇ مەقسەت قىلغان بولىدۇ .ئەقەللىيسى بۇددىچىلىقنىڭ زاھىدلىق ،نوم يادلاشتەك ئىشلىرىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلار گۆش يەپ ھاراق ئىچىشنى ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ . «راھىب» بولغۇسى كەلمەيدۇ . ھېيت-ئايەم كەلگەندىلا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بۇتخانىلارغا بېرىپ «سەجدە قىلىپ ، كۆجە يېقىش» ، راھىبلارغا ئازراق سەدىقە قىلىشتەك قائىدە-يوسۇنلارنى ئورۇنداپ قويىدۇ . ئۇلار پەقەت كۆز ئالدىدىكى تىنچ-ئامانلىق-نى ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەيدۇ . جۇڭگولۇقلار ئىلاھنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى گۇناھكار ھېسابلىمايدۇ ، شۇڭا ، ئۇلارنىڭ توۋا قىلىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ . ئۆزىنىڭ پۈتۈن جىسمى ۋە روھىنى تەڭرىگە ئاتا قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس . گەرچە جۇڭگودا ئىلاھ - بۇتلار ساماندەك كۆپ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاجەت ئوبيېكتى ، ئىلاھ - بۇتلارنىڭ جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن پەقەت پايدىلىنىش قىممىتى بار بولۇپ ، چەكلەش كۈچى يوق . شۇڭا ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى زەئىپلىشىپ ، ناچار ئىللەتلەر يامراپ كەتكەن . ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى شەيتان تاپتىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ ، ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدۇ . جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ چىرىكلىشىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگولۇقلاردا ئىخلاسمەنلىكنىڭ كەمچىللىكى ، بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئەمەلىي مەنپەئەتكە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىدىغان دىنىي ئاڭنىڭ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

ئەمەلىي تەجرىبىگىلا ئىشىنىش خاھىشى جۇڭگولۇقلارنى مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك سەل قارايدىغان قىلىپ قويغان . جۇڭگو فېئودال جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ، پۇقرالارنى نادان قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ ، مەدەنىيەت بىلىملىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىغان . خەلق ئارىسىدا بولسا ئۇششاق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاددىي بولغانلىقىدىن ، سىستېمىلىق ، مۇرەككەپ پەن-تېخنىكا بىلىملىرىگە زۆرۈرىيەت تۇغۇلمىغان ، ئوقۇغان ئادەملەر كېرەكسىز - ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالغان . خەلق ئارىسىدا تارالغان ھېكايە-چۆچەكلەردە ئوقۇمىغان ئادەملەر ئوقۇغان-مەدەنىيەتلىك ئادەملەردىن ئەقىللىق ، كىتاب ئوقۇمايدىغان - ساۋاتسىز ئادەملەر كىتاب ئوقۇيدىغان - ساۋاتلىق ئادەملەرنى مازاق قىلىدىغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ . مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن قەدىمكى زاماندىكى «زىيالىيلار» ھېكايە-چۆچەكلەردە كالۋا ، قورقۇن-چاق ، ئەخمەق ، بىچارە قىلىپ تەسۋىرلىنىپ ، كىشىلەرنىڭ تاپا-تەنىسىنىڭ ، مازاق قىلىشىنىڭ ، كولدۇرلىتىشىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالغان . شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلاردا : «قانچە ئوقۇغانسېرى شۇنچە دۆت بولۇدىكەن» دېگەن قاراش تىكلىنىپ قالغان . جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىدە مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇقلار ئەمەلىي قىممىتىنى يوقاتقانلىقتىن ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە بولغان ئىنتىلىش ۋە قىزغىنلىق تەبىئىي يوسۇندا يوقالغان .

بۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋىتى بەكمۇ ئېغىر بولدى . مەدەنىيەت بىلىملىرىگە سەل قاراش خاھىشلىرى پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشۈرىۋەتتى . مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن تارتىپ ئېلىمىز ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ، 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى

ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە يەنىلا 145 مىليون ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلىقلار بار ئىكەن. بۇ بىزنىڭ ئۆلچىمىمىز بويىچە ئېلىنغان سان بولۇپ، ئەگەر تەرەققىيلەشكەن مەملىكەتلەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ستاتىستىكا قىلىنىدىغان بولسا، بۇ سان تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. 100 مىليوندىن ئارتۇق ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلىقنىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق، ھەر خىل كېسەللىكلەر، تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ يەنىلا يۇقىرىلىقى جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ پەيدا قىلماقتا.

ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلىقلاردىن باشقا، يۇقىرىلارنىڭ تەلىم ئېلىش سەۋىيىسىنىڭ پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان 1990-يىلى 4-قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېنىقلىنىشىچە، ھەرقايسى قاتلاملىق مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇس بىلەن بولغان نىسبىتى مۇنداق: ئالىي مەكتەپ تەلىمى ئالغانلار 1. 42 پىرسەنت بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەت، رايونلارنىڭ تەرتىپى بويىچە ئارقىدىن سانىغاندا 2-ئورۇندا تۇرىدىكەن. بۇ نىسبەت ئەنگلىيىدە 9. 31پىرسەنت، كانادادا 4 .37 پىرسەنت، فىلىپپىنـدا2 .15پىرسەنت؛ دۆلىتىمىزدە يەنە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىمى ئالغانلار 04 .8 پىرسەنت، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىمى ئالغانلار 34 .23 پىرسەنت، باشلانغۇچ مەكتەپ تەلىمى ئالغانلار 06 .37 پىرسەنت بولغان. ئېلىمىز يۇقىرىلىرىنىڭ ئوقۇش يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 يىلغىمۇ يەتمەيدۇ. ياپونىيە 1907-يىلىلا 6 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولغان. دېمەك، جۇڭگو ياپونىيىدىن بىر ئەسىرگە يېقىن ئارقىدا قالغان. يەنە بىر مەلۇماتقا قارىغاندا، 20 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغان ئاھالە ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تەلىمى ئالغانلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى كىرىملىق مەملىكەتلەردە 39 پىرسەنت، يۇقىرى-ئوتتۇرا كىرىملىق مەملىكەتلەردە 20 پىرسەنت، تۆۋەن-ئوتتۇرا كىرىملىق مەملىكەتلەردە 16 پىرسەنت، تۆۋەن كىرىملىق مەملىكەتلەردە 3 پىرسەنت، ئەڭ تۆۋەن كىرىملىق مەملىكەتلەردە 2 پىرسەنت، مەملىكىتىمىزدە بولسا 2 پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەچكە ئەڭ تۆۋەن كىرىملىق مەملىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىدىنمۇ يەنە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىگە سەل قاراش خاھىشىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى — كىتاب ئوقۇماسلىق. گېرمانىيىلىكلەر سەپەر ئۈستىدە، گۈللۈكلەردە، مېترولاردا كانتنىڭ، گيوتىنىڭ، ھېينىنىڭ ئەسەرلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدۇ. رۇسىيىلىكلەر مەيدانلاردا، تراموايلاردا پۇشكىننىڭ، چېخوفنىڭ، يېسېنىننىڭ ئەسەرلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدۇ. جۇڭگولۇقلار بولسا شەھۋانىيلىق، قاتىللىق، خۇراپاتلىققا دائىر كىتابلارنى ئوقۇشقا ئامراق. يەنە تېخىمۇ كىنو-تىياترلارنى كۆرىدۇ، تانسىخانىلاردا، كاراOK خانىلاردا مەست بولۇپ، ئالا-تاغىل ۋارقىراپ يۈرىدۇ. جۇڭگولۇقلار كىتابنى ناھايىتى ئاز ساقلايدۇ. جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، گۇاڭدۇڭ جۇڭخۇا مىللەتلەر ئويۇشقاقلىق تەتقىقات جەمئىيىتى ئويۇشتۇرغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن قارىغاندا، جۇڭگودا 300 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلىغانلار 10 پىرسەنت، 100 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلىغانلار 60 پىرسەنت بولغان. شەھەرلىكلەرنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولىۋاتقان يەردە سەھرالىقلاردىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟! ياشلىق دەۋر ئادەمنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، بىلىم ئالىدىغان دەۋرى، پۇلنى ئايىماي كىتاب سېتىۋالىدىغان دەۋر. جۇڭگو ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ يېقىندا شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق 9 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى ياشلاردىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئېلىمىزدە 40 پىرسەنت ياش ئائىلىسى دەرسلىك كىتابلاردىن باشقا، ئومۇمەن كىتاب ساقلىمايدىكەن. 36 پىرسەنت ياش ئائىلىسىدە 50 پارچە ئەتراپىدا كىتاب ساقلايدىكەن. 100 پارچىدىن كۆپ كىتاب ساقلايدىغانلار ئاران 2 پىرسەنت ئىكەن. ياشلارنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولىۋاتسا باشقا ياشتىكى كىشىلەردىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟! ياشلار پۇل تاپسا يەيدۇ، ئىچىدۇ، كىيىدۇ، ئوينايدۇ، لېكىن كىتاب سېتىۋېلىشقا كۆزى قىيمايدۇ.

ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ كىتاب-ژۇرنال ئوقۇيدىغان، كىتاب-ژۇرنال ئارىيەت ئالىدىغان كىشىلەر سانىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىمۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقىدىكى ئەمەلىي سەۋەب قىممەت قارىشىنىڭ تەتۈرلىشىپ كەتكەنلىكىدە ئىكەن. خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن ياشلاردا يېڭىدىن «كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» دېگەن سەپسەتە پەيدا بولغان. بەزى كىشىلەر ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ كىتاب ئوقۇغىچە، 2-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تاپقان ياخشى، دەپ قارايدۇ. ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى بىلىم بولسىلا كۇپايە

قىلمايدۇ، پۇل بولمىسا ئوبدان كۈن كۆچۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ قارىشىدۇ. يەنە بىر مۇنچە ئادەملەر بىلىمسىز، مەدەنىيەتسىزلەرنىڭمۇ پۇل تېپىپ بېيىغانلىقىنى مىسالغا ئېلىپ ئوقۇشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشىدۇ. ئۇنداقلار: «ئوپېراتسىيە پىچىقى تۇتقانلارنىڭ كىرىمى ئۇستۇرا تۇتقان ساتىراچىنىڭ تاپاۋىتىگە يەتمەيدۇ، ئاتوم بومبىسى ياسىغان ئالىمنىڭ كىرىمى تۇخۇم ساتقۇچى مومايىنىڭ تاپاۋىتىگە يەتمەيدۇ»، «پروفېسسوردەك نامرات، دوكتوردەك ساراڭ» بولماسلىق كېرەك، دېگەندەك سۆز-ئۆسەكلەرنى تارقىتىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدۇ. مەدەنىيەت ساپاسى مۇشۇنداق تۆۋەن جۇڭگولۇقلار قانداق قىلىپ ئىقتىسادنى ئىزچىل راۋاجلاندۇرۇپ، 21-ئەسىرنى كۈتۈۋالالىسۇن؟!

ئەمەلىي تەجرىبىگىلا ئىشىنىش خاھىشى جۇڭگولۇقلارنىڭ پەن-تېخنىكا ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشۈرۈۋەتكەن. جۇڭگولۇقلار «تۆت چوڭ كەشپىيات»ى بىلەن دۇنياغا داڭق چىقارغان. ناھايىتى بۇرۇنلا ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەپ بولغان، لېكىن بىر يۈرۈش زامانىۋى بىلىم سىستېمىسىنى بەرپا قىلالمىغان. ئۇلار كومپاسنى پال سېلىشقا، پورۇخنى وجاڭزا ياساشقا، مەتبەئەچىلىكنى پالنامىلار بىلەن ان-خاقانلارنىڭ يىلنامىلىرىنى، بەگ - تۆرىلەرنىڭ ەزكىرىلىرىنى بېسىشقا ئىشلەتتى، ئاسترونومىيە بىلىملىرى بىلەن مۇنەججىملىك قىلدى. مانا مۇشۇنداق ھەرخىل ئەھۋاللار جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىدىغان خاراكتېرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

جۇڭگولۇقلار تەجرىبىچىلىككە ھەددىدىن زىيادە ئىشەنگەنلىكىدىن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە قىزىقمايدۇ، كىتاب ئوقۇغۇسى كەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بەكمۇ چولتا. ئىلمىي ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى تولا ئىشلىرى ۋە ئادەتلىرى ئىلمىيلىككە يات بولغانلىقتىن سالامەتلىكى، خىزمىتى زىيانغا ئۇچراۋاتىدۇ.

**مۇھەررىردىن ئىلاۋە:** بۇ ماقالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى تەھرىرلىنىۋاتقان كۈنلەردە «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) 1999-يىل 15-ئىيۇل سانىنىڭ «سەمىگىزدە بولسۇن» سەھىپىسىدە «تۇرمۇش ۋاقىت گېزىتى»دىن تەرجىمە قىلىنىپ ئالغان «دۆلىتىمىزدە دورىنى خاتا ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن ھەر يىلى 200مىڭ ئادەم ئۆلدى» ماۋزۇلۇق ماقالە دىققىتىمىزنى تارتتى. بىز بۇ تەرمىنى ئۇشبۇ ماقالىدە قەيت قىلىش ئەسەرنىڭ تەسىرى بالاغىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ، دەپ قاراپ ئەينەن قوشۇمچە قىلدۇق:

دۆلىتىمىزدە دورىنى خاتا ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن ھەر يىلى 200مىڭ ئادەم ئۆلدى. يېقىنقى يىللاردا ئېلىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلىرىدا كېسەلخانىدا ياتقان ئاغرىقلار ئىچىدە 192مىڭدەك ئادەم نورمال بولمىغان دورا رېئاكسىيىسىدىن ئۆلگەن.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1990-يىلى جۇڭگودىكى گاس-گاچا بالىلار 1مىليون 820مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنى قالايمىقان ئىشلىتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان دورىدىن زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك گاسلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بالىلار 1مىليوندىن ئاشىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق بالىلار ھەر يىلى 20 - 40 مىڭلىق سۈرئەت بىلەن كۆپىيىۋېتىپتۇ. ھازىر ئېلىمىزدە نورمال بولمىغان دورا رېئاكسىيىسى تۈپەيلىدىن كېسەلخانىدا ياتقان ئاغرىقلار 2مىليون 500مىڭدىن ئاشىدىكەن، بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىرىنچىدىن، بەزى ئادەملەرنىڭ ئاغرىپ قالسا دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشتىن ئېرىنىپ، تەجرىبىسىگە تايىنىپلا دورىخانىلاردىن دورا سېتىۋېلىپ ئىستېمال قىلغانلىقى، ئىككىنچىدىن، بەزى دوختۇرلارنىڭ كېسەل كۆرگەندە دورىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ياكى ئەكس تەسىرىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ئاغرىقلارغا قارىغۇلارچە دورا بەرگەنلىكى سەۋەب بولغان.

بەزى رەھبەرلەر ئىلمىي قانۇنىيەتكە خىلاپ كېلىدىغان قارارلارنى چىقىرىپ دۆلەت مەنپەئەتىگە، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە زور بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈردى. ۋاڭ خۇڭچېڭنىڭ 10يىلغا سوزۇلغان «سۇدىن ماي چىقىرىش كەشپىياتى» دېلوسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى زىلزىلىگە سالغانىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرمۇ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەنىدى. يەرلىكتىن تارتىپ مەركەزگىچە بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئەمەلىي ھوقۇقى بار ئورگانلار ۋاڭ خۇڭچېڭ ئوينىغان ئاتالمىش ئويۇن «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا»نى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ۋاڭ خۇڭچېڭنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرمۇ داغدۇغا بىلەن تەشۋىق قىلدى. بەزىلەر: «بۇ، جۇڭگونىڭ 5-چوڭ كەشپىياتى» دېسە، يەنە بەزىلەر تېخى: «ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يېڭى ئېراسى باشلاندى» دەپ داۋراڭ سالدى. نۇرغۇن كارخانىلار تۇشمۇ تۇشتىن بانكىلاردىن قەرز ئېلىپ ماشىنا-ئۈسكۈنە سېتىۋېلىپ، زور مەبلەغ سېلىپ ۋاڭ خۇڭچېڭ بىلەن بىرلىشىپ «سۇدىن ماي چىقىرىش» تۈرىنى ئاچماقچى بولدى. 10يىلدا ۋاڭ خۇڭچېڭ بىلەن ھەمكارلاشقان ئوبيېكتلار نەچچە يۈزگە يەتتى. ئۇ ئالداپ ئېلىۋالغان پۇللا 400مىليون يۈەنگە يەتكەن. ۋاڭ خۇڭچېڭ پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4-سىنىپىغىچىلا ئوقۇغان، ئەقەللىيسى مالېكۇلا فورمۇلىسىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئۇقمايدىغان ئاپتوموبىل شوپۇرى. ئۇ، ئەقەللىي ئىلمىي ساۋاتقىمۇ خىلاپ كېلىدىغان «كەشپىيات» بىلەن كىشىلەرنى 10يىل ئالدىدى.

«سۇدىن ماي چىقىرىش كەشپىياتى»نى تەشۋىق قىلغۇچىلارنىڭ، قوللىغۇچىلارنىڭ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك خىمىيە بىلىملىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغىنى قىزىق! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆزىگىلا، يەنە تارقىلىپ يۈرگەن ئۆسەكلەرگىلا ئىشىنەمدۇ، نېمىشقا ئىلمىي باھالاش ئۇسۇلى بويىچە باھالاپ بېكىتىشنى خىياللىرىغا كەلتۈرمىگەن؟ يەنە قانداقلارچىسىگە ئۇستاتلىق بىلەن ئوينالغان بۇ ئويۇننى يولغا قويۇشقا بولىدىغان پەن-تېخنىكا كەشپىياتى دەرىجىسىگە قويغاندۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھەقىقىي ئىلىم ۋە ئىلمىي ئۇسۇلغا ئاساسلانماي، پەقەت تەجرىبىچىلىككە تايىنىۋالغاندىلا ۋاڭ خۇڭچېڭدەك ئالدامچىلارنى تەشۋىق قىلىدىغان، قوللايدىغان ئەخمىقانە ئىشلار پەيدا بولىدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىلىمگە سەل قاراش خاھىشى نۇرغۇن كىشىلەردە ئىلىمگە بولغان قىممەت قارىشىنىڭ تىكلەنمىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ھۆكۈمەت ئۇزۇندىن بۇيان پەن-تېخنىكا ساھەسىنى «ئىستېمال كەسپى» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى «1-ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»لىق رولىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا سالىدىغان سېلىنمىسى ئۇزۇندىن بېرى ئازراق بولۇپ كەلدى. پۇقرالارنىڭ كۆپچىلىكى بولسا «پەن-تېخنىكىدىن پايدا چىقمايدۇ» دەپ قارايدۇ. 1991-يىلى شاڭخەي شەھىرىدىكى 68 چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىدىكى 4500 دىن ئارتۇق پەن-تېخنىكا خادىمىدىن ئېلىنغان مەلۇماتتا، ئۇلار شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى بەلگىلەيدىغان 10 ئامىل ئىچىدە، پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئاخىرىدىن سانىغاندا 3-ئورۇنغا قويغان؛ 14 خىل ئىجتىمائىي كەسپنى تاللىۋېلىش رەت تەرتىپىدە، پەن-تېخنىكا خىزمىتىنى ئارقىدىن سانىغاندا 5-ئورۇنغا قويغان. ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئۈچۈن ئۆزىنى تىزىملىتىدىغان ئوقۇغۇچىلار دىپلوماتىيە، مالىيە-سودا، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق كەسپلەرگە بەس-بەستە تىزىملىتىدۇ. ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرى بولسا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتىدۇ.

پەن-تېخنىكىغا ئوقۇغۇچىلارلا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ قالماي، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە «پەن-تېخنىكىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىش كېسىلى»گە گىرىپتار بولۇپ قالدى. 1992-يىلى مەملىكەت بويىچە ئاممىنىڭ پەن-تېخنىكىغا بولغان قىزغىنلىقىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشتە، ئاران 28.5 پىرسەنت ئادەم مۇناسىۋەتلىك پەن-تېخنىكا مەلۇماتلىرىغا ۋە خەۋەرلىرىگە قىزىقىدىكەن. بۇ، سىياسەت، تەنتەربىيە، كىنو خەۋەرلىرىگە قىزىقىدىغان ئادەملەرنىڭ نىسبىتىدىن خېلىلا تۆۋەن بولغان. ئىگىلىنىشىچە، پۈتكۈل مەملىكەتتىكى 250 دىن ئارتۇق پەن-تېخنىكا سارىيى ئېكىسكۇرسىيە قىلىدىغانلار بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا بولغاچقا، بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان سوغۇق ئۆيگە ئوخشاپ قالغان. جۇڭگولۇقلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ، لېكىن نوبېل مۇكاپاتىنى بىلىدىغانلار ئاران 22 پىرسەنت ئىكەن. يېقىندا نوبېل مۇكاپاتى ئالغان ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق فىزىكا ئالىمى ياڭ جېنىڭ چاڭچۈنگە كەلگىنىدە، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئايروپىلاندا يەنە شياڭگاڭلىق بىر ناخشا چولپىنىمۇ كېلىپتۇ. ناخشا چولپىنىنى قارشى ئالغىلى چىققان چاڭچۈننىڭ ناخشا مەستانىلىرى يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ياڭ جېنىڭنى كۈتۈۋالغىلى چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن: «ياڭ جېنىڭ قايسى ناخشىنى ئېيتقان؟ ئەجەبا بىز ئاڭلىماپتىكەنمىز» دەپ سوراپتۇ. گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇكاپاتلىق تېپىشماق مۇسابىقىسىدا رىياسەتچى: يۈەن لۇڭپىڭ، دېڭ جياشەنلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەر؟ قانداق تۆھپە ياراتقان؟ دەپ سورىغاندا، جاۋاب بەرگۈچىلەر: ناخشا چولپىنى، كىنو چولپىنى، دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە رىياسەتچىدىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ قايسى ناخشىلارنى ئېيتقانلىقىنى، قانداق ناخشا لېنتىسى نەشر قىلدۇرغانلىقىنى قايتا-قايتا سورىغان. لېكىن يۈەن لۇڭپىڭنىڭ جۇڭگونىڭ «شالغۇتلاشتۇرۇلغان شال يېتىشتۈرۈش پېشۋاسى»، دېڭ جياشيەننىڭ جۇڭگونىڭ «ئاتوم ۋە ۋودورود بومبىلىرى پېشۋاسى» ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار يوقكەن. ياشلارنىڭ ئارىسىدا «ناخشا مەستانىلىرى»، «كىنو مەستانىلىرى»، «توپ مەستانىلىرى»، «شاھمات مەستانىلىرى»، «تانسا مەستانىلىرى» ساماندەك، لېكىن پەن-تېخنىكىنى سۆيىدىغان، ئالىملارغا چوقۇنىدىغان «پەن-تېخنىكا مەستانىلىرى» يوق.

تەجرىبىچىلىككىلا ئەھمىيەت بېرىش ئۇششاق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ، بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئونۇۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان، يۇقىرى پەن-تېخنىكا سالمىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئۆسۈشتە ئىگىلىگەن نىسبىتى بارغانسېرى زورىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز يەنە پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەتكە داۋاملىق سەل قاراپ، سوغۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشقا قانداقمۇ پېتىنالايمىز؟

---

«جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىللەتلىرى» ناملىق كىتابنىڭ «جۇڭگو ئىجتىمائىيەت نەشرىياتى» 1998-يىل 1-نەشرىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغۇچى: **ساتتار مۇھەممەت، يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق** (ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى) (M1)



# ئورتودوكساللىقىمىزغا تۈزىتىش

يۈي چيۇيۇ

بىز دىمەتلىكلەرنىڭ يۈرىكىدە مانجۇلارغا نىسبەتەن بىرخىل مۆرەككەپ ئاداۋەت دېگى ئورناپ كەتكەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، كىچىك ۋاقتىمدا تارىخ ئوقۇتقۇچىمىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تارىخ دەرسىدە مانجۇلار دەۋرانىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدىكى دەرسنى سۆزلەپ كېلىپ، «ياڭجۇدىكى 10كۈنلۈك قەتلىئام»① ، «جيادىڭدىكى ئۈچ قېتىملىق قىرغىن»② ھەققىدە توختالغاندا يىغلاشقا باشلىسا، «يۈەنمىڭ باغچىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى»③ ، «ۋۇشۈي يىلىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش»④ كە كەلگەندە كۆزلىرىدىن ياش يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلايتتى. ئوقۇتقۇچىمىزياشىنىپ قالغان ئادەم بولغاچقا، قېرى ئادەمنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ، بىز باللارمۇ تەڭ يىغلاشقا باشلايتتۇق.

مانجۇلار دەۋرانىنىڭ تارىخى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى ئىچىدە كۆز يېشى بىلەن سۇغۇرۇلغان بىردىنبىر دەرسلىك ھېسابلىناتتى. دېمەك، كىچىك ۋاقتىدا دىلغا ئورناپ كەتكەن ئاداۋەت تۈگۈچىنى يەشمەك قىيىن ئىكەن.

كاداڭ قېرىلارنىڭ كۆز يېشى بىلەن مەسۇم باللارنىڭ كۆز يېشى قوشۇلۇپ يۇقىرىقىدەك تارىخىي ھېسسىياتنى بىرخىل ئەڭ ناچار ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە بىرمۇ مانجۇ بالا يوق بولۇپ، ھەممىمىز خەنزۇ ئىدۇق. شۇڭا، دەرسخانىدا جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى ئەزەلدىن تارتىپلا خەنزۇلارغا مۇھۇرلەپ بېرىلگەندەك، مانجۇلارنىڭ ئۇنى تارتىۋېلىشىغا زادى ھەققى يوقتەك بىرخىل ئورتاقلىق پەيدا بولاتتى-دە، مانجۇلارنى: «سەنلەر قايسى ھالىڭغا جۇڭگونى بېسىۋېلىشقان بولغىيتتىڭ؟سەن خەقنىڭ لامزەللىلىكىڭنىڭ دەردىدىن ئەجنەبىيلەر جۇڭگونى خامتالاش قىلىۋەتكىلى تاس قالدىغۇ؟!» دەپ ئاغزى-ئاغزىمىزغا تەگمەستىن تىللاشقا چۈشۈپ كېتەتتۇق! شۇنىڭ بىلەن ياش يۇقى كۆزىمىز بىلەن كىمنىڭ خائىن، كىمنىڭ ۋەتەنسانقۇچ، نېمىنىڭ مىللىي غورۇر، نېمىنىڭ ۋىجدان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغاندەك ۋە جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەردىن كېيىن قېلىپ، مۇشۇنداق قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا خۇددى مانجۇلار سەۋەبچى بولغاندەك ھېس قىلىپ كېتەتتۇق. شىنخەي ئىنقىلابى ⑤ دىكى ئوغلانلار خەنزۇلار قەلبىدە مانجۇلارغا قارشى ئۆچمەنلىك ئوتىنى يېڭىباشتىن تۇتاشتۇرۇپ، «بەدەۋىيلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرەيلى!» دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەجەبمۇ بەلەن ئىش قىلغانىكەن! دەپ يايراپ كېتەتتۇق. نىھايەت، مانجۇلار قۇرغان چىڭ

سۇلالىسىغۇ ئاخىر ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بىراق ھازىرغا قەدەر كۆپ سانلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىدە ئۇ يەنىلا بىرخىل بىتەلەيلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

يىشمىنىڭ چوڭقىيىشىغا ئەگىشىپ، مەندە بۇنداق كەيپىياتقا نىسبەتەن بىرخىل ھوشيارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى سان-ساناقسىز پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ بۇ جۇڭگودا قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن سەلتەنەتلىك ئىجتىمائىي مىزانلار كاتېگورىيىسى بار. بىراق ئۇلارنىڭ مەزمۇنى تولىمۇ ئادالەتسىزلىك بىلەن تولغان! بىز خەقتە ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئومۇمىي قىممەت قارىشى كەمچىل، شۇڭا، مۇشۇنداق ئەنئەنە بولۇپ قالغان ئىجتىمائىي كاتېگورىيىلەرنىڭ كۆپ قىسمى فېئوداللىق ئورتودوكساللىق نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ تەسىرىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تولىمۇ قارىغۇلارچە بىرخىل نۇقتىئىنەزەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال فامىلە ئورتودوكساللىقىنى ئالىدىغان بولساق، جۇڭگو تارىخىدىكى لىيۇ فامىلىلىكلەر قۇرغان خەن سۇلالىسى ⑥، لى فامىلىلىكلەر قۇرغان تاڭ سۇلالىسى ⑦، جاۋ فامىلىلىكلەر قۇرغان سۇڭ سۇلالىسى ⑧، جۇ فامىلىلىكلەر قۇرغان مىڭ سۇلالىسى ⑨ . . . ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە بىر فامىلىلىكلەر دەۋرانىدا بارلىققا كەلگەن سەلتەنەت ساھىبلىرى قانۇنلۇق بولغاچقا، مەيلى ئۇ ئەخمەق ياكى توخۇ يۈرەك خان بولغان بولسۇن ۋە ياكى زىناخور، پىخسىق، ئالجىغان خان بولسۇن، تەخت ساھىبى بولۇشقا ھەقلىق بولۇپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، يات فامىلىلىكلەردىن بىرەرسى تەختكە كۆز تىككەن بولسا، ئۇنىڭ قىلغىنى ھەققانىي بولسۇن-بولمىسۇن، تارىختا ھەرگىزمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمىغاندى. دېمەك، راست بىلەن يالغاننى، توغرا بىلەن خاتانى، ساداقەت بىلەن مەككارلىقنى ئايرىشتا مۇشۇ ئۆلچەم بولۇپ كەلگەندى! فامىلە ئورتودوكساللىقى كېڭەيسە، مىللەت ئورتودوكساللىقىغا تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنداق نۇقتىئىنەزەر فامىلە ئورتودوكساللىقىدىن كۆپ مۇرەككەپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە! ئىشەنمەمسىز؟ قاراڭ، شىنخەي ئىنقىلابىدا پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋەتكەن ئەزىمەتلەر ئەسلىدە فېئودال فامىلە ئورتودوكساللىقى بىلەن زادى چىقىشالمايتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ مىللەت ئورتودوكساللىقىنى كەڭ كۆلەمدە تەرغىب قىلغانلىقى بۇنىڭغا ئىسپات بولالمامدۇ؟ مىللەت ئورتودوكساللىقى پۈتۈن جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن يادا بولۇپ كەتكەن نۇرغۇن مەشھۇر ئادەملەر ۋە مەشھۇر ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ چېتىلىدىغان ۋە تا ھازىرغا قەدەر ئۈزلۈكسىز تۈردە بەس-مۇنازىرە بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر! بۇ يەردە ئۆزۈمنى بۇ مەسىلىدىن ئازراق بولسىمۇ قاچۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلغايسىزلەر. بىراق مەن مۇنداق بىر مەسىلىنى جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، مانجۇلارمۇ جۇڭگولۇق ئىدىغۇ؟ ئەجەبا، ئاشۇ مانجۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىمۇ جۇڭگو تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلانماسمۇ؟ پۈتكۈل جۇڭگو تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تېخى بىر قەدەر ياخشى دېيىش مۇمكىن. ھالبۇكى، كاڭشى⑩ جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى پادىشاھلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، تاڭ تەيزۇڭ⑪لى شىمىنغا ئوخشاش، ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقان بىزدەك جۇڭگولۇقلارنى ئىپتىخارلاندۇرىدۇ!

نىھايەت، گەپ تاڭ تەيزۇڭ ئۈستىگە يۆتكەلگەنىكەن، بىز بۇ يەردە شۇنى كۆرسەتمەي تۇرالمىدۇقكى، ھازىرقى زاماندىكى تارىخشۇناسلارنىڭ دەلىللىشىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ قېنى سىيانپى ⑫ مىللىتىنىڭ قان سىستېمىسىغا ئەڭ يېقىن ئىكەن.

مۇبادا، جۇڭگو تارىخىدا غايەت زور ئىجتىمائىي بالايى-ئاپەت ئىچىدە تېزلىك بىلەن دۆلەتنى ئوڭشاپ، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «جېنگۇەن مەمۇرچىلىقى» ⑬ بىلەن «كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ دەۋرانى»⑭نى بارلىققا كەلتۈرگەن ئەڭ بۈيۈك ئىككى ئىمپېراتورنىڭ خەنزۇ ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدىغان بولساق، مۇبادا، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بويسۇندۇرغان، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ھەربىي ئۇتۇقلىرى بىلەن تا ھازىرغا قەدەر پۈتۈن دۇنيا تارىخچىلىرىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان يۈەن تەيزۇ-چىڭگىزخاننى ئەسلەشنى خالايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىزنىڭ تارىخ ئىلمىدىكى كۆكسى-قارنىمىز باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تارىخ دەرسلىكىدىن كەڭ بولغان بولاتتى!

خەنزۇلار ئىنتايىن ئۇلۇغ خەلق، ئەلۋەتتە. يات مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلارنى قىرغىن قىلىشى ۋە ئانى تېپىشىغا ھەققى يوق! شۇنداق ئىكەن، ئۆز مىللىتى خەۋپكە دۇچ كەلگەندە دۈشمىنىگە قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، پىداكارلىق بىلەن ئېلىشىشقا توغرا كېلىدۇ! شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى دەپ مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ساتقان شەرمەندە مۇناپىقلار مەڭگۈ نەپرەتكە لايىق، ئەلۋەتتە! بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھېچكىم پالان-پەشمەت دېيەلمەيدۇ. بىراق مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇنىڭلىق بىلەنلا خەنزۇلارنى جۇڭخۇا ئېلى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدىكى ھەققانىيلىق، يورۇقلۇق ۋە پارلاق تۆھپە-تارتۇقلارنىڭ ھەممىسىنى خەنزۇلارغىلا مەنسۇپ قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا بولغاندەك، خەنزۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ نۇرغۇن چىركىن نەرسىلەر، نادانلىق ۋە شەرمەندىلىك بولغان. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا پۈتكۈل جۇڭگونىڭ تارىخىنى خالىتا كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئىتتىرىپ ئەپكىلىپ قويغان! بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تارىخ خەنزۇلارنىڭ ئورتودوكساللىقىدىن ئاتلاپ ئۆتەتتى-دە، باشقىلارنى تاللاشقا مەجبۇر بولاتتى. ھالبۇكى، بۇنداق

تاللاشنىڭ ئۆزى چېكىنىش بولۇشى ناتايىن ئىدى!

«ھالرەڭ يەلپۈگۈچ» ناملىق دراممىدىكى چىڭخۇەيلىك⑮ داڭلىق پاھىشە لى شياڭجۈن گەرچە كۆك نامرات ئائىلىنىڭ قىزى بولسىمۇ، ئەمما پەزىلەت بابىدا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مانجۇلار دەبدەبە، ئەسئەسە بىلەن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى پايانسىز ۋادىغا باستۇرۇپ كەلگەن، بۈيۈك مىڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇش گىرداۋىغا دۇچ كەلگەن مۇشۇنداق جىددىي مۇمىنتا، خەنزۇلار ئورتاق مىللىي ۋىجدان، مىللىي غورۇرغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. لېكىن لى شياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى ئەلنى مانجۇ باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەققانىي كۈرەشكە چاقىرىپ، خەنزۇلارنىڭ مىڭ سۇلالىسىنى جان تىكىپ قوغداۋاتقاندا، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما شەھۋانىيلىقتا ئۇچىغا چىققان ئاشۇ كىچىك سەلتەنەت-جەنۇبىي مىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ كۆرمىگەن بولغىيتتى؟ شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە خەنزۇلارنىڭ ئورتودوكسال سۇلالىسى بولۇپ سانىلىدىغان ئاشۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى - خۇڭ گۇاڭ ھاكىمىيىتى⑯ لى شياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ساداقەتمەنلىك كۆز ياشلىرىغا، ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان سادىق ۋىجدان، غورۇرىغا ئېھتىياجلىق بولماستىن، بەلكى بۇ بىرتوپ بىچارە - ئاجىزەلەرنىڭ گۈلدەك چىرايىغا ئېھتىياجلىق ئىدى! لى شياڭجۈن ئۆزىنىڭ ھەمشىرىلىرى بىلەن بىللە ئىسسىق قانلىرىنى بۈيۈك مىڭ دۆلىتىگە تەقدىم قىلىۋاتقان پەيتتە، ئۇلارنى سەسكەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، ئۆزى جان تىكىپ قوغدىغان ئاشۇ بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۆرىسى ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا قىستىدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ تىلىنىغان بوغۇزىدىن چىققان ئىسسىق قېنى قولىدىكى قەغەز يەلپۈگۈچكە چاچراپ، ئۇنى ھالرەڭ بوياپ تاشلىدى. دېمەك، چىرىپ كاردىن چىققان بۇنداق سەلتەنەت. ئىچ ئاغرىتىشقا ئەرزىمەيتتى. چۈنكى بۇ سەلتەنەت ئالدىدا نە ۋىجدان، نە غورۇر، نە ياۋغا قارشى تۇرۇش، نە جان تىكىپ ئېلىشىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم ئالدايدىغان قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

«ھالرەڭ يەلپۈگۈچ» دراممىسىنىڭ ئاپتورى كۇڭ شياڭرېڭ كۇڭزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىدى. تارىخ تەرەققىياتى بۇرۇلۇش پەيتىگە دۇچ كەلگەندە، ئاشۇ كۇڭ شياڭرېڭ چېغىدا مۇشۇنداق كۆزى كور ئورتودوكساللىقتىن سەسكىنمەي تۇرالمىدى! شۇڭا ئۇ ئۆزىدىكى مۇشۇنداق شۈبھىنى قەلەم ئارقىلىق قەغەز بېتىگە چۈشۈرۈپ، قەلبىدىكى ھەسرىتىنى ئىپادىلىگەنىدى.

لى شياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ئاشۇ پاجىئەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىشۋارچىلىقنى يەنە داۋاملىق كۆرۈشنى خالىمىدى. ئەسەرگۇ مۇشۇ يەردە تاماملانغان. بىراق تارىخ يەنىلا ئالغا قاراپ داۋاملىشىۋەردى. ئەمەلىيەتتىمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تارىخنى بىر ئوقۇپ قويسا ئۇشۇقلۇق قىلمايدۇ.

## تەرجىماندىن ئىزاھلار

① مىلادى 1645-يىلى مانجۇلار ياڭجۇ شەھىرىنى بېسىۋالدى. 4-ئاينىڭ 25-كۈنى شەھەر بويىچە قەتلىئام يۈرگۈزۈپ 20مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى. بۇ قەتلىئام جەمئىي 10كۈن داۋاملاشقانىدى.

② مىلادى 1645-يىلى مانجۇلار شاڭخەينى بېسىۋالغاندا، 7-ئاينىڭ 4-، 26-، 27-كۈنلىرى كۆپ قېتىم چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنىدى.

③ يۈەنمىڭ باغچىسى - بېيجىڭدىكى بىر باغچىنىڭ نامى بولۇپ، مىلادى 1709-يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان. 1860-يىلى ئەنگلىيە، فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلگەن.

④ مىلادى1898-يىلى (ۋۇشۇي يىلى) 4-ئايدا گۇاڭشۈي خان يېڭىلىققا كۆچۈش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، 100كۈندىن كېيىن مەغلۇپ بولغان. بۇ قېتىمقى ۋەقە تارىختا «ۋۇشۇي يىلىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش» دەپ ئاتالغان.

⑤ 1911-يىلى 10-ئاينىڭ 10-كۈنى ۋۇچاڭدا پارتلىغان ئىنقىلاب، بۇ ئىنقىلابتا چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇپ تاشلانغانىدى.

⑥ مىلادىدىن 202يىل ئىلگىرى ليۇباڭ تەرىپىدىن قۇرۇلغان فېئودال سۇلالىنىڭ نامى.

⑦ مىلادى 617-يىلى لىيۈەن تەرىپىدىن قۇرۇلغان فېئودال سۇلالىنىڭ نامى.

⑧ مىلادى 960-يىلى جاۋكۇاڭيىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان فېئودال سۇلالىنىڭ نامى.

⑨ مىلادى 1368-يىلى جۇيۈەنجاڭ تەرىپىدىن قۇرۇلغان فېئودال سۇلالىنىڭ نامى.

⑩ ئىنگوروشۇەنخۇا، ئۇ مىلادى 1661-يىلدىن 1722-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

⑪ لى شىمىن، ئۇ مىلادى 626-يىلدىن 649-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

⑫ جۇڭگو تارىخىدا شىمالدا ياشىغان قەدىمكى ئازسانلىق مىللەتنىڭ نامى.

⑬ تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۈەن يىللىرى (627 - 649) دىكى مەمۇرچىلىقنى كۆرسىتىدۇ.

⑭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ قاتارلىق پادىشاھلىرى تەخت ساھىبى بولغاندا بارلىققا كەلگەن ئاسايىشلىق مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەزگىل 1661-يىلدىن 1796-يىلىغىچە جەمئىي 135يىل داۋام قىلغان.

⑮ ھازىرقى سۇجۇ ئەتراپلىرىنىڭ قەدىمكى نامى.

⑯ جەنۇبىي مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇيۇسۇڭ (1644-يىلدىن 1645-يىلغىچە تەختتە) نىڭ سەلتەنەت نامى.

---

«ۋىنخۇي» نەشرىياتى 1998-يىل 10-ئايدا نەشر قىلغان «تاغتۇرادا يېزىلغان خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتىن ۋەلى تەرجىمىسى (ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى). (M1).



# بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدە پىسخىك دىئاگنوز

ئەسەد سۇلايمان

كىشىلەر دائىم گىرۋەككە ئىنتىلىدۇ. لېكىن گىرۋەككە يېقىنلاشقانسېرى بىر خىل يوشۇرۇن ۋەھىمە ئۇلارنى قىيناشقا باشلايدۇ. «گىرۋەك»، «پاسىل»، «مەنزىل» قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردا ئۈمىد ۋە تەلپۈنۈشنى قوزغاشتىن باشقا، يەنە ئاللىقانداق تەشۋىش ۋە تېڭىرقاش تۇيغۇلىرىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىسى ئايانكى، گىرۋەكنىڭ بۇ قېتى زامان جەھەتتىن بۈگۈنگە مەنسۇپ بولسا، ئۇ قېتى كەلگۈسىگە تۇتاشقان بولىدۇ. كەلگۈسى ئەنە شۇ غايىۋى گىرۋەكتىن باشلىنىدۇ.

ئىنسانىيەت داۋالغۇش ۋە زىددىيەتلەرگە تولغان، تەرەققىيات ۋە پىكىر ئىنقىلابى بىلەن خاراكتېرلەنگەن، تراگېدىيە ۋە ئاچچىق كۆز يېشى ئىچىدىن ئىنسان قىممىتىنى قايتا مۇئەييەنلەشتۈرگەن قايناق بىر دەۋرنى - 20-ئەسىرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى بىر ئىرانىڭ سىرلىق گىرۋىكىگە قەدەم باستى. شەك-شۈبھىسىزكى، يېڭى ئەسىرنىڭ كەسكىن رىقابىتى ۋە رەھىمسىز رېئاللىقى ھەرقايسى مىللەتلەردىن ئالدىنئالا ئۆز-ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈشنى، ئۆزىگە يېتەرلىك روھىي ئېنېرگىيە ھازىرلاشنى، شۇنىڭدەك ئۆز كەلگۈسىگە نىسبەتەن مۇكەممەل لايىھە ۋە ئويغاق تەسەۋۋۇرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا.

بۇنىڭدىن يۈز يىل مۇقەددەم، يەنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىدە كۆپلىگەن مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ 20-ئەسىردىكى تەرەققىيات لايىھىسىنى ۋە مەۋجۇدلۇق تەسەۋۋۇرىنى جىددىي رەۋىشتە مۇھاكىمە قىلىشقانىدى. ھىندىستاندىكى گەندى جەمەتىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۆرەشلىرىدە ئوينىغان يېتەكچىلىك رولى بىلەن جاۋاھىرال نېھرۇنىڭ «ھىندىستاننىڭ بايقىلىشى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىكى ئىدىيەسىستېمىسى ئەمەلىيەتتە ھىندىستان مىللىي بۇرژۇئازىيىسى ھەمدە يېڭى مۇتەپەككۇرلارنىڭ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ھىندى مىللىتىنىڭ كەلگۈسى

تەقدىرى ھەققىدىكى ئازابلىق تەسەۋۋۇرلىرىنى ئۆزەك قىلغانىدى؛ يەھۇدىي تىرىلىش ھەرىكىتى پېشۋالىرىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان «مىللىي تىرىلىش» تەسەۋۋۇرى 20-ئەسىردىكى ئوتتۇرا شەرقنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيىتىنى ئالدىنئالا مۇئەييەن دەرىجىدە بەلگىلەپ قويغانىدى؛ مېگجىژ يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ياپونىيە كەسكىن رەۋىشتە ئۆزىدىكى ئاسىياچە تۇرغۇنلۇققا خاتىمە بېرىپ، غەربتىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، 20-ئەسىرنىڭ يېڭى لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا بىر مەھەللىك ئەسەبىي تەنتەكلىكتىن كېيىن خارابىگە ئايلانغان بۇ ئارال دۆلىتى ناھايىتى تېزلىكتىلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ، «Sayonara، Asia» (خەير-خوش، ئاسىيا) دېگىنىچە، ئاسىيانى تاشلاپ ئالغا ئۇزاپ كەتتى؛ ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ قاتتىق زەربىسى جۇڭگولۇقلارنى ئۆزلىرىنىڭ تىنىپ قېتىپ كەتكەن روھىيەت چۆكمىسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. 1898-يىلىغا كەلگەندە كاڭيۇۋېي، تەن سىتوڭ قاتارلىق كىشىلەر قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى قوزغىدى. لياڭ چىچاۋ، چېن يەنلو قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار يېڭى ئەسىرگە ھالقىش ئالدىدا تۇرغان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ كەلگۈسى تەسەۋۋۇرى ھەققىدە ئازابلىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى دادىل تەشەببۇسلىرى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى 4-ماي ھەرىكىتى ئارقىلىق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن يېڭى پىكىر ئىنقىلابى ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى . . .

ۋەھالەنكى، بىزنىڭ مىللىتىمىزدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ مۇكەممەل لايىھىسى بولمىدى. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىنكى پۈتكۈل شەرقنىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمان شەرقنىڭ زەئىپلىشىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. جامالىددىن ئافغانىينىڭ ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى بىلەن كەلگۈسى ھەققىدىكى ئالدىن تەسەۋۋۇرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. تاتارىستان ۋە قىرىم گىرۋەكلىرىدىن باشلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق دىيارىمىزغا يېتىپ كەلگەن جەدىتىزملىق پىكىر ئېقىمى پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىدېئولوگىيە ئاساسىغا ئايلىنالمىدى. ئۆز كېلەچىكىگە نىسبەتەن ھېچقانچە ئالدىن كۆرەرلىكى ياكى مۇكەممەل لايىھىسى بولمىغان بۇ مىللەت تىنەپ-تەمتىرىگەن پېتى يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. بوران-چاپقۇنلۇق 20-ئەسىر ئۇلارنى گويا تۇۋى يوق قامغاقنى ئۇچۇرغاندەك ھەرياققا ئۇچۇردى، تۇترۇقسىز كويلارغا سالدى. ئۇلار پۈتكۈل دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن كۈرىشۋاتقان، ئۆز كەلگۈسىنى قۇرۇۋاتقان مۇھىم تارىخىي پۇرسەتنى - مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئوتتۇز يىلىنى قولدىن بېرىپ قويدى. سېھرىگەرلەرنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى تۈگەپ، بىھوشلۇق دورىسى ئۈنۈمىنى يوقاتقاندىن كېيىن، 30-يىللارنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان شىددەتلىك ئېقىمى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتتى. ئۇلار تېخى ئۆزىنىڭ مەنىۋى مۇۋازىنىتىنى تولۇق دەڭسەپ كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا ئۆزىنى تارىخنىڭ شىددەتلىك ئېقىمىغا تاپشۇردى. بۇ ئېقىم ئۇلارنى گاھ ئۆرلىتىپ، گاھ چۆكتۈرۈپ ئۆز يۆنىلىشىگە قاراپ ئېلىپ كەتتى. چوڭ قايىنامغا كىرىپ قالغان بۇ تەنھا قولۋاق ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆز يۆنىلىشىنى بەلگىلىيەلمىدى ھەم بەلگىلەشكىمۇ قۇربى يەتمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار «پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ غەمگۇزارى ۋە باشپاناھى» دەپ ئاتالغان ئاشۇ سوۋېتچە ئەندىزە بىلەن ستالىنچە ئىجتىمائىي فورمىغا تاكى 1960-يىللارغىچە سەۋدايىلارچە چوقۇندى. بۇ خىل ئېتىقاد سىياسىي مەۋقە جەھەتتىن تولۇق ئىنكار قىلىنىپ، «رېۋىزىئونىزم» (修正主义) قالپىقى كىيدۈرۈلگەندىن كېيىن، پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھىيەت مۇۋازىنىتى يەنە بىر قېتىم بۇزۇلدى. نەتىجىدە 1960-1970-يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان «سىنىپىي كۈرەش» دولقۇنلىرى بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەتۈر قۇيۇنلىرى ھارغان، زورۇققان، ئۆز كەيپىياتىنى ئۆزى تەڭشەپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بۇ مىللەتنى روھىي جەھەتتىن كرىزىسكە پاتقۇزۇپ، بىر مەيدان پسىخىكا نورمالسىزلىقى ھالىتىگە دۇچار قىلدى. 1980-يىللاردىن باشلاپ «ئىشىك» سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، گويا يېڭىلا ئويقىدىن ئويغانغان ئادەمدەك تېڭىرقاش، ئېچىرقاش، ھەممە نەرسىگە قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەن ئۇلۇغ ئوكيان ئارقىلىق ئېقىپ كىرگەن غەرب مەدەنىيىتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، شۇنداقلا قەلبىدىكى روھىي جاراھەتلىرىنى ساقايتىپ ئۆز-ئۆزىنى قايتىدىن تونۇشقا تۇتۇش قىلدى. 1980-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي روھنى قايتا تونۇش دولقۇنى 1990-يىللاردا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا، مۇشۇ ئەسىرمۇ ئۆز خاتىمىسىگە باش قويدى.

شۇنداق، يېڭى بىر ئېرانىڭ گىرۋىكى كۆرۈندى. ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ئازابلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن، شاۋقۇن-سۈرەنگە تولغان 20-ئەسىر ئاخىرلاشتى. شەخس، ئىجتىمائىي توپ ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ئۆز-ئۆزىنى قايتا تونۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا تىنغان چۆكمە ھالەت جىددىي تەۋرەشكە دۇچ كەلدى. تارىم ئويمانلىقىغا دۈملەنگەن تىندۇرما روھ يېڭى ئەسىرگە قەدەم بېسىش ھارپىسىدا ئۆزى ھەققىدە ئەڭ يېڭى دىئاگنوزىنى ئاشكارىلىدى . . .

▲ كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان رىقابەت ئېقىمى ئىلگىرى بىز كۆنۈككەن روھىي قۇرۇلمىنىڭ ئىچكى تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. مىللىي روھنىڭ چۆكمە قاتلام نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا جىددىي تەۋرەشكە دۇچ كەلدى. مەۋجۇدلۇق بىلەن تەرەققىياتنى ئۆز مەقسىتى قىلغان ھەر قايسى ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت رىقابىتىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەريانىدا گاڭگىراش ھالىتىدە تۇرغان مىللىتىمىز سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ توختاۋسىز رادىئاتسىيىسىگە نىسبەتەن ئۆزىدە يېتەرلىك روھىي ئېنېرگىيە ھازىرلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ چۆكمە قاتلىمى ھامان شۇ مىللەت روھىيىتىنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ گويا چوڭقۇر دېڭىز تېگىگە توپلانغان ۋە قاتما ھاسىل قىلغان تىندۇرمىغا ئوخشايدۇ. مىللىي روھتىكى چۆكمە قاتلام بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا ئاستا-ئاستا ۋە تەدرىجىي يوسۇندا ھاسىل بولىدۇ. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى ۋە روھ قۇرۇلمىسىدا سىرتقى پوست ياكى يۈزە ھادىسە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە يوشۇرۇن ئېنېرگىيە سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ.

مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا تىنغان بۇ خىل تىندۇرما مىللەتلەرنىڭ ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان تىنىمسىز سۈركىلىشى ۋە جىددىي كۈچ سىنىشىشى داۋامىدا نىسبەتەن تۇراقلىق ۋە زاپاس ئېنېرگىيە ھالىتىدە تۇرىدۇ. بىر مىللەت رەھىمسىز رىقابەتكە دۇچ كېلىپ، كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلگەن ھەل قىلغۇچ پەيتتە، ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان ئاشۇ زاپاس ئېنېرگىيىسىنى قېزىپ چىقىرىدۇ. چۆكمە ھالەتتە قاتقان، تىنىپ كەتكەن بۇ خىل زاپاس ئېنېرگىيە تاشقى تەسىرلەرنىڭ تىنىمسىز غىدىقلىشى ۋە زەرەتلىشى داۋامىدا ئۆزلۈكسىز يوسۇندا ئۆزىنى بېيىتىپ، تولۇقلاپ ۋە يېڭىلاپ تۇرۇشنى ئىزدەيدۇ. ئۇ پەقەت رىقابەتكە قاتنىشىش، رەھىمسىز سىناقنى قوبۇل قىلىش داۋامىدىلا ئاندىن ئۆزىنى ھەرىكەتچان، ئاكتىپ فۇنكسىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

نەچچە مىڭ يىللىق سەرسان-سەرگەردانلىق بىلەن توختاۋسىز ھالاكەتلىك سىناقلار جەريانىدا يەھۇدىي مىللىتى ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى قانداق بىر كۈچ بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلدى؟ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا پىتىراپ كەتكەن، يۇرت تىرەپ تۇرغىدەك ماكانغا ئىگە بولالمىغان بۇ سەرسان مىللەت قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ 20-ئەسىردىكى يېڭى ھاياتلىق ماكانىنى قۇرۇپ چىقالىدى؟

شۇنىسى ئېنىقكى، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى بىلەن قايتا قۇرۇش روھى بىر خىل ئېچىۋېتىلگەن، ھەرقانداق شەكىلدىكى رىقابەتنى كۈتۈۋېلىشقا تەييار تۇرۇۋىدىغان، جەڭگىۋار ھالەتتىكى مەڭگۈ ئويغاق قۇرۇلمىدۇر. يەنە كېلىپ بۇ خىل قۇرۇلما ئۆزىنىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتىنى ھەر ۋاقىت مۇۋاپىق ئۆلچەمدە تەڭشەپ تۇرۇۋىدىغان، رىقابەتكە ئاكتىپ قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى تەرەققىياتتىن ئىزدەيدىغان جانلىق فورمىنى ھاسىل قىلغان. مۇشۇن ۋەجىدىن يەھۇدىي مىللىتى ئۆزلىرىگە مۇقەددەس كىتاب «تەۋرات» نازىل قىلىنغان، مۇساغا ئەگىشىپ مىسىر فىرئەۋنىنىڭ زۇلمىدىن قاچقان ئاشۇ يىراق ئۆتمۈشىدىن باشلاپلا مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغان: بىز خۇدانىڭ تاللىشىغا مۇيەسسەر بولغان مىللەت، بىزنىڭ روھىي چوڭقۇرلۇقىمىزدا مەڭگۈ قۇرۇمايدىغان مەنىۋى ئېنېرگىيە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. بىز ئەڭ زور تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ئاشۇ ئېنېرگىيىنى يېڭى تەركىبلەر بىلەن سۇغۇرۇپ، باشقىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشقا كۆنۈككەن. چۈنكى «خۇدا» ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەزىز بەندىلىرىگە ئەڭ ئېغىر ئازابلارنى سېلىپ ئۇلارنى سىنايدۇ. شۇڭلاشقا تارىخ بىزنى تاشلىۋەتكەن. ئۇ بىزنى ئۆزى كېلىپ تاللىمايدۇ، بەلكى بىز ئۇنى تاللايمىز. دادىل قەدەملەر بىلەن ئۆز كېلەچىكىنى تاللاش، رىقابەتنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىش، رەھىمسىز رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش...

مانا بۇ يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مەۋجۇدلۇق تىلسىمىدۇر. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ روھىي ماھىيىتىگە ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغان، زاپاس ئېنېرگىيە سۈپىتىدە ساقلانغان مەنىۋى جۇغلانما يېڭى تەركىبلەر بىلەن بېيىتىلمىسا، ساپ مېنېرال ماددىلار بىلەن سۇغۇرۇلمىسا، سىرتقى قوزغىتىشقا ئۇچرىمىسا، ئۇ خۇددى دەريالارنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ھاۋزا تۈزلەڭلىكلىرىگە تىنغان لاتقىغا ئوخشاش يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىرىپ، سېسىپ كېتىدۇ.

سۇي-تاڭ دەۋرىدە بىر مەھەل گۈللىنىشكە ئېرىشكەن جۇڭگو مەدەنىيىتى نېمىشقا مىڭ، چىڭ دەۋرىگە كەلگەندە پەيدىنپەي زەئىپلىشىشكە باشلىدى؟ قەدىمكى دۇنيادا شەرقتىكى غايىۋى «جەننەت» سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان ھىندىستان قانداق قىلىپ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان مۇستەملىكە جەمئىيىتىگە ئايلىنىپ قالدى؟ شۇنىسى ئېنىقكى، جۇڭگو ۋە ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى زامان مەنىۋى چۈشكۈنلۈكى بىلەن مەدەنىيەت تراگېدىيىسى ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى قەدىمىي ئەلنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى چۆكمە ئېنېرگىيە بىلەن مەنىۋى تىندۇرمىنى يېڭى تەركىبلەر بىلەن سۇغۇرۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى يوقاتقانلىقىدىن كېلىپ چىققاندى. تېخىمۇ توغرىراقى، بۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ چۆكمە قاتلىمى خۇددى خۇاڭخې، گاڭگ دەريالىرىنىڭ قىنىغا توپلانغان قاتمۇ-قات لاتقىغا ئوخشاش بىر خىل دىمىق كەيپىيات ئىچىدە تىنىپ، چىرىپ كەتكەنىدى. ئامېرىكا قىتئەسى بايقالغاندىن بۇيانقى 400 يىل مابەينىدە يەرلىك خەلق ئىندىئانلارنىڭ پەيدىنپەي

ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىشى ۋە تارىخ سەھنىسىدىن سىقىپ چىقىرىلىشى بىزگە رىقابەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلماسلىقتەك پاسسىپ مىللىي پسىخىكىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەردى.

دەرۋەقە، مىللىتىمىز ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ كەسكىن ۋە زور چوڭقۇر دەرىجىدىكى تاللاشقا دۇچ كەلدى. شۇنداقلا كۆز ئالدىدىكى مەۋجۇد رېئاللىقنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان رىقابەت ئېڭى بىز كۆنۈككەن روھىي قۇرۇلمىنىڭ ئىچكى تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. مىللىي روھتىكى چۆكمە قاتلام نۆۋەتتىكى كەسكىن مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا جىددىي تەۋرەشكە دۇچ كەلدى. مەۋجۇدلۇق بىلەن تەرەققىياتنى نىشان قىلغان ھەرقايسى ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت رىقابىتىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەريانىدا گاڭگىراش ھالىتىدە تۇرغان مىللىتىمىز سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ توختاۋسىز رادىئاتسىيىسىگە نىسبەتەن ئۆزىدە يېتەرلىك روھىي ئېنېرگىيە ھازىرلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدى. بوران-چاپقۇنلۇق مۇشۇ بىر ئەسىر ئۇلار ئۈچۈن ئەمدىلىكتە بىرمەيدان چۈشكە ئوخشاش غۇۋا مەنزىرىگە ئايلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتىدىن نېمىلەرنى تاشلاپ، نېمىلەرنى داۋاملاشتۇرۇشنى تېخى تولۇق دەڭسەپ كۆرمەيلا 1930-يىللاردا كۆتۈرۈلگەن يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنىغا دۇچ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ رۇس مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىققان ئىنكاسى ئۇلارنىمۇ مۇشۇ قاينامغا جەلپ قىلدى. نەتىجىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تىكلەپ بەرگەن رۇسچە مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسى مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزدىكى ئاساسىي مېلودىيىگە ئايلىنىپ مىللىي روھتىكى چۆكمە قاتلام تەۋرىتىۋېتىلدى، شۇنداقلا قوبۇل قىلىش بىلەن داۋاملاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭ ھالەت بۇزۇپ تاشلاندى. نەتىجىدە رۇسچە سۆز-ئاتالغۇلار خۇددى توسمىنى بۇزۇپ كىرگەن كەلكۈندەك تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىنى مالىمان قىلىۋەتتى. تىلىمىز تەبىئىي پەن ئاتالغۇلىرىنى ياساش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدى. مۇشۇنداق ئەسەبىي قىزغىنلىق چارەك ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا كەسكىن ئىنكار قىلىنىپ، يۆنىلىش باشقا ياققا بۇرالدى. پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا كۆتۈرۈلگەن بىر مەيدان سىياسىي دولقۇن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭمۇ مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاق بىر گەۋدىگە ئۇيۇشۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىدا يەنە بىر مەيدان دەۋرەش يۈز بېرىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مۇۋازىنىتىدىكى ئىچكى تەڭشىكىنى يوقاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆز يۆنىلىشىنى قارار قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا شىددەتلىك ئېقىمغا قوشۇلۇپ سۆرەپ كېتىلگەن بۇ تەنھا كېمە مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان كەڭ دېڭىزدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ نامەلۇم يۆنىلىشكە قاراپ ئاستا-ئاستا ئۈزۈشكە باشلىدى. مانا مۇشۇنداق نىشانسىز سەپەر جەريانىدا پەقەت بىرلا خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ تىنىمسىز زەرەتلىشىگە ئۇچراش، كۆپخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇۋاپىق مىقداردىكى ئىجابىي تۈرتكىسىدىن چەتتە قېلىش نەتىجىسىدە مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسى ۋە پسىخىك كەيپىياتىدا قىيداش، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، رىقابەتتىن ئۈركۈش، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھاياتىي كۈچىدىن گۇمانلىنىش قاتارلىق پاسسىپ روھىي ھالەتلەر پەيدا بولدى.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى ئۆزىنىڭ مۇئەييەن خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتىكى تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا تەۋە بولغان بىر قانچىلىغان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بىر سىياسىي گەۋدىگە ئۇيۇشۇشى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ بىرلىككە كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇلارغا مەدەنىيەت جەھەتتىن ئورتاق بىر قېلىپ بېكىتىش، ئورتاق بىر روھىي ھالەتنى ئۆلچەم قىلىش كۆپىنچە ھاللاردا ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، قىيداش پسىخىكىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت كەيپىياتىدا يۈز بەرگەن جىددىي داۋالغۇشلار بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۈز نەچچە يىللاردىن بۇيان رۇس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك رادىئاتسىيىسىگە ئۇچرىغان، ئۆزىدىكى سىرتقى تەسىرگە بولغان قارشىلىق كۈچىنى يوقاتقان، چوڭ رۇس مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتىغا ئايلىنىپ قېلىشقا ئازلا قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى سابىق ئىتتىپاق پارچىلانغاندىن كېيىن قانداق ئىنكاسلارنى بىلدۈرۈشتى؟ ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتى نېمە ئۈچۈن بىر يىلغا قالمايلا سلاۋيان يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، لاتىن يېزىقىغا كۆچۈشنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى؟ ئۆزبېك زىيالىيلىرى نېمىشقا ئاللىقاچان ئومۇملاشقان «ماتېماتىكا»، «ئاسترونومىيە» قاتارلىق رۇسچە سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا «مۇشكۇلات»، «پەلەكىيات» قاتارلىق پارسچە سۆز - ئاتالغۇلارنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىشتى؟ ...

مانا بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىرتقى غىدىقلاشقا، زەرەتلىنىشكە ئۇچرىغان، ئۆزىنىڭ ئىچكى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان، پاسسىپ، ئىككىلەمچى ھالەتكە چۈشۈپ قالغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزىنى قايتا بايقىغاندىن كېيىنكى پسىخىك ئېغىشى ئىدى. بۇنداق قىيداش روھىي ھالىتى ھەتتا ئۇلارنى بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا سەكرەشكە مەجبۇر قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۆز ۋۇجۇدىغا قانداق قىلىپ يېتەرلىك روھىي ئېنېرگىيە ھازىرلاش،

سىرتقى مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان ئالاقە مۇۋازىنىتىنى قانداق تەڭشەش، 21-ئەسىرنىڭ كۈچلۈك رىقابىتى ۋە رەھىمسىز رىئاللىقىنى قانداق كۈتۈۋېلىش مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ زۆرۈر كۈنتەرتىپى ئىدى.

**▲قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر خىل كرىزىس تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان روھىي بېسىمىنى كۈچەيتىپ باردى. جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك رەھىمسىز رېئاللىق ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا بوشلۇق ھاسىل قىلىپ، مەھرۇملۇق ئازابىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. پسىخىكا نورمالسىزلىقى بۇ مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى مەنىۋى كېسەللىنى ئاشكارىلاپ قويىدى.**

جاۋاھىرال نېھرو مەشھۇر ئەسىرى «ھىندىستاننىڭ بايقىلىشى»دا، ھىندى مىللىتى ئېغىر ھالدىكى پسىخىكا كېسەللىگە گىرىپتار بولدى، بۇنى ئۇلارنىڭ 300 يىلدىن بۇيانقى روھىي كرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ يازغانىدى.

دەرۋەقە، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئىقتىدارىنى يوقاتقاندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە تەدرىجىي زەئىپلىشىش، ھالسىراش ۋە تىركىشىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىگە بىۋاستە ۋارىسلىق قىلغان رىم مەدەنىيىتىنىڭ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەخمىنەن مىڭ يىلغا يېقىن تەدرىجىي زەئىپلىشىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى دەل شۇنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ئۇنداقتا مىللىي روھنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ سەۋەبى نەدە؟ ئارنولد تويىنبى «تارىخ تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زەئىپلىشىش – ئىجادىيەت كۈچىنىڭ يوقالغانلىقىدىن، بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ۋە ئۆزىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زەئىپلىشىشنىڭ سەۋەبى ماددىدا ئەمەس، روھىيەتتە، سىرتقى ئامىللاردا ئەمەس، ئىچكى ئامىللاردا بولىدۇ. زەئىپلىشىش ئىچكى كېسەللىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. بەلكى مۇقەررەر ھالدا ھادىسە سۈپىتىدىكى ماددىي سەۋەبلەردىن ئاۋۋال يۈز بېرىدۇ».

شۇنىسى ئېنىقكى، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، پسىخىكا نورمالسىزلىقى ھازىرقى يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ ئىختىلالىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان ھەربىر شەخس، كوللېكتىپ ۋە مىللەتنىڭ روھىي قاتلىمىدا مۇئەييەن دەرىجىدىكى پسىخىكا نورمالسىزلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ غەرب جەمئىيىتى بۇ نۇقتىنى مەلۇم جەھەتلەردىن مۇئەييەنلەشتۈردى. ھالبۇكى، ھازىرقى غەرب جەمئىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان پسىخىكا نورمالسىزلىقى ھادىسىسى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى پسىخىكا نورمالسىزلىقىنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى ۋە كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. ناۋادا غەرب دۇنياسىدا كۆرۈلۈۋاتقان پسىخىك نورمالسىزلىقنى يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەت بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىشنىڭ، تېخىمۇ توغرىراقى، ماددىي تويۇنۇش بىلەن روھىي قاغجىراشنىڭ مەھسۇلى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان پسىخىك نورمالسىزلىقنى بىر خىل يوقۇتۇش ۋە مەھرۇملۇق تۇيغۇسىنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى دېيىشكە بولاتتى. ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن سىقىپ چىقىرىلىۋاتقانلىقىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىش، ئۆز كەيپىياتىنى ئۆزىنىڭ پسىخىك ئېنېرگىيىسى بىلەن تەڭشىيەلمەسلىك، چوڭ كېلىمات ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن ھېسابلاش قاتارلىق پسىخىك ھالەتلەر مىللىتىمىزنىڭ روھىي قۇرۇلمىسىغا كۈچلۈك بېسىم ئېلىپ كەلدى.

لۇشۈن ئەپەندى ئۆز دەۋرىدە ئا Q ئوبرازى ئارقىلىق شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ بىنورمال پسىخىك كەيپىياتىنى سىزىپ كۆرسەتكەنىدى. لاۋشې ئەپەندىمۇ 40-يىللارغا كەلگەندە، «تۆت ئەۋلاد قېرىنداشلار» ناملىق ئەسىرىدە ياپونىيىنىڭ قانلىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدىن ئۆزىنىڭ روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ پاسسىپ روھىي ھالىتى بىلەن بىنورمال پسىخىك كەيپىياتىنى تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. مەزكۇر ئەسەردىكى لى سى ئانا ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلارنى ۋەھشىلىك بىلە قىرغىن قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، چىداپ تۇرالماي قاتتىق ۋارقىرايدۇ: «قېنى، ئۆلتۈرۈڭلار، قىرىڭلار لېكىن بىز ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بالىلارنى تۇغالايمىز! ..». مانا بۇ، 1930-1940-يىللاردىكى ھايات-ماماتلىق ھالاكەتلىك تەقدىر كەلتۈرۈپ چىقارغان جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىدىكى پسىخىكا نورمالسىزلىقى ئىدى. بۇنداق بىنورمال پسىخىك ئۆسمە ھېلىھەم جۇڭگولۇقلارنىڭ قان تومۇرىدا داۋاملىق ساقلانماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكەت ئىچىدە سەددىچىن سېپىلىنىڭ قىممىتىگە بولغان قايتا تونۇش دولقۇنى دەل مۇشۇنداق بىنورمال مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەملىكەت ئىچىدىكى بىر نوپۇزلۇق گېزىت بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئامېرىكا ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئالەم كېمىسىدە تۇرۇپ يەر شارىدىن پەقەت سەددىچىن سېپىلىنىلا كۆز بىلەن كۆرەلىگەنلىكى ھەققىدىكى بىر خەۋەرنى باسقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەر مەملىكەت مىقياسىدا سەددىچىن سېپىلىنىڭ تارىخىي قىممىتىگە قايتا باھا بېرىش قىزغىنلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نۇرغۇن كىشىلەر كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، سەددىچىن سېپىلى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ روھى ۋە

سىمۋولى دېگەن باھالار بىلەن كۆككە كۆتۈرگەن. كېيىن بۇ خەۋەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن سەددىچىن سېپىلى ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرىلەر توختىمىغان. دەرۋەقە، سەددىچىن - دۇنيادىكى بۈيۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ياسىلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى كاتتا مۆجىزە. لېكىن ئۇ ئۆز ماھىيىتى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنى دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان سۈنئىي توساق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياسىلىشى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بېكىنمە، سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدىن قاچىدىغان پاسسىپ مۇداپىئە ئېڭى بىلەن قورشاۋ ھويلا پسىخىكىسى بەلگىلەپ قويغان. ھالبۇكى، ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئۇنى ئالەم بوشلۇقىدىن كۆرگەنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرما خەۋەرلەر (ئەگەردە بۇ گەپلەرنىڭ ئاساسى بولىدىغان بولسا) قانداق قىلىپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ قويىدۇ؟ ئەجەبا نيۇ - يوركتىكى ئىككى يۈز قەۋەتتىن ئاشىدىغان ئىمپېرىيە بىناسى بىلەن پارىژدىكى ئېيفىل تۆمۈر مۇنارى كۆرۈنمىگەن يەردە، بۈگۈنكى كۈندە ئۈزۈك-ئۈزۈك ھالەتتە ئاران ئىزناسىلا قالغان سەددىچىن سېپىلى قانداق كۆرۈنگەندۇ؟ ناۋادا ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ئۇنى راستىنلا كۆرگەن دېيىلسە، ئۇ چاغدا بۇنىڭ سەددىچىننىڭ قىممىتى بىلەن نېمە باغلىنىشى بار؟ بۇنداق ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئاۋۇندۇرىدىغان ئاQچە روھىي غالىبىيەتچىلىك دەل جۇڭگولۇقلارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان مەنىۋى كېسەللىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئەمدى ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى پسىخىك قاتلىمىغا نەزەر تاشلىساق، كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان روھىي بېسىمنىڭ ئۇلارنىڭ پسىخىك تۈزۈلمىسىدە يوشۇرۇن بىنورماللىقنى شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان تەڭپۇڭسىزلىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تۈرلۈك پسىخىك كېسەللەرنىڭ تۆرەلمىلىرىنى بىخلىتىپ قويىدىمۇ-قانداق؟ دەرۋەقە، قوتۇلغىلى بولمايدىغان بىرخىل كرىزىس تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان روھىي بېسىمىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ باردى. جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن سىقىپ چىقىرىلىشتەك رەھىمسىز رېئاللىق ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا بوشلۇق ھاسىل قىلىپ، مەھرۇملۇق ئازابىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. پسىخىكا نورمالسىزلىقى بۇ مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى مەنىۋى كېسىلىنى ئاشكارىلاپ قويىدى.

ئۆزىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش، «تاشلاندۇق بالا»غا ئوخشاش روھىي غېرىبلىق ۋە يېتىملىك ئازابىنى تارتىش، ئۆزى بىلەن كۈچ سىنىشىۋاتقان چوڭ مەدەنىيەت تېپى ئالدىدا ئۆزىنى كۈچسىز، ئەرزىمەس نەرسە دەپ قاراپ كەمسىندۈرۈش، بىرخىل قوتۇلغىلى بولمايدىغان مەھرۇملۇق تۇيغۇسىغا مۇپتىلا بولۇش، قورقۇش ۋە ئەندىشە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈش، ئۆزى توقۇغان خام خىياللىرىغا ئۆزى ئىشىنىپ قېلىش، خۇددى كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن قورققان ئادەم ناخشا توۋلاش ئارقىلىق ئۆز قورقۇنچىنى يوقاتماقچى بولغىنىدەك، كۆز ئالدىدىكى رەھىمسىز رېئاللىققا پەرۋا قىلماسلىق ھالىتىگە كىرىۋېلىپ ئۆزىنى بەزلەش، ئۆزىنى چوڭ كېلىماتىنىڭ يۈزلىنىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىدىكى ئاللىقاچان كۆنۈككەن مۇھىتىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۆلچەش، يىراقتىكى ئۆزىگە مەڭگۇ تالىق بولمايدىغان غايىۋىي نەرسىلەرگە مەھلىيا بولۇپ ياشاش، ئۆز ئوربىتىسىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىك . . . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى غەيرىي نورمال پسىخىك ھالىتىنىڭ مۇئەييەن بىر تەرىپىدۇر. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر «بۇرۇت ماجىراسى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھېكايىلىرى ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت بوشلۇقىدىكى مۇشۇنداق پسىخىك بىنورماللىقنى چوڭقۇر يورۇتۇپ بەردى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بۇرۇت قويۇش ئادىتى قانداقلارچە كىشىنى قورقۇنۇچقا ۋە ئەندىشىگە سالىدىغان، تاكى قىرقىۋەتمىگىچە كۆڭۈل ئارامىغا چۈشمەيدىغان ۋەھىملىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى؟ لۇشۇن ئەپەندى «جاڭ تەييەن ئەپەندىنى ئەسلەشتىن تۇغۇلغان ئويلار» ناملىق ماقالىسىدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جياڭنەندىكى كىشىلەرنىڭ خەنزۇچە چاچ قويۇش ئادىتىدىن ئەنسىرەش ۋە قورقۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. چاچ قويۇپ تۇرۇۋېلىش ئەسلىدە خەنزۇ ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى. لېكىن مانجۇلار جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جياڭنەندىكى خەنزۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى چاچ قويۇش ئادىتىدىن ئەنسىرەيدىغان پسىخىك نورمالسىزلىق پەيدا بولۇشقا باشلىغان. مانجۇچە چاچ شەكلىنى كۆرسىلا ئۆزىنىڭ مىللىي چاچ شەكلىدىن ئەنسىرەش، ۋەھىمىگە چۈشۈش كېسىلى بارغانسېرى ئەۋج ئالغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، 1645-يىلى 6-ئايغا كەلگەندە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئومۇمىي بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، جياڭنەندىكى خەنزۇلارنىڭ 10كۈن ئىچىدە بىردەك بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چېچىنى چۈشۈرۈپ، مانجۇچە ئۆرۈمە چاچ قويۇشى كېرەكلىكىنى جاكارلىغان. چاچ چۈشۈرۈش بۇيرۇقىغا ئېنىق قىلىپ «كاللا كېرەك بولسا چاچ چۈشۈرۈلسۇن، ئەگەر چاچ لازىم بولسا كاللىسى ئېلىنسۇن» دەپ يېزىلغان.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، پسىخىكا نورمالسىزلىقى كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمنىڭ ئۆز روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ روھىي قاتلىمىدا كۆرۈلۈۋاتقان بىر قىسىم پسىخىك كېسەللىكلەرمۇ دەل ئۇلارنىڭ كۈچلۈك مەدەنىيەت رىقابىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ پسىخىك مۇۋازىنىتىنى تەڭشىيەلمىگەنلىكىدىن،

قىرلارچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن بالىلارچە تەنتەكلىككە مۇپتىلا بولغانلىقىدىن، ئۆزىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلارنى يېڭەلمەيۋاتقانلىقىدىن كېلىپ چىققان. مىللەتنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا بىخلاۋاتقان بۇنداق بىنورمال پسىخىك ئۆسمىلەر ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى تىنىمسىز تاتىلاپ، غاجاپ، ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئېنېرگىيىسىنى كۈنسايىن خورىتىپ، ئۆز سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈيدىغان، رېئال ئەمەلىيەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان، رىقابەتتىن قاچىدىغان پاسسىپ پسىخىك ھالەتنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

**▲ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى شۇ مىللەتنىڭ جۇغراپىيىلىك سەھنىسى ھېسابلانغان تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. تەبىئىي ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشى مىللىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىدە جىددىي كرىزىس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۈنسايىن ناچارلىشىۋاتقان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەنىۋى يوقىتىشىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ باردى.**

ئېكولوگىيە مەسىلىسى دۇنيا خاراكتېرلىك چوڭ تېما بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىش ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە تولدۇرۇۋالغۇسىز روھىي ئازابلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇزۇلغان تەبىئەت ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنى ئارتۇقى بىلەن جازالىدى. ئىنسانىيەت ئۆزى ئاپىرىدە بولغان، ئاۋۇغان شۇنداقلا ئۆز «جەننەت»نى قۇرۇپ چىققان يەر شارىدا ئۆزلىرىنى يېتىم ۋە تەنھا ھېس قىلىدىغان بولدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردە ھرودېد مىسىرغا سەپەر قىلىپ قايتىشىدا مۇنداق بىر تەسىراتقا كەلگەن: «مىسىر نىل دەرياسىنىڭ سوۋغىسى». خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا تارىم ئويمانلىقىغا دۇملەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ تارىم دەرياسىنىڭ سوۋغىسىدۇر. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان قۇرۇم ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سانسىزلىغان دەريا-تاراملار تارىم دەرياسىدا بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ دەريانى ھاسىل قىلغان. مانا مۇشۇ ئانا دەريا ئۆزىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىمىغا تايىنىپ بۇ قاغجىرىغان چوڭقۇرلۇقنى سۇغۇرۇپ كەلگەن. يېرىم چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئاقىدىغان تارىم دەرياسى تەكلىماكان چۆلىنى قۇچاقلاپ ئۆز ھاۋزىسىدا يېشىل كارىدور ھاسىل قىلغان. ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ توغراقلىق كارىدور تەكلىماكان چۆلىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشىنى كونترول قىلىپ، ئەتراپتىكى بوستانلىقلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەن.

تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنى قورشاپ تۇرغان تەڭرىتېغى، قۇرۇم تېغى ۋە ئالتاي تاغلىرى ئىچكى قۇرۇقلۇق چۆل ئىقلىمىغا مەنسۇپ بۇ ماكانىنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىتىنى نەمدەپ تۇرغۇچى تەبىئىي تەڭشىگۈچ بولۇپ، ئۇلار جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن بىر-بىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. مۇشۇ تاغلارنىڭ چوققىسىدا قىش-ياز كەتمەيدىغان قار-مۇزلار گويا بىر تۈگىمەس ئېنېرگىيىگە ئوخشاش تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ ئاقىدىغان دەريا-تاراملارنى زۆرۈر بولغان سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن. شۇڭلاشقا قۇملۇق، بوستانلىق ۋە تاغ تىزمىسىدىن ھاسىل بولغان ئۈچ قاتلاملىق جۇغراپىيىلىك مۇھىت بۇ رايوننىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مانا مۇشۇ تەبىئىي ئېكولوگىيىدە پارلاق تارىم مەدەنىيىتى يارىتىلغان ۋە بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

قەدىمدىن بۇيان تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز پايانسىز قۇملۇقلار ۋە سۇررەڭ بارخانلاردىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل قورغاق ھېسسىياتى بىلەن زېرىكەرلىك كەيپىياتىنى تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى مۇنبەت بوستانلىقلارنىڭ يېشىللىق كۆيى بىلەن نەمدەپ ۋە تەڭشەپ كەلگەن. شۇڭلاشقا تارىم ئويمانلىقىغا دۇملەنگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋى تىندۇرمىسى بىلەن بۇ رايوننىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيىسى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئەبەدىيلىك ئورگانىك باغلىنىش ھاسىل بولغان. ھالبۇكى، بۇنداق ئىچكى ئورگانىك باغلىنىش ھازىرقى زامانغا كەلگەندە، بولۇپمۇ يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلاندى.

دەرۋەقە، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى شۇ مىللەت ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيىلىك رايوننىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە كرىزىس ئېلىپ كېلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىۋاتقان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى بۇ مىللەتنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىغا ئېغىر يوقىتىشلارنى ئېلىپ كەلدى. ئارال دېڭىزى مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيە خەلقلىرىگە، جۈملىدىن ئۆزبېك خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن كۈچلۈك روھىي بېسىمى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئارال دېڭىزى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەپ تۇرۇۋاتقان چوڭ تىپتىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى بولۇپ، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىنىڭ سۈيى مۇشۇ كۆلنى زۆرۈر بولغان سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى 70يىل مابەينىدە، ئۆزبېكىستاننى پۈتكۈل ئىتتىپاقنىڭ پاختا بازىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىدىن كۆپلىگەن توغانلار ئېچىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەر شىددەت بىلەن كېڭەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن سىر، ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئارال دېڭىزىغا بارىدىغان سۈيى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارال دېڭىزى ئەتراپىغا

قۇرۇلغان چوڭ تىپتىكى خىمىيە سانائىتى ۋە نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىدىن چىققان بۇلغانغان سۇلار كۆلگە قويۇپ بېرىلىپ بۇ يەرنىڭ مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىدى. 1970-يىللارنىڭ ئاخىرى 1980-يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئارال دېڭىزىنىڭ سۇ يۈزى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، كۆلنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى تارىيىپ، يېقىن كەلگۈسىدە قۇرۇپ كېتىش خەۋپى پۈتكۈل ئىتتىپاقنى ساراسىمىگە سالغان. يەنە بىر تەرەپتىن 70يىلدىن بۇيانقى ھەدەپ كېۋەز تېرىش سىلىقى نەتىجىسىدە تېرىلغۇ يەرلەر ئۆز ئۈنۈمىنى يوقىتىپ ، قايتا ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغان. تەبىئەت ئېكولوگىيىسىدىكى بۇنداق بۇزۇلۇش ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە مۇھىت، ئىقتىساد ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئېغىر يوقىتىش ھېس قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك بېسىم ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ تارىختا «ماۋارەئۇننەھر» (ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جاي) دەپ ئاتالغان ۋە پارلاق مەدەنىيەت بەرپا بولغان بۇ ۋادىدا ياشاپ كەلگەن ئۆزبېك خەلقى ئانا كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىش خەۋپى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر روھىي بېسىمنى بىۋاسىتە ھېس قىلغان. 1980-يىللاردا چىڭغىز ئايتماتوف، ئادىل ياقۇپوف قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي ۋائۇكۇملۇق بىلەن مەنىۋى ھالسىراشنى چوڭقۇر سۈرەتلەپ بەردى. 1990-يىللاردىن باشلاپ ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى مەخسۇس قارار ماقۇللاپ، ئارال دېڭىزىنى قۇتقۇزۇش، ئېكولوگىيىنى ياخشىلاش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويدى.

ۋەھالەنكى، بىزدە تېخى چوڭقۇر دەرىجىدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ئېڭى تۇرغۇزۇلمىدى. كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىۋاتقان تەبىئەت ئېكولوگىيىمىزنى ئۆزگەرتىش، ياخشىلاش لايىھىسى كەسكىن كۈنتەرتىپكە قويۇلمىدى. مۇشۇ خاتالىقىمىز ئۈچۈن كەلگۈسى ئەۋلادلار تۆلەيدىغان غايەت زور بەدەللەرنىڭ ۋەھىمىسى ھېس قىلىنمىدى.

بۇ تۇپراقتا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن، بۈگۈن بىز ياشاۋاتىمىز، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزمۇ چوقۇم بۇ يەردە ياشىشى كېرەك. سۇ مەنبەسىگە ئەگىشىپ ئۇ ياقتىن بۇ ياققا تىنىمسىز يۆتكىلىپ، ئۇزۇن تارىخلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن لوپنۇر كۆلى نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ئەسىرىمىزدە، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا قۇرۇپ كەتتى؟ تارىم دەرياسىنىڭ ھاۋزىسىدا ئەسىر-ئەسىرلەردىن بۇيان يېشىل كارىدور ھاسىل قىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ تۇرغان تەبىئىي توغراقلىقلار قانداقلارچە نەچچە ئون يىل ئىچىدىلا زور دەرىجىدە ۋەيران قىلىپ تاشلاندى؟ ئالتۇنتاغدىكى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەسلى قانداق قىلىپ قۇرۇتۇۋېتىلدى؟ دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئورنى نېمە سەۋەبتىن بارغانسېرى ئېگىزلەپ كەتتى؟ نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىلا كارىز سۇلىرى شىرىلداپ ئاقىدىغان بۇ زېمىندا نېمىشقا يەر ئاستى سۇ يۈزى يۈز مېترلاپ تۆۋەنلەپ كەتتى؟ ...

شەك-شۈبھىسىزكى، تەبىئەت ئېكولوگىيىمىزدىكى غايەت زور يوقىتىش مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى روھىي مۇۋازىنىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنىمۇ تەۋرىتىپ تاشلىدى. تەبىئىي مۇھىتتىكى قۇرغاقلىق، يىلدىن-يىلغا ئېغىرلىشىۋاتقان قۇملىشىش، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈنۈمسىزلىشىشى، سۇ مەنبەلىرىنىڭ ئازىيىشى، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىشى، تارىختا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان غەلىتە، غەيرىي نورمال كېسەللەرنىڭ پەيدا بولۇشى، مەھسۇلاتلار سۈپىتىنىڭ ئۆزگۈرۈپ كېتىشى قاتارلىق تۈرلۈك-تۈمەن بىنورمال ھادىسىلەر مىللىتىمىزنىڭ روھىي بېسىمىنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرۇپ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان ياتلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ باردى. تارىختا لوپنۇر كۆلىنىڭ بىر قانچە قېتىم ئورۇن يۆتكىشى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كرورەن قاتارلىق بىرقانچىلىغان پارلاق مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنى ۋەيران قىلغان. لېكىن بۇ كۆل تارىم دەرياسىنىڭ تىنىقىدىن نەپەس ئېلىپ، سۇ مەنبەسىگە ئەگىشىپ داۋاملىق يۆتكىلىپ تارىم مەدەنىيىتىنى مۇشۇ ئەسىرگە ئۇلىغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئاۋرېل ستېين، سۋېن ھېدىن قاتارلىق غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى لوپنۇر كۆلىدە ئۇيغۇر بېلىقچىلىرىنىڭ بىر ئادەم ئارانلا كۆتۈرگىدەك بېلىقلارنى قوچاقلاپ تۇرغان سۈرەتلىرىنى تارتىپ قالدۇرغان. ئارىدىن بىر ئەسىرمۇ ۋاقىت ئۆتمەيلا بۇ كۆلدە بېلىق تۇرماق سۇمۇ غايىب بولدى. بىز ئىپادىسىز رەۋىشتە تارىم سۈيىنىڭ باراۋارا ئازىيىۋاتقانلىقىغا، ئەلمىساقتىن بۇيان قۇرىماي كەلگەن قەدىمىي كۆلنىڭ ئەمدىلىكتە ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۈيىنىڭمۇ قۇرىغانلىقىغا شاھىد بولدۇق.

. .

قىسقىسى، 20-ئەسىردە ئېرىشكەن بارلىق خۇشاللىقىمىز ۋە ئازابىمىز، نەتىجىمىز ۋە يوقىتىشلىرىمىز، تەلپۈنۈشىمىز ھەم گاڭگىراشلىرىمىز، ئوڭۇشسىزلىقىمىز ھەم ئۇرۇنۇشلىرىمىزدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ روھىي ئېنېرگىيىمىز بىلەن يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرىمىز. تارىخ ھېچ قاچان كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇنى پەقەتلا غالىبلار يېتەكلەپ ماڭىدۇ.

21-ئەسىرنىڭ مۇرەسسەسىز رىقابىتى بىلەن رەھىمسىز رېئاللىقى بارلىق خەلقلەرنىڭ ئالدىغا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان چوڭ سىناقنى ھازىرلىماقتا. بىزنىڭ ئاشۇ سىناقنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش - مانا بۇ بىزنىڭ مەيدانىمىزدۇر!

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورى، دوتسېنت (M2)

**سەنئەتكارلىرىمىز:** «مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن مۇقامشۇناس»
ئوسمان ئەمەت

- فاتىخ شەرىپ فوتوسى




《新疆文化》　　(维吾尔文)
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»1999- يىل 5-، 6- سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)


主办:新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号:ISSN1008—6498
国内统一刊号:CN65—1060/I
发行范围:国内外发行
地址:乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编:830001　　电话:2856942
印刷:《新疆日报》印刷厂
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65—1060/I
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号:58—22　　定价:6元

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58　　باھاسى: 6 يۈەن

# ئەمنجان ئابدۇرېھىم سىزمىلىرىدىن



1. رەسسام ئەمنجان ئابدۇرېھىم
2. ھال - مۇڭ بولۇش
3. مېھماندارچىلىق
4. ئىشتىياق







1 2 3 4

رەسساملار دەھلىزى